ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## خەلق قوشاقلىرى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

7


شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

نامىلىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ھېكايەتلەر
**خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)**
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)
خەلق داستانلىرى
يەر ناملىرى
خوتەن دىئالېكتى
كىتابلار ئۇچۇرى
چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن
كارخانىچىلار

ISBN 7-5631-2036-X
(维文)定价：25.80元



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

# ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

## خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)

تۈزگۈچى : ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## —— خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرى تەرپىدىن سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 13.125 قىستۇرما ۋارىقى 2
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3080 0001

---

ISBN 7—5631—2036—X
باھاسى: 25.80 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

خەلق قوشاقلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. ئۇ ھېسسىياتنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدىغان نەزمىي ژانىر. ئۇ بەلگىلىك تۇراق، قاپىيە ۋە رىتىم ئاھاڭى بىلەن خەلق ھېكايىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ، شەكلى ئاددىي، ھەجمى قىسقا ۋە كۈچلۈك لىرىكىلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن ئېپوس-داستانلاردىن پەرقلىنىدۇ، شۇنداقلا يەنە تىلىنىڭ ئاممىبابلىقى، ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدىغانلىقى ۋە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن يازما شېئىرىيەتتىن پەرقلىنىدۇ.

خەلق قوشاقلىرى خەلق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. ئۇ تىل سەنئىتى بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى. قوشاقلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدىلا مۇزىكىلىق ئىجاد قىلىنغان ۋە مۇزىكىلىق ئورۇندالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە، قوشاقلارنىڭ مۇزىكا بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى باشتىن-ئاخىر ساقلىنىپ كەلدى. مۇزىكا بىۋاسىتە ھالدا ئوبراز يارىتىدىغان سەنئەت بولغاچقا، ئۇ ۋاسىتىلىك سەنئەت بولغان قوشاقلارنى بىۋاسىتە سەنئەتكە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. نەتىجىدە، قوشاقلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئوبرازچانلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۇزاققىچە ئېسىدىن چىقمايدۇ.

خەلق قوشاقلىرى خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. ئۇ ھەرقاچان، ھەر زامان خەلق تۇرمۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. خەلق ئاممىسى قوشاقتىن ئىبارەت بۇ قورالنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا دائىم ئىشلىتىدۇ. ئەگەر قوشاق بولمىسا، خەلقنىڭ بىر قىسىم ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئويۇشتۇرۇشى ۋە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرلارنى ئالساق، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ۋە ھەممە مۇراسىملىرى ناخشا-قوشاقلارنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ئانىلار بالىلىرىنى ئۇخلاتقاندا مۇڭلۇق ئەللەي قوشاقلىرىغا تايىنىدۇ، ھەر خىل مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرى ۋە ئولتۇرۇشلاردا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىش، بېيىت-قوشاق توقۇش دائىم دېگىدەك بولۇپ تۇرىدۇ، ئىنسان تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم بولغان توي مۇراسىمىنى ئۇنىڭسىز ئۆتكۈزۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا كىشىلەرنىڭ دەپنە مۇراسىمىمۇ مەرھۇمنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مۇڭلۇق قوشاقلىرى ئارقىلىق جانلىنىپ تۇرىدۇ. نورۇز، قارلىققا ئوخشاش ھېيت-بايرام مۇراسىملىرى، مەشرەپ-سەيلە قاتارلىق سەنئەت پائالىيەتلىرى ئەمەلىيەتتە قوشاقلارنىڭ ئىجاد قىلىنىش، ئورۇندىلىش ۋە تارقىلىش سورۇنلىرىدۇر. دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئوخشاشلا ناخشا-قوشاقلارنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ خىل ئۆرپ-ئادەت ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى خەلق قوشاقلىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئاجراتقىلى بولمايدىغان ھالدا، سۈتكە سۇ قوشۇلغاندەك ئارىلىشىپ كەتكەن.

خەلق قوشاقلىرى خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىنكاسى. ئۇنىڭ مەزمۇنى خۇددى تۇرمۇشقا ئوخشاشلا، ئىنتايىن كەڭ بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى، زور تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەقەلەر، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى، قىز-يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت ھېسسىياتلىرى، كىشىلەرنىڭ ئائىلە-تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى ۋە گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، خەلق قوشاقلىرى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىلىنىشى. شۇڭا ئۇنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشىر قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ. نەشر قىلىنغان قوشاقلار توپلىمى بىر تەرەپتىن، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىل جەرياندا ئىجاد قىلىپ، تارقىتىپ ۋە ئىشلىتىپ كەلگەن مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قوغداپ قېلىش، ئۇنى ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي مەدەنىيەتنى ئۆگەنگۈچى ۋە تەتقىق قىلغۇچىلارنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ قوشاقلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى، تىلى، تارىخى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، پەلسەپىسى، پسىخىكىسى، ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە بىر قىسىم تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى تەتقىق قىلىشتا پاكىت ئاساسى بولالايدۇ.

ئەنە شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار — خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)» تومى يۇقىرى ئەدەبىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇ بىزنى قەدىمىي خوتەننىڭ سىرلىق مەدەنىيەت خەزىنىسىگە باشلاپ كىرەلەيدۇ، بىزگە خوتەننى ۋە خوتەنلىك قېرىنداشلىرىمىزنى چوڭقۇر بىلدۈرەلەيدۇ، بىزنى گۈزەل بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئاممىباب ۋە جانلىق شەكلى بىلەن زوقلاندۇرۇپ، كۆڭلىمىزدىكى كۆپ خىللىشىۋاتقان ئېستېتىك ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالايدۇ.

مېنىڭچە، بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى ئۈچ

تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

1. كىتابتىكى قوشاقلار ئىنتايىن كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە باغلىنىدۇ. ئۇنىڭدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كانچىلىق، بوزچىلىك، گىلەمچىلىك، قاشتېشى، ئەتلەسچىلىك قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى؛ خوتەندە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر؛ ياداتاش، بارائەت، رامىزان قاتارلىق دەپنە مۇراسىملىرىغا ئوخشاش دىنىي ۋە ئۆرپ-ئادەت پائالىيەتلىرى؛ چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە پەندى-نەسىھەتلەر؛ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىينە ھەققىدىكى كۆزقاراشلار؛ ئۆزگە يۇرتقا سەپەر قىلغان كىشىلەرنىڭ غېرىب-مۇساپىرلىق سەرگۈزەشتىلىرى؛ كىشىلەردىكى ھەر خىل يامان ئىللەتلەرنىڭ زىيانلىق ئاقىۋەتلىرى؛ ئويۇن بىلەن باغلىق بولغان بالىلارچە سەبىي، پاك، تەسەۋۋۇرغا تويۇنغان كۆزقاراشلار ... كەڭ كۆلەمدە ئىپادە قىلىنىدۇ. قىسقىسى، بۇ كىتابنى ئوقۇغىنىمىزدا، رەڭگارەڭ ۋە خىلمۇخىل تۇرمۇش مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا تولۇق نامايان بولىدۇ.

2. بۇ كىتابتىكى قوشاقلارنىڭ يەرلىك پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. بۇنداق يەرلىك پۇراق ئۇنىڭدا خوتەنگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، يەنى خوتەندە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، خوتەندىكى مەشھۇر شەخسلەر، خوتەندىكى يۇرت-ماكانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خوتەنچە تىل شېۋىسىدىن پەيدا بولغان. مەزكۇر كىتابتا رۇستەمشاھ، ماخۇسەن، ماسىجاڭ، ئاق تۇرسۇن، ئايۇپ بەگ، لىۇشۆخەن، پاسار تۆمۈرچى قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. زىۋىدەم، گۈلسەيدىخان، سارىخان، نىساگۈل، گۈلئايىم، مەرەمخان، پاشاخان، مىرەجىخان، زورىخان،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تاجىنخان، سەلىمەم قاتارلىق قىز-ئاياللارنىڭ ئىش ئىزلىرى ياكى قوشاقچىلارنىڭ ئۇلارغا بولغان ھېسسىيات، كۆزقاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. نىيا، كېرىيە، چىرا، لوپ، خوتەن، قاراقاش، گۇما قاتارلىق ناھىيە-شەھەرلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى، يېزا-كەنتلىرىنىڭ ناملىرى كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان. ئەڭ مۇھىمى مەزكۇر توپلامدىكى قوشاقلاردا خېلى كۆپ يەرلىك تىل شېۋىلىرى ساقلانغان. مەسىلەن:

ئىشكايلاڭدا سىم كاتۇ، ئۇجمىلەر پىشىپ قېپتۇ،
سىم كاتۇدا كىم ياتۇ. تاراڭگۇدا قاقساڭچۇ.
ئوتۇڭدا ئۆلەپ كەتسەم، ئوغاللار ياداپ قېپتۇ،
مېنىڭ ئورنۇمدا كىم قاتۇ؟ ۋاسالغۇدا باقساڭچۇ.

بۇنداق يەرلىك ئالاھىدىلىك بۇ كىتابتىكى قوشاقلارنى ئۆزگىچە پۇراق ۋە تەمگە ئىگە قىلغان.

3. بۇ كىتابتىكى خېلى كۆپ قوشاقلار كۇچلۇك ھەجۋىلىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭدىكى «ھەجۋى قوشاقلار» دا ھاراقكەشلىك، نەشىكەشلىك، شەھۋەتپەرەسلىك، ئوغرىلىق، قىمارۋازلىق، پىخسىقلىق، ھورۇنلۇق، سۆلەتۋازلىق قىلمىشلىرى قىزىقارلىق سۆز-تەسۋىر بىلەن بايان قىلىنسا، «يۇمۇرلۇق قوشاقلار» ۋە «ئېيتىشىش» تا مۇھەببەت ئوبيېكتلىرى كۇچلۇك ساتىرا ئۇسۇلىدا ھەجۋىي قىلىنغان. «ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى»، «مېنىڭ لاپىلىرىم»، «ھاماقەت»، «ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق»، «چېقىمچى» نامىدىكى قوشاقلار مەزكۇر توپلامنىڭ يۇمۇرىستىك خاراكتېرىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. ئېيتماقچىمىزكى، ھەجۋىيلىك

ئىچىدە قامچىلاش، ھەجۋىيلىك ئىچىدە تەربىيىلەش ۋە ھەجۋىيلىك ئىچىدە ھوزۇرلاندۇرۇش مەزكۇر توپلامنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، خوتەن قوشاقلىرىدىن تاللىنىپ تۈزۈلگەن بۇ كىتاب، ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت بېغىمىزدا يېڭىدىن ئېچىلغان بىر دەستە گۈل بولۇپ، دۇنيانىڭ ئاغزاكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، قوغداش، ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە نۇرلاندۇرۇش چاقىرىقىنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى نەتىجە ھېسابلىنىدۇ.

مەن ھەممەيلەننى ئۇنىڭ نۇرانە رەڭگى ۋە خۇشپۇراق ھىدىدىن ھوزۇرلىنىشقا تەكلىپ قىلىمەن. بۇ كىتابتىكى قوشاقلارنى ئەستايىدىل تاللاپ، مەزمۇن يېقىدىن تۈرلەرگە ئىنچىكە ئايرىپ، سىستېمىلاشتۇرۇپ تۈزگەن ئابدۇللا سۇلايمان ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن:

**ئوسمان ئىسمايىل تارىم**

2006-يىل 9-ئاپرېل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# مۇندەرىجە

**ئەمگەك قوشاقلىرى** ........................ 1
ئورمىچىلار قوشىقى (چاگان) ........................ 1
خامان قوشىقى (كالايلاي) ........................ 2
پادىچىلار قوشىقى ........................ 3
كانچىلار قوشىقى ........................ 4
چاقىچىلار قوشىقى ........................ 5
ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار توغرىسىدا قوشاقلار ........................ 6
تاغ پارتلاتقۇچىلار قوشىقى ........................ 7
ئۆستەڭ قوشاقلىرى ........................ 8
مول ـ ھوسۇل قوشاقلىرى ........................ 8
يۇرت ـ مەھەللە توغرىسىدا قوشاقلار ........................ 11
تېمىسىز قوشاقلار ........................ 14
**ئىجتىمائىي قوشاقلار** ........................ 15
خوتەن، گىلەم، قاشتېشى، ئەتلەس توغرىسىدىكى قوشاقلار ... 15
تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى قوشاقلار ........................ 22
ئۆتمۈش توغرىسىدىكى قوشاقلار ........................ 29
يېڭى دەۋر قوشاقلىرى ........................ 36
ئىسلاھات ھەققىدە قوشاقلار ........................ 44
**مەۋسۇم ـ مۇراسىم قوشاقلىرى** ........................ 47
ياداتاش قوشاقلىرى ........................ 47
قارلىقنامە ........................ 48
بارائەت قوشىقى ........................ 50
رامىزان قوشاقلىرى ........................ 50

مەرسىيە قوشاقلىرى ........................... 54
ئەلنەغمە، مەشرەپ، ئولتۇرۇش قوشاقلىرى ........... 56
**تۇرمۇش قوشاقلىرى** ........................... 61
دىداكتىك قوشاقلار ........................... 61
مۇساپىرچىلىق، يالغۇزلۇق، دەرد - ئەلەم توغرىسىدىكى
قوشاقلار ........................... 68
ئىجتىمائىي مۇئامىلە توغرىسىدىكى قوشاقلار ........... 73
ئەقلىيە سۆز نەزمىلىرى ........................... 86
ساتىرىك قوشاقلار ........................... 89
يۇمۇرلۇق قوشاقلار ........................... 109
**خەلق ناخشىلىرىدىن تاللانما** ........................... 113
**ئېيتىشىشلار** ........................... 123
**قىز - ئاياللار نامىغا توقۇلغان قوشاقلار** ........... 131
**مۇھەببەت قوشاقلىرى** ........................... 145
سالام خەت (ئىرسالنامە) ........................... 145
كۆڭۈل ئىزھارى ........................... 153
مەدھىيە قوشاقلىرى ........................... 187
ياخشى كۆرۈش تېمىسىدىكى قوشاقلار ........... 201
سۆرۈشتۈرۈش تېمىسىدىكى قوشاقلار ........... 234
ھىجران تېمىسىدىكى قوشاقلار ........... 278
خوشلىشىش تېمىسىدىكى قوشاقلار ........... 292
كۈندەشلىك تېمىسىدىكى قوشاقلار ........... 296
ئايرىلىش - جۇدالىق تېمىسىدىكى قوشاقلار ........... 297
سۆكۈش، قامچىلاش تېمىسىدىكى قوشاقلار ........... 316
تۈرلۈك تېمىدىكى مۇھەببەت قوشاقلىرى ........... 327
**بېيىتلار** ........................... 351
**باللار قوشاقلىرى** ........................... 391
**باشقىلار** ........................... 403
**تۈزگۈچىدىن** ........................... 407

www.uyghurkitap.com



# 目 录

劳动歌谣……………………………………………… 1
收割歌谣……………………………………………… 1
打场歌谣……………………………………………… 2
放牧歌谣……………………………………………… 3
矿工歌谣……………………………………………… 4
纺线歌谣……………………………………………… 5
手工行业歌谣………………………………………… 6
爆破工歌谣…………………………………………… 7
挖渠歌谣……………………………………………… 8
丰收歌谣……………………………………………… 8
古土家乡之歌谣 …………………………………… 11
无题歌谣 …………………………………………… 14
社会歌谣 …………………………………………… 15
关于和田、地毯、玉石、丝绸的歌谣……………… 15
关于历史人物的歌谣 ……………………………… 22
关于旧社会的歌谣 ………………………………… 29
关于新时代的歌谣 ………………………………… 36
关于改革开放时代的歌谣 ………………………… 44
节期、礼仪歌谣……………………………………… 47
求雨歌谣 …………………………………………… 47
雪笺歌谣 …………………………………………… 48
油胡芦节歌谣 ……………………………………… 50
斋月歌谣 …………………………………………… 50
送葬歌谣 …………………………………………… 54

曲艺、麦西来甫、聚会歌谣 …… 61
生活歌谣 …… 61
关于规劝的歌谣 …… 61
关于流浪、孤独、忧愁的歌谣 …… 68
关于社交的歌谣 …… 73
箴言歌谣 …… 86
讽刺歌谣 …… 89
幽默歌谣 …… 109
精选民歌 …… 113
对歌相声 …… 123
有关妇女的歌谣 …… 131
爱情歌谣 …… 145
情信歌 …… 145
追求歌 …… 153
赞美歌 …… 187
迷恋歌 …… 201
相思歌 …… 234
苦情歌 …… 278
离别歌 …… 292
吃醋歌 …… 296
失恋歌 …… 297
嘲笑挖苦歌 …… 316
其它题材的情歌 …… 327
双行诗歌 …… 351
儿歌 …… 391
其它 …… 403
后言 …… 407

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەمگەك قوشاقلىرى

## ئورمىچىلار قوشىقى[1] (چاگان)

ئىگىز تىرەك (ۋاي) جەگە سۆگەت، يەتتە بىلەن يۆگەپ چىقتىم،
(چاگان...) موللامنىڭ باغى. (چاگان...) ئازما[2] باشىمغا.
موللا كىشى (ۋاي) غەزەل ئوقىسا، سەككىز ئالما (ۋاي) ساناپ بەردىم،
(چاگان...) يۈرەكنىڭ داغى. (چاگان...) قىز ئاداشىمغا.

سەككىز ئالما (ۋاي) بەرگەنلىرىم، ئالتۇن تارتقان (ۋاي) تارازاڭدا،
(چاگان...) زەنگدە[3] تۇرسۇن. (چاگان...) يامبۇ تاتايمۇ؟
قايرىپ ـ قايرىپ (ۋاي) سۆيگەنلىرىم، خانلار ياتقان يوتقانىڭدا،
(چاگان...) يادىڭدا تۇرسۇن. (چاگان...) مەنمۇ ياتايمۇ؟

ئاللا ئىگەم (ۋاي) بەندەم دېسە، ئىگىز تاغنىڭ (ۋاي) ئۈيانىدا،
(چاگان...) ئالسۇن جانىمنى. (چاگان...) ئۈلاي سايرايدۇ.
خۇدايىمدىن (ۋاي) تىلەپ ئالاي، ئۇ سايرىغان (ۋاي) ئۈلاي ئەمەس،
(چاگان...) گاڭگۇك يارىمنى. (چاگان...) يارىم چىللايدۇ.

---

[1] ئورما مەزگىلىدە بىر قانچە ئائىلە لاپقۇتلىشىپ ئورمىلىققا چىقىدۇ. ئالدى بىلەن بىر مويسىپىت باش بولۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا «چاگان» قوشىقىنى باشلايدۇ. باشقىلار مويسىپىتنى چۆرىدەپ ئورغاقنىڭ بېشىنى بىر قولىدا، ئۇچىنى بىر قولىدا تۇتۇپ پۇلاڭلاتقان هالدا مويسىپىتقا ئەگىشىپ قوشاق ئېيتىدۇ. هەر سولنىڭ بېشىدا بىر قېتىم تەكرارلىنىدۇ. هەر قېتىمقىسى بىر ـ ئىككى كۆپلېت بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن هەممەيلەن كۆلۈشۈپ هاردۇقى چىقىپ روهلانغان هالدا يېڭى سولغا چۈشۈپ كېتىدۇ.
[2] ئازما — يەرلىك شېۋىدە سۇ توسمىسى.
[3] زەنگدە — ئېسىڭدە — يادىڭدا.

# خامان قوشىقى (كالايلاي)

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
تورغايىنى بالام دەيدۇ.
شۇمتەك ناتىۋان باللا،
ئاشىنىسىنى ئانام دەيدۇ.
هاي ... هاي، كالاي ... لاي

شوتىنى قويدۇم شاتۇتقا،
مەن مۇساپىر بۇ يۇرتقا.
كەلگىنىم يامان بولسا،
قايتىپ كېتەي ئۆز يۇرتقا.
هاي ... هاي، كالاي ... لاي

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسىسەم لىغىلدايدۇ.
سەن يارىمنى ئويلىسام،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.
ۋاي ... ۋاي، كالاي ...

تۈنۈگۈن چۈش ۋاقتىدا،
ئىككى جۇۋان چىقتى سۇغا.
قاپىقى لايغا پېتىپ،
ئالمىلىرى ئاقتى سۇدا.
ۋاي، كالاي ... لاي ...

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
بۆكەڭنى قېڭى① قويما.
بۆكەڭنى قېڭى قويساڭ،
خىلىڭنى تېپىپ ئوينا.
هاي ... هاي، كالاي... لاي...

سەنمۇ غېرىب، مەنمۇ غېرىب،
ئۆز ياردىن ئايرىلىپ.
كالايلاي ئېيتار مەندەك،
ياردىن ئايرىلغان غېرىب.
ۋاي، كالاي ... لاي ...

قارلىغاچ قارا نېمە،
قاناتىدىن ئايرىلمىسۇن.
قىز بالا ئاجىز نېمە،
ئاتاسىدىن ئايرىلمىسۇن.
ۋاي، كالاي ... لاي ...

بۇغدايىنى ئالا قىلغان،
يۆگىمەچ بىلەن لويلا.
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
ئولتۇرۇپ راسا ئويلا.
ۋاي ... ۋاي، كالاي ... لاي

① قېڭى — يەرلىك شېۋە قىڭغىر، سىڭايان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئالدىرىسى



تەقدىر ئاللا، تەقدىر ئاللا،
تاغنى ياراتتى، كالاي لاي.
تاغ ئاراسى قاراڭغۇ دەپ،
ئاينى ياراتتى. (يەي)
كالاي ... لاي ... لاي ...

ئاق سامانى سورىسام،
چەش بولادۇر كالاي ... لاي.
بۇ ئالەمۇ ھەر قاچان،
كەچ بولادۇر كالاي لاي.
ۋاي ... ۋاي ... كالاي ...

ئاتچان يولى قومۇشلۇق ۋاي،
ئورغاق سىلىپ ئورغان يوق.
سەن ئۇ يەردە مەن بۇ يەردە،
مۇڭدىشىپمۇ تۇرغان يوق.
ۋاي ... كالاي ... لاي ...

ئۆستەڭدە سۇ بولمىسا،
بىلىق ياتامدۇ تاشىدا.
كۆڭلى بولمىسا يارنىڭ،
كۇلۇپ ياتامدۇ قاشىدا.
ھاي ... ھاي... كالاي ...

بۇگۈن كۈنگە يەكشەنبە،
ئات ھارۋاڭنى قوش ئەمدى.
مەن يۈرتتىن كېتەر بولدۇم،
كۆرۈشكەن يارلار خوش ئەمدى.
ھاي ... ھاي، كالاي ... لاي

يەر دىگەنگە بەرمەيمەن،
دۇتارىمنى تارىمنى.
خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ،
تاشلىمايمەن يارىمنى.
ھاي ... ھاي، كالاي ... لاي

## پادىچىلار قوشىقى

پادىچىنىڭ ئوغلىغا،
شىرە چورۇق يارىشار.
چورۇق كىيگەن يىگىتكە،
قىز — جۇۋانلار قارىشار.

قاغا قوندى خادىغا،
قوينى ھەيدەڭ پادىغا.

ئوچاق بېشىدا كۆمەچ بار،
تۈگۈۋىلىڭ پوتىغا.

ئاق چېقىلدا مال بېقىپ،
كۆك چېقىلغا يۆلەيسىز.
بوشراق ئويناڭ ئويۇنىنى،
كالتەك سۇنسا تۆلەيسىز.

ئوتلاپتۇيا ـ ئوتلاپتۇ،
سىنىڭ، مىنىڭ قويىمىز.
بىللە ماڭساق يوللاردا،
تەڭلىشەمدۇ بويىمىز.

كۆك چىقىلدا قوي باقسام،
قويچىلار كاۋاپ دەيدۇ.
كەنت ئاتلاپ يار تۇتسام،
سۆيۈپ قوي، ساۋاب دەيدۇ.

مىڭ قويۇڭ بارمۇ سىنىڭ،
تاغقا چىقىپ قوي باقىلى.
تاغ ئارا راۋاب چىلىپ،
ناخشا ـ قوشاق قاتىلى.

قوي كىلەر قوزى بىلەن،
بىر ـ بىرىنىڭ ئىزى بىلەن.
ھىلىمىكىم كىلىپ قالدى،
قارا كۆز قىزى بىلەن.

قويىڭىز بارمۇ خىنىم،
قوينى قوشۇپ باقىلى.
مەيلىڭىز بارمۇ خىنىم،
يۈرەككە تۆشنى ياقىلى.

## كانچىلار قوشىقى

بىرىپ يارىمغا ئىيتىڭلار،
كىشلەر چىقمىسۇن كانغا.
كىشلەر چىقسا كانغا،
يۈرەك باغرى تولار قانغا.

چىقىل ئارقىسغا ماڭغاندا،
ئاتا بىلەن ئانا يوقكەن.
بۇغداي، قوناق بەش تەڭگە،
كەتمەندە ھۈنەر يوقكەن.

ئالتۇن تاپماق جان بىلەن،
زەندە سالماق نام بىلەن.
سەھەر چاغدا خوشلاشتۇق،
مىھربان ئانام بىلەن.

ئارپىبەدىيان ئىچمگەنلەر،
ئەمدى ئىچتى قارا چاي.
چىقىل ئارقىسى سوغۇقكەن،
زەيلىكتىن كانلار ئاچاي.

ئۆيۈڭنىڭ چۆرىسى ئەخلەت،
كۆكۆل ھىچ يەرگە يەتمىيتكەن.
چىقىل ئارقىسدىكى كانچىلار،
بىر ـ بىرىگە خۇش ئەتمىيتكەن.

چىقىل ئارقىسغا كىرگەندە،
يولنى ئارقىغا① تاشلىدۇق.
ئاتا ـ ئانا قىرىنداشنى،
بىز خۇداغا تاپشۇردۇق.

① ئارقىغا ـــ ئارقا تاغ مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com



ئارقا تاغ كانغا بىرىپ،
ئالتۇن تاپالمايدۇ كىشى.
بەگ ـ زالىملار دەستىدىن،
ئۆيدە ياتالمايدۇ كىشى.

سوغراق كانغا كىرگەندە،
يۆلەندىم ئىگىز تاغقا.
ئالتۇن تاپسام بىر مىسقال،
كەتتى نان پۇلى چايغا.

سوغراق[1] كانلار ئالتۇن كان،
چىژغان[2] كانلار كۈمۈش كان.
بەگ ـ بوجاڭلار ئالدىدا،
كەمبەغەللەر جىرىس[3] نان.

ئارقا تاغقا ئۆتتۇمەن،
ئالتۇن قازىمەن كاندىن.
ھەرگىز ئالتۇن تىپىلماس،
كەچمىسە ئىزىز جاندىن.

كانچىكەن دىمەڭ بىزنى،
تاغ يولىدا كارۋان بىز.
جاننى ئىلىپ ئالقانغا،
سىرىق ئالتۇن قازغان بىز.

ئۆشنەمدىكى تۇلۇمغا،
ئۈجمە تالقىنى ئالدىم.
يول بولسۇن دەڭ جان ئانا،
ئارقا تاغقا يول سالدىم.

## چاقىچىلار قوشىقى

چاقام غۇي ـ غۇي قىلادۇ،
چەمكى قايغانمىكىن.
بىر كىلەيمۇ دىمىدى،
يار كۆڭلى قالغانمىكىن.

چاقام غۇي ـ غۇي قىلادۇ،
تانىپى يانغانمىكىن.
شۇ يارىمنىڭ كۆيگىنى،
راسمىكىن يالغانمىكىن.

چاقا سالغان تانىپىم،
بۆزمىكىن، مەشۇتمىكىن.
كۆڭلۈمنى ئالغان يىگىت،
چىن دىلدىن ئاشىقمىكىن.

---

① سوغراق — جاي نامى.
② چىژغان — جاي نامى.
③ جىرىس — كىپەك.

# هۇنەرۋەن — كاسىپلار توغرىسىدا قوشاقلار

1

توك - توك ئېتەر تۆمۈرچى،
پۇلنى ئۇسسۇيدۇ كۆنچى.
خېخنەكتى ئەرا كۈلاپ،
جان تالىشار بوزچى.

2

ئۇستام ئېتىدۇ كالا گۆشىدە،
مەنمۇ ئېتىمەن قوي گۆشىدە.
ئۇستام ئەتسە قالمايتۇ،
مەنمۇ ئەتسەم ئالمايتۇ.
گۆشى ياغدىن گۆشگىردەك،
پىيىزى باغدىن گۆشگىردەك.
كىيىپ ئېتىمەن تەمى قەنت،
ئۇستام ئېتىدۇ ئىشلىتىپ پەن.
ئۇستام ئەتسە قالمايتۇ،
مەنمۇ ئەتسەم ئالمايتۇ.
پىيىزى باغدىن گۆشگىردەك،
سۇيى تاغدىن گۆشگىردەك.

3

موكا[1] ئاتىتىم رەم بىلەن،
دەپتىن[2] كۆتەردىم غەم بىلەن.
خام[3] توقۇدۇم پەم بىلەن،
ئۇشتە[4] قىلدىم دەم[5] بىلەن.
بۆزچى دەپ قالماڭ مىنى،
چەكمەن توقۇيالمايمەن.
باشتىن ئۆتكەن كۈنلەرنى،
قاچان ئۇنتۇيالايمەن؟

بىز توقۇغان چەكمەننىڭ،
جۇپ بولادۇر شانىسى[6].
كېچە - كۈندۈز ئارام يوق،
تۈگمەيدۇ چالىسى.
خام، تالىما، چەكمەننى،
بىز توقۇيمىز دۇكاندا[7].
ئاقساقالنىڭ[8] كارى يوق،
بار غىمىمىز پوكاندا.

[1] موكا — ئاقاق چۈۋۈتۈپ بېرىدىغان توقۇش سايمىنى.
[2] دەپتىن — ئۇرۇش يورۇشتۇرۇپ، توقۇلغان رەختنى چىڭدايدىغان سايمان.
[3] خام — يەرلىك توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ بىر تۈرى.
[4] ئۇشتە — توقۇلغان خام - تالىملارنى ئاقارتىش دېگەن مەنىدە.
[5] دەم — خام - تالىمىنى شاخار بىلەن ئاقارتقاندا مۇشتلايدىغان كالتەك.
[6] شانا - ئۇرۇش ئۆتكۈزىدىغان ۋە ئالماشتۇرىدىغان نەرسە.
[7] دۇكان — خام، چەكمەن، تالىما توقۇيدىغان دۇكاننىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى.
[8] ئاقساقال — كومىنداڭ ۋاقتىدا بۆزچىلەرنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس كىشىلەر بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بۇ كەسىپنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەر بولغاچقا، هۇنەرۋەنلەر ئۇلارنى «ئاقساقال» دەپ ئاتىغان.

www.uyghurkitap.com



ئۇرۇش بىلەن ئاقاقنى،
ئاھا①پۈركۈپ ئاقارتتۇق.
موكا ئاتقان قوللارنى،
بايغا ئىشلەپ قاپارتتۇق.

ناچى②تۆرگەن چاقلار،
غويۇلدايدۇ توختىماي.
بايغا چەكمەن توقۇدۇق،
كېچە بولسا ئۇخلىماي.

مەدىكار بىز بايلارغا،
بەدىلىگە بىر نان يوق.
بۆزچى بولۇپ ئۆزىمىز،
قوڭمىزدا ئىشتان يوق.

تەپكۈ③باسار پۇتىمىز،
موكا ئاتار قولىمىز.
كىيىم يېلىڭ، قورساق ئاچ،
بولمىغاچقا پۇلىمىز.

بۈگۈن بىرەر دەپتىمىز،
ئەته بىرەر دەپتىمىز.
ئونبەش چەكمەن توقۇساق،
بىر چەكمەنچە ھەققىمىز.

ئۆزۈم توقۇغان خامنى،
بازاردا ساتالمايمەن.
يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە،
تولغىنىپ ياتالمايمەن.

ئۆتىدۇ قولدىن ـ قولغا،
كالا مۈڭگۈزى موكا.
تەپكىنى تولا تېپىپ،
بولدى پۇتلىرىم توكا.

## تاغ پارتلاتقۇچىلار قوشىقى

تاغقا چىققان ياشلارنىڭ،
كۈچى تولا بىلەكتە.
دورىغا ئوت ياقىدۇ،
ئىش ـ ئەمگەكتە غەيرەتتە.

قورقۇتالماس قار ـ بوران،
باتۇر يۈرەك ياشلارنى.
دورا بىلەن ئاتىدۇ،
كۆك تۆمۈردەك تاشلارنى.

---

① ئاھا ـــ ئۇرۇش تارتىلغاندىن كېيىن ئۇرۇشكە پۈركۈپ، ئۇرۇشنىڭ چىداملىقىنى ئاشۇرىدىغان كۆممىقوناق ئۇمىچى.
② ناچى ـــ يەرلىك يىپ ئىگىرىش چاقىسى بىلەن ئاقاق ئۆرۈدىغان كىچىك بىر خىل سايمان.
③ تەپكۈ ـــ بۆز توقۇش دۇكانلىرىنىڭ ئاياغ ئاستىغا مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر خىل سايمان بولۇپ، ئۇ دەپتىن، شانا قاتارلىقلارنى يۆرۈشلەشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كوڭكا بىلەن توشۇيمىز،
ئاتقان پارچە تاشلارنى.
بىزگە قىلچە جاپا يوق،
بەك ئاسرايدۇ ياشلارنى.

يولىمىزنى توسۇيالماس،
قۇم، بوران، تاغ، شىۋىرغان.
تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ،
چۆلنى قىلىمىز بوستان.

## ئۆستەڭ قوشاقلىرى

قاشنى راسلاپ تاش تىزىپ،
چامنى - چامغا ئۇلايمىز.
سۇنى باشلاپ قاقاسقا،
يۇرتنى گۈلگە ئورايمىز.

تاش ئۆستەڭگە سۇ كەلسە،
ئويناقلاپ شوخ ئاقىدۇ.
پارتىيىنىڭ سۆزلىرى،
دىلغا قەنتدەك ياقىدۇ.

تاش ئۆستەڭنى ئالغانلار،
روھىڭلارغا ھەشقاللا.
ياشناپ كەتسۇن سۇ ئىچىپ،
چۆلدە باغۇ - بوستانلار.

ئۆستەڭ چاپتۇق دۆڭلۈكتىن،
راۋان ئاقتى سۇيىمىز.
بوز يەردىكى ئورمانغا،
سۇنى باشلاپ قويىمىز.

ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ،
جىرىم سالدۇق قاتارى.
بويسۇندۇردى چۆللەرنى،
ئەمگەكچىنىڭ مادارى.

ئۆستەڭگە سۇ باشلاندى،
قاشلاڭ كىچىك ئېرىقنى.
تېرىۋىلىك ۋاقتىدا،
بۇغداي، قوناق، تېرىقنى.

## مول - ھوسۇل قوشاقلىرى

چىلگە سارغىيىپ پىشتى،
قوغۇنلۇقتا پىلەكتە.
مول ھوسۇلنىڭ ئىشقى بار،
بىزنىڭ ئوتلۇق يۈرەكتە.

ئاستىمىزدا تورۇق ئات،
ئەجەب بەلەن يورغىسى.
مول ھوسۇلدىن ئۈمىد زور،
خامان تاغدەك بولغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چەينەكلەرگە چاي سىلىپ،
ئىشچانلارغا تۇتقۇم بار.
بۇ يىلقى مول ھوسۇلغا،
ھەسسەمنى كۆپ قوشقۇم بار.

يېڭى ئايۋان ـ سارايىنىڭ،
تەكچىسىگە گۈل قويدۇق.
ئىشتا ئۆزۈپ چىققانغا،
«زەربىدار» دەپ ئىسىم قويدۇق.

سورۇۋالدۇق خامانىنى،
ئەجەب سالقىن شامالدا.
شاد ئىشلەيمىز تا ئەبەد،
بۇ بەختىيار زاماندا.

مەرۋايىتتىن كۆز قويدۇم،
قولۇڭدىكى ئۆزۈككە.
ئورما ئورماي يۈرگەنلەر،
مەلۇم بولۇر كۆزلۈككە.

قالۇق ئۆستەڭ[1] بويىدىن،
خۇشخۇي ناۋا ئاڭلاندى.
بەك ئوخشىغان بۇغدايدىن،
دىل كۆڭلىمىز شادلاندى.

بۇغدايلىقتا باردۇق بىز،
ئېرىقنىڭ لېۋى بىلەن.
ئالتۇن باشاق تاغ بولدى،
ئىشچانلار قولى بىلەن.

قوش ھەيدىگەن ياش باللا،
يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇردى.
مول ھوسۇلنىڭ شادلىقى،
ئارزۇيىمىزغا قاندۇردى.

بىغىمدىكى كۆلچەكتە،
غاقىلدايدۇ ئۆردەكلەر.
ئىشلىگەچكە جاپالىق،
نانغا تويدى گۆدەكلەر.

ئۆستەڭ قېشى دەرەخلىك،
يولغا چۈشۈر سايىسى.
ئەتىيازدا ئىشلىسەك،
كۆزدە بولار پايدىسى.

سوغاققوم[2] دېگەن جايلار،
قۇملۇق ئىدى بىر زامان.
ئەمگەكچىنىڭ قولىدا،
بولدى ياشناپ گۈلستان.

[1] قالۇق ئۆستەڭ، [2] سوغاققوم — جاي ئىسىملىرى.

ئەمگەك بىلەن گۈللەتتۇق،
قاقاس چۆلنىڭ باغرىنى.
گۈمبۈرلىتىپ تويدا بىز،
راسا چالدۇق ناغرىنى.

كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىدۇق،
ھۆددە ئالغان ئېتىزغا.
ئۈنۈمسىز يەر ئايلاندى،
مول ھوسۇللۇق دېڭىزغا.

ئاسماندا ئاي قارايدۇ،
گۈل بېغىمغا زوقلىنىپ.
مەنمۇ ھارماي ئىشلەيمەن،
كۈندىن ـ كۈنگە روھلىنىپ.

باغقا كىرىپ گۈل ئارا،
سەيلە قىلىپ قانمايمەن.
بەسلىشەيلى كەل يارىم،
سەندىن كېيىن قالمايمەن.

كۆزۈم چۈشتى ئالمىغا،
ئۈزۈپ يەيمەن شېخىدىن.
كۆيۈپ قالدىم ئىشچانغا،
يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن.

كەتمەن چاپسا تەر چىقار،
ھاردۇق يېتىپ ئادەمگە.
ئەمگەك بىلەن ياغدۇ،
بەخت ـ ئىقبال ئالەمگە.

قوغۇن چۈشتى چۆنەكتە،
چۆنەكتىكى پىلەكتە.
ھوسۇل ئالدى خەلقىمىز،
قەيسەر بولۇپ ئەمگەكتە.

يېڭى ئالغان تاش ئۆستەڭ،
ئېگىز قومغا تۇتاشتى.
قاندى سۇغا باياۋان،
بەختىمىز قۇچاق ئاچتى.

بېغىڭدىكى ئۈجمەڭنى،
ئىلمەكتە ئىلىپ يەيمەن.
قەلبى گۈزەل يار بىلەن،
بىللە ئىشلىسەك دەيمەن.

ھوسۇلىمىز ئوخشىدى،
ساڭلار ئاشقا تولغۇدەك.
كۆزىمىز چوڭ، يۈرەك چوڭ،
يەيمىز ئەمدى تويغۇدەك.

ئورمان سالدۇق دېھقانلار،
يول بويىغا قاتارلاپ.
تەر ئاققۇزغان ئېتىزدىن،
ئاشلىق ئالدۇق تاغارلاپ.

بازار دېگەن چاغ ئىكەن،
ئېتىز بولسا باغ ئىكەن.
قېتىرقىنىپ ئىشلىسەك،
ھوسۇلىمىز تاغ ئىكەن.

ئامەت قاچار ھورۇندىن،
ئۇ قۇتۇلماس زۇلۇمدىن.
ئەمگەكچىلەر چۈشەنگەن،
بۇ قاراشنى بورۇندىن.

باتۇر ئىشتا ئۆزىدۇ،
تاشتىن گۆھەر سۈزىدۇ.
ئۆزى ھەمدە ئۆزگىنى،
خۇرسەن قىلىپ ئۆتىدۇ.

# يۇرت - مەھەللە توغرىسىدا قوشاقلار

## دۇۋا[1]

دۇۋا دەيدۇ، دۇۋا دەيدۇ،
تۆت تەرىپى تاغ.
مۇساپىرلىق دەردىدە،
يۈرەكلىرىم داغ.

بىز ياشايمىز، ئىشلەيمىز،
تاغدا —— دۇۋادا.
ئاتا - ئانام سىغىنىدۇ،
سەھەر - دۇئادا.

بۇ دۇۋانىڭ داغلىرى،
ئاقباش تاقىر تاغ.
ئورۇغ - تۇغقان ئەسكە چۈشسە،
يىغلايمەن ھەر چاغ.

دۇۋا دېگەن تاغ ئىكەن،
تاغنىڭ باغرى باغ ئىكەن.
مۇساپىرلىق يامان ئوت،
قايناپ تۇرغان ياغ ئىكەن.

① دۇۋا —— گۇما ناھىيىسىنىڭ دۇۋا بازىرى. بۇ جاي خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆمۈر بازىرىسى.

دۆۋا كاندىن كۆمۈر ئالدىم،
جاڭگالدىن ئوتۇن.
ماڭا ۋاپا قىلمىدى،
بىۋاپا خوتۇن.

شەنگەنىڭدىن قورقمايمەن،
كان ئاستىدىن چىقمايمەن.
سىنى سۆيگۈنۈم سۆيگەن،
باشقىسىنى ئۇقمايمەن.

## بەشتوغراق[1]

بەشتوغراقنى بىلەمسىز،
دەريانىڭ ئۇياقى بۇ.
كىندىك قىنىم تۆكۈلگەن،
يۇرتىنىڭ رەڭ بۇياقى بۇ.

ئالتە قاتار ئۈجمىلىك بار،
بەشتوغراق ئۇلۇغ يولدا.
ئۈجمىلىكتە سەيلە قىلدۇق،
داپ، دۇتار، راۋاب قولدا.

بەشتوغراقتا بەش مەھەللە،
ئەڭ قەدىمىي «قارا تاش».
لەڭگەرلىككە ئاشىق بوپتۇ،
تۆت مەھەللىلىك قاراقاش.

بەشتوغراقنىڭ ئوتتۇرىسى،
يەتتە قىزلىرىم مازارى.
كۆن پىتىشتا قىزبىدۇ،
كىرىيە ـ كەمەك بازارى.

بەشتوغراقتا بەش جەمەت،
چۆجە ـ چۈمچۈق ئىككىسى.
ئۆچىنىڭ بىرسى چەمەك،
شادى، كوڭۈش قالدىسى.

بەشتوغراقنىڭ ئەزەلدىن،
موللا ـ قارىسى تولا.
دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە،
شىپالىق دورىسى تولا.

لەڭگەر كۆلى چوڭقۇر كۆل،
ئوتتۇرىسىدا سۆگەت بار.
بەشتوغراقتا بۇ كۆلگە،
«بەرىكەتلىك» دەپ سۈپەت بار.

«يەتتە قىزلىرىم» دا يەتتە قىز،
ئەرەب يىغىلىقىدا ئۆلگەن.
تۆت تەرەپتە پاسىبان بار،
ھەر بىرسى تىرىك ئۆلگەن.

---

[1] بەشتوغراق — كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىغا قاراشلىق كەنت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەشتوغراقنىڭ چىتىدە،
چىلەكدۆڭ دەپ قۇملۇق بار.
چىلەكدۆڭنىڭ ئۈستىدە،
يالقۇنجىغان چۇغلۇق بار.

چوڭ دەريادىن ئۆتكەنگە،
كىچىك دەريالار نېمىكەن؟
چوڭ دەرياغا سۇ كەلسە،
بەشتوغراقلىقىقا نېمىكەن؟

بەشتوغراقتا كۆرۈنەر،
كېرىيە ھېيتگاھ جامەسى.
ئەزان - سالات، كوي - سادا،
زادى ئورتاق ھەممىسى.

مەن بارمىغان يەركەن ئەمەس،
پۇل بەرمىسەم بەرگەن ئەمەس.
ھەممە نەرسە كېرىيىدە بار،
باشقا يۇرتتا ئەرزان ئەمەس.

## ئاتچان ھەققىدە قوشاقلار

بىلىپ قىلىڭ خالايىق،
ئاتچان① دېگەن گۈزەل جاي.
خەلقى باتۇر ئەمگەكچان،
ھۈنەر-سەنئەت كانى جاي.

پۇلۇ② دېگەن ئەڭ يىراق،
ئالتۇن، كۆمۈر كانى بار.
خەلقىنى مېھماندوست دەپ،
مەڭگۈ ئۆچمەس نامى بار.

ئۆچكە بۇلۇڭ③ تىغىدا،
ئۇلاي، كەكلىك بەك تولا.
يايلاقلاردا ئوتلايدۇ،
ئايغىر، ئۆچكە، قوي، كالا.

باشىيەر④، قىشلاغ⑤، قاراڭغۇ بۇلاق⑥،
ئۈستىدە ئارشاڭ بۇلاق.
يايلاقلىرى بەك گۈزەل،
ئوتلار سانسىز ئات-ئۇلاغ.

لۇش⑦نىڭ دەريا، تىغىدا،
ئاپئاق قاشتاش يارالغان.
بولغاچ سوپەت قىممىتى،
داڭقى ئەلگە تارالغان.

شۇڭگۇلتاغ⑧ئەمەس بىر تاغ،
يەرلىرى ئەجەب مۇنبەت.
يېسىڭىز ئەجەب تاتلىق،
قوغۇن-تاۋۇزى شەربەت.

---

① ② ③ ④ ⑤ ⑥ ⑦ ⑧ ⑨ ⑩ ⑪ ⑫ بەلگىسى قويۇلغانلىرى كىرىيە ناھىيە ئاتچان يېزىسىدىكى مەھەللە، دەريا، داۋانلارنىڭ نامى.

سوقتىباق[9]نىڭ يوللىرى،
ئەگرى-بۈگرى تىك داۋان.
خەلقى ئەمەس پىيادە،
قاتناشلىرى بەك راۋان.

تۈگمەنبېشى[10] ئەڭ باشتا،
ئىشچان باتۇر ياشلىرى.
خۇمدانچىنى باي قىلغان،
كۆك چوقانىڭ تاشلىرى.

تەسكەنلىك [11]، يېڭىئاۋات [12]،
ئوخشايدۇ بۇغداي، قوناق.
خەلقى ئىشچان بولغاچقا،
بىبچە تاپتى كۆپ دوغاق.

بوش يەرنى دېمەڭ قۇملۇق،
ئوخشايدۇ چىمەن باغقا.
ھەر خىل مېۋىسى سورتلۇق،
تاغار تولدى ياڭاققا.

## تېمىسىز قوشاقلار

1

نۇرۇممەت ئۆستەڭ[1]تاشلىقكەن،
تۇرمايلى دېسەك ياشلىقكەن.
لەنگەرگە كېتىلى دېسەك،
مەتسەيدى بارات باشلىقكەن.

2

ھاشار كەلدى مولاققا،
سالجا قادالدى قۇلاققا.
ھاشاردا تولا ئىشلەپ،
كەتكۈم كەلدى توغراققا [2].

3

ئۆستەڭ ئالدۇق تايدا [3]،
دېھقانلار ياتمىز سايدا.
ئايرىلغىلى ئاي توشتى،
بالا - چاقىمىز قايدا.

4

ئۇ ئېتىزمۇ مىسنىلىك،
بۇ ئېتىزمۇ مىسنىلىك.
نۇرۇممەتتە - ئەمگەكتە،
كېلىشمەيدۇ ئىسىللىك.

---

[1][2][3]— كېرىيە ناھىيىسى توغراق سۇ ئايرىش توسمىسى يېنىدىكى يەر ناملىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىجتىمائىي قوشاقلار

## خوتەن، گىلەم، قاشتېشى، ئەتلەس
## توغرىسىدىكى قوشاقلار

### خوتەن بۇ

پىل - پىل دەيدۇ خوتەننىڭ،
ئەڭ قەدىمىي جايىنى.
بىكار تەلەپ كىشى كۆپ،
يوق ئىشىنىڭ تايىنى.

قايناپ كەتكەن ھەر كۈنى،
خانىقادا ھەلقىسى.
داڭقى تولا پىل - پىلنىڭ،
بار جۈمەدە زىكرىسى.

شىلان قايناپ چوڭ داشتا،
ئىچىلىدۇ نەزرىسى.
غېرىب بولغان خوتەنلىك،
بىز خۇدانىڭ بەندىسى.

ئىككى دەريا - ئىككى قاش،
بىزنىڭ ئەزەل جايىمىز.
تالاي جەڭدە - چېلىشتا،
چىققان داڭلىق نامىمىز.

بىرنى بىردەپ باشتىلا،
جاھىللىقتا ئاتالغان.
ئازاب - ئەلەم خەنجىرى،
كۆكسىمىزگە قادالغان.

قانچە شەھەر، قانچە ئەر،
خاراب بولغان — قۇم بولغان.
قان - قېرىنداش بىرلىشىپ،
ئىجىل بولغان — ئۆم بولغان.

تەكتى ماكان ئىچىدىن،
قۇملار كېچىپ ساق چىققان.
لەخمە تېشىپ ئۆڭكۈردىن،
قارا بولماي ئاق چىققان.

يايلاقتا ئات چاپتۇرۇپ،
بوزلۇق ئاچقان — يەر ئاچقان.
بىنا بولغان شەھەرلەر،
يۇلتۇزلاردەك نۇر چاچقان.

«شەھدانە» نامىدىن،
قىسمىتى كۆپ خوتەن بۇ.
يەتمىش ئىككى ھۈنەرلىك،
خىسلىتى كۆپ خوتەن بۇ.

دەرياسىغا سەل كەلسە،
بوي بەرمىگەن خوتەن بۇ.
مىتىن بىلەن تاغ يونغان،
پەرھاد دېگەن خوتەن بۇ.

ئاق شايىغا گۈل چېكىپ،
ئەتلەس قىلغان خوتەن بۇ.
گىلىمىنى جاھانغا،
بەس - بەس قىلغان خوتەن بۇ.

قاشا چۆرۈپ ھويلىسىنى،
تال تېرىغان خوتەن بۇ.
بىكار قويماي ساسلىقنى،
شال تېرىغان خوتەن بۇ.

ئىككى ئەپچىل بىر بولسا،
بەل تۇتۇشقان خوتەن بۇ.
ھارامزادە ئۇچرىسا،
مۇشت ئېتىشقان خوتەن بۇ.

مۇساپىرغا جاي بېرىپ،
سىنچاي تۇتقان خوتەن بۇ.
باغلىرىدا ئوينىتىپ،
كۆڭلىنى ئۇتقان خوتەن بۇ.

دامبىل قىلماڭ ئىشمەتۋاي،
ئىشتا چاققان خوتەن بۇ.
قىزنىڭىزغا ئەلچى قويۇپ،
ئوتنى ياققان خوتەن بۇ.

ئوتتۇز يىگىت تەل بولۇپ،
توي - تويلىغان خوتەن بۇ.
ھالىڭىزغا ئىشمەتۋاي،
بىز بويلىغان خوتەن بۇ.

چىدىمىساڭ ئالدىڭدا،
ياڭاق چاققان خوتەن بۇ.
سەن يول توسساڭ، ئالدىڭغا
سېپىل سوققان خوتەن بۇ.

تېغى تولا چۆلدىن،
كەلكۈنى كۆپ خوتەن بۇ.
نىيا①، كېيا② ، قاراقاش،
ئەلكۈنى كۆپ خوتەن بۇ.

كېلىپ كۆرۈڭ ئىشمەتۋاي،
سىزگە داغدام خوتەن بۇ.
ئىككى دۇنيا ئارىسى،
بىرلا چامدام خوتەن بۇ.

① نىيا — نىيە، ② كېيا — كېرىيە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قاشتاشچىلار قوشىقى

1

ئۇلۇغ ئىگەم يەر - زېمىننى،
تاغنى ياراتتى.
تاغدىن زەمزەم سۈنى باشلاپ،
باغنى ياراتتى.

تاغ باغرىدىن ئېقىپ چۈشتى،
دەريا - ئېقىنلار.
بوستان بولدى ئىككى تارام،
يىراق - يېقىنلار.

ئىككى تارام يورۇڭقاش،
قاراقاش ئۆزى.
بىرى ماچىن شەپقەتچىسى،
بىرى جۈپ كۆزى.

يورۇڭقاشنىڭ ئاق قاشتېشى،
داملىنار ئەزەل.
قاراقاشنىڭ زۇمرەت تېشى،
شۇنچىلىك ئەۋزەل.

قىزىل چاپان ئاق قاشتېشى،
قوينىڭ يېغىندۇر.
قۇرۇم تېغى ـــ قاراڭغۇ تاغ،
ئەلنىڭ تېغىدۇر.

تەقدىر ئاللا، تەقدىر ئاللا،
تاغنى ياراتتى.
تاغ، ئېقىندىن تاش قازىتقان،
چاغنى ياراتتى.

2

ئاللا بىزگە بىرىپتۇ،
تاش ئىچىدىن قاشتېشى.
ماكان بولدى بىزلەرگە،
سۇ بويى، جىلغا ئىچى.

رىسقىمىزنى بېرەر دەپ،
چىقتۇق دەريا بېشىغا.
دەريا سۈيى ئۇلغايدى،
قوشۇلۇپ كۆز يېشىغا.

قاشتېشىنى ئىزدىدۇق،
يىغىر بولدى تاپانلار.
تارتىۋالدى ھەممىنى،
تەييار تاپلار ـــ چاپانلار.

قاراڭغۇ تاغ يېنىدا،
كەزدۇق جىلغا ئىچىنى.
ئىزدىدۇق ئۈز قاشتېشى،
ئۇلاپ كۈندۈزگە كېچىنى.

يورۇقاشنىڭ بويىدا،
تاشچىنىڭ ئىزى قالدى.
تاش ئىزدىگەن يوقسۇلنىڭ،
تەلمۈرۈپ قىزى قالدى.

ئامبال، دوتەي ھەيدىدى،
تاش ئىزدەشكە دەرياغا.
قاچانمۇ بىر توياركىن،
نەپسى، كۆزى دۇنياغا.

ھاشار سالدى يۇرت - يۇرتقا،
كەلگەچ تاش بىكار - مۇتقا.
قاشتېشىنى ئىشلەتتى،
ھەر خىل ئويمىغا - بۇتقا.

پارقىرايدۇ ئايدىڭدا،
ئاق قاشتېشى يىراقتىن.
يۈرەكلەر بولدى زىدە،
چەككەن ھىجران، پىراقتىن.

تاغدىن قېزىپ قاشتېشى،
دوملاتتۇق مۇزلۇقتىن.
توڭلاپ ئۆلدى قانچىلار،
قىينالدى جان خورلۇقتىن.

قاشتېشىنى توشۇدى،
كارۋان ھەر يىل ئۈزۈلمەي.
قان - ياش بىلەن ئاقارمۇ،
دەريا سۈيى سۈزۈلمەي.

3

ئاۋۋال ئاخشام قېچاردىم،
يارنى دەريا بويىغا.
قاشتېشى تېرىپ بىللە،
تۇمار ئاساي بويىنغا.

ئاختىخانا ئىچىدە،
مىنگىدەك ئېتىك بارمۇ؟
قاشتېشىنى تونۇشقا،
روشەن كۆز، دىتىك بارمۇ؟

دەريا ھەيۋەت ئاقارمۇ؟
ئېقىپ قىردىن تاشارمۇ؟
قاشتاش ئىزدىگەن يارىم،
ئېسىلنى تاپارمۇ؟

قوزۇقتىكى ئەلگەكنىڭ،
پىرىلىپتۇ قاسقىنى.
قاشتېشى تىل تۇماركەن،
بىزنىڭ يارنىڭ ئاسقىنى.

سىنىڭ تۇتقان ئالماڭنى،
سويۇپ يەيمۇ، يىمەيمۇ؟
تېرىۋالدىم ئۈز قاشتاش،
يارغا دەيمۇ، دىمەيمۇ؟

ناخشا ئېيتمەن يارىم،
ئۇنۇمدىن تونالامسەن؟
بىرەي ئاپئاق قاشتېشى،
كۆڭلۈمنى ئۇتالامسەن.

www.uyghurkitap.com



يورۇققاشتا سۇ ئاقتى،
تاشتىن تاشقا شارقىراپ.
ئۆچرىدى سۆزۈك قاشتاش،
ئايدىك ئاخشام پارقىراپ.

بايچاقىغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇلاك ئېگىز شاخلىق.
قاشتېشىنىڭ ئىچىدە،
قىزىل چاپانلىقى داغلىق.

سىرلىق ساندۇق سىرىمەن،
ئىككى گۈلنىڭ بىرىمەن.
سەن يار ئۈچۈن دەريادىن،
ئاق قاشتېشى تېرىمەن.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى دەريا،
ئېقىپ كەلسەم كۆرەرسەنمۇ؟
قاشتېشىغا ئايلانسام،
ئىلەكتىن سۈزەرسەنمۇ؟

يالتىرايدۇ مارجانلار،
يارىم ئاپئاق بوينۇڭدا.
بىلەزۈكۈڭ قاشتېشى،
سىنىڭ ئىشچان قولۇڭدا.

چوڭ كۆلنىڭ ئۆردەكلىرى،
سۇدا ئۈزگىدەك بوپتۇ.
يارىم دەريا ئىچىدىن،
قاشتاش سۈزگىدەك بوپتۇ.

ئاخشام تۈزگەن مەشرەپتە،
دېپىڭ بارمىدى يارىم؟
قاشتېشىنى ئىزدەشكە،
ئېپىڭ بارمىدى يارىم؟

ئانىڭىزغا ئوخشايسىز،
خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك.
قوشماق بولدۇق ئىككىمىز،
قاشتېشىدا ئويغاندەك.

## گىلەمچىلەر قوشىقى

خالۋاپىلىقتا كەسپىم بار،
قولدا قايچا ـ پەنجىم بار.
سۆزلەپ كەلسەم ھالىمنى،
دىلدا تولا رەنجىم بار.

«ئانارگۈلى» توقۇسام،
ئۇقتىمدا كاسات بار.
جەھلى يامان ئۇستامغا،
ئەرزىتمىسەم، كاچات بار.

يورۇڭقاشنىڭ سۈيىدەك،
شۇنچە پىشىل گىلىمىم.
ئۇنىڭ ھەر تال يىپىغا،
سىڭگەن قان ـ ياش، ئەلىمىم.

«يۇلتۇز نۇسخا» توقۇدۇم،
تەلەي ئىزدەپ ئاسماندىن.
يۇلتۇز كەتتى يىراقلاپ،
مەندەك بەختى قاچقاندىن.

«كەلكۈن نۇسخا» توقۇسام،
دەرياسىغا سۇيۇم يوق.
ئۆمرۈم ئاخىر بولسىمۇ،
ئۇلتۇرغىلى ئۆيۇم يوق.

«پاختا نۇسخا» گىلەمدە،
كېۋەزلىك بار، غوزەك بار.
ئاڭا تۇت چەككىلى،
مەندەك ئاجىز بوزەك بار.

«كەلكۈن نۇسخا» شوخ نۇسخا،
سۇ كەلسىكەن توپاندەك.
يۇرتىمىزنى قۇم باستى،
ئاللا بىزنى ئۇرغاندەك.

نۇسخىسىدا «چاچما» نىڭ،
چوڭ ئايگۈل، كىچىك ئايگۈل.
كۆڭلۈم گۈلدەك شۇنچە ئۈز،
بولسامۇ ئۆزۈم بىر قۇل.

«شام نۇسخا» لىق گىلەمدە،
ياندۇ كۆپ شام - چىراغ.
بولدى ئۇندا ئاشكارا،
يار ئۇچۇن چەككەن پىراق.

يولى تىزما كانارا،
«لوڭقا نۇسخا» توقۇدۇم.
گۈل ئۆستۈرۈپ تەشتەكتە،
ئاڭا ئايەت ئوقۇدۇم.

بوۋام ئۆگىتىپ قويغان،
«ئەدىيال نۇسخا» توقۇشنى.
ھەرگىز تاشلاپ قويمىدىم،
«ھەپتىيەك» نى ئوقۇشنى.

مىھراپ قەندەل چىقاردىم،
«جەينىماز» لىق نۇسخىغا.
خۇدا رەھىم قىلماسمۇ،
مەندەك گاداي ئۇستىغا.

مۇدەممەتلىك ھۈنەر بۇ،
ئۇدۇم قالغان ئاتامغا.
مىراسخورى بولدۇممەن،
پىت چۈشسىمۇ ياقامغا.

كۈن، زىمىننى چۈشۈردۈم،
«مەنزەر نۇسخا» — زىلچىغا.
يىغىپ ھۆددەس ئۈزلۈقنى،
يۇرت - ماكانىم ئىلچىغا.

گىلەم توشۇپ يەمەيدۇ،
خىچىرى كۆپ رەۋەندە.
كەسپىمىزدە راھەت يوق،
ئۇستىمىزدە جۇل - جەندە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رەڭگىۋاسى خىلمۇ خىل،
ئاقاغ بىلەن ئۇرۇشنىڭ.
غۇربەت باسقاچ بىزلەرنى،
ھىچ قەدرى يوق ئۆلۈشنىڭ.

داملىشتۇ گىلەمنى،
ھەر قىسما يۇرت - ئولۇسلار.
ئۇنى توقۇپ مۇكچەيدۇق،
ماڭا ئوخشاش غولۇسلار.

دەستىگاھنىڭ گۇندىسى،
سەگۇ تىرەك شىخدىن.
مۇڭىمىزنى يىپ بىلەن،
چەگدۇق دەردىنىڭ جىقىدىن.

گىلەم ئەزىز بولسىمۇ،
توقۇغانلار قۇل ئۆزى.

ئىرى ئۆلگەچ سۇلاقتا،
خوتۇنى ئايشەم تۇل ئۆزى.

خوتەن دىتۇ ئىلچىنى،
گىلەم دىتۇ زىلچىنى.
بۇنداق بەلەن ھۇنەر يوق،
كەزسەڭ ئالەم ئىچىنى.

تۇپراق، ئوت، سۇ سۇرىتى،
گىلىمدە خوتەننىڭ.
ئۇندا ئىنسان كۆڭلى بار،
مەنزىرىسى ۋەتەننىڭ.

گىلەملىكمۇ پادىشاھ،
گىلەمسىزمۇ پادىشاھ.
گىلەم سالساڭ ئايۋانغا،
شۇنچىلىك ئۇز يارىشا.

## يىپەكچىلەر قوشىقى

ئىلچىنىڭ بازارى بۇ،
ھەر دوقمۇشتا دۇكان بار.
ئەتلەس - شايى ئالسىڭىز،
گەزلەپ ساتار چوكان بار.

ئىلچىنىڭ بازارى بۇ،
گۇللەردىن تولا ئەتلەس.
مەشۇت تارتقان ئۇستىنىڭ،
غەمسىز بىركۇنى ئۆتمەس.

يىپەك بىلەن تونۇلغان،
ئىلچىنىڭ بۇ بازىرى.
نەزەر تاشلار يىراقتىن،
«ئالتۇنلۇقۇم مازىرى».

كىلەر تۆگە كارۋىنى،
ئەپكەتكىلى يىپەكنى.
بازار كۇنى كۆرەرسىز،
بۇنداق ھەيۋەت كۆرەكنى.

ئەتلەس ـ شايى تايلىنىپ،
يۆگىلىدۇ قاتمۇ قات.
بايلار خۇشال سودىدىن،
يوقسۇللار چېكەر پەرياد.

قارا ئەتلەس ــ قارا يەر،
سېرىق ئەتلەس ــ بۇغداي، ماش.
قىزىل ئەتلەس ــ مۇھەببەت،
يېشىل ئەتلەس ــ جانغا ماس.

يورۇڭقاشلىق ئۇستىلار،
توقار ئەتلەس ـ شايىنى.
تاغاق گۈلگە سىڭدۈرەر،
ھىجراننى ـ ئاھىنى.

ئۈجمىلىكنى سۇغاردىم،
غازاڭ سوقتا ئۆسسۈن دەپ.
ئون تېۋەك پىلە باقتىم،
كۆنۈم ئوبدان ئۆتسۈن دەپ.

كۆز قويۇپ ئۇلاپ قويدۇم،
ئامۇتىمغا نەشپۈتنى.
تارتتىم شايى توقۇي دەپ،
تال تال يىپەك ـ مەشۈتنى.

يۆگۈردۈم ئۆرۈش ـ ئارقاغ،
تەگلىكى چىڭ دۇكانغا.
توقۇغان ئەتلەسلىرىم،
چىقىشمىدى پوكانغا.

چەگمەك چىگىپ يار بىلەن،
مۇكا ئاتتىم يىپ ئالماپ.
ئۆمۈر بويى ئىشلىسەم،
يەنە ئەھۋالىم خاراب.

# تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى قوشاقلار

## ئىمامى جەئفىرىم سادىق①

بويۇڭنى مەن تاۋاپ قىلدىم،
يولى بوستان شىبكەر توغراق.
قولۇم قىلدا باغلاقلىق،
بىر دېگەيسەن جەئفىرىم سادىق.

ئىمامنىڭ چارى باغىغا،
شەيخ، شاھزادىلەر كەپتۇ.
ئۇلارغا ئىلتىپات ئەيلەپ،
بىر دېگەيسەن جەئفىرىم سادىق.

① ئىمامى جەئفىرىم سادىق ــ نىيە ناھىيىسىدىكى مەشھۇر تاۋاپگاھ. رىۋايەت قىلىنىشىچە: مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 3 ـ نەۋرىسى ئىمامى جەئفىرىم سادىقنىڭ قەبرىگاھى مۇشۇ يەردە دېگەن قاراش بولغانلىقتىن، كېيىنكى زامانلاردا ئېتىقادچىلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم تاۋاپ قىلىدىغان جايىغا ئايلانغان.

www.uyghurkitap.com



بىرى دەشتتە، بىرى چۆلدە،
ئىمامى جەئفىرىم تەيران[1].
غېرىبلەرگە پاناھ بولغان،
بىر دېگەيسەن جەئفىرىم سادىق.

## شامەنسۇر توغرىسىدا قوشاق

شامەنسۇر[2] چىقتى،
ئاي ۋە يۇلتۇزدەك.
دۈشمەنلەر قاچتى،
قاۋان توڭگۇزدەك.
شامەنسۇر كەلسە،
ئەسكەرنى باشلاپ.
ماجۇڭيىڭ[3] قاچتى،
تەتىپىنى تاشلاپ.
تەتىپسو قاچتى،
سۆڭگىچىنى قاشلاپ.

## كامال داموللا[4] توغرىسىدا قوشاق

چەرچەنگە كېلىپ چۈشتى،
تەپىۇ بىلەن زەمبىرەك.
چاقىلىقا يېتىپ كەلدى،
كامال دېگەن دەڭگىرەك.

## رۇستەمشاھ توغرىسىدا قوشاق

ئوينىاپ، ئوينىاپ تاماشا،
شۇنداق ئوبدان تاماشا.
تاماشىنى كىم قىلدى؟
چەرچەندىكى رۇستەمشاھ.
رۇستەمشاھ دېگەن قالماق،
بىلىدە ئورۇس چاقماق.
ئورۇس چاقماقنىڭ ھۈنىرى،
چوكانلارنى قاراتماق.

---

① ئىمامى جەئفىرىم تەيران ــــ كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر تاۋاپگاھ.
② شامەنسۇر ــــ تۇڭگان يىغىلىقىدا (1933 ـ يىلدىكى خوتەن دېھقانلار قوزغىلىڭىدا) مەيدانغا چىققان قاراقاشلىق ھەربىي قوماندان.
③ ماجۇڭيىڭ ــــ ماخوسەننىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدار.
④ كامال داموللا ــــ خوتەنلىك. تۇڭگان بىغىلىقىدا مەيدانغا چىققان ھەربىي قوماندان بولۇپ، خوتەن دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن كېرىيىنىڭ ئامباللىقىغا ۋە ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەن. كېرىيە، نىيە، چەرچەن، چارقىلىقلارنى ئىشغال قىلغان. شامەنسۇر، ئىمىر سايىپ قاتارلىق قوماندانلار يېڭىسارىدا تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، چەرچەن يولى بىلەن كورلىغا ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ قېچىش يولىنى توسۇپ قىستاپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن. ئەنە شۇ چاغدا كامال داموللا كېرىيە ئارقىلىق چەرچەن، چارقىلىققا ئۆتكەن.

# ماخوسەن توغرىسىدا قوشاقلار

1

كەلدى يۇرتقا باستۇرۇپ،
ماخوسەندەك دىۋانە.
«غەللە بەر» دەپ قىستارلەر،
دىندىن يانغان تۇڭگانە.

تىكەنلىككە[1] بارغاندۇر،
ئاجىز ئاتلار ھارغاندۇر.
بەش يۈز ئەسكەرنى قويۇپ،
قېچىپ كەتكەن تۇڭگانە.

تېپىپ زالىم، گالۋاڭنى،
چاچتى يۇرتقا ئالۋاڭنى.
نەپسى تويماس ئاچپاقا[2]،
قاۋان توڭگۇز تۇڭگانە.

تۇڭگان ئۆزى زالىمدۇر،
قىساس ئالماق لازىمدۇر.
ئاپەت بولدى بېشىمىزغا،
كۆڭلى يامان تۇڭگانە.

يولدا ماڭماق بىگانە،
ھەجگە بارماق بىگانە.
بىساتىمنى قالدۇرماي،
بۇلاپ كەتتى تۇڭگانە.

2

ماسىجاڭ دېگەن ئوغرى،
ئاشقان بەكمۇ زورلۇقى.
تۇڭگان سىجاڭ ئۆلگەندە،
سەگكە[3] قالسۇن ئۆلىكى.

ماسىجاڭ دېگەن جاللات،
كەمبەغەلنى بەك ئۇرغان.
خەلق قولىدا ھوقۇق يوق،
بويۇن ئېگىپ جىم تۇرغان.

---

[1] تىكەنلىك ـــ يەر ئىسمى.
[2] ئاچپاقا ـــ ئاچكۆز، تويماس.
[3] سەگ ـــ يەرلىك شېۋىدە ئىت.

www.uyghurkitap.com



ماسىجاڭ دېگەن ئامبال،
ئەگلىمدە قالمىدى تامبال.
مەن ئەمدى ئۆلەر بولدۇم،
پەرزەنتلىرىم ئامان قال.

خام چەكمەننى كۆپ ئېلىپ،
ئاتقا ئەتكەن ئاغامچى.

ماسىجاڭدۇر قاراقچى،
قولىدا بار تاپانچى.

ماسىجاڭ دېگەن تۇڭگان،
كۆرسىلا ئادەم ئاتقان.
كەمبەغەل بىچارىلەر،
جاڭگالغا كىرىپ ياتقان.

3

ماخوسەننىڭ چېرىكى،
ئۆلتۈرۈۋەتتى بالامنى.
چېرىكلەردە گۇناھ يوق،
«ما»①تاز بۇزغان ئالەمنى.

ماخوسەن دېگەن جاللات،
چېرىكنى باشلايدۇ.
ئۆي - بىساتنى بۇلاپ،
ئەرنى چېپىپ تاشلايدۇ.

بوشراق ئۇرسا «هاي» دېدۇق،
بەكرەك ئۇرسا «ۋاي» دېدۇق.
تۇزلەڭلىكنى «ساي» دېدى.
سايدىن ئەكەل «ماي» دېدى.

ماخوسەن دېگەن بۇلاڭچى،
قولىدا ياراغ - تاپانچى.
خام چەكمەننىڭ ئۇستىگە،
ئالۋاڭ قويدى ئارغامچى.

ئاق ماش، يېشىل ماش،
كېرىيە، چىرا، يورۇڭقاش،
خەتلەپ بەردى مولىلۋاش،
گۇما، قاغىلىق ئارىلاش،
ئارىدىن چىقتى قاراقاش،
ئۇرۇپ ئالدى دوغۋاش.

ئاچچىقلىنىپ ماخوسەن:
— هاي لەشكەرلەر بارمۇ سەن.
گادايلارنى ساۋاڭلار،
ئاغزىڭغا لاي، دېدى.

① «ما» — ماخوسەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماخوسەن ئاتلىرىنىڭ باشۇپخىنى سەيىسدىن يىغىلغان خام چەكمەندىن قىلغانىكەن.

ماخوسەن تاز قاچقاندا،
بولاپ ماڭغان مەلئۇنلار.
چۆلدە ۋەيران بولغاندا،
چىچىلىپتۇ ئالتۇنلار.

ماخوسەن قاچتى نىيى ① غا،
كاللىسى كەلدى كىيى ② غا.
جەسىدىنى تاشلىدۇق،
ئاتچان③تاغىنىڭ سىيىغا.

## نىسىدىن④ پاشا⑤ چىقتى

ئاق تۇرسۇنىنىڭ بىلىدە،
چىكىم - چىكىم پوتىلا.
ئۈچ يۈز قويدىن خەۋرى يوق،
ئات ئوغلايدۇ سوتىلا.

نىسىدىن پاشا چىقتى،
كىچە - كۈندۈز ياتالماي.
بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى،
بىر تۇڭگاننى ئاتالماي.

قاراڭغۇ تاغىنىڭ ئىچىدە،
يۈز يىگىتنى چىپىۋەتتى⑥.
ئاق تۇرسۇنمۇ بىچارە،
بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى.

## ئايۇپ بەگ⑦ توغرىسىدىكى قوشاقلار

ئۈچ⑧نى ئەتتۇق پاختىدا،
ئۈننى يايدۇق تاختىدا.
خوشمۇ ئىگىردۇق چاقنى،
ئا دارىننىڭ ۋاقتىدا.

زورلۇق بىلەن يۇرت سورىغان،
ئا دارىن دىگەن ئامبال.
بىز توقۇغان تالىمىدا⑨،
كىيگەن قاتمۇقات تامبال.

① نىيى — نىيە.
② كىيى — كېرىيە.
③ ئاتچان — كېرىيىدىكى تاغ ئىسمى.
④ نىسى — خوتەن ناھىيە قاشتىشى (قاراڭغۇ تاغ) يېزىسىدىكى جاي ئىسمى.
⑤ پاشا — سەردار، يولباشچى.
⑥ بۇ ناخشىدا 1934 - ، 1937 - يىللاردىكى ماخوسەننىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن تاغ خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ باستۇرۇلۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.
⑦ ئايۇپ بەگ — ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1928 - يىلىدىن 1930 - يىللىرىغىچە چىرا ناھىيىسىگە ھاكىم بەگ بولغان. شۇ دەۋردە ئۇ ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەرگە خام، تالىما، چەكمەن، ئەتلەس قاتارلىق ئالۋاڭ - سېلىقلارنى قويغان. زۇلۇمغا چىداپ تۇرالمىغان قول ھۈنەرۋەنلەر قوشاق توقۇپ نارازىلىق بىلدۈرگەن. ئۇ شۇ دەۋرلەردە «ئا دارىن» دەپ ئاتالغان.
⑧ ئۈچ — يىپ ئىگىرىشكە ئالدىن تەييارلانغان پاختا پىلتىسى.
⑨ تالىما — يەرلىك ئۇسۇلدا پاختىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان رەخت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھۆنەرۋەنلەر جەم بولدۇق،
قاپقاراڭغۇ ئايۋانغا.
ماتا - شايى توقۇدۇق،
ئا دارىنغا — ئالۋانغا.

ئاسماندىكى ھۆكە بىز،
ئا دارىنغا نىمكا بىز.
كۆندۈز بولسا ئارام يوق،
كېچىلىرى بىكا بىز.

ئا دارىننىڭ بېغىدا،
ئانار بىلەن ئەنجۈر بار.
كەمبەغەلنىڭ بوينىدا،
تاقاق① بىلەن زەنجىر بار.

ئا دارىننىڭ ۋاقتىدا،
بەكمۇ تويدۇق زۇلۇمغا.
بايلار ئەيش - ئىشرەتتە،
ئوخشاپ كەتتى تۇلۇمغا.

كەمبەغەلنىڭ بېشىدا،
ئالۋاڭ تولا — دەرد تولا.
ئا دارىننىڭ ئۈستىدە،
شىكايەتلىك گەپ تولا.

غىچىرلايدۇ ئايۋاندا،
ماتا - شايى دۇكىنى.
قاچان تويار پارىخور
ئا دارىننىڭ پوكىنى؟

## لوشۆخەن تۇغرىسىدىكى قوشاقلار

لوشۆخەن② دېگەن ئامبال،
بەگ - بوجاڭنى يۆلەيدۇ.
ئۆزۈن قامچا قولىدا،
گادايلارنى پالايدۇ.

جادۇ بىلەن تۇغرىدىم،
ئاق بوز ئاتقا پىچاننى.
مۇجىغا قىچىپ كەتتىم،
يالغۇز تاشلاپ ئانامنى.

ئامبال يارلىقى كەلدى،
دەردنىڭ بارلىقى كەلدى.
يار قېشىغا باراي دېسەم،
جاھاننىڭ تارلىقى كەلدى.

قۇندۇز سىكىلەك يارنىڭ،
چېچى قولۇمغا پاتمايدۇ.
ئىچى يامان لوشۆخەن،
مېنى يارغا قاتمايدۇ.

① تاقاق — بىر خىل جازا قورالى.
② لوشۆخەن — گومىنداڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ھاكىمى.

لوشۆخەننىڭ ئىلكىدە،
ئاسفالت يول بويىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
ناغۇت[1] ئۆستەڭ بويىدا.

دەردىمنى ئۆزۈم بىلدىم،
توغرا تاشتىن[2] كەلگۈچە.
بۇنداق ئازاب تارتىپمەن،
نىمە تاپاي ئۆلگۈچە.

ئىشىك ئالدىدا تۇرسام،
كىرگۈزمەيدۇ ماراقچى.
يار بىلەن كۆرۈشۈشكە،
توسقۇن بولدى قاراقچى.

گۈزەل پىشنا[3] يوللىرىدا،
يالغۇز ماڭدىم پىيادە.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
مىڭ تاغاردىن زىيادە.

## پاسار تۆمۈرچى[4] توغرىسىدىكى قوشاقلار

لەڭگەر ئۆستەڭ[5] پۇقرالىرى،
كۆرۈڭ خۇدانىڭ بەرمىشىنى.
ئادالەتلىك ئامباللار،
يەڭگۈشلىدى يۈز بىشىنى.

ئويتوغراقتا تۇغۇلغان،
ئىلمىي نۇجۇم ئوقۇغان.
ياخشى - يامانىنى تونۇغان،
ئادىل بولدى ھەر ئىشى.

سورىسىڭىز ئۇنىڭ ئىسمىنى،
پاسار تۆمۈرچى يۈز بىشى.
ئۆزى ئادىل پاك بولغاچ،
ئەزىپ كەتتى ھەر ئىشى.

ئاجىزلارنى ئاسرىدى،
ئالۋاڭنى ھەم تەڭشىدى.
يامانلاردىن قورقمىدى،
خالىس بولدى ھەر ئىشى.

«بىر مۇشۇكنى تىپىڭلار،
بىر چاشقاننى قويۇڭلار.
يۈز بىشىنىڭ يىمىگىنىنى،
قايسى يۇرتتا كۆردۈڭلار» ؟

بۇنداق ئادىل كىشىگە،
پىتنە بولدى ئىشىگە.
قولى ئۇچۇق ئامبالغا،
مەلۇم بولدى ھەر ئىشى.

---

① ناغۇت — موكۇيلا پىرىسىدىكى بىر كەنتىنىڭ ئىسمى.
② توغرا تاش — سانجۇ پىرىسىدىكى يايلاق ئىسمى.
③ پىشنا — جاي ئىسمى.
④ پاسار تۆمۈرچى — كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ئويتوغراق پىرىسىدا 1946 - يىللىرى ئۆتكەن يۈز بىشى، ئوقۇشۇملۇق، پاك ئادالەتلىك كىشى.
⑤ لەڭگەر ئۆستەڭ — ئويتوغراقتىكى يەر نامى.

www.uyghurkitap.com



تامان قىلاي ئىشىمنى،
لائىلاھە ئاللىمىن.
مۇنجەپ قىلغىل دۇئانى،
ۋايە ئەنتە ناسىرىن.

قەلەمدە بولغان گۇناھنى،
پادىشاھتىن تىلەيمەن.
سۆزۈمدە بولغان گۇناھنى،
ئۇلۇغ خۇدادىن تىلەيمەن.

# ئۆتمۈش توغرىسىدىكى قوشاقلار

## كۆزلىرىمىز قان - ياشلىق

دەريانىڭ تېگى تاشلىق،
تاشلىقتا بولار ئاشلىق.
يىراق ئۆتمۈش زاماندا،
كۆزلىرىمىز قان - ياشلىق.

قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى،
قاچماي چارە يوق ئەمدى.
قېچىپ كىردۇق «لەڭگەر»گە،
قانلار يىغلىدۇق ئەمدى.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بارساق،
كۆرۈندى يېگى دەريا.
يانچۇقۇڭدا پۇل بولسا،
ھەممە يەردە نان تەييار.

بۇ كەلگەن يەر «مازار تاغ»،
بايلار ئالدى گۆش ۋە ياغ.
مۇساپىرنىڭ يۈرىكى،
بولۇپ كەتتى تۈمەن داغ.

باشقا جايغا ماڭغاندا،
ئالدىمىزدا داۋان بار.
ئۇنىڭدىن ساق ئۆتمەككە،
كۆڭلىمىزدە گۇمان بار.

ئۆيدىن چىقىپ تالاغا،
جاننى تۇتتۇق بالاغا.
قېچىپ بايلار زۇلمىدىن،
قالدۇق ئەمدى تالادا.

## گومىنداڭغا تۇتۇلدۇق

ماخوسەندىن قۇتۇلۇپ،
شىڭدۇبەنگە تۇتۇلدۇق.
شىڭدۇبەندىن قۇتۇلۇپ،
گومىنداڭغا تۇتۇلدۇق.

گومىنداڭ ئۆزى تۈلكە،
زۇلمەت ئىچىدە بۇ ئۆلكە.
گومىنداڭ زامانىدا،
ئەلدە يوق ئىدى كۈلكە.

ئۆينىڭ ئارقىسى خامان،
لەپ - لەپ ئۇچىدۇ سامان.
گومىنداڭنىڭ زۇلۇمى،
دوزاخ ئوتىدىن يامان.

ئاسمانغا چىقاي ئىگىز،
يەرلەرگە سالاي كىگىز.
گومىنداڭنىڭ كۆكسىگە،
سانجىيمىز تۆمۈر بىگىز.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
ھەققانىيەت يىپىلغان.
كەمبەغەل بىچارىلەر،
پومېشچىككە سېتىلغان.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
يول تۈزەتتۇق چاختىدا[1].
كۈن كۆرەلمەي يوقسۇللار،
يىتىپ كەتكەن ساقچىدا.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
يەر ئالغان ئىجارىگە.
ئىجارىنى تۆلىيەلمەي،
ئۇۋال بولغان بىچارىگە.

دەريادىكى سۇلارغا،
مىراب دىگەن باش ئىكەن.
ئادالەتنى بىلمەيدۇ،
كۆڭلى قارا تاش ئىكەن.

ئۆينىڭ ئالدى خامانلار،
ئۇچۇپ كەتتى سامانلار.
ياخشىلارنىڭ كۈنى يوق،
باش كۆتۈردى يامانلار.

زالىملارنىڭ مىنىشى،
ئالا پاچاق قارا ئات.
ئاجىزلارنى يىغلىتىپ،
ئالۋاڭ قويغان قاتمۇ قات.

ئىشلىمىسەك بولمىدى،
نانغا قورساق تويمىدى.
تاياق قاتتىق، ئەت يۇمشاق،
زومىگەرلەر زورلىدى.

زالىملارنىڭ ۋاقتىدا،
بىزگە ئارام بولمىغان.
كىچە - كۈندۈز ئىشلىسەك،
يىگىلى نان بولمىغان.

① چاختا — يەر نامى.

www.uyghurkitap.com



يامغۇرلار تولا يېغىپ،
ئۆيدىن ئۆتكەن تامچىسى.
بىزنى بەكمۇ قىينىغان،
زالىملارنىڭ قامچىسى.

بىرمۇ يەرگە بىر ھاشا،
ئۇن مو يەرگە ئۇن ھاشا.
يۈزمو يەرگە نەدە ھاشا؟
مىڭ مو يەرگە تاماشا.

چىقتۇق ئىلىش - ھاشاغا،
تاشنى تىزدۇق قاشاغا.
بىر داچەن پۇل بەرمىدى،
ئىشلەپ بەردۇق پاشاغا.

«سۇ» دەپ چىقتۇق توتماققا①،
جۇۋا ئالدۇق ياتماققا.
يېدۇق غورا، چامغۇرنى،
ھەر كۈنى ئاچ قورساققا.

ھاشىم پاششاپ ئۆيىدە،
ئىشلەر ئەللىك يىللىقچى.
يىللىقچىغا يول بويى،
ھەق بەرمەيدۇ تىرنىقچى.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
بەگ - غوجاملار ئىدى توق.
نامراتلارغا ھەر دائىم،
يېگىلى يوق ئاش - ئوزۇق.

نامراتلارنىڭ ئۆيىنى،
باسقان ئىدى سالملار.
ئۇنى ئازدەپ بىزلەرنى،
قاقشاتقان باي لالملار.

چاقارغا②باراي دىسەڭ،
يەتتە ئاتا - داۋان بار.
بىز يوقسۇلغا ھەمىشە،
زۇلۇم كۈلپەت، ئالۋان بار.

مىراب ئوغلى ھاشىم تاز،
باشقا كىيىپ مەلىنى.
ئاتىسىغا تايىنىپ،
قورقۇتاتتى ھەممىنى.

كىرگەن ئىدۇق تاغ يۈرتتىن،
سالجىلىققا③- ھاشاغا.
بىزنى بايلار - دورغىلار،
سولاپ قويغان قاشاغا.

① توتماق — چىرا ناھىيە نۇرى يېزىسىنىڭ قارا قۇرۇم تاغلىرى باغرىدىكى بىر جاي.
② چاقار — چىرا ناھىيىسىنىڭ تاغلىق يېزىسى.
③ سالجىلىق — چىرا ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

زالىملار زامانىدا،
كەمبەغەللەر خار ئىدۇق.
قىلچە ھوقۇق يوق ئىدى،
پارچە نانغا زار ئىدۇق.

ئالۋان - سەيسە دەستىدىن،
قېتىپ كەتكەن بېشىمىز.
ئۆز ۋاقتىدا ئاش - نان يوق،
مۇزدىن سوغۇق ئېشىمىز.

يا كۆڭلۈمدە ئارام يوق،
يا كېچىسى ئامانلىق.
قىش زىمىستان سوغۇقتا،
ياتقان يېرىم سامانلىق.

ئۇلۇغ دەريادا ئاقمەن،
بىرىپ لايغا پاتىمەن.
بەگ - زالىملار دەستىدىن،
ئەزىز جاننى ساتىمەن.

باي غوجامغا ئىشلىدىم،
ھەر كۈنلۈكى تاشلىقتا.
جاھان شۇنداق ئۆتەرمۇ،
قورساق تويماي ئاچلىقتا.

بۇغداي - قوناق ئاش ئىكەن،
پۇرچاق دېگەن ماش ئىكەن.
زالىملارنىڭ يۈرىكى،
ئەجەب قاتتىق تاش ئىكەن.

## سىنىپىي تەڭسىزلىك توغرىسىدىكى قوشاقلار

ئوتلار كۆيەر ئىچىمدە،
دەردىنى ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.

سەرسان بىزا - سەرسان بىز،
چۆلدە غېرىب سەرسان بىز.
غېرىبلىقتا خىيالدا،
ئۆزۈن يولنى باسقان بىز.

بۇ يىل بۇغداي ئوخشىدى،
بېشى يوغان، دېنى يوق.
زۇلۇم سالغان بەگلەرنىڭ،
مىدىرلايدۇ جېنى يوق.

ئېتىم ئويناپ سۇندۇردى،
قۇش بېشى ئىگەرىمنى.
ئېيتسام بايلار تېڭشىماس،
ئىچىمدىكى دەردىمنى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆكتە ئۇچقان لاچىنلار،
قانات قاقماي قالمايدۇ.
قۇللۇقتا سىتىلغان قىز،
ئازاب تارتماي قالمايدۇ.

كۆرەر كۈنۈم بار ئىكەن،
ئەجەل يەتمەي ئامان بولدۇم.
زەيكەشتە ھاشار ئىشلەپ،
سارغىيىپ سامان بولدۇم.

كاككۇك جۆرىسى زەينەپ،
بىرى تاغدا بىرى باغدا.
ياردىن دۆشمەن ئايرىدى،
يارشاي دىگەن چاغدا.

ئاسماندىكى ئاينى كۆرۈڭ،
سىيىت ھاجىدەك باينى كۆرۈڭ.
كەتمەن چاپساق بىز چاپتۇق،
سەرلەپ بەرگەن ناننى كۆرۈڭ.

يۇرتنىڭ كاتتىسى دوتەي،
سىپىل ياقىسى پوتەي.
خار بولدۇما ـ زار بولدۇم،
باش ئېلىپ نەگە كېتەي؟

زەي قامچا تاياقىمنى،
داڭدىن چىقىرىپ ئالدىم.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
بەگگە باغلىنىپ قالدىم.

بىز چازىغا يەتكەندە،
قىغ قالدۇق ئۇچاقتا.
دارىن بىزنى پالىدى،
يۇرت بىلگەندۇ بۇ چاقتا.

قىيغىتىپ ئۆتۈپ كەتتى،
قارا قوينىڭ قوزىسى.
گۈمبەزگە ئوخشايدىكەن،
زالىم بەگنىڭ مۇزىسى.

ھاۋانىڭ تۇمانىدىن،
قورقمەن زامانىدىن.
دايى بىلەن توكچى ھەم،
لويىنىڭ يامانىدىن.

يان لەڭزىگە بارمايمەن،
قورقۇنۇچلۇق ـ ئاتاقلىق.
زالىملارنىڭ زۇلمىدىن،
نۇرغۇن كىشى قاماقلىق.

ئەلگە ئارام بەرمىدى،
قاسىم بەگنىڭ يايىسى.
يۇرتنىڭ بىشىغا چىققان،
ئەخمەت پوچوق دايىسى.

جىڭلاپ بەرگەن ئۇندىن،
ئىتتىپ ئىچمىز ئوماچنى.
ئامان بولساق كۆرەرمىز،
ئاتا ـ ئانا قېرىنداشنى.

كەڭقىر[1] لەگزىدو ياتتىم،
بەگ، بوجاڭلار دەردىدىن.
بەگ، بوجاڭلار قوغلايدۇ،
قۇتۇلمىدىم قەرزىدىن.

## دوتەي ئىكەن دۆت نىمە

دوتەي كەلسە دادىيىپ،
ئامبال چىقسا غادىيىپ.
بەگ، دورغىلار ئىگىلىپ،
قوي سوياتتى ھىجىيىپ.

ئامبال كېلىپ دوتەينىڭ،
قوللىرىنى چىڭ سىقتى.
«مەرھەمەت» دەپ قولتۇقلاپ،
يامۇلغا ئېلىپ چىقتى.

ئامبال دېدى ئالدىراپ:
«تۇردۇق يوللىرىغا قاراپ.
بولغان ئىدۇق بىتاقەت،
زىياپەت بېرەي ئاتاپ».

دېدى: ئامبال شۇئانلا،
ئەزىز مېھمان بىلىڭلار.
قۇرۇپ كەتسمۇ خەزىنە،
كۆڭلىنى بەك ئېلىڭلار.

تەخسكەشلەر يۈگۈرشۈپ،
داستىخانلارنى ئېچىشتى.
دوتەي بىلەن ئامبال بەگ،
ئاچ بۆردەك يېيىشتى.

يېيىشتىيۇ - ئىچىشتى،
بەڭباش بېشى قىزىشتى.
بىر - بىرىنى ماختىشىپ،
قۇرۇق پاراڭ قىلىشتى.

تەخسكەشلەر قول باغلاپ،
باقىسلا - يېيىشسىلە دېيىشتى.
ماختاپ - ماختاپ ھىجىيىشىپ،
باشلىرىنى ئېگىشتى.

ماختاشتىيۇ - داڭلاشتى،
دوتەي غوجىنى ئالداشتى.
خىزمەت راسا ئۆتۈقلۇق،
دەپ ئۆزىنى ماختاشتى.

① كەڭقىر — گوما ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



دوتەي دېدى داردىيىپ:
«ئۇنداق بولسا ياخشىكەن.
خىزمەتلەرنى كۆردۈم مەن،
ھەممە ئىشلار جايىدىكەن».

خوشامەتتىن رازى بوپ،
كەتتى ئۇ ۋىلايەتكە.
بۇزۇپ - چېچىپ ھەممىنى،
بوغۇلدى خىيانەتكە.

ئۆز نەپسىنى تويغۇزۇپ،
كېتىپ قالدى دوتەي ۋاي.
ئۆز پېتىچە قېپ قالدى.
نۇرغۇن ئىشلار ھەل بولماي.

دېدى ئامبال ئالىيىپ،
دوتەي پورغا قارىتىپ.
— نەپسىڭ يامان دوتەي ۋاي،
ھەددىڭ ئەمەس ئالدانماي.

ئامبال دېگەن ئالدامچى،
خەلقىم قېنىنى شورامچى.
قىلمىشىدىن ماختىنىپ،
خوش بوپ كەتتى ھىجىيىپ.

دېدى خەلقىم خۇرسىنىپ:
«دوتەي قالدى كۆلكىگە.
كەتتى مانا ئالدىنىپ،
ئامبال دېگەن تۈلكىگە».

دېدى بىرسى ئاداشلار،
— ئەرز يازايلى تۆرىگە①.
نەپسى يامان بەگۋاشلار،
كىرسۇن ئەمدى گۆرىگە.

## گومىنداڭنى يوقاتتۇق

يۇرەكلەرگە ئوت سالدۇق،
پىلموتقا ئوق سالدۇق.
باندىتنى قوغلاپ يۇرۇپ.
لاۋىلىققا دوم سالدۇق.

قوللارغا قورال ئالدۇق،
قاراتتۇق دۈشمەنلەرگە.
ئۇدۇل چەنلەپ ئاتىمىز،
كاززاپ بىۋەتەنلەرگە.

① تۆرى — ئىچكىرى، يۇقىرى مەنىسىدە.

قولىمىزدا بەشئاتار،
ئوقلارى قاتار - قاتار.
بىز دۈشمەننى ئاتقاندا،
سايىنىڭ تاشدەك ياتار.

## جەڭچى يولداش

جەڭچى يولداش ئۆزى ياش،
مىليونلىغان جەڭلەرگە باش.
دۈشمەنلەرگە باغرى تاش،
مىڭ ياشىسۇن جەڭچى يولداش.

كۆردۈڭلارمۇ خالايىق،
پالۋانلارنىڭ ئاتقىنىنى.
سۈرى سۇنغان دۈشمەننىڭ،
چاشقان بولۇپ قاچقىنىنى.

# يېڭى دەۋر قوشاقلىرى

## بەرىكەتلىك بار زامانىنىڭ

ئاق چەينەككە چاي قۇيساق،
كۆك چەينەككە چاي نەدە.
پارتىيە يېتىپ كەلدى،
قانخور زالىم سەن نەدە.

بۇ يىل بۇغداي بەك بولدى،
تەڭنى چاشقان يەپ بولدى.
ئەل ھەققىنى يېگەننىڭ،
جاۋاب بەرمىكى تەس بولدى.

پارتىيە يېتىپ كەلدى،
جەڭچى باللىنى باشلاپ.
دۈشمەن گۇيلار قېچىپتۇ،
ئوقيالىرىنى تاشلاپ.

بۇغداينى كىم تېرىسا،
شۇنىڭ بولدى خامانى.
ئەمدى كەتتى كەلمەسكە،
زالىملارنىڭ زامانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خانىمنى ئانام دەيمىز،
مۇئەللىمنى دادام دەيمىز.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
يۇمشاق ـ يۇمشاق نان يەيمىز.

ئۆيلىرىمىز ئازادە،
گۈلگە تولدى باغۋاران.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
تۇرمۇشىمىز پاراۋان.

ئىشكايلامدا تال بوستان،
سۇ قويۇپ قورۇتمايمەن.
پارتىيىنىڭ شەپقىتىنى،
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن.

گۈل تېرىدۇق خىلىدىن،
شوخ ئېچىلدى گۈلىمىز.
پارتىيىنىڭ نۇرىدىن،
ئاپتاپ كۆردى دىلىمىز.

يىپكى ئالغان چەينەكلەر،
سىرلىنىپتۇ كۈمۈشتىن.
يۈزمىڭ رازى ھەممىمىز،
دەۋرىمىزدىن، بېھىشتىن.

راۋاب ئالدىم قولۇمغا،
يىپكى قوشاق توقۇيمەن.
پارتىيىگە يۈرەكتىن،
يۈزمىڭ رەھمەت ئوقۇيمەن.

كوپىراتسىيە ئىچىدە،
نەمۇنىچى سەيدەخمەت.
بىزلەرنى ئازاد قىلغان،
پارتىيىگە مىڭ رەھمەت.

ئۈننى يايدۇق تاختىدا،
چاپان كەيدۇق پاختىدا.
ئوينىشىپلىك ياش باللار،
كومپارتىيە ۋاقتىدا.

بۇ يىل زەپمۇ ئوخشىدى،
بۇغداي، قوناق، پاختىمىز.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
چېچەكلىدى بەختىمىز.

يېتەكلىدى پارتىيەم،
بىزنى بەخت يولىغا.
ھوقۇق ـ تامغا تۇتقۇزدى،
ئاق كۆڭۈللەر قولىغا.

چوڭقۇر قىلىپ چېپىلدى،
كەنتىمىزنىڭ ئېرىقى.
پارتىيىنىڭ سۆزلىرى،
دىلىمىزنىڭ چىرىغى.

كەتمەن چېپىپ تالمايدۇ،
بىزنىڭ كۈچلۈك بىلەكلەر.
پارتىيىگە تەلپۈنەر،
بىزنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلەر.

ئۈننى يايدۇق تاختىدا،
يىپ ئىگىردۇق پاختىدا.
تۇرمۇش راسا گۈللەندى،
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا.

راۋاب چالدۇق زەخمەكتە،
ئۆي ياسدۇق ئەينەكتە.
دەۋر بىزگە شەپقەتچى،
ئۆتمەكتىمىز جەننەتتە.

ئۆز ئالدىغا نەرخى بار،
بۇغداي بىلەن سامانىنىڭ.
بىزلەر بولدۇق بەختىيار،
بەرىكىتى بار زامانىنىڭ.

يۈكسەلمەكتە دەۋرىمىز،
ئالغا قاراپ داۋاملىق.
ئۆسسە ئەمدى ئەۋلادلار،
ئاڭا لايىق، يارامىلىق.

يايلىقى بار تاغلارنىڭ،
زىننىتى بار باغلارنىڭ.
قىممىتىگە چۈشەندۇق،
بۇ بەختىيار چاغلارنىڭ.

قۇش كېتەلمەي ئايلىنار،
دان چېچىلسا خامانغا.
چىڭ باغلاندى ئىشقىمىز،
بەختى كۈلگەن زامانغا.

كۆكتىن چۈشكەن ئاي نۇرى،
يەرگە تەكشى تارقىدى.
دەۋر ئەجەب ئادىلكەن،
ئاق - قارىنى ئايرىدى.

بازاردىكى تاۋارنىڭ،
ئۆز نەرخىدە باھاسى.
دەۋرىمىزدىن تۇغۇلدى،
يۈكسىلىشنىڭ ئاساسى.

## ۋەتەن ھەققىدە قوشاقلار

قۇش ئايرىلماس زادىلا،
كۆنۈپ قالغان بېغىدىن.
ئەلنىڭ مېھرى ئۈزۈلمەس،
ۋەتىنىدىن — ئېلىدىن.

كۈچكە تولغاچ بىلەكلەر،
قىزىپ كەتتى ئەمگەكلەر.
خەلقىم ۋەتەن كۆكسىگە،
ئاستى ئالتۇن بېزەكلەر.

www.uyghurkitap.com



يۈگەن كىرەك تايچاققا،
ئۈتۈن كىرەك ئوچاققا.
ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەيمىز،
گۈللەر كىرەك قوچاققا.

تۆھپىمىز بار سەنئەتتە،
شانىمىز بار ھەر سەپتە.
بەختىمىزنى ياراتتۇق،
بىز ۋەتەندە — جەننەتتە.

كەلكۈن كەلسە دەرياغا،
قىرغاقلاردىن تاشىدۇ.
باقساق ئانا ۋەتەنگە،
ھۆرمىتىمىز ئاشىدۇ.

باھار كەلسە بۇلبۇللار،
چىمەنلەرنى تاپىدۇ.
شەپقىتىدە ۋەتىنىم،
يوقسۇللارنى باقىدۇ.

گۈل ئېچىلسا باغلاردا،
بۇلبۇل ئەگىپ كېتەلمەس.
بەختى كۈلگەن ئوغلانلار،
ۋەتىنىدىن كېچەلمەس.

بولدى ئاۋات بازارلار،
ئۇندا ئالما، ئانارلار.
كۈلدى ۋەتەن قويىندا،
ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارمانلار.

ۋەتەن قويىنى ئاۋاتتۇر،
ئۇندا تۇرمۇش راھەتتۇر.
قۇچىقىدا يايرىماق،
بىزگە كەلگەن ئامەتتۇر.

سايىنىڭ دالا - تۈزى بار،
باغنىڭ ئېسىل كۆزى بار.
ئەل - ۋەتەنگە دېھقانىنىڭ،
ئېيتار رەھمەت سۆزى بار.

## خەلق ھەققىدە قوشاقلار

لاچىن ئۇچار ئاسماندا،
بۇلبۇل سايرار بوستاندا.
خەلق كۈيلەر بەختىنى،
ناخشا - قوشاق، داستاندا.

سايىنىڭ ئېگىز تېغى بار،
بۇلبۇللارنىڭ بېغى بار.
باتۇر، ئىشچان خەلقنىڭ،
شاد - بەختىيار چېغى بار.

يۇرتىمىزنىڭ ھاۋاسى،
يۈرەكلەرنىڭ داۋاسى.
يەتتى ئاسمان پەلەككە،
ئەلنىڭ ناخشا - ساداسى.

## پارتىيە ھەققىدە قوشاقلار

باتۇر ئىشچان خەلقنىڭ،
يۇرتىدە ئوتى بار.
تاغلىرى كۆپ، باغرىدا،
ئوتلايدىغان قويى بار.
راۋابىمنىڭ ئاۋازى،
شوخ بۇلبۇلدەك ئۈنلەيدۇ.
ناخشىسىدا قىزچاقلار،
ئىلىم - پەننى كۈيلەيدۇ.

كومپارتىيە مېھرىبان،
تۇرمۇش شۇنچە پاراۋان.
كۈلدۈق شۇڭا قاقاقلاپ،
قوچاق ئاچقاچ ھۆر زامان.
باغقا رەيھان تىرسام،
ئۈنۈپ چىقتى بەش قۇلاق.
بۇ جاھاندا بارمىدۇ،
پارتىيىدەك نۇر چىراغ.

ھالىمدىكى[1] كۆلچەكتە،
تال بوستان ئايماق[2] بولدى.
پارتىيە زامانىدا،
چېپىمىز قايماق بولدى.
يېزىمىزدا تراكتور،
يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇردى.
يولباشچىمىز پارتىيە،
بىزگە بەخت ياغدۇردى.

نەغمە قىلدۇق ساز چېلىپ،
يىگى چىققان پەدىگە.
ئەمدى يەتتى دېھقانلار،
ئىسلاھاتنىڭ قەدرىگە.
بورانتاي دېگەن يەردە،
باش زاكو بىنا بولدى.
باش بەرمىگەن باشتۇغسۇ،
ئۆستەڭدە ئاقار بولدى.

① ھالىمدىكى — ھويلامدىكى.
② ئايماق — قىشتىمۇ كۆمۈلمەي سوغۇققا كۆنۈككەن تەك ئايماق تال دېيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىز ئېتىزدا ئىشلەيمىز،
قىزغىن، قايناق روھ بىلەن.
پارتىيىنى كۈيلەيمىز،
ناخشىمىزدا زوق بىلەن.

پارتىيىنىڭ شەپقىتى،
قۇياش كەبى پارلايدۇ.
ئىلھام بېرىپ ھەر ئىشتا،
بىزنى ئالغا باشلايدۇ.

سۈنى ئالدۇق كۆلچەكتىن،
ئەپكەش بىلەن چېلەكتە.
پارتىيىنىڭ مېھرى بار،
بىزنىڭ ئوتلۇق يۈرەكتە.

پېزىمىزنىڭ بېغىدا،
ئېچىلىپتۇ رەيھانلار.
بەختىمىزنى كۈلدۈرگەن،
پارتىيىگە ھەشقاللا.

ئاق كەپتىرىم —— ئاق كەپتەر،
كۆۋۈكىدا ئۈنلەيدۇ.
بىزنىڭ ئېيتقان ناخشىمىز،
پارتىيىنى كۈيلەيدۇ.

پېزىمىزنىڭ قىزلىرى،
پاختا تەردى ئېتەكلەپ.
پارتىيىمىز باشلىدى،
بىزنى ئالغا يېتەكلەپ.

قۇياش چىقتى ئەتىگەن،
كەڭ ئۇپۇقنى قىزارتىپ.
ھايات بەردى پارتىيە،
ئۆمرىمىزنى ئۇزارتىپ.

سەھەر چىقساق ئاسماندا،
قاتار ئۇچقان غاز كېلەر.
پارتىيىگە تەشەككۈر،
قانچە ئېيتساق ئاز كېلەر.

بۇ يىل ئاشلىق بەك بولدى،
چەشلەر تولدى خاماندا.
دىلدىن رەھمەت ئېيتىمىز،
بۇ بەختىيار زامانغا.

ئالما، ئانار بەك تولا،
پېزىمىزدا - بوستاندا.
پارتىيىنى كۈيلەيمىز،
يېڭى - يېڭى داستاندا.

ياسىۋالدۇق گۈلدەستە.
زەپ چىرايلىق گۈل بىلەن.
بىز ماڭىمىز پارتىيە،
باشلاپ ماڭغان يول بىلەن.

ھۆددە ئالدىم نۇرغۇن ئات،
تەگدىن تولىسى قاشقا.
دىلدا رەھمىتىم كۆپتۇر،
كومپارتىيە يولباشقا.

ئۇماملىنىڭ[1] دەرياسى،
قاتار - قاتار بەش تارام.
پارتىيىگە يۈرەكتە،
جۇشقۇنلايدۇ ئىھتىرام.

يايلاقتىمۇ كۆردۇق بىز،
ئەتە - ئاخشام تىلبۇزۇر.
كومپارتىيە نۇرىدا،
ياشناپ كەتتۇق بەھۇزۇر.

يول كۆرسەتتى پارتىيە،
چارۋا باقتىم - بېيىدىم.
ناخشا ئېيتىپ يۈرەكتىن،
زامانەمنى كۈيلىدىم.

تېرىپ ساتساق پۇل بولدى،
گۈل بىنەپشە، زوپانى[2].
بىزنى قىلدى باياشات،
پارتىيىنىڭ زامانى.

ئالدۇق تۆپتۈز يېڭى يول،
پىكاپ چىقتى داۋانغا.
كومپارتىيە يەتكۈزدى،
بىزنى ئارزۇ - ئارمانغا.

يول بويىغا ياراشتى،
رەت - رەت ئېگىز تېرەكلەر.
پارتىيىمىز دەۋرىدە،
ياشناپ كەتتى يۈرەكلەر.

چاقىرىق قىلىپ پارتىيە،
يەرنى بەردى ھۆددىگە.
بەكمۇ ياقتى بۇ تۈزۈم،
ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە.

بىلىمىزنى چىڭ باغلاپ،
چوڭ ھۆددىدە ئىشلىدۇق.
ئاشلىق ئالدۇق پاتمانلاپ،
بولدى ئەمدى قورساق توق.

دېھقانلارنىڭ نېمىسى بار؟
باغۋارنى، چارۋىسى بار.
قاتناش بولدى قۇلايلىق،
ماشىنا ھەم هارۋىسى بار.

كېڭەز[3] دەريا سۇلىرى،
ئۆركەشلەيدۇ تاشمايدۇ.
كوممۇنىستىك پارتىيە،
پارلاق يولغا باشلايدۇ.

---

① ئۇماملا — چىرا ناھىيە بوستان يېزىسىنىڭ ئەسلىي نامى.
② گۈل بىنەپشە، زوپا — دورا ئۆسۈملۈكلىرى.
③ كېڭەز — گۇما ناھىيىسىدىكى نەۋنابات تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى جاي نامى.

www.uyghurkitap.com



ئاقشوش① كىگەز تاغلىرى،
بىر - بىرى بىلەن تۇتاش.
قەلبىمىزنى كۆلدۈرگەن،
كومپارتىيە نۇر - قۇياش.

ئۈلاچى②يۇ ئۈلاچى،
جىق ئۆتىدۇ يولۇچى.
بىزنى خۇشال ياشناتقان،
پارتىيىمىز يول باشچى.

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە قوشاق

پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
زامانىمىز كەڭ بولدى.
ئادالەتلىك تىكلىنىپ،
ھەممە مىللەت تەڭ بولدى.

قاشتېشى سۈزۈك تاشتۇر،
سەيۋە رەڭلىكى داڭلىق.
بارچە مىللەت قول تۇتۇپ،
ئىلگىرىلەيمىز داۋاملىق.

قىلۋىدىن شامال چىقىپ،
لەيزان ئۇچىدۇ غۇر - غۇر.
خۇشال، ئىناق ياشايمىز،
خەنزۇ خەلقى ۋە ئۇيغۇر.

بارچە مىللەت بىلەن ئۇيغۇر.
يەتمەيدىكەن ھېچ نەرسە،
ئاق ناۋاتنىڭ تەمىگە.
ياگىرتىمىز شاد ناخشا،
ئىناقلىقنىڭ شەنىگە.

قاندى راسا سۈيىگە،
كەڭرى كەتكەن قوناقلىق.
راۋاج تاپتى ئىشىمىز،
بولغاچ بىزدە ئىناقلىق.

يۇلۇۋەتتۇق ئىتىزدىن،
خوخا بىلەن تىكەننى.
ئارمىزدا قويمايمىز،
ئىناقلىقتىن كەچكەننى.

بارچە مىللەت قېرىنداش،
چىڭ باغلاندى رىشتىمىز.
ئەل - ۋەتەننى گۈللەشتە،
بىردۇر نىيەت، ئىشقىمىز.

پارتىيىگە ئەگىشىپ،
غەلىبىسىرى ئۆرلەيمىز.
ھەممە مىللەت كۈچ قېتىپ،
ھۆر ۋەتەننى گۈللەيمىز.

① ئاقشوش — جاي نامى.
② ئۈلاچى — جاي ئىسمى، مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى.

# ئىسلاھات ھەققىدە قوشاقلار

1

ئىشىك ئالدى چوڭ ئېرىق،
سۇ ئاقىدۇ لىقمۇ لىق.
ئېلىپ كەلدى ئىسلاھات،
ھەر ساھەگە يېڭىلىق.

ئاشتى ھوسۇل يىلمۇ يىل،
ئاشلىق، پاختا، ئۈزۈمدىن.
دىل سۆيۈنۈپ يايرىدى،
مەسئۇلىيەت تۈزۈمدىن.

چېقىلغاچقا داش قازان،
تەييارتاپقا تەس بولدى.
بەرىكەت ياغدى ئىشچانغا،
ئويىنغانلار خەس بولدى.

ئىقتىسادىي سىياسەت،
يېزىمىزغا باب كەلدى.
يېزىمىزنى گۈللەشتە،
ئامتىمىز ساپ كەلدى.

ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ،
تەييارتاپقا خوپ بولدى.
ئىزچىللاشتى سىياسەت،
كۆڭۈل ئەمدى توق بولدى.

بەلنى مەھكەم باغلىدۇق،
ئىشلەيدىغان چاغ بولدى.
ھۆددىگەرلىك ياخشىكەن،
ھوسۇلىمىز تاغ بولدى.

چوڭ يۈكسەلدى يېزىمىز،
بارچە دېھقان خۇش بولدى.
سىياسەتنىڭ كۈچىدىن،
غەلبە ـ ئۇتۇق قوش بولدى.

ئىمارەت سالدۇق يېڭىدىن،
ئۇلىغا تىزىپ تاشنى.
ھۆددىگە بېرىپ يەرنى،
پاتمانلاپ ئالدۇق ئاشنى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ،
ياخشىلاندى ۋەزىيەت.
قولغا كېلىپ زور ئۇتۇق،
ئالغا باستى جەمئىيەت.

ئىسلاھاتتىن كۈچ ئېلىپ،
ئوڭۇشلۇقتۇر ئىشىمىز.
غەم ـ قايغۇسىز ئىشلەيمىز،
ئەمدى قاتماس بېشىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىسلاھاتنى ياقلىدۇق،
توغرا يولنى تاللىدۇق.
قايسى ناھەق، قايسى ھەق،
بۇنى ياخشى بايقىدۇق.

قانات قېقىپ ئۇينايدۇ،
بۇركۈت كۆپكۆك ئاسماندا.
ئىسلاھاتنى كۈيلەيمىز،
ناخشا، قوشاق ـ داستاندا.

تۇمۇچۇقلار سايرايدۇ،
تال بوستانلىق تېرەكتە.
ئىسلاھاتنىڭ شاملى،
ھۇزۇر بەردى يۈرەككە.

يېڭى ئۆستەڭ بويىنىڭ،
ئەجەب سالقىن ھاۋاسى.
مۇشۇ ياخشى ئىسلاھات،
باي بولۇشنىڭ ئاساسى.

جاپا چېكىپ تەر تۆكسەك،
گۈل ئۈنىدۇ يوللاردىن.
ئىسلاھاتنىڭ تۇغىنى،
چۈشۈرمەيمىز قوللاردىن.

2

ئاشلىق تېرىش ياخشىكەن،
چارۋا بېقىش ياخشىكەن.
باي بولۇشتا ھەممىدىن،
كەسىپلىشىش ياخشىكەن.

يارىشىلسا كەڭ ئىمكان،
ھالال ئىشلەپ بېيىشقا.
بۇنداق ياخشى زاماندا،
ئىشلىمەيمىز نېمىشقا؟!

مۇقىمدالدى ئوتتۇز يىل،
ھۆددە يەرلەر دېھقانغا.
ئىشلەپ زادى ھارمايمىز،
يەتتۇق ئارزۇ ـ ئارمانغا.

رامىزاننىڭ كەينىدىن،
باياشاتلىق ھېيت كەلدى.
ھالال ئىشلەپ بېيىشقا،
شۇنداق ياخشى پەيت كەلدى.


# تۆرلۈك تېمىدىكى قوشاقلار

نورۇز كەلدى-ئۇز كەلدى،
يېشىل ئېتىز-تۈز كەلدى.
نورۇز كۈنى تىللاردىن،
ناخشا-قوشاق، سۆز كەلدى.

نورۇز كەلدى كۆك تەردۇق،
جامائەتكە ئاش بەردۇق.
ئىجىل-ئىناق ئۆتمەككە،
ۋەدىلەرنى راست بەردۇق.

پىچاقنىڭ ئىزى پۈتتى،
جاراھەت كۆزى پۈتتى.
كۆيۈكنىڭ پىراقىدا،
تەقدىرنىڭ ئۆزى پۈتتى.

تەگۋازنىڭ كۆكى ئاچچىق،
چەكسەم قورىدى گالنى.
بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم،
بوشراق تاتلى ھالنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مەۋسۇم — مۇراسىم قوشاقلىرى

## ياداتاش قوشاقلىرى

گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا ئىسمىسالاھ كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى «ئۇلۇغ تىكىن» دەپ ئاتىلىدىغان تاغ باغرىدىكى مازار يېنىدا ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىرچە كېلىدىغان، شەكلى تۇخۇمغا ئوخشايدىغان سۇت رەڭ بىر تاش بار. كىشىلەر بۇ تاشنى «يادا تاش» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ تاش توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان رىۋايەت ۋە قوشاقلار تارقالغان.

پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇرۇن ھەر يىلى ئەتىيازدا تاغدىن سۇ كەلمەي قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەندە، موكويلا، قاراتاغىز، كۆكتىبرەك، گۇما بازىرى، پىشنا قاتارلىق يۇرتلاردىن نەچچە مىڭ كىشى ئىختىيارسىز ھالدا ئىسمىسالاھتىكى بۇ «ياداتاش» ئەتراپىدىكى ئۆستەڭ بويىغا يىغىلىپ قارا ئات، بوتىلاقلىق ھىنگان، تايلىق بايتال، موزايلىق كالا، قوزىلىق ساغلىق، چۈجىلىك توخۇلارنى ئېلىپ كېلىپ، دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ قان قىلىدىكەن ھەمدە يادىچى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇپ، ئاندىن بىر قولىدىكى يادا تاشقا يەنە بىر يادا تاشنى سۈركەپ تۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك مۇناجاتنى ئوقۇيدىكەن:

ئەللاھۇممە ئەسقىنا،
تازغۇننى سەل باسقىنا،
گۇمىدىن سۇ تاشقىنا،
قۇت نۇرنى ساچقىنا،
بوۋىغاندىن ئەسنا.
مەن تەڭرىمدىن تىلەيمەن،
ئۈچۈپ كەلگىن بۇلۇتۇم.

كۆچكىن قارا بۇلۇتۇم،
ئۈچۈپ كەلگىن بۇلۇتۇم،
چۆچۈپ كەلگىن بۇلۇتۇم.
يەتتە ئىقلىم بۇلۇتىدىن،
سۇ ئېلىپ كەل بۇلۇتۇم.
توشۇپ كەتسۇن سۇلارغا،
ئېقىن ـ دەريا، كۆلۈڭۈم.
قاراقۇرۇمدىن چىقىپ كەل،

قۇرئانىمدىن تىلەيمەن،
يۈگۈرۈپ كەلگىن بۇلۇتۇم.
ئىنجىلىمدىن تىلەيمەن،
سەكرەپ كەلگىن بۇلۇتۇم.
زەبۇرۇمدىن تىلەيمەن،
گۈلدۈرلىگىن بۇلۇتۇم.
تەۋراتىمدىن تىلەيمەن،

تاغ - داۋانىنى ئېشىپ كەل.
مۆلجەر تاغنى ياللاپ كەل،
ھىنگگاك تاغنى بويلاپ كەل.
بويناق جالنى چەنلەپ كەل،
جىن - شەيتاننى قوغلاپ كەل.
دەريا سۇدىن چىقىپ كەل،
قورام تاشنى يېرىپ كەل.

ئۇل مۇستەفا ھۆرمىتىدىن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
ساتۇغ بۇغرا ھۆرمىتىدىن،
مۆلدۈرلىرىم چۈشكەيسەن.
مەن غايىبتىن تىلەيمەن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.

ئۇلۇغلاردىن تىلەيمەن،
بۇلۇتلىرىم كەلگەيسەن.
شامالللارنى كەلتۈرۈپ،
بۇلۇتلارنى پۈرقىتىپ،
جىمى ئالەم ئوت بولسا،
بۇلۇتلىرىم سۇ بولۇپ،
ئېقىپ - ئېقىپ كەلگەيسەن.

## قارلىقنامە

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
يامغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق.
كۆڭلىمىزنىڭ شوخلۇقىدىن،
ئۇشبۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
ئۆزلىرىنى سېغىنى دەپ،
بىزلەر قارلىق راسلىدۇق.
ئوقۇپ باقسىلا، بەك ئېغىر -
شەرتلەرنىمۇ قويىمىدۇق.
قارلىق كەتتى ئۆزلىرىگە،
كۆرسەتمىدۇق كۆزلىرىگە.

مۇبادا سىزىپ قالسىلا،
قوغلاپ تۇتۇۋالسىلا،
قارغا پۇچۇلاپ باسسىلا.
يۈزىمىزگە قار سۈۋىسىلا،
رازى بىز نېمە قىلسىلا.
ئەگەر سېزەلمەي قالسىلا،
ھاڭۋېقىپ ئولتۇرسىلا.
بارىمىز ئەتە كەچتە،
قىستۇرۇپ بايخانلىنى،[1]
ھەممىمىز بىردىن ئېلىپ،

① بايخان — بايۋەتچىلەر كىيىدىغان كۆپە تەلپەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېلىشكەن چوكانلىنى.
سالغۇزۇپ چايغا ناۋات،
كەلتۈرۈپ گۈلقەنلىنى.
ئۆلتۈرۈپ ئۆردەك، توخۇ،
غاز بىلەن پاقلانلىنى.
تىزدۇرۇپ ئالما، ئانار،
ياقتۇرۇپ تومنانلىنى.
كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز،
ئىچىپ مەي - شارابلىنى.
چالىمىز تەمبۇر، دۇتار،
ساتار بىلەن قالۇنلىنى.
گاھى راك، گاھ پەنجىگاھ،
باياتۇ - ئۆز ھاللىنى.
ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ،
قىزىتىپ مەيدانلىنى.
قىزغىن رازى قىلارلا،
قىچارغان مېھمانلىنى.
قىزسۇن مەشرەپلىرى،
قىچىرسىلا ئايخانلىنى.
قىچقارغۇلىرى كەلمىسە،
ئۆزلىرىنى بىلمىسلە،
كۆزلىرىگە ئىلمىسلە،
مەشرىپىمىزنى بەرمىسلە،

قىزارمىغان يۈزلىرىگە،
قازاننىڭ قارىسىنى سۈۋاپ،
جۇۋانچە كۆڭلەك كەيدۈرۈپ،
ئورۇق ئاتقا مىندۈرۈپ،
ئوسما قويۇپ كۆكەرتىپ،
ئەڭلىك ئېتىپ قىزارتىپ،
ياغلىق ئارتىپ پومپايتىپ،
پاختا تىقىپ دومبايتىپ،
چاسۇما - چاسۇ چۆرگىلىتىپ،
بىر كۈن سازايى قىلدۇرۇپ،
تازا رەسۋا قىلار بولدۇق.
ئىزارغا ئۆلۈپ كەتسىلە،
جىنازىلىرىنى كۆتەرگىلى،
قادىر گاچىنى راسلىدۇق.
نامازلىرىنى ئوقۇغىلى،
قاسىم قارىنى راسلىدۇق،
دەپ قارلىق يوللىدۇق.
دەپ قارلىق يوللىغۇچى،
بۇ يۈرتلۇق جامائەت،
قارلىققا يول بولسۇن،
خۇدايىمغا ئامانەت،
قارلىق تامام ۋەسسالام.

## بارائەت قوشىقى[1]

بارائەت بولدى، تۈيدىڭلىمۇ؟
ئەلياتقۇدا ئىسقىرتاي،
ياغلىق قۈيماق يېدىڭلىمۇ؟
باغ كەينىگە ئۆتەمسىز؟
بارائەت دەپ، خۇش بولماڭلار،
ئوتتۇز كۈن روزا غوجىسى بار.
بارائەت ئېيى كىردى،
بۈگۈن كېچە تۈنەمسىز؟
بۈگۈن كېچە بارائەت،
بۇ يۇرتتىكى چوكانلار،
تاڭ ئاتقىچە تۈنەمسىز؟
يار تۇتقىلى كۈنەگمۇ؟

## رامىزان قوشاقلىرى[2]

1

رامزان ئېيتىپ كەلدۇق مۇغاللىدىن[3]،
نانلىنى خىللاپ چىقىڭ يوغاللىدىن.
رەببىمەي، ئىلاھىمەي شۇ رامزان (چۈمۈچ).
ئاق چېكىتكە سالغىنى ئاق جەيناماز،
بۇ خېنىمنىڭ ئوقۇشى بەش ۋاخ ناماز،
رەببىمەي، ئىلاھىمەي شۇ رامزان (چۈمۈچ).

---

① ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە، بارائەت ئېيىنىڭ ئونبەشى — تۈنەك كېچىسى باللار توپلىشىپ، ياغلىق قاپاقنى بادىرىنىڭ ئۇچىغا چىگىپ، قاپاق كۆيدۈرۈپ «بارائەت قوشىقى» ئېيتىدۇ. بارائەت قوشىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاھاڭى بار.

② ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە، «رامىزان» ئېيىنىڭ ئونبەشىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە، ئاخشاملىرى ئېپتاردىن كېيىنلا باللار توپلىشىپ، ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ «رامىزان» قوشىقى ئېيتىدۇ. ئۆي ئىگىلىرى «رامىزان» قوشىقى ئېيتىپ كەلگەن باللارغا نان بېرىپ يولغا سالىدۇ. باللار توپلانغان نانلارنى غېرىب - غۇرۋالارغا، يېتىم - مۇساپىرلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىپ، ئۆيلىرىگە قايتىدۇ. «رامىزان» قوشاقلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاھاڭى ۋە تېكىستلىرى بار.

③ مۇغاللا — كېرىيە ناھىيىسىدىكى يەر نامى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رامىزان ئېيتا - ئېيتا هارماسمەن،
ئايلىكام نان بەرمىگۈچە ياناسمەن.
ئەرشىنىڭ تۆۋرۈكىنىڭ باشى قارا،
خۇدايىم ئوغۇل بېرەر قاشى قارا.
ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى كۆك بېدىلىك،
بىر ئاياغ ئۇن بەسلە چۆچۈرىچىلىك.
رامىزاننىڭ ئېيتمىشى هەزرەت ئېلى،
ئۇلۇغلاردىن قاپتىكەن بىز ئېيتىلى.
رامىزاننىڭ يېنىشى بوز ئالا قوي،
كاللا، پاچاق، تېرىنى موللامغا قوي،
رەببىمەي، ئىلاهىمەي شۇ رامىزان (چۆمۈچ)،
(يۇقىرىقىلىرى ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ)

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى ئويداڭ چۇقۇ،
بىزگە نان بەرمىگەن روزەڭ چۇپۇ.
رەببىمەي، ئىلاهىمەي، شۇ رامىزان (چۆمۈچ).
ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ دان تاتىلار،
بۇ خېنىمنىڭ نانلىرى خام خاتىلا،
رەببىمەي، ئىلاهىمەي شۇ رامىزان (چۆمۈچ).
ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى تاينىڭ ئىزى.
كاكچىدىن خىللاپ چىقىڭ باينىڭ قىزى.
رەببىمەي، ئىلاهىمەي شۇ رامىزان (چۆمۈچ)،
(يۇقىرىقىلىرى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇلىدۇ)

2

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ياتقان كىشى،
شول خۇدانىڭ يولىغا پاتقان كىشى.
تۇنۇكنىڭ يىچاقىدىن ئاينى كۆردەك،
ساندۇقنىڭ يىچاقىدىن ناننى كۆردەك.
روزىنىڭ ئون يەتتىسى — قادىر كۈنى،
روزىنىڭ زاكاتىنى ئايرىڭ قىنى.
ئاق ساماننى سورىسا، چەش بولىدۇ،
ھەر يەردە ئۈنچە تۇرسا، كەچ بولىدۇ.
ھاۋادا غاز كىلىدۇ، دەستە قىقىپ،
بۇ خىنىم نان بىرىدۇ، قوڭنى چىقىپ.
بۇ بۆلە ئۇزۇن بۆلە، بۆلگەنمىكەن؟
بۇ خىنىم قوپمايتىيۇ، ئۆلگەنمىكىن؟

3

ھوي ئاكا، قوپاڭ ئاكا زو ۋاقتىدا،
توخۇلار چىللاشىدۇ قونداقىدا.
رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى قەدىر كىچە،
رامىزان زاكاتىنى ئايرىڭ قىنى؟
بۇ روزا بۇ يىل كىلە، يەنە كىلە،
كىم ئۆلۈپ، كىم قالىدۇ خۇدا بىلە.
رامىزان ئىيتىپ كەلدۇق سامپۇلدىن[1]،

---

① سامپۇل — لوپ ناھىيىسىنىڭ يىزىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىزگىمۇ بېرەلمۇ مانتۇلىدىن؟
رامىزان ئېيتىپ كەلگەن هابدال ئەمەس،
رازى بوپ نان بەرمىسەڭ ئوبدان ئەمەس.
خۇدايىم بەرسۇن ئۆينىڭ بەرىكىتىنى،
بىزگىمۇ ئايرىپ بېرىڭ زاكاتىنى.
ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا تاينىڭ ئىزى،
بىزگىمۇ نان بەرسىڭىز باينىڭ قىزى.
ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ قونغاقتىدۇ؟
تۆنۈگۈن قۇيغان تۇخۇم قاپاقتىدۇ؟
قوزۇقنى ئېيەگە قاق، مېيەگە قاق،
تاغاردا ئۇن بولمىسا، سۇپراڭنى قاق.
ئۇجمىنىڭ ياغىچىدا ئەتسەم راۋاب،
روزىدا يوقلاپ كېلىپ، ئالسام ساۋاب.
هوي ئاكا، قوپاڭ ئاكا زو ۋاقتىدا،
روزىنى تۇتۇڭ ئاكا ئۆز ۋاقتىدا.
تونۇكنىڭ يوچۇقىدىن ئاينى كۆدەك،
هوجرىدا ئوخلاپ ياتقان باينى كۆدەك.
ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ دان تالىشار،
باي بىزگە نان بېرىدۇ خام ـ خاتىلا.
ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ چىللاشىدۇ،
باي بىزنى «گادايلار» دەپ تىللاشىدۇ.
ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى تاغدەك خامان،
بۇغدايىنى سىز ئالسىز، بىزگە سامان.
ئاسماننى بۇلۇت باستى، ئايغا قارا،

روزىدا ئىنسابى يوق بايغا قارا.
تاغدىن سۇ ئېقىپ كەلدى تارام - تارام،
بايلارنىڭ يىگەنلىرى ئەسلىي هارام.
رەببىمەي، ئىلاھىمەي بۇ رامىزان،
خۇش مۇبارەك بولسۇنا تۇتقان روزاڭ.

## مەرسىيە قوشاقلىرى

1

ئۇلۇغ - ئۇلۇغ كەلگەن سۇ،
ئاقىدۇ تارام - تارام.
كۆز يېشىم دەريا بولدى،
نەگە كەتتىڭىز ئانام؟

سېلىپ ئايۋان - سارايىنى،
ئالدىغا پەش ئەتتىڭىز.
يامان چاغدا جان ئانام،
بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز.

ھەسەل ئىدى سۆزىڭىز ئانام،
قۇياش ئىدى مېھرىڭىز ئانام.
ئەمدى بىزنى كىملەرگە ئانام،
تاشلاپ-تاشلاپ قويدىڭىز ئانام؟

سەھەردىكى چولپاننى ئانام،
كۆزىڭىزگە ئوخشاتتىم ئانام.
سۈزۈك كۆك ئاسماننى ئانام،
كۆڭلىڭىزگە ئوخشاتتىم ئانام.

ئانامنى دەپ يىغلايمۇ،
دادامنى دەپ يىغلايمۇ؟
بىزنى داغدا قاپ كەتكەن،
بالامنى دەپ يىغلايمۇ؟

ئېلىپ كەتمەڭلا ئانامنى،
توختاپ تۇسۇن جىنازا.
ئۇلۇغ يۈرەك پارەمنى،
كۆرۈۋالاي بىر هازا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جىنازا ئېگىز - ئېگىز،
تۆپىسىدە يوپۇق كىگىز.
ئاھ يۈرەك باغرىم مۇرەببەس،
بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز.

بوز تورغاينىڭ ئۈننى،
ئۈنىڭىزگە ئوخشاتتىم ئانام.
يۈرىكىمنى - باغرىمنى،
قەبرىڭىزگە يىقىپ ياتتىم ئانام.

2

يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام،
ھاياتىمنىڭ پانۇسى بالام.
ئېچىلماستىن تورزۇدۇڭ غۇنچەم،
ئاناڭ قانداق قىلغۇسى بالام.

كۆكرىكىمدە تۇمارىم بالام،
يۈرىكىمنىڭ خۇشتارى بالام.
بۇ دۇنيادا نە بولۇر ئەمدى،
ھىجرانىڭدا ئەھۋالىم بالام.

نەگە كەتتىڭ بۇلبۇلۇم،
چىچى قارا سۇمبۇلۇم.
سىلىپ مىنى ئەلەمگە،
ئۆزۈڭ قايدا دۈلدۈلۇم.

تەشنا بولدۇم كۆرۈشكە،
گۈل مەڭزىڭگە سۆيۈشكە.
ھايات قالساڭ سەن ئۈچۈن،
رازى ئىدىم ئۆلۈشكە.

پىراقىڭدا، جان قوزام،
ئاتاڭ تىنماي ئاھ ئۇرار.
ئاخىرەتتە خۇدايىم،
مۇرادىڭغا قاندۇرار.

يىنىپ ئۆچكەن چىراغدەك،
غايىب بولدۇڭ كۆزۈمدىن.
كەتمەس ئەمدى سىرىقلىق،
ياش سىرغىغان يۈزۈمدىن.

بولسا شۇ كۆز تۇمارىم،
ئەتراپىمدا يۈرەتتى.
يالغۇز ئۆيدە قالغاندا،
ماڭا يۈرەك بولاتتى.

بالام سەندىن ئايرىلىپ،
ئۆيدە قالدىم يىگانە.
ئاناڭ ئەمدى ھىجرىڭدە،
بولار ساراڭ، دىۋانە.

ئوماق ئىدىڭ، شوخ ئىدىڭ،
سېنى قانداق ئۇنۇتاي؟!
ياش ئاققۇزۇپ قەبرەڭدە،
نۇرلۇق كۆزۈم قۇرۇتاي.

## ئەلنەغمە، مەشرەپ، ئولتۇرۇش قوشاقلىرى

### توي سەنىمى

ئورمنى تولا ئوروپ،
بىلەكىڭ تالدىمۇ يارىم؟
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكىڭ قاندىمۇ يارىم؟

1 - ئۆزگىرىش:
باغ ئىچىدە ئېچىلىپتۇ،
بىر جۈپ قىزىلگۈل.
ئەتراپىدا سايرىشىپتۇ،
مەستانە بۇلبۇل.
ئالتە كەپتەر يەتتە بولۇپ،
قوندى تېرەككە.
يۈگرۈپ - يۈگرۈپ يېتىۋالاي،
ئەتلەس كۆڭلەككە.

ئەتلەس كۆڭلەك كىرلىشىپتۇ،
سوپۇن ئەپ بەرسىلە.
بىزمۇ ئەمدى چوڭىيىپ قالدۇق،
خوتۇن ئەپ بەرسىلە.
قاراقاش ئولتۇرادۇر،
ھۇجرا ئىچىدە.
قىزىلگۈللەر ئاچىلىپتۇ،
باغچە ئىچىدە.
ئوغۇللار ئوينىشىپ،
بىمەنە بولدى.
چوكانلار يىغىلىشىپ،
دىۋانە بولدى.

2 - ئۆزگىرىش:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


هاۋالىققا ـ هاۋالىق،
بىزنىڭ باغلار هاۋالىق.
كۆيگىنىمنى بىلمىگەن،
لايسۇ ئىچكەن سەھرالىق.
كەلدىم دەريا كەچكىلى،
ئولتادىم سۇ ئىچكىلى.
كەلسە يارىمدىن خەۋەر،
قاناتىم يوقكەن ئۇچقىلى.

3 ـ ئۆزگىرىش:
باشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
گۈلى قانچە ساناپ باق.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
چىرايىمغا قاراپ باق.
نەقرات:
كەلسلە، بارسلا خىنىما ئوينايلى،
تىرەك قاراڭغۇلاشقاندا.
سىغىنغاندا كېلەلا،
زېرىككەندە كېتەلا.
ئوينىغانغا چىدىمىسلا،
جىگدىگە ئېسىلىپ ئۆلەلا.
نەقرات:
كەلسلە، بارسلا خىنىما ئوينايلى،
گاڭگۇك يارنى تاپقاندا.

4 ـ ئۆزگىرىش:

ئاھ يار شەرۋانەم،
هالىمغا يەتسەڭچۇ؟
دەردىمگە يەتسەڭچۇ؟
قاشى قارا مۇلايىم،
گۇناھىمدىن ئۆتسەڭچۇ؟
زادى نىمە گۇناھىم.
ئۆگزەڭگە چىقىۋاپسەن،
لەڭگەر يولىغا قاراپ.
ئىشكايلاڭدىن تولا ئۆتتۇم،
بۇلبۇلۇك بولۇپ سايراپ.
ئىشكايلاڭدا ئېرىقچە،
پىلتىڭلايدۇ بىلىقچە.
ساڭا كۆيۈپ، قالمىدى،
تەندە جانىم تىرىقچە.

5 ـ ئۆزگىرىش
بۇ كېچە تاڭ ئاتمايدۇ،
يار قېشىمدا ياتمايدۇ.
يار قېشىمدا ياتقاندا،
جېنىم ئىچىمگە پاتمايدۇ.
ئاشنا بولدۇم ئۆزۈڭگە،
قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.
مۇھەببەت باغلاي دېسەم،
دېيەلمەدىم ئۆزۈڭگە.
نەقرات:
ئوينىغانىم كۈلگەنىم،
يادىڭدىمۇ سۆيگەنىم.

ئاتىنىڭ بالىسى تايدۇر،
تالنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ.
يارنىڭ كۆزلەرى نۇرلۇق،
يۈرەكىنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

نەقرات:
بۇلبۇلۇڭ بولاي،
شاخىڭغا قوناي.

## ئاللا - ئاللا①

1
ئاللا - ئاللا،
كەچ بولدى شاپ بولسىلا،
ساقلاپ قالدى ياش باللا.

2
ئاللا - ئاللا،
بەرگەنلىرىگە ھەشقاللا.
ھەر ئىككىسى ياش باللا،
ئەمدى بولدى قوش كاللا.

ئاللا - ئاللا،
توي ئوينىدى ياش باللا.
ھەيران قالدى چوكانلار،
چۆمچەيمەڭلار قىز باللا.

3
مەلىمىزگە توي تارتىپ،
شېرىن كەلدى، يار - يار.
قوشاق بىلەن ساز بىلەن،
كېلىن كەلدى، يار - يار.
كېلىنچەكنىڭ سۆزلىرى،
خۇددى مېغىز، يار - يار.
ئوت - پىراقى تۇتاشقان،
ۋاپالىق قىز، يار - يار.
كۆرپىڭىزنىڭ جىيىكى،
چىمەن ئىكەن، يار - يار.
كېلىنچەكنىڭ تەلىپى،
كۆلگەن ئىكەن، يار - يار.
كۆيگەن يىگىت - ئاشىقى،
چىۋەرمىدى، يار - يار.
مەرد بولمىسا ئاشۇ قىز،
تېگەرمىدى، يار - يار؟
چوڭ تۆگمەننىڭ ئاۋازى،

① بۇ قوشاق توي ئۈستىدە يىگىتلەر تەرىپىدىن ئېيتىلىدىغان قوشاق بولۇپ، 1 - كۇبلېت قوشاق قىزنى چىقىرىپ بېرىشتىن بۇرۇن قىز تەرەپنى ئالدىرىتىش يۈزىسىدىن ئوقۇلىدۇ. قالغانلىرى قىز چىقىرىپ بېرىلگەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆككە يەتكەن، يار - يار،
ئاشىق - مەشۇق خۇشلۇقى،
يۇرتقا كەتكەن، يار - يار،
كېلىنچەكنىڭ ئۆيلىرى،

بەختكە تولسۇن، يار - يار،
كۆرەلمىگەن دۈشمەنلەر،
ھەسرەت يۇتسۇن، يار - يار.

## «توكۇر پەخشىم» قوشىقى

سۇمبۇل چاچلار بىزنىڭكى،
پاخپاق چاچلار سىزنىڭكى.
توكۇر پەخشىم توكۇرسىز،
ئويناڭ پەخشىم — ئويناڭ سىز.

قەلەم قاشلار بىزنىڭكى،
ئۇلۇما قاشلار سىزنىڭكى.
توكۇر پەخشىم — توكۇرسىز،
تولغاڭ پەخشىم — تولغاڭ سىز.

بوتا كۆزلەر بىزنىڭكى،
چېقىر كۆزلەر سىزنىڭكى.
توكۇر پەخشىم — توكۇرسىز،
تولغاپ ئويناڭ پەخشىم سىز.

ناچى بۇرۇنلار بىزنىڭكى،
كامار بۇرۇنلار سىزنىڭكى.
ئويناڭ پەخشىم — ئويناڭ سىز،
توكۇر پەخشىم — توكۇرسىز.

چۆچۈرە قۇلاقلار بىزنىڭكى،
داڭزا قۇلاقلار سىزنىڭكى.
توكۇر پەخشىم — توكۇرسىز،
تولغاپ ئويناڭ پەخشىم سىز.

ھۆنجى چىشلار بىزنىڭكى،
تاماق چىشلار سىزنىڭكى.
توكۇر پەخشىم — توكۇرسىز،
ئويناڭ پەخشىم، ئويناڭ سىز.

بوغماق قوللار بىزنىڭكى،
ئارى قوللار سىزنىڭكى.
توكۇر پەخشىم — توكۇرسىز،
دەسسەپ ئويناڭ پەخشىم سىز.

ئىنچىكە بەللەر بىزنىڭكى،
مايماق بەللەر سىزنىڭكى.
تولغاڭ پەخشىم — تولغاڭ سىز،
سەكرەپ ئويناڭ پەخشىم سىز.

نوگاي قوڭلار سىزنىڭكى،
سۇناي قوڭلار بىزنىڭكى.
تولغاپ ئويناڭ پەخشىم سىز.
تاسقاپ ئويناڭ پەخشىم سىز،

مايماق پاچاق سىزنىڭكى،
مەزمۇت پاچاق بىزنىڭكى.
توكۇر پەخشىم — توكۇرسىز،
تاسقاپ ئويناڭ — ئويناڭ سىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# تۇرمۇش قوشاقلىرى

## دىداكتىك قوشاقلار

هاۋا - بۇلۇت ئۈستۈڭدە،
دۈشمەن سىنىڭ قەستىڭدە.
سەن خۇداغا راست بولساڭ،
دۈشمەن ئاياغ ئاستىڭدا.

ئايغىر ئاتنىڭ تۇۋرىسى،
يىرتىلسىمۇ جۇل بولماس.
ياخشى ئادەم بالىسى،
غېرىب بولۇر، قۇل بولماس.

دۇتار چالمىسام ياخشى،
چالسام ئېيتىمەن ناخشى.
ئۇچالمىغان كەكلىكتىن،
قاناتلىق ئۇلاي ياخشى.

ئۇل ۋاپادارىم نىتەي،
جاھاننىڭ ۋاپاسىنى سورىماڭ.
قىزى كۆڭۈلگە ئەرزىسە،
ئۇنىڭ ئاتاسىنى سورىماڭ.

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ،
كۆڭۈل ھەر ياقا باشلايدۇ.
سەمەرقەنت ئالمىسىدەك،
ئايرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ.

ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر،
سامان يېسۇن كالىلار.
تاپقىنىڭنى ئۆزۈڭ يە،
ئىشلەپ يېسۇن بالىلار.

تاغدىكى كۆك مايسىلارنىڭ،
كۆكلىشى ئەيدىن[1] ئەمەس.
قۇشلارنىڭ پەرۋاز قىلىشى،
يا قانات، پەيدىن ئەمەس.

كۆپ ھوسۇل ئالماق ئىبتىزدىن،
سۇ، ئوغۇت، يەردىن ئەمەس.
قىز، ئوغۇل پەرزەنتى كۆرمەك،
يا خوتۇن، ئەردىن ئەمەس.

① ئەي — ئوغۇت مەنىسىدە.

ياش چېغىڭدىن تۇت ئۆزۈڭنى،
گۈلۈڭ كۈندە ئېچىلماس.
پۇشايماننىڭ قاچىسى،
سۇنسا ئەسلا تېپىلماس.

غۇنچىسىز گۈل بولماس،
ئىشقىسىز قىز بولماس.
رەڭگى بولسىمۇ گەرچە،
پۇراق بولمىسا گۈل بولماس.

تىكەنسىز گۈلنى ئۈزمە،
پۇراقى بولماس.
هاياسىز يارنى سۆيمە،
ۋاپاسى بولماس.

ئويلاپ قىل گەپنى،
ئاخىرى ئېچىنما.
ئالدىراپ تاشلاپ،
ئاخىرى سېغىنما.

قۇشقاچقا ناۋات بەرسەڭ،
تەمىنى بىلمەس.
ۋىجدانسىزغا كۆڭۈل بەرسەڭ،
قەدرىنى بىلمەس.

ئالمىدەك رەڭدار ئىدىم،
رەڭگىمنى سارغايتقان قىمار.
تۆت ئوشۇق ئالچى قويۇپ،
چەرچەنگە پالاتقان قىمار.

بۇ چىلىم — گۈللۈك چىلىم،
باراڭدىن ئۈزگەن چىلىم.
گاھى ئۆيدە، گاھى چۆلدە،
زارى - زار قىلغان چىلىم.

تاماكا سېلىپ شايلاپ،
ئېچىشدانلارنى كالاپ.
ياش باللار چېكىشۋاپتۇ،
ساقال - بۇرۇتنى چالاپ.

هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا،
گۈلخان سالغان بەڭگىلەر.
چەككىلى تاماكا يوق،
قوقان سالغان بەڭگىلەر.

يۇلتۇز هامان ئاي بولماس،
قىمارۋازلار باي بولماس.
سېغىز قوشماي لاي بولماس،
بېخىل ئۆيدە چاي بولماس.

سەھەر قوپقان بەندىسگە،
ئەكسپ بېرەر مەلىسگە.
ۋاخچە قوپقان بەندىنىڭ،
خۇدا ئۇرار گەجگىسگە.

جاهان ئەسلى ئىككى كۈن،
بىرى كۈندۈز ئامانلىق.
يەنە بىرى كېچىدۇر،
خەتەر بىلەن يامانلىق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



سەھەر تۇرساڭ ئورنۇڭدىن،
گۈل ئۈندۈ يولۇڭدىن.
ئەقلىڭ كەڭ پەرۋاز قىلىپ،
چوڭ ئىش كەلگەي قولۇڭدىن.

دۇتار چىقسا قولۇمغا،
ئۆزۈم چاغلاپ تۈزىمەن.
ماڭا ئۆگەتكەن ئۇستامنىڭ،
تۈزگىنىنى بۇزىمەن.

يۇلتۇز كۆرسەك ئاسماندا،
ھاۋانى ئوچۇق دەيمىز.
قايغۇ بولسا كۆڭۈلدە،
ئالەمنى تۇتۇق دەيمىز.

قورسىقىڭنى توقلىغىن،
ملىتىڭنى ئوقلىغىن.
بالام، گۇناھ ئۆتكۈزمە،
دۈشمىنىڭدىن قورقمىغىن.

ئۇشبۇ ئالەم خالايىق،
ئۆتنە ئالەم بولغۇسى.
سەن ئاتاڭغا قىلغاننى،
ئوغلۇڭ ساڭا قىلغۇسى.

ئەتىگەندە قوشنامغا،
ئېگىلىپ سالام بەردىم.
بىر كۆڭلۈك ھاياتىمغا،
خۇشاللىق ـــ ئارام بەردىم.

يوشۇرمىغىن تۇتۇننى،
ئوت قالساڭ ئاسماندىن.
چوڭ گۇناھدۇر بىخىللىق،
ئاجرىتىدۇ ئىماندىن.

سايرىمىغان بۇلبۇلدىن،
غاقىلدىغان غاز ياخشى.
ۋاپاسى يوق بېگىمدىن،
ماڭا ئامراق تاز ياخشى.

ئەيىبلىمەڭ بوغداينى،
بار ئىكەن دەپ كېپىكى.
ئۇ بولمىسا دېھقاننىڭ
نېمە يەيتتى ئېشكى!؟

يەرگە تىكسەم بىر ئۇرۇق،
كۆزدە پىشتى مىڭ دانە.
يازدا ئۈنىگەن نوچام،
قىشتا بولدى دىۋانە.

# ئاتا - ئانا قەدرى

1

بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە
ئىزدىگەنگە تېپىلماس.
ئۇلار ئاتا ھەم ئانا.
يەنە بىرى قېرىنداش.

بۇ ئانام جانىم ئانام،
مېنى چوڭ قىلغان ئانام.
ئۆزى ھۆل يەردە يېتىپ،
قۇرۇقتا ياتقۇزغان ئانام.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.
ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ،
كۆزۈمدە تۇرمىدى ياشىم.

ئاتام بولسا كۆرسەممەن،
ئانام بولسا كۆرسەممەن.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ،
ئاياغىدا ئۆلسەممەن.

ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
يۇرتىدا ئەزىز باللا.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
يۇرتىدا خارۇزار باللا.

مەن بىر قارا قارلىغاچمەن،
قاناتلىرى قايرىلغان.
كىچىك تۇرۇپ، مېھرىبان
ئاناسىدىن ئايرىلغان.

يېتىم دەيدۇ، يېتىم دەيدۇ،
يېتىم قىلسا خۇدا قىلدى.
دادام بىلەن ئانامدىن،
خۇدايىم جۇدا قىلدى.

ئاتىنىڭ بالىسى ئارغىماق،
ئىگەر خىللايدىكەن قالماق.
خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق،
ئاتا - ئانىدىن ئايرىلماق.

باغقا كىرسەم باقىدۇ،
بۇلبۇل قاناتىنى قاقىدۇ.
يىغلىماڭ جانىم ئانا،
بىزنى خۇدايىم باقىدۇ.

ئانىكامنىڭ چاچلىرى،
چۆلدە يىلاننىڭ قۇيرۇقى.
يىغلىماڭلار تۇغقانلار،
بىزگە خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

www.uyghurkitap.com



ئانام مەككە، دادام مەككە،
تۇغۇلدۇم بىر كۈن ئۆلمەككە.
خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق،
قارا يەرگە كۆمۈلمەككە.

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ،
غېرىب بولمىغان كىم بار؟

ئاتا دېگەن تاغ ئىكەن،
ئانا دېگەن باغ ئىكەن.
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ،
نەگە بارسا خار ئىكەن.

مەن ئانامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جانىم ئانامدىن ئايرىلىپ.

رازى بولۇڭ ئانىجان،
ھەر جايدا باركەن بۇ ئۆلۈم.
سىز ئانامدىن ئايرىلدىم،
غېرىب ئۆتتىدۇ كۆڭلۈم.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
خۇداغا نالە قىلمامدۇ؟
ئاتامىز يوق، ئانامىز يوق،
خۇدايىم رەھمى قىلمامدۇ؟

دادامغا نېمە دەپ يىغلاي،
ئانامغا نېمە دەپ يىغلاي.
بېشىمغا دەرد ـ ئەلەم كەلدى،
خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاي.

2

باھار بولسا قىزىلگۈل،
ئېچىلاردى، كۈلەردى.
ئانام بولسا يېنىمدا،
ئەركىلىتىپ سۆيەردى.

ئاتالىقلار، ئانالىقلار،
دەستە ـ دەستە گۈل ئىكەن.
ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار،
كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن.

سۇ بارىدا ئۆستەڭدە،
كۆلچەكىڭگە باشلىۋال!
ئاتا ـ ئاناڭنىڭ بارىدا،
ئەركىن ئويناپ ياشىۋال!

قارلىغاچ قارا نېمە،
قاناتىدىن ئايرىلمىسۇن.
قىز بالا ئاجىز نېمە،
ئاناسىدىن ئايرىلمىسۇن.

تاغنىڭ يولى تار ئىكەن،
ئېيىق بالاسى بار ئىكەن.
ئاكا - ئۇكا دېگەن بىلەن،
كۆيدۈرگەن ئانا ئىكەن.

3

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
بالام دېمەسۇن.
خۇدا سالدى بۇ كويلارغا،
يامان دېمەسۇن.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
نېمشقا ئارزۇلاپتۇكى.
مېنىڭ مۇنداق بولاشمنى،
نېمشقا ئويلماپتىكى.

ئانام مېنى تۇغقاندا،
ئاق بۆلەككە بۆلىگەن.
ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دەپ،
بەختى بولسۇن دېمىگەن.

ئانىكا سوقماڭ مېنى،
بەش - ئالتە كۈن مېهمانىڭىز.
ئاخشمى قاراڭغۇدا،
ياندۇرغىلى چىراغىڭىز.

جان ئانا - جانىم ئانا،
مەيدەمگە ئوق تەگدى مانا.
ئۆلسەم شېهىت بولۇرمەن،
رازى بول جانىم ئانا.

## ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداش، دوستلۇق، ۋاپادارلىق توغرىسىدىكى قوشاقلار

بۇ دۇنيادا نېمە ياخشى،
ئاتا بىلەن ئانا ياخشى.
ۋاپاسىز قېرىنداشتىن،
ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

شاخ گۈلى بولغان بىلەن،
مېۋىسىز بولسا بىكار.
قېرىنداش بولغان بىلەن،
كۆيۈمسىز بولسا بىكار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئانىمىز ئۆلۈپ كەتكەن،
ئاتىمىز ئۆلۈپ كەتكەن.
بىۋاپا قېرىنداشتىن،
مېھرىمىز يېنىپ كەتكەن.

ئانام مەككە ـ مەدىنەم،
دادام مەككە ـ مەدىنەم.
بېشىمغا دەرد ـ ئەلەم كەلسە،
ئەسقاتمىغان ئاغىنەم.

دوست كېرەك، دوستلار كېرەك،
دوست ئۈچۈن ۋىجدان كېرەك.
بىلمىگەن دوست قەدرىنى،
قانداق كۆڭۈل، قانداق يۈرەك!؟

قىزىلگۈلنىڭ قەدرىنى،
ئاچىلغاندا بىلەرسىز.
چىن دوستلۇقنىڭ قەدرىنى،
ئايرىلغاندا بىلەرسىز.

## ئاياللار ھەققىدە

ئاۋاتلاشتى بازارلار،
كەڭرى ئەتلەس، تاۋارلار.
ئېغىر ئىشتىن قۇتۇلۇپ،
گۈلدەك بولدى ئاياللار.

مۇھەببەتنىڭ كانىدۇر،
قەلبى ئوتلۇق ئاياللار.
سىغدۇرالماس مېھرىنى،
دەريا ـ دېڭىز ئاراللار.

قاناتىدىن ئايرىلسا،
بولماس قۇشنىڭ قىممىتى.
ئاياللاردىن ئايرىلسا،
قالماس ئۆينىڭ زىننىتى.

ئۈزىلاركەن شىۋىرغان،
ياماشقاندا داۋانغا.
ئايالغا سىر ئېيتسا،
يەم قىلاركەن يامانغا.

تاجۇ ـ تەخت سۆلەتتۇر،
ئەزىز قىلغان ھۆرمەتتۇر.
پاك ۋىجدانلىق ئەر ئۈچۈن،
ياخشى ئايال دۆلەتتۇر.

ئۈچۈپ كەلگەن قارلىغاچ،
مۇز داۋاندىن ئۆتىدۇ.
چىن ۋاپادار ئاياللار،
پاك يىگىتنى كۈتىدۇ.

كۆز چاقنىتىپ تولۇن ئاي،
چۈشتى سۇغا شولىسى.
يىگىتلەرنى رام قىلار،
ئاياللارنىڭ تولىسى.

بولتۇر سۆيگەن چوكاننىڭ،
قۇچىقىدا بالىسى.

قىزى بارنىڭ يۈزى بار،
يۈزى بارنىڭ ئۆزى بار.
داڭلىمىغىن قىزىڭنى،
خەقنىڭ كۆرەر كۆزى بار.

كۆرۈش ئۈچۈن كۆز كېرەك،
ئاش - نان ئۈچۈن تۇز كېرەك.
باتۇر ئىشچان يىگىتكە،
خۇيى لېۋەن قىز كېرەك.

پېشايۋاندا قارلىغاچ،
قۇيرۇقىدا ئالىسى.

قۇشلار كۈنۈك ئەزەلدىن،
ئورمانزارلىق ئارالغا.
ئەرلەر مەپتۇن قەلبىدىن،
پەزىلەتلىك ئايالغا.

## مۇساپىرچىلىق، يالغۇزلۇق، دەرد-ئەلەم توغرىسىدىكى قوشاقلار

1

بۇغداي تېرىدىم بىر دانە،
ئۈنۈپ چىقتى مىڭ دانە.
ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ،
ئەمدى بولدۇم دىۋانە.

لاچىن سوققان توشقاننىڭ،
جاڭگالدا ئۇۋىسى بار.
بىز غېرىب-مۇساپىرنىڭ،
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار؟

ئاق قۇشقاچمۇ سايرايدۇ،
چاڭگىسىنى تاپالماي.
مۇساپىر باللا يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى تاپالماي.

ئۇششاق باللا ئوينايدۇ،
تال-چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىر باللا يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.

www.uyghurkitap.com



دۇتار چالسەن ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
مەن مۇساپىر بۇ يۇرتتا،
ئۆتمەيدۇ تۈگەل سۆزۈم.

ئېگىز تاغ ئاراسىدا،
ئۇلاي - كەكلىك سايرايدۇ.
سايرىغان ئۇلاي ئەمەس،
مۇساپىر باللا يىغلايدۇ.

شوتىنى قويدۇم شاتۇتقا،
مەن مۇساپىر بۇ يۇرتتا.
كەلگىنىم يامان بولسا،
قايتىپ كېتەي ئۆز يۇرتقا.

مەن ئۆزۈمنىڭ يۇرتىدا،
بەگ ئىدىم ھەم خان ئىدىم.
ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ،
مۇنداق بولارنى بىلمىدىم.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى پاتقاق،
پۇتۇمنىڭ پاتقىنى پاتقان.
يۇرتۇڭغا مۇساپىرمەن،
بېشىمنىڭ قاتقىنى قاتقان.

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
ئېتىمنىڭ قۇيرۇقى يەردە.
ماڭا غېرىبلىق يەتتى،
مېھرىبان ئانام نەدە؟

ئانام سورىسا، دادام سورىسا،
ھالىمنى بېرىپ دەڭلا.
ئۆزى غەمدە، كۆزى نەمدە،
يىغلايدۇ غېرىب دەڭلا.

غۇلجا دېگەن شەھەرنىڭ،
ئالمىسى تولا ئىكەن.
غېرىبچىلىق ماڭا يەتتى،
كەلمىسەم بولا ئىكەن.

قامچام يانىمدا قالدى،
ئاتىم ئالدىمدا كەتتى.
ئۆز يۇرتۇم دېگەن بىلەن،
غېرىبچىلىق ماڭا يەتتى.

كۆكتە ئۇچقان قۇش ئىدىم،
ئەمدى پېيىم تۆكۈلدى.
خەقنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
ئىسسىق يېشىم تۆكۈلدى.

ئۆرگىلىپمۇ، چۆرگىلىپمۇ،
باغقا كىردى كېپىلە[1].
كىشى يۇرتتا غېرىب بولدۇق،
بىز بۇ يەردىن كېتىلە[2].

ئىشىك ئالدى قوش ئېرىق،
قوش ئېرىقتا قوش بېلىق.
ئەجەبمۇ يامانىكەن،
ئۆزگە يۇرتتا غېرىبلىق.

يۇرتۇم گۈزەل كېرىيىدە،
ئويناپتىمقۇ بىر يەردە.
سېغىنىدىكمۇ دوستلىرىم،
غېرىب بولغان كۈنلەردە.

ئىشكايىلامدا قوش ئېرىق،
ئۆتۈپ كەتتى بەش بېلىق.
شۇنداقمۇ يامانىكەن،
سىرىغويىدە[3]غېرىبلىق.

راۋابىڭنى ئالساڭچۇ،
بېرىپ چۆللەردە چالساڭچۇ.
سەن مۇساپىر، مەن غېرىب،
مېنى ئارقاڭغا سالساڭچۇ.

ئىككى جەگرەن ئاتۇرمىز،
بىرنى - بىرىگە چاتۇرمىز.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بەش - ئالتە كۈن ياتۇرمىز.

2

قارا كۆز مېنىڭ يارىم،
يىراققا كەتتى.
كېلەمدىكىن - كەلمەمدىكىن،
قەرەلى يەتتى.
كىشى يۇرتىدا غېرىبلىق،
جانىمدىن ئۆتتى.

ئۇلاچىدا[4]مىڭ ئۇلا،
سايرىغىنى بىر ئۇلا.
ئۆز يۇرتىدا خارلانغان،
يېتىم ئوغۇل ئابدۇللا.

ئاقشۇ[5]دېگەن كەگرى تاغ،
مىڭ بەش يۈز قوي ئوتلايدۇ.
چۆللەردە ئۆلۈپ كەتسەم،
مېنى كىملەر يوقلايدۇ.

قوشتاغ[6] دېگەن بۇ يۇرتنىڭ،
ئالمىسى تولا ئىكەن.
غېرىبلىق ئەسىر قىلدى،
كەلمىسەم بولار ئىكەن.

① كېپىلە — كېپىنەك مەنىسىدە.
② كېتىلە — كېتەيلى مەنىسىدە.
③ سىرىغوي — يەر نامى.
④ ئۇلاچى — گوما ناھىيە كەگقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىدىكى جاي ئىسمى.
⑤ ئاقشو، ⑥ قوشتاغ — گوما ناھىيىسىدىكى جاي ئىسىملىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



تاغدىن كەلگەن لاي سۇنى،
سۈزۈپ ئىچكەن ئەر بارمۇ؟
يېتىم بېشىغا كۈن كەلسە،
ئۇنى بىلگەن ئەل بارمۇ؟

3

ئانىكام تۇغۇپتىكەن،
بىچارە بولغان باللىنى.
خۇدايىم بەرمەپتىكەن،
قاشى قارا ھەمراھىنى.

ئىچكىلى چاي بولمىسا،
ئولتارغىلى جاي بولمىسا؟
ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
كۆڭلۈمدىكى يار بولمىسا؟

ئۆينىڭ ئالدىدا ئېرىق،
شىلدىرلايدۇ بىر بېلىق.
ئەجەبمۇ يامانىكەن،
يارى يوق غېرىبچىلىق.

ھاۋانىڭ تۇمانلىقى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇقى.
بۇ مېنىڭ خامۇشلۇقۇم،
يانىمدا يارنىڭ يوقلۇقى.

كاككۇك قوندى تېرەككە،
قوغۇن چۈشتى پىلەككە.
ھېچكىم قاراپ قويمىدى،
مەندەك ئاجىز دېدەككە.

توخۇلار تامدا ياتامدۇ؟
تامنى بويلاپ قاچامدۇ؟
ئۆيلەنمىگەن ياش باللار،
تىزنى قۇچاقلاپ ياتامدۇ؟

4

دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا.
سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

بولمىغۇنچە تاڭ سەھەر،
بۇلبۇل قەپەسدە سايرىماس.
كەلمىگۈنچە دەرد ـ ئەلەم،
بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس.

خوتەننىڭ يولىدا ئەلەم،
مىرزىنىڭ قولىدا قەلەم.
يىغلىماڭلار ياش باللار،
بىزگە كەلدى دەرد ـ ئەلەم.

قۇلاقتىكى هالقاڭنى،
ئاي نۇسخىدا سوققانمۇ؟
ئانام مېنى ئارزۇلاپ،
دەرد تارتىشقا تۇغقانمۇ؟

يارۇ كەتتى ئەسسالام،
مەن يىغلىدىم تارام ـ تارام.
قاقشىتىپ يىغلاتقىلى،
تۇغقانمىدىڭ جېنىم ئانام.

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

دەردىم بارۇ ـ دەردىم بار،
باشىمدىكى چاچىمدەك.
دەرد تارتماي ئۆلۈپ كەتسەم،
هاۋادىكى لاچىندەك.

مەن فۇماستىن① قارىسام،
كۆرۈنمىدى سايىنىڭ تېشى.
ئەتىدىن ئاخشامغىچە،
قۇرۇمىدى كۆزنىڭ يېشى.

ئوقۇپ موللا بولاي دېسەم،
دۆۋەت بىلەن قەلەم يوق.
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى،
مېنىڭ تارتماسقا چارەم يوق.

زۇلپىكەشۇ ـ زۇلپىكەش،
ئەي جېنىم زۇلپىڭنى يەش.
ئىككى دەردمەن بىر بولۇپ،
ئىچىڭدىكى رەنجىڭنى يەش.

## قېيداش، رەنجىش تېمىسىدىكى قوشاقلار

مەن ئېتىمنى توقۇيمەن،
تاۋار يوپۇق ياپىمەن.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بەش، ئون كۈندەك ياتىمەن.

قىزىلگۈلنى دېمىسەم،
غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.
سىز يارىمنى دېمىسەم،
بۇ يۇرتلاردا تۇرغۇم يوق.

---

① فوماس — چىرا ناهىيىسىنىڭ بوستان يېزىسىدىكى جاي نامى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاشلىشىپ تاشلاشمىدۇق،
تاشلاشقىلى پايلاشمىدۇق.
بارمىغان يەرگە بېرىپ،
بىر كېچە مۈكداشمىدۇق.

ئىشىك ئالدىدا ئېرىق،
لەيلەپ چىقتى بىر بېلىق.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
بۇ يۇرتتا غېرىبچىلىق.

غېرىپ مەن دىلى سۇنغان،
يېنىمدا يوق ھەمرايىم.
بەندەم دېسە يارىمدىن،
ئايرىمىسۇن خۇدايىم.

بېغىڭدىكى گۈللەردىن،
بىرنى ماڭا بېرەمسەن؟
مەن يالغۇز مۇساپىرمەن،
كېلىپ سىرداش بولامسەن.

خەقنىڭ يۇرتى يۇرت ئەمەس،
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا.
كەچۈرمەيدۇ خۇدايىم،
مۇساپىرنى خورلىسا.

بۇ تاغلار، ئېگىز تاغلار،
جانۋارلار ئۆتەلمەيدۇ.
بۇ جايدىن مۇساپىرلار،
رۇخسەتسىز كېتەلمەيدۇ.

# ئىجتىمائىي مۇئامىلە توغرىسىدىكى قوشاقلار

## ئالغاچ كېلىنىڭ ئاداشنى

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
شال تىلىدۇ شالچىلار.
يانچۇقىدا پۇلى يوق،
پو ئاتتۇ پوچىلار.

بولمايمەنۇ بولمايمەن،
ئەسكى بىلەن بولمايمەن.
ئەسكى بىلەن بولغۇچە،
يالغۇز يۈرۈپ ئوينايمەن.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى،
باغدا ئەۋرىشىم.
مەن سىزگە نېمە قىلغان،
جانىم ئاداشىم؟

دەريادىكى ئاق تاشنى،
ئالغاچ كېلىنىڭ ئاداشنى.
دوستلىرىم دۈشمەن بولدى،
ئەمدى كۆرۈڭ ئويناشنى.

ئۇ مەللىدە قوراسى،
بۇ مەللىدە قوراسى.
بىزنى ئۇنداق چەكلىمەڭ،
بىزمۇ يۇرتنىڭ پۇقراسى.

ئۆرۈق سالماڭ زەيكەشكە،
هوسۇل بەرمەي تىندۇرار.
كۆكۈل بەرمەڭ پەسكەشكە،
سىزنى ئالداپ - پەندۇرار.

ئاق چەينەككە چاي قۇيسام،
كۆك چەينەككە دەز كەتتى.
خەق ئوينىسا هېچ گەپ يوق،
مەن ئوينىسام داڭ كەتتى.

تال سۆگەتنى ئەگمەڭلار،
ئەگكەن يەردە توختىماس.
مەستكە كۆكۈل بەرمەڭلار،
ئوڭلانغاندا يوقلىماس.

ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم،
ئوغلاق تارتىمەن ئەمدى.
مەن ساڭا راسا تويدۇم،
قوشاق قاتىمەن ئەمدى.

يۇگەن سالماڭ تايچاققا،
كۆنمىگىچە باش بەرمەس.
كۆكۈل بەرمەڭ دىۋەڭگە،
سۆيگەن بىلەن ئاش بەرمەس.

گىلەم توقۇپ يەرگە سال،
چاچنى ئۆرۈپ بەلگە سال.
بولا - بولماسشۇل يارنى،
ئالداپ - سىلاپ يولغا سال.

كۆز كەلدى غازاڭ چۈشتى،
باراڭلاردا ئۈزۈم يوق.
بىۋاپا يار كەلمىسۇن،
ئۇنى كۆرەر كۆزۈم يوق.

## بۇ ئالەم — ئۆزۈن ئالەم

ئىرىقتىكى مەن چاپتىم،
ياندۇرۇپ يەنە چاپما.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
بېشىڭغا بالا تاپما.

پىچان بولدى بىدىلەر،
ئوراپ باغلا باغلىقتا.
هاياسىزلىق يۈگەلمەس،
گۈللۈك شايى ياغلىقتا.

www.uyghurkitap.com



ئاق پىيازنىڭ پوستى بار،
كۆك پىيازنىڭ پوستى بار.
چوڭ گەپ قىلماڭ نوچىلار،
خوتۇنىڭىزنىڭ دوستى بار.

ما خېنىمنىڭ ئۈزلۈكى،
ئاپتاپتا قاپتۇ تۈزلۈكى.
ئالتىنچى ئاي تومۇزدىمۇ،
ئېرىمەپتۇ مۈزلۈكى.

ئاق كەپتەرمۇ ئۈنلىيتۇ،
كۆك كەپتەرمۇ ئۈنلىيتۇ.
ئۇ يەردىكى كۆك ماڭقا،
خوتۇننى بىزدىن كۈنلىيتۇ.

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام،
ئالما چۈشتى قېشىمغا.
زەپ ئەسقاتتىڭ ئادىشىم،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا.

خاماندىن تېپىپ كەلدىم،
قوناق سوققان كالتەكنى.
ئىشچان يىگىت دېمەيمەن،
ئادەم چاققان دالتەكنى.

شوپۇر باللا ھەيدەيدۇ،
ئات قوشمىغان ماشىنا.
يانچۇقىڭدا پۇل بولسا،
كىم بولمايدۇ ئاشنا؟!

دۇتارنى چالاي ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
كىشى يۇرتىغا بارغاندا،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
بەش بالامنى يېتىلەپ.
بەش بالامنىڭ ئانىسى،
مەلىكىخان سىبكىلەك.

كالا ئالساڭ تاغىل ئال،
ساغسا كۆشەپ بېرىتۇ.
سودىگەردىن ئاشنا تۇت،
يوقنى غەملەپ بېرىتۇ.

ئۇلۇغسايىڭ① يولىدا،
ئۆپكە يىگەن سانى كۆرۈك.
چاغلىماي كۆكۈل بېرىپ،
پالاقلىغان يارنى كۆرۈك.

ئۆستەڭ بويىغا چىقسام،
قاقمىغان قورۇق چىقتى.
چوڭ توي قىلىپ ئۆي تۇتسام،
ئايالىم بۇزۇق چىقتى.

مىس چەينەكتە چاي قۇيدۇم،
قايىنىغاندا بىلەلا.
مەن يامانمۇ ـ ياخشىمۇ،
ئايرىلغاندا بىلەلا.

① ئۇلۇغساي — چىرا ناھىيىسىنىڭ يېزىسى.

قىزىلگۈل تالا ـ تالا،
ئوينساڭ ئويۇن تولا.
ئويۇن دېگەن كۆڭۈل خۇشى،
تېپىلمايدۇ ئاتا ـ ئانا.

قارچىغامنىڭ ئۇۋاسى،
ئالتۇن چاڭگا ئىچىدە.
يارىمنىڭ ئوي ـ خىيالى،
يانچۇقۇمنىڭ ئىچىدە.

ئاق ئالما قىزارىپتۇ،
رەڭدە بوياپ قويغاندەك.
يار مېنى يامان دەپتۇ،
ئەجەب ئەمدى تويغاندەك.

پات ـ پات كەلمىدىڭ دەيسىز،
ئەجەب تولا نالىڭىز.
مېنى سىزدىن تەزدۇردى،
خادىنغا بوي هالىڭىز.

تۇمشۇقىمنىڭ يوقلۇقىدىن،
كىيىۋالدىم بۆز تەلپەك.
ئايرىۋەتتى بىزلەرنى،
گەپ توشۇغان شۇ دالتەك.

ئاتىنىڭ خۇلقى تايدا يوق،
تۆگمەن تېشى سايدا يوق.
كۆڭۈل بەرمە نادانغا،
ئۇندىن قىلچە پايدا يوق.

كۆكتات يېرىڭ ئېگىز قاش،
قاش بويىدا لوۋيا، ماش.
ئىشىمىزغا پەخەس بول،
دۈشمەن گۇيلار ئارىلاش.

تارازاڭدا تارتىپ باق،
قانچىلىكتۇ گۇناهىڭ؟
ئىشق ئوتى گۇناهىنى،
كەچۈردۇ خۇدايىم.

بۇ چىلىم گۈللۈك چىلىم،
گۈل بەرگىدىن ئۈزگەن چىلىم.
دەردمەننىڭ خۇمارىنى،
دېت بىلەن تۈزگەن چىلىم.

ئۇيانمۇ ئۆتەي دەيمەن،
بۇيانمۇ ئۆتەي دەيمەن.
ئىزايىڭغا قالغۇچە،
بۇ يۇرتتىن كېتەي دەيمەن.

مەخمەل تاش تۇماقىڭنى،
كىيىپمۇ بۇزۇۋەتمە.
بۇ ئالەم ـ ئۈزۈن ئالەم،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمە.

شاپتۇلنى قاق سالاي دەپ،
باغقا كىردىم شورىدىن.
ياخشى ياردىن ئايرىلدىم،
ئۆگەي ئانا زورىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگانە ئادرېسى



باغقا بىللە باراي دەپ،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
ماڭا ئانداق شو قويماڭ،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

نەقىش قىلىپ - گۈل ئويۇپ،
ئۆينى سالدىم رەستىگە.
هوشيار يۈرۈپ ئوينايلى،
كۆرەلمەسنىڭ قەستىگە.

بۇ ئالەمدە نىمە ياخشى،
ئاتا بىلەن ئانا ياخشى.
كۆيۈمسىز قېرىنداشتىن،
ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

كىشى مەندەك بولار بولسا،
كۆڭۈل بەرمىسۇن يارغا.
ۋاپا قىلمىغان يارنى،
ئېسىۋاتسۇن ئېگىز دارغا.

كىچككىنە يىمىشىم،
تاتلىققىنا يىمىشىم.
ئەمدى تاپتىم ياخشىنى،
يامان بىلەن نىمە ئىشىم!؟

## بالا بېقىش ۋە ئەر - خوتۇن ھەققىدە

ئۆگزەڭگە چىققان بىلەن،
چەللەڭگە ئۇلاشمايمەن.
ساڭا ئەسلا مەيلىم يوق،
بەربىر بولاشمايمەن.

دەردى يوق دەمسەن مىنى،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۈلۈم.
هازازۇل ئەسكى خوتۇن،
سالغاچ ماڭا كۈندە زۇلۇم.

ئانام مىنى تىللايدۇ،
بېقىۋالغان بالىسىدەك.
تىللاپ - تىللاپ ئالدايدۇ،
يىگى باغنىڭ ئالمىسىدەك.

تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپسىز،
تام باسمىسۇن قارا كۆز.
جۇپتىڭىزدىن ئايرىلىپسىز،
غەم باسمىسۇن قارا كۆز.

# تۇل خوتۇنلارنىڭ ھەسرەتلىك قوشاقلىرى

1

ئاھ خۇدا، ئۇلۇغ خۇدا،
ئاسماندا ئەيسا بارمىدۇ؟
سېنىڭ ئالدىڭدا بىز كەبى،
ئاسىي گۇناھكار بارمىدۇ؟

يار بېغىدا ئېچىلغان،
ئانار گۈلىنىڭ نارىمەن.
ھەر تەرەپكە يول سالغان،
بىۋاپانىڭ يارىمەن.

چىنىنى سۇنۇق دەپلا،
چىنىدىن كۆڭلۈم سۇنۇق.
بىزلىنى بۇزۇق دەپلا،
بىز ئەمەس، بەگلەر بۇزۇق.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەمدى سايرىماس بولدى.
يازدىن ئوينىغان يارلار،
ئەمدى قارىماس بولدى.

2

كۈتەرمەنمۇ - كۈتەرمەنمۇ،
شۇنچىمۇ كۈتەرمەنمۇ؟
كۆيۈپ قالغان يارىمنى،
سۆيەلمەي ئۆتەرمەنمۇ؟

يىراقتىن كەلدىم مېھمان بولاي دەپ،
ئامرىقىم سىزگە جانان بولاي دەپ.
جانانلىقىمغا جېنىمنى قوشۇپ،
قۇچاقىڭىزدا قۇربان بولاي دەپ.

مېنى بىر كىم سوراپ كەلسە،
«كۆڭۈل ئاۋارىسى» دەڭلا.
كۆزۈمدىن تامچىغان ياشنى،
«جىگەر خۇن پارسى» دەڭلا.

باغرىڭنىڭ قاتتىقلىقىنى،
ئوخشىتارمەن تاشگە.
زارى - زار يىغلاپ يۈرۈپ،
قوينۇم تولۇپتۇ ياشگە.

قوغۇن تېرىدىم مەككە،
پېچەپ بېرىمەن بەگكە.
ئاتا - ئانام تەگ دېدۇ،
بىر قېرى - چال دۈمچەككە.

قوغۇن تېرىدىم مەككە،
پېچەپ بېرىمەن بەگكە.
مەن ئۆلسەممۇ تەگمەيمەن،
ئۇنداق قاقۋاش پەيىنەككە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتابى



قوغۇن تېرىدىم مەككە،
پىچىپ بېرىمەن بەگكە.
ئاتا - ئانام تەگ دەيدۇ،
بىر ئىنساپسىز نامەردكە.

قوغۇن تېرىدىم مەككە،
پىچىپ بېرىمەن بەگكە.
تەگسەم تاللاپ تېگەرمەن،
خۇي پەيلى ئۆزۈمدەككە.

## بويتاق يىگىتلەر قوشاقلىرى

تۈنۈگۈن چۈش ۋاقتىدا،
سايراپ كەتتى غورۇلاي.
غورۇلاي بەختىنى تاپتى،
مەن تېخى بويتاق گاداي.

دۇتارىمغا تارى يوق،
چالاي دېسەم چارى يوق.
دەردى بارلار تېڭشايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

كەتسىلە كەلمەيدىلا،
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشمنى ئېيتاي،
ھەمراھ بولۇپ قالسۇن ماڭا.

ھاۋاغا چىقاي ئېگىز،
بۇلۇتقا ياپاي كىگىز.
بىر خوتۇن ئالاي دېسەم،
سېكىلەككەن يامان سېمىز.

سېنىڭ ئايۋان سارايىڭدىن،
مېنىڭ ئاپتاپلىقىم ياخشى.
سېنىڭدەك بېۋاپا ياردىن،
مېنىڭ تەنھالىقىم ياخشى.

بىزنىڭ مەللە ئېگەچى،
ماڭا جۇۋان تېگەچى.
بوغماق جۇۋان خېنىمنىڭ،
قولتۇقىدا كۆمەچى.

تاغ باشىدىن ئۇچتۇممەن،
تاغ باغرىنى قۇچتۇممەن.
تەلىيىمنىڭ يوقلۇقىدىن،
بىر نادانغا چۈشتۇممەن.

گالى ئۇلاغ مىنگۈچە،
ياياق يۈرگەن ياخشىراق.
ئەسكى خوتۇن ئالغۇچە،
بويتاق يۈرگەن ياخشىراق.

ئەجەب كەتمىدى قارلىغاچ،
پېشايۋاندىكى خەدىن.
يالۋۇرسىمۇ بارمايمەن،
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

ئاتىم بار دېگەن بىلەن،
يۈگەن سالمىسام بولماس.
يارىم بار دېگەن بىلەن،
خوتۇن ئالمىسام بولماس.

مۇز تۇتمىغان ئىلەكتىن،
ئۆتەلمەيسىز، ئاتلىماڭ.
مەندەك غېرىب يىگىتنى،
يولى يوق دەپ تاشلىماڭ.

ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆرۈنگىنى،
ساينىڭ چىراغى،
مەن يارىمنى كۆرەي دېسەم،
يولنىڭ يىراقى.

يىراق بولسۇن، يېقىن بولسۇن،
داۋانى يوقتۇر.
مەن يارىمنى ئىزدەپ تاپسام،
ئارمانىم يوقتۇر.

هاۋاغا چىقاي دەيمەن،
بۇلۇتقا مىنەي دەيمەن.
ئۆزى كەلمىگەن يارنى،
ئۈندەپ ئەكىلەلمەيمەن.

ئاسماندىكى سا بولدۇم،
خەق يۇرتىدا خار بولدۇم.
يىراقتىكى يارىمنى،
بىر كۆرۈشكە زار بولدۇم.

گۈلنىڭ تۈۋىدە سىنچاي،
ئىچىشكە خۇمار بولدۇم.
يالغۇز قېلىپ يۇرتۇڭدا،
ئوتۇڭدا بىمار بولدۇم.

باغنىڭ ئەجەب هاۋالىق،
سەيلە قىلاي خۇمالىق.
سىرداش بولۇڭ خۇما كۆز،
يامان ئىكەن تەنهالىق.

ئايۋانىڭدا ئاي ساندۇق،
سارايىڭدا سىم ساندۇق.
ئۇن كۈن بولدى هېچ گەپ يوق،
سەندەك ياردىن بىز تاندۇق.

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ كېلىپ ئاقسۇن.
يارمۇ بىزنى يار دېسە،
بۇياققا كېلىپ باقسۇن.

ئارال يېزا يوللىرى،
ئەگرى ئەمەس، روس ئىدى.
مېنىڭ قىلغان گەپلىرىم،
يالغان ئەمەس راست ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىشىك ئالدى تال بوستان،
سايە بەرمىگەن بوستان.
ئاغزىدا دەپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن دوستۇم.

ئاخشام چىقسام تالاغا،
يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ.
مەن يارغا نىمە قىلغان،
يار مەندىن يامانلاپتۇ.

توپ - توپ بولۇپ يەپ بولدى،
سىرىق ھەرە ئۈزۈمنى.
سەن مىنىڭ يارىم تۇرۇپ،
ئاڭلىمايسەن سۆزۈمنى.

دۇتارىمنىڭ تارىسى،
ئۈزۈلمەيدۇ خۇاشۇدىن.
بىزنىڭ يارلار كەلمەيدۇ،
ئۈرۈمچىدىن - داشۇدىن.

كىرىپە يوللىرى تاشلىق،
جىرىم سالارنىڭ ئورنى يوق.
سەن كەلمىسەڭ جان يارىم،
مەن بارارنىڭ ئورنى يوق.

تاشلىدىڭ مىنى يارىم،
بوي سۇنماي قارارىڭغا.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

ئىشىك ئالدى سالاسۇن،
يارىم كىلىپ قالاسۇن.
قالىغانغا چىقمايمەن،
سىرىق گۈلدەك ساغاسۇن.

ئۆزى كەلسۇن دەممىتۇ؟
سۆزى كەلسۇن دەممىتۇ؟
ئۈلۈغ دەريا سۈيىدە،
ئېقىپ ئۆلسۇن دەممىتۇ؟

بۇلۇت ئەگىپ كىتەلمەيدۇ،
تاغ باشىدىكى قاردىن.
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

سوقلى بازغانلىنى،
چاپلى ئازگاللىنى.
ئۆلگىچە يارىم دىمەسمەن،
ئەقلىدىن ئازغانلىنى.

كۆك قومۇشقا ئوت قويسام،
سارغىيىپ كۆيسە ئىكەن.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
ئايرىلىپ ئۆلسە ئىكەن.

ئاھ دىسەم چىقار يالقۇن،
يۈرىكىمنى تىترىتىپ.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ،
بىۋاپا يار يىغلىتىپ.

بادام دوپپا ئۆزۈمنىڭ،
بەر دىگەنگە بەرمەيمەن.
سەندىن كۆڭلۈم رەنجىسە،
بىر كەتكەنچە كەلمەيمەن.

كۆچەت تىكسەم باغ بولدى،
ئوتايدىغان چاغ بولدى.
ماڭا قىلغان ئاھانەت،
يۈرىكىمگە داغ بولدى.

ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ،
ئۆيىڭىزدە يوقمىدى.
بىر كىتىپ ئۇنۇتتىڭىز،
كۆڭلىڭىزدە يوقمىدى.

ئۆستەڭ بويىدا ئاشنام،
بارسام بىرىدۇ دەشنام.
مەن بىرەي دىسەم دەشنام،
دەسلەپكى تۇتقان ئاشنام.

بۇ يىل قوناق بەك بولدى،
چۈجە - خوراز يەپ بولدى.
كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيسىز،
دۈشمەن سىزگە دەپ بولدى.

ئات مىنىپسىز يۈگەنسىز،
مىنىپ بىقىپ بىلگەنسىز.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
يالغۇزغىنا يۈرگەنسىز.

چىچىڭىنى ئۆرۈن دەمسەن،
ئۆرۈن قىلغان پۆپۈكى.
مەنمۇ ئەمدى بارمايمەن،
قورساقنىڭ بار كۆپۈكى.

لەيلىگۈل غۇنچىسىغا،
قونۇپ تورار تۇمۇچۇق.
چىرايىم سارغايغاندا،
خوشال بولغان قوڭى ئوچۇق.

قارا كۆزۈڭ قايناشۇ،
چاچىڭ بەلگە چىرماشۇ.
ئون بەش كۈندە بىر كەلسەم،
داڭلىق يارنىڭ ھالى شۇ.

ئاخشام باردىم مەلەڭگە،
ئاچاڭ قوپتى لەغمەنگە.
لەغمىنىڭنى يىمەيمەن،
زىيان قىلار مەيدەمگە.

قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز.
زارۇ - زار يىغلاتتىڭىز،
يوقمىكەن خۇدايىمىز.

ئاسماندىكى ئاي ئىدىم،
سۇغا چۈشۈپ لاي بولدۇم.
ئەتىۋار بىر گۈل ئىدىم،
سىنىڭ ئالدىڭدا خار بولدۇم.

www.uyghurkitap.com



مەن ساڭا كۆڭۈل بېرىپ،
قالدىم پاتمان بالاغا.
ھېچ ئىلاجىم يوق مېنىڭ،
يىغلاي قادىر خۇداغا.

بۇلۇت ئايغا دالدا بولدى،
چىقمىدى ئاي پارسى.
مەن ئۆلەر ھالەتتە ياتسام،
قېنى يارنىڭ قارىسى.

باشقىغا قىلغان ۋاپانىڭ،
مىڭدىن بىرنى قىلمىدىڭ.
ئەسلىي بىر نادان ئىكەنسەن،
ئەقىدەمنى بىلمىدىڭ.

ئىشىك ئالدىدا تېرەك،
كېلىپ كەتمىگەن يارىم.
ئاغزىدا دەپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىم.

تام تۆپىسىدە بوز پاختەك،
كاككۇك بىلەن يۇرگۈدەك.
يارىم ھەممە بالانى،
مەن ناداندىن كۆرگۈدەك.

ئاخشام باردىم مەلەڭگە،
بارغىنىمنى بىلدىڭمۇ؟
شەپە بەرسەم شۇنچە كۆپ،
ھېچ چىقمايسەن ئۆلدۈڭمۇ؟

## ئەر بىلەن خوتۇن ھەققىدە قوشاقلار

1

زەپ مېھرىباندۇر،
ئەر بىلەن خوتۇن.
مېھرىبان قىلغان،
تاۋار ھەم دۇردۇن.

يانچۇقۇڭدا پۇل بولۇپ،
خالتىڭىزدا ئۇن بولۇپ،
ئۇننى تەپسەڭمۇ،
كەتمەيدۇ خوتۇن.

ئەجەب مېھرىباندۇر،
ئەر بىلەن خوتۇن.
مېھرىبان قىلغان،
بىر ياغاچ ئوتۇن.

يانچۇقۇڭدا پۇل بولماي،
خالتاڭدا ئۇن بولماي،
مېڭنى سۆيسەڭمۇ،
تۇرمايدۇ خوتۇن.

2

قولو تاغنىڭ ئاتلىرى،
تۇرمايدۇ تۇسانلىقتىن.
ئەرنىڭ تەۋى ئۆسمەيدۇ،
خوتۇننىڭ ئۇساللىقتىن.

باغقا بۇغداي تېرسا،
يالاڭ بۇدۇشقاق بولغۇدەك.
يانچۇقتا پۇل بولمىسا،
خوتۇن ئۇرۇشقاق بولغۇدەك.

خوتۇن بولسا سۆزۈك بولسا،
قولدا ئۆزۈك بولسا.
ئۆزى ئوبدان پاكىزە،
ئىشلىرى تۈزۈك بولسا.

## قېينانا ھەققىدە قوشاقلار

قېينانامنىڭ قىزىغا،
دۇخاۋا ئالسام نېمە بولا؟
قېينانام ئوبدان خوتۇن،
غولجىرىغا سالسام نېمە بولا؟

كېچە كۆرگەن چۈشۈمدە،
قېينانام ئۆلۈپتىمىش.
چۆگۈنىدىن چاي تۆكۈلۈپ،
باش - كۆزى كۆيۈپتىمىش.

قېينانام ئوبدان خوتۇن،
يۈدۈپ يۈرۈپ باققۇم كېلەر.
ئاچچىقىمنى كەلتۈرسە،
قۇڭىنى چاققۇم كېلەر.

قېينانام كېسەل ئەمەس،
كېسەل بولۇپ ياتقان ئەمەس.
قېرىغىنچە بىر قېتىم،
ناخشىغا قاتقان ئەمەس.

قېينانام ئاشپەز خوتۇن،
ئۇماچ بىلەن سىقماق ئېتەر.
ئالدىمغا سالسا داستىخان،
تىللاپ قويۇپ كەتكىم كېلەر.

نان بەرسە كۆيۈك بەردى،
ئاش بەرسە سوۋۇق بەردى.
ئەجەبمۇ يامانكەن،
يېتىمغا ئۆگەي دەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەمگورغا مەن كىردىم،
تۇرغىن ئانا سالامىم بار.
ئۆگەيلىكتىن زار قاقشاپ،
ساڭا ئېيتار زارىم بار.

سۈيۈق ـ سەلەڭ ئاش ئەتتىم،
گۆشنى توغراپ چامغۇردەك.
ئۆگەيلىكنىڭ دەردىدە،
يىشىم ئاقتى يامغۇردەك.

## تەييارتاپ ھۆرۈنلار ھەققىدىكى قوشاقلار

1

ياز بولسا، قىش بولمىسا،
نان بولسا، ئىش بولمىسا.
ئالسام ـ يىسەم بەرمىسەم،

ھەرەمگە كەتسەم، كەلمىسەم.
زەردار بولسا تۇغقىنىم،
نامرات بولسا كۆرمىسەم.

2

تالىپ ئىمىش ئاتلارى،
باشىدا يوغان سەللە.
ئىشلىمەي دۇئا قىلسا،
نەدىن كېلىدۇ زەللە.

موللام دەيدۇ، موللام دەيدۇ،
موللام بىر قاپاق سەللە.
پايدا كۆرمەي ئوقۇماس،
تاماخور قىلىن دەللە.

3

كېۋەزلىكنىڭ توسمىسنى،
شاخ ـ شۇمبىدا چىتلايدۇ.
يازدا ئويىنغان نوچام،
تونۇر بېشىدا قىشلايدۇ.

ئېشىكى ئورۇق باللا،
ھەر ماڭدامدا خىتلايدۇ.
ئىشتىن قاچقان ھۆرۈننىڭ،
ياقىلىرى پىتلايدۇ.

باغدا گۈللەر بولمىسا،
بۇلبۇل قانات قاقمايدۇ.
ئەمگەك سۆيمەس ھۆرۈنلار،
چوكانلارغا ياقمايدۇ.

تەرلىتىپ مىنمىگەن تۇلپار،
ئۆزۈن يولدا ئاقسايدۇ.
يەرنى ئالدىغان ھۆرۈن،
يوقسۇزلۇقتا قاقشايدۇ.

4

تۇغۇلغانمۇ ئەسلىدە،
سەن مۇساجان كەم ئەقىل.
سەت ئەمەسمۇ بۇ كۈنلەردە،
بولۇۋەرسەڭ كەمبەغەل.

چاشقان، قوڭغۇز قىچىپتۇ،
كىرىپ بىقىپ ئۆيۈڭگە.
يەنە شۇكرى قىلامسەن،
مۇشۇ خاراب كۈنۈڭگە.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان،
ھەر يىل بولدۇڭ «بەش كىپىل».
ھەر ئىشنىڭ چېكى باردۇر،
ئەمدى بولغىن سەن خىجىل.

چۈمۈلىنى كۆرگەنسەن،
بەك ئىشلەيدۇ ئۇ سىجىل[1].
باي بولۇشنىڭ يولى بار،
بولساڭ ئەمگەككە ئىجىل.

## ئەقلىيە سۆز نەزمىلىرى

ماختىغان باغۋەن بولالماس،
ئەسلى باغۋەنلىك باغنى ياساشتا.
توغان سالغانغا باغقا سۇ كەلمەس،
باغنى سۇغارماق سۇنى باشلاشتا.
تام سوققان بىلەن باغ ئاۋات بولماس،
باغنى ئاينىتىش كۆچەت سېلىشتا.
كۆچەت سالغانغا مېۋە ئوخشىماس،
تاتلىق مېۋە يېيىش قايتا ئۇلاشتا.
گۈلنى پۇچىغان سۆيگەنلىك ئەمەس،
گۈلنى سۆيگەنلىك ئۇنى ئاسراشتا.
شالغۇت ئۇرۇقتا ئاشلىق ئوخشىماس،

① سىجىل — داۋاملىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مول ھوسۇل ئېلىش ئۈرۈق تاللاشتا.
سورۇش بىلەنلا قوقان ئايرىلماس،
گۈرۈچنى ئاقلاش ئوبدان سوقۇشتا.
ئىنجاسىز مۇشۇك چاشقان تۇتالماس،
چاشقاننى تۇتۇش ئوبدان ماراشتا.
ئىس سالغان بىلەن قازان قاينىماس،
قازان قاينىتىش ئوتنى قالاشتا.
پەمى بار باققال جىمجىت ئولتۇرماس،
كۆپ سودا قىلىش مالنى ماختاشتا.
لاۋىلىق كۆلنىڭ سۈيى تەمسىزدۇر،
تاتلىق سۇ ئىچىش كۆلنى كولاشتا.
بۆرە بار تاغنىڭ مېلى ئاينىماس،
مالنى ئاينىتىش بۆرە ئوۋلاشتا.
موتەك پالتىدا كۆتەك يېرىلماس،
كۆتەكنى يېرىش پالتا قاڭلاشتا.
‹ چىگى - چىگى› دەپ ئۆچكە سەمرىمەس،
ئۆچكە سەمرىتىش ئوبدان بېقىشتا.
چۆلگە ھەيدىگەن باققانلىق ئەمەس،
ئوبدان باقماقلىق جىگدە قېقىشتا.
ئېتىلغانچە ئوق تەگمەس نىشانغا،
ئوقنى تەگكۈزۈش چېنەپ ئېتىشتا.
چاغلىماي ئۆچقان بۈركۈت بولالماس،
گەپنىڭ مۇھىمى قايتىپ قونۇشتا.
چاينىمىغان ئاش سىڭىشلىق ئەمەس،
ئۇنىڭ سىڭىشى يۇمشاق چايناشتا.
ئاغزى بوش يىگىت ئۈزۈن يار بولماس،

مەڭگۈ يار بولۇش سىرنى ساقلاشتا.
گەپ قىلىش ئاسان، يۇغۇشتۇرماق تەس،
قاتتىق ئويلانغىن، گەپنى باشلاشتا.
ئەيلىگەن بىلەن تېرە يۇمشىماس،
ھەقىقىي يۇمشاش تېرە ئاشلاشتا.
شاگىرت ئالغانغا ئۇستا ئاتالماس،
ئۇنىڭ قىممىتى توغرا باشلاشتا.
ئاقىل بوينىنى تۇتمايدۇ ئۆرە،
تەكەببۇر، كىبىر دىۋەڭ بەڭۋاشتا.
ھۇرۇن ئادەمنىڭ مەنزىلى چەكسىز،
مەنزىلگە يېتىش ئالغا چامداشتا.
كۆرۈنگەن تاغمۇ ئالدىڭغا كەلمەس،
تاغقا يەتمەكلىك داۋان ئاتلاشتا.
شامال بوراندا سامان ئايرىلماس،
ساماننى ئايرىش ئارا ئېتىشتا.
ياخشى ئىشلىگەن ھەرگىز خار بولماس،
ئەسلىي خار بولۇش بىكار يېتىشتا.
بىكار ئولتۇرغان راھەت كۆرەلمەس،
راھەتلىك تۇرمۇش ئىشلەپ تېپىشتا.
ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى تىنجىماس،
كۆڭۈل ئارامى ساپ دىل بولۇشتا.
تۇرۇلگەن قاپاق كىشىگە ياقماس،
چىراي زىنىنتى ئىللىق قاراشتا.
ئادەم بولسىلا ئادەم ئاتالماس،
ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئەلگە ياراشتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ساتىرىك قوشاقلار

1

تاغدا قويىڭىز بەش يۈزگە يەتتى، سۆكەك غاجىغان ھەمرىيىم،
ئون مو يەردە قوغۇن تىرىپ، شاپاق غاجىغان ھەمرىيىم.
ئۆزى بىسىق ھەمرىيىم، گېپى سىسىق ھەمرىيىم،
ئۆزىڭىز ئۇزاقتا ھەمرىيىم، يېتىشىڭىز دوزاختا ھەمرىيىم.
بالىنىڭ كىچىكى بۆشۈكتە، يەنە قالدى قورساقتا ھەمرىيىم،
يېيىشىڭىز خام سەي ھەمرىيىم، كىيىشىڭىز پولاك خەي ھەمرىيىم.
ئىچىمدىكى دەردىمنى قوشاق قىلىپ شۇنداق دەي ھەمرىيىم،
ئاھ ھەمرىيىم، ۋاي ھەمرىيىم، قانداق قىلاي ئەمدى ھەمرىيىم.

2

ئىشتىيى بار قاسىم، ئىشتا يوق قاسىم،
ئامباردا بار قاسىم، ئەمگەكتە يوق قاسىم.
تالادا بار قاسىم، ئۆيدە يوق قاسىم،
باغدا بار قاسىم، تاغدا يوق قاسىم.
ئۆزى كالتە قاسىم، قولتۇقىدا خالتا قاسىم،
ئۆيىڭىز ئويتوغراقتا قاسىم، يۈرۈشىڭىز ھەر قايتاقتا قاسىم.
ئىشلىمەي تىلەپ يەپ، خاپا بولماسىز قاسىم،
ئۈستىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپسىز، ئۆيىڭىز قاياقتا قاسىم.

3

ھەي ھاراقكەش، ھاراقكەش،
چىرايىڭغا قاراپ باق.
چوڭ رەستىدە يېتىپسەن،
ھەر يانىڭغا قاراپ باق.

تۇرالمايسەن ئورنۇڭدىن،
دەرمانىڭغا قاراپ باق.
سېنى شۇ ھال مەست قىلغان،
شەيتانىڭغا قاراپ باق.

كۆندە ئۈچ ۋاخ ئىچسەن،
سۇ ئىچكەندەك ھاراقنى.
ئاياللارغا قاش ئېتىپ،
راسا يېدىڭ تاياقنى.

ساڭا ئەمدى بازار يوق،
دۇكانىڭغا قاراپ باق.
سەن مۇسۇلمان ئوغلىمۇ،
ئىمانىڭغا قاراپ باق.

4

توشقۇزۇپسەن سومكاڭنى،
شاراب بىلەن كاۋاپقا.
ماڭدىڭ سەن ئەي بۇرادەر،
قايسى يەرگە تاۋاپقا.

ئېگىلىپتۇ بەللىرىڭ،
سەجدە قىلىپ دوڭغىيىپ.
يېشىڭ يەتمەي قىرىققا،
قاپسەن شۇنچە مۈكچىيىپ.

ياشىغۇچە باش ئۇرۇپ،
ئۆلۈپ كەتكىن تىك تۇرۇپ.
مەردلىكىڭگە خالايىق،
قالسۇن ئالقىش ياغدۇرۇپ.

5

ئالدىم دۇلانىڭ قىزىنى،
ئايدا يۇمايدۇ يۈزىنى.
قوپ يۈزۈڭنى يۇ دېسەم،
ئۇيدەك ئالايتتى كۆزىنى.

ئاچا توغراقنى كۆرۈپ،
مازار غوجام دېگەن دولان.
ياۋا توڭگۇزنى كۆرۈپ،
سېغىن كالام دېگەن دولان.

6

بېشىدا پوسما مەزىلىك،
قېشىدا ئوسما مەزىلىك.
بالىسىنى بۆلەپ قويۇپ،
بازارغا كەتكەن مەزىلىك.

بەكمۇ يۇمشاق مەزىلىك،
شۇنداق ئوبدان مەزىلىك.
قازانغا جىگدە سېپ قويۇپ،
بېشىنى تارىغان مەزىلىك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەك چىرايلىق مەزىلىك،
خۇما كۆزلۈك مەزىلىك.
قەنتتىن تاتلىق مەزىلىك،
شېرىن سۆزلۈك مەزىلىك.

7

ياغلىقىمنىڭ ئۇچىغا،
چېكىپتىمەن پەرۋادىنى.
مەستلىكىمدە تاللىماي،
سۆيۈپتىمەن ئاۋارىنى.

ئۆكۈت قويدۇم تولۇمغا،
چۆرۈپ سالدىم دولاغا.
تولۇق تاۋۇزنى تولا يەپ،
جىغاپ سالدىم بۇلۇڭغا.

8

ئاق چەينەكنىڭ جوغىسىدا،
چىنىگە چاينى قۇيغۇزىمىز.
نوچىلىقنى ئاز قىلىڭ،
پۇشايمانغا تويغۇزىمىز.

چىمەن دوپپا كىمنىڭكى،
سۇمبۇل چاچلىق قىزنىڭكى.
چوڭ گەپ قىلماڭ رەسۋالار،
بىزدىن ئاشقان سىزنىڭكى.

ئاق پىيازنىڭ پوستى مەن،
كۆك پىيازنىڭ پوستى مەن.
چوڭ گەپ قىلماڭ نوچىلار،
ئاچىڭىزنىڭ دوستى مەن.

نوچىلار يا - نوچىلار،
داغدا قالغان نوچىلار.
نوچىلىقتا يېتەلمەي،
يادا قالغان پوچىلار.

ئۆستەڭنىڭ ئۇ قاتىدا،
شال ئۆتايدۇ شالچىلار.
يانچۇقىدا بىر پۇل يوق،
چوڭ سۆزلەيدۇ پوچىلار.

9

ئات ئوقۇردا ئامانمۇ؟
بىدە يەمدۇ سامانمۇ؟
خەق ئوينىسا ھېچ گەپ يوق،
بىز ئوينىساق يامانمۇ؟

ئۆستەڭنىڭ تىگى تاشلىق،
تىرسام بولار ئاشلىق.
بىزنى سوتلىماڭ باشلىق،
سىزدە يوقمىدى ياشلىق.

10

ئاشنا تۇتسا قىرىنى،
پىدا قىلار جېنىنى.
بىر قاپاقتا يىغى بار،
كۆمەچ ئېتەر بىرىنى.

گۈللۈك باغقا تور سېلىپ،
تۇتۇۋالدىم ھەرىنى.
بىر بۇلۇڭغا سولىۋالدىم،
ئەللىك، ئاتمىش قىرىنى.

ئون تاغاردا ئۇنى باركەن،
كۆمەچ ئەتتى بىرىنى.
كۆمىچىنى يەپ بولۇپ،
قوڭغا تەپتىم قىرىنى.

قىرىنى قىرى دېمەڭ،
قىرى دەلۋانچى بولۇر.
قىرىنىڭ بىر تال تۈكى،
موزايغا باغلانچى بولۇر.

11

شەمبازاردىن گۈلە ئالسام،
خۇۋەينە①ئەمەس خەشەككەن.
شەمبازاردىن يار تۇتسام،
بېشىدا تۈك يوق پاخشەككەن.

باغقا كىردىم سۇ ئىچەي دەپ،
لايلىقىنى بىلمىدىم.
باشىدا ياغلىق بار ئىكەن،
تازلىقىنى بىلمىدىم.

ئۆگزەمدە ئالا پاختەك،
ماشنى چايناپ ياتىتۇ.
تاز خوتۇننى ئاشنا تۇتسام،
بېشىنى قاشلاپ ياتىتۇ.

تۈگمىنىمنىڭ نورى تار،
بىر تاشلىق سۇ تەس پاتا.
تاز خوتۇنغا ئۆيلەنمەڭ،
ئۇزۇن چاچقا گەپ تاپا.

---

① خۇۋەينە — ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



12

نەدىكى بىر ئاداش كېلىپ،
تاماكا سال دەيدۇ مېنى.
مەنمۇ ئەقلىمگە كېلىپ،
چىلىمچى قىلسامچۇ سېنى.

نىمە دەيدۇ ما ئاداش،
شاپاق غاجامدۇ ما ئاداش.
سېنىڭ گېپىڭنىڭ لازىمى يوق،
ئوقۇشقا مەيلىم با ئاداش.

13

ئوسمانشا بېگىم،
ئوبدان بەگ ئىدى.
ياققان زاغرىسى،
بىر سەر كەلمىدى.

ئەگرى دەستىنى،
ئۆشنەمگە سالدىم.
ئالتە زاغرىنى،
قوينۇمغا سالدىم.

ئېتىزغا بارغۇنچە،
ئۆلۈپ① قالمىدى.
كەتمەن سالغۇچە،
ماغدۇر قالمىدى.

كەتمەننى قويدۇم،
چۆنەك قېشىدا.
بېشىمنى قويدۇم،
قىرنىڭ بېشىدا.

14

ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا،
سالدۇق بىز تۇرۇن.
هاراق ئىچىپ يۈرىدۇ،
هاماقەت هۇرۇن.

هاراق خۇمار هۇرۇنلارنى،
باسار پالاكەت.
هاراقكەشلەر ئەھدىسىز،
بولماس ساداقەت.

شاراب بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈر،
ساراڭدەك كەتتى.
ئاشۇ بەڭۋاش نادان چاغلار،
ۋەيرانە ئۆتتى.

شاراب مېنى خاراب ئەتتى،
ئەقلىمنى تاپتىم.
مەيخورلۇقتىن يىراقلاشتىم،
بەختىمنى تاپتىم!

---

① ئۆلۈپ — بىر چىشلەمدىن ئوشتۇپ ئاغزىغا سېلىش مەنىسىدە.

## ئوغرى - قىمارۋاز، بەڭگى - قەلەندەر توغرىسىدا

1

ئول جاهاندا شۇنداق ئادەم ئەيىبلىكتۇر،
ئاشۇلارغا سىڭىپ كەتكەن كېيىپلىكتۇر.
كەيىپ دېگەن جان - بەدەنگە زەئىپلىكتۇر،
كۆڭلەر ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى مەيىپلىكتۇر.

قىمارۋازنىڭ ئاجايىپ ئىشلىرى باردۇر،
ياقىسىدا كالتە قۇيرۇق پىتلىرى باردۇر.
ئۇتسام دەپ خام خىيال قىلىدۇ دائىم،
هويلىسىدا ئالا بويۇن ئىتلىرى باردۇر.

بەزىدە پادىشاھتەك ماڭالماي قالۇر،
بەزى قەلەندەردەك لاغايلاپ قالۇر.
بەزىدە كۆكسىنى نەم يەرگە يېقىپ،
بۇزغان پۇللارنىڭ دەردىنى ئالۇر.

بەزىدە ئۆيىگە گىلەم دۈۋىلىنىپ كېتەر،
بەزىدە پۇچۇق نانغا تەلمۈرۈپ كېتەر.
قىمارنى ئويناپ - ئويناپ قىزىپ كەتكەندە،
باللىق خوتۇنىنمۇ دوغا تىكەر.
«ئەمسى بۈگۈن ... ھە» دەپ گەپلىشىپ قالۇر،
پۇل تاپقاندا يالىشىپ ئەپلىشىپ قالۇر.
پۇلى تۈگىسە تاملارنى تېشىپ،
ئاخىرى تۈرمىگە كەپلىشىپ قالۇر.

www.uyghurkitap.com



2

ئۆيلىرىڭگە كىردىم مېھمان،
ئىشكلىرىڭگە دەمنى قاق، بەگگى.
قەيەرگە بارساڭ كۆزۈڭ چىلىمدا،
نەشىگە تويىمغان خام قاپاق بەگگى.
مەستلىكىڭ تارقىماي بازارغا بارساڭ،
گۇرۇچ دەپ ئالغىنىڭ ئاق قوناق، بەگگى.
ئىككى جىڭ بۇغدايغا يەتسەڭ ناۋادا،
ئۆيمۇ ئۆي ئىزدەيسەن يارغۇنچاق بەگگى.
يۈزلىرىڭ كۆكۈشتۇر خام پىتىنگادەك،
كۆزلىرىڭ ھەمىشە سەت چاپاق بەگگى.

مەدەت تىلەر چىلىمدىن دىۋانە بەگگى،
كەندىر ئوتى يىقىلسا پەرۋانە بەگگى.
خۇمارى تۇتقاندا قوزغايدۇ جىدەل،
سەپرا مىجەز ۋەيرانە بەگگى.
چىلىمنى شورىسا كۆڭلى خۇشالدۇر،
مەستلىكتە بىر سائەت مەردانە بەگگى.
ھەر يانغا قارايدۇ ئۈيدەك ئالىيىپ،
نەشىنىڭ كوچىگە ھەيرانە بەگگى.
ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ چوش كۆرەر كۈندۈز،
گەپ - سۆزى پاسكىنا ئەپسانە بەگگى.
ئىچىگە ئىس تولۇپ «ئەھۇ - ئەھۇ ...» دەپ،
توختىماي يۆتىلەر بىچارە بەگگى.
مۇشتۇمدەك نەشىگە يەتكەن كۈنىسى،
دوستىنى ياراتماس شاھانە بەگگى.

# ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى

1

دوستلىرىم ئاڭلاڭ، بىر ھېكايە قىلاي،
ياخشى گەپلەرگە مەن باھانە قىلاي.
قىلدىلەر پەرمان ئۇل سۇلايمانى،
يىغىلىپ كەلدىلەر بارچە ھايۋانى.
ھەممىگە سورۇن قىلدىلەر تايىن،
ئات بىلەن تۆگە تالاشتى ئورۇن.

2

تۆگە ئاتقا دېدى: — ئەي تېرىسى قاق،
مەن ساڭا گەپ قىلاي، كېلىپ ماڭا باق.
ئۆتكەزگىچە سېنى ئوڭ يانغا،
خەنجەر ئۇراي بۇ ئەزىز جانغا.
سەن خارلىقنى تولا خوپ بىلسەن،
ئىشىك ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇرسەن.
چۈشكىچە مىنسە ھېرىپ قالسەن،
خارۇزارلىقتا قېرىپ قالسەن.
ئورۇقلاپ قالساڭ ھېچكىم باقمايدۇ،
تونىنى ئۈچاڭغا ھەرگىز ياپمايدۇ.
ئىگىرىڭنى يۇدۇپ ئىگەچىمدىك،
پودىقىڭ قارىكەن كۆمەچىمدىك.
قەددىم بار مېنىڭ سام، نىرىماندەك،
قۇيرۇقۇم باردۇر دىۋە ئەپسەردەك.
مەسىل بولسام مەن بىلىمنى مۈكچەيتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەزەل ئوقۇيمەن كۆزۈمنى چەكچەيتىپ.
ھېچ كىشى يوقتۇر مەندىن چىرايلىقراق،
ئۆزۈم غۇنچە بويلۇق، پۇتۇم يۇملاق.
ھەر لۇكام باردۇر بىر ئېگىز تاغدەك،
ئولتۇرۇپ، قوپۇشۇم سىرىغ ياغدەك.
ھەممە قىزلار ماڭا نازارى قىلۇر،
ئىشقىمدا يۈرەكنى مىڭ پارە قىلۇر.
ئەجەب ئۆزدۇر مېنىڭ يېتىپ، تۇرۇشۇم،
يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇكان قۇرۇشۇم...
ئات قوپۇپ كەتتى ئەمدى ئورنىدىن،
تۇتۇۋالدى تۆگىنىڭ ئىككى بۇرنىدىن:
تەرىپ ئەتمە ئۆزۈڭنى ئەي كوسا ماڭلاي،
ھەر گېپىڭ بولسا ئەمدى مەن ئاڭلاي.
قەدىمكى زاماندىكى پالۋانلار،
مىنى قانات قىلغان جەڭگە ماڭغانلار.
مۇستاپاغا مەن بولغانتىم دۇلدۇل،
سەندەك پاسقىنى قىلارمىدى قۇل؟!
قىلسا ئىسلام ئاچىپ، جوھۇت بىلەن جەڭ،
يۈگۈرەلمەيسەن تۆگىۋاي مېنىڭ بىلەن تەڭ.
ئارغىماق كەلسە ئەگەر بۇ دۇنيارىغا،
تەڭگە چىقىشماس ئۇنىڭ باھايىغا.
مىنى پادىشاھنىڭ قىز، ئايالى مىنۇر،
شانى شەۋكەت بىلەن خىيالى مىنۇر.
مەن بولمىسام ئەل پىيادە ماڭۇر،
مەنسىز كارۋانلار تەڭ يولدا قالۇر.
قوش - قارچۇغىدۇر مېنىڭ تۇمىقىم،
ئۈنچە - مارجاندۇر مېنىڭ تۇۋقىم.

يېتىلەيدۇ سېنى چورۇق باغىدا،
ۋارقىرايسەن تاياق ئۇرار چاغىدا.
چاۋىدالار سېنى ئوتانغا سالۇر،
ماڭمىساڭ پالتا بىلەن يوتاڭغا سالۇر.
بويۇڭ بولغان بىلەن كاللاڭدا هوش يوق،
قورسىقىڭدىكى ئون ئالتە زەمبىل پوق.
هەر كۈنى بار سېنىڭ يېگىرمە بەش تايىقىڭ،
چۆل باياۋاندا قۇرۇپ قالار مايىقىڭ.
ئۇششاق باللار سېنى قوغلاپ ئوينايدۇ،
چۆلمۇ چۆل دائىم هەيدەپ ئوينايدۇ.
نەپسى ئۆلەشكەندە مەن يوغان ئالغان،
سەن يۈگۈرەلمەي، ساڭا كىچىك قالغان.
كاجلىقىڭدىن سىيىسەن ئارقاڭغا،
بۇ ئۇدۇمىڭ مىراس قالدى بالاۋاقاڭغا...
تېزىكىنى ئاتتى ئات توگىنىڭ قوڭغا،
چاپلىشىپ قالدى ئۇنىڭ سوڭغا.

3

ئاتنىڭ سۆزلىرى كەلدىلەر ماقۇل،
تۆگە ئىزادا قاچتىلەر بىر يول.
كۈلۈشۈپ كەتتى بارچە هايۋانى،
ئات ئىزا قىلدى تۆگىنى خارى.
تۆگىنىڭ قالمىدى گەپكە ئىمكانى،
سورۇننى يىغدى شاھ سۇلايمانى.

## مېنىڭ لاپلىرىم

بۇرۇنقى زاماندا، مۇشۇ ماكاندا، قېرى خوتۇن ئەردىكەن، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەردىكەن، شۇ چاغدا خەقلەر قومۇشتىن بورا توقۇغان، مەن سىلىنى كۈلدۈرەي

دەپ بۇنداق نەزمىلەرنى ئوقۇغان:

ھۆپۆپ تىرەككە قونسا سىپىلغا چۈشتى سايىسى،
بايخان تەلپەك ئوغرى تازنىڭ ئايۋانغا چۈشتى سايىسى.
بۇ تازلىنى مەن قوشمايتتىم، تازنىڭ نىمە پايدىسى؟
بۇ تازلىنىڭ يوقتۇر ئەسلا ياغدىن بۆلەك قايغۇسى.
توختى پاسار ئۇستام ئۆتەك تىكتۇ تاقسى ماق①،
زۇمرەكشا② ئۇستام لىۋەي غوجىكامنى③ ئۇرۇۋېرىدۇ
ۋاق - ۋاق،
ئۇرمىسلا ئۇستام دىسەم، ئۇنىمايدۇ ياق - ياق!
بارلىغا ئەتە، يوقلىغا پەتە،④
بۇيەرگە كەلگەنلەر ئوڭ، كەلمىگەنلەر تەتە⑤.
تۈنۈگۈن يەپتىم پۇچۇق⑥تەكە⑦، بۈگۈن يىدىم پۈتۈن تەكە.
زىۋەرىخان موماي توختى غوجىكامغا بەكمۇ ئەكە،
چوتنى ئەكىلىڭ دىسەم ئەكىلىپتۇ بىر كونا كەكە.
ھاتتا - شاتتا، ھاتتا - شاتتا، ھاتتا - شاتتا،
مەن ئىتتىزدىن ھىرىپ كەلسەم، بىزنىڭ خوتۇن بىخاراماں ياتا.
ھوي خوتۇن، قوپ ئورنۇڭدىن كۆزلۈككە باش قاتا،
بۇ ھورۇنلۇق ئاخىرى بىلمىزگە پاتا.
بىز بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇش قىلساق، باشقىلار يوتقانغا كىرىپ ياتا.

*

ئاتلىمايۇ - ئاتلىما، ئىگىز ئىرىقتىن ئاتلىما،
بىرىشىڭغا پوشكال ئەتسۇن، يىنىشىڭغا قاتلىما،

① ماق — پەس، ياپىلاق.
② زۇمرەكشا — ئادەم ئىسمى.
③ غوجىكام — ئادەم ئىسمى.
④ پەتە — «پاتمەھە»نىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.
⑤ تەتە — تەتۈر.
⑥ پۇچۇق - يىرىم.
⑦ تەكە — شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى.

قاتلىما سالغان ئۇچاققا قورسىقىڭنى قاقلىما.
ئىشكايلاڭغا مەن باردىم، كۆۋرۈكۆڭدىن ئاتلىماي،
دەردىڭنى تولا تارتتىم، ھېچ كىشىگە دادلىماي،
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق، خېمىڭىزنى پاتلىماي.
دەردى يوق دەردمەن بىلەن، يىگى يوق چەكمەن بىلەن،
دەستىسى يوق كەتمەن بىلەن، تەمى يوق لەغمەن بىلەن،
تارىسى يوق راۋاب بىلەن، زىخى يوق كاۋاب بىلەن،
ئەسلا خوشۇم يوقتى مېنىڭ، ياكى خوشۇڭ بارمۇ سېنىڭ؟
قاراڭغۇ تاغدىن①دىڭگى پو، تېرەك چاقادىن② مەزلۇم كو،
سانخۇ كەنتىدىن③ شاۋاز قاراقچى، گۇما - مۇجا، پىيالمىدىن④
موللا قاۋۇل ئاياقچى،
ئۆتەڭدىن⑤ كىپەك غوجى پەللە⑥، يىڭى باغدىن مۇسا غوجا تەلۋە،
باغلىدىن⑦ جىلىل چاپاق، سايباغدىن⑧ موللامەت پوقاق،
زاڭگۇيدىن⑨ مېھمانباي توپاق، لامۇستىن⑩ مەھەممەت قوقاق،
ئاقسارايدىن⑪ پاساۋاي ئاۋاق، داكۇيدىن⑫ قاسىم مايماق،
ئىلىپ كەلدىم گۇڭسى⑬، يىغىلدى پۈتۈن ئايماق.
مۇشۇ ئايىنىڭ ئون ئىككىسى گۇمىغا كېلەرمىش بىر ئامبال،
چۇشكۇن⑭ يىغىپ قويمىساق قوڭدا قالماسمىش تامبال.
بۇ ئامبالنىڭ يېيىشىگە نىمە كېرەككىن قېنى؟
مۇشۇ تۇرغان جامائەت ئاڭلاش لازىم ئۇنى.
پاشىنىڭ پاتىگى، ئۆمۈچۈكنىڭ مېڭىسى،
ئاق قۇمچاقنىڭ ياتۇسى⑮، قارا قۇمچاقنىڭ چاۋسى،
قارا ئىتنىڭ قېنى، سېرىق ئىتنىڭ سېنى،

① ② ③ ④ ⑤ ⑥ ⑦ ⑧ ⑨ ⑩ ⑪ ⑫ ھازىرقى قاراقاش، گۇما ناھىيىلىرى تەۋەلىكىدىكى يۇرت - كەنت ئىسىملىرى.
⑬ گۇڭسى — ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇشى، ئالاقە.
⑭ چۇشكۇن — قونالغۇ.
⑮ ياتۇسى — يېرىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالتە بوغاز قومچاق، يەتتە سۇۋاي قومچاق،
بىۋلارنى پىشۇرۇشقا لازىم بولىدۇ سەكسەن سەككىز ھارۋا قۇرۇق چومچاق.
ئەنە شۇلارنى يىغسۇن دەپ خەۋەرنى بەردىم،
شۇ ماڭغانچە ئوتتۇز كۈندە چولاققا كەلدىم.
چولاقتىن ئاسمانغا چىقىپ يۇلتۇزنى كۆردۈم،
يەرگە چۈشۈپ كۆزۈمنى ئاچسام كۈندۈزنى كۆردۈم.
ئۆلۈك ئېشەكنىڭ ئۆرە تۇرغىنىنى قوش چولاقنىڭ سىپىدا كۆردۈم.
بىر تال تېرىققا يەتمىش يەردىن ئۇشكە قويغىنىنى ئابدۇللا موللامنىڭ ئۆيىدە كۆردۈم.
كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىپ تۈگىتىۋەتمىسۇن دەپ، قومچاقنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ قويغىنىنى كۈيىدا كۆردۈم.
ئېشەكنىڭ ئېغىلغا زەدىۋال تۇتۇپ چىۋىنغا مەشرەپ بەرگەننى پوسكىننىڭ ئايغىدىكى بىر مەھەللىدە كۆردۈم.
كۆرىدىغاننى كۆرۈپ بولۇپ، توپاق ئالدىم ئايۋىشتا،
ئون تۆت پۇللۇق باغلانجۇ توپاقنىڭ بېشىدا،
توپاقنىڭ ئىگىسى تۆۋلاۋېرىدۇ ھېسابىنىڭ تېشىدا،
پۇلنى بەرمەمدىكىن ئەنجانلىق موللىنىڭ قېشىدا.
توپىقامنىڭ ئېتى توپتەي، قورساقلىرى ھوپتەي،
قوشقا سالسام ماڭمايدۇ، قولۇمدا تايىقىم يوقتەي،
بۇ توپاقتىن رايىم يېنىپ كەتتى، ئىچىپ كەتكەن پوقتەي.
ئاچچىقىم كېلىپ ساتقىلى ئەكىردىم بازارغا،
گۇملىقلار ئولىشىۋالدى، ئۇيەردە چا توپاق يوقتەي.
ئۇمۇ خىيىدا[1] بولدى، بۇمۇ خىيىدا بولدى،
بىر پۇلى كەم ئۈچ تەڭگە سىتىپ،

[1] خىيىدا — خېرىدار.

قانداق قىلىمەن ئەمدى دەپ باشلىرىم تاشتەي قېتىپ.
ئۆيگە چىقسام بىزنىڭ مەزلۇم ئېتىپتۇ بىر قازان ئاش،
ئاشنى ئىچسەم چىشىمنىڭ تۈۋىگە پېتىۋالدى ئىككى تال ماش،
چىشىمنى كولاپ بازارغا بارسام ماڭا چوكانلار ئاتتى قاش.
— مەن بىر يېتىم مۇساپىر جېنىمغىنا قەلەمقاش،
دېسەم، سۆزلەپ كەتتى: ماڭ ئۆتلۈپ بار سولاش.
قەلەمقاشنىڭ دەردىدە بولۇپ قالدىم بەك يۇۋاش،
ئەپنى تاپسام ئاتارمەن يەتمىش ئىككى سوقا تاش،
دەپ ئۇنى ئىبىنغا[1]، ئۆزۈمنى مىبىنغا[2]ھەيدىۋېتىپ،
بىر كاساڭ شەۋەتكە ئون توققۇز يېرىم زاغرىنى چىلاپ،
قورسىقىمنى بىر ھەپتە ئاچماسلىققا ئەيلىۋېتىپ،
چوڭ چىلىمدا نەشە تارتىپ تۆت تەرەپكە لەيلىۋېتىپ،
پەس ئېرىقنىڭ ئۈستى بىلەن، ئېگىز ئېرىقنىڭ ئاستى بىلەن،
ئەگرى سۆگەتنىڭ تۈۋى بىلەن، چوڭ بازارنىڭ يولى بىلەن،
كېتىپ بارسام بىر يەردە كۆرۈپ قالدىم باخشىنى،
دەردى جىق مەجنۇن ساراڭدەي ئوقۇپ كەتتىم ناخشىنى:
ئېگىز - ئېگىز دۆڭلىدە قوغۇن تېرىدىم پىلەكلىرى تۈز،
يېڭىياچە سويما چۈپتۇ[3]سەن خېنىم كىپ ئۆزۈڭ چاغلاپ ئۈز.
قانچە ئۈزسەڭ خىللاپ ئۈز، ھەرگىز مەندىن ئۆرىمە يۈز،
ئالتۇندا باغ ئەتتىم، لەئلىدە كۆز.
سىنىڭ كېيگەنلىرىڭ دۇدۇن لاغايلا،
مېنىڭ كېيگەنلىرىم پاختەك سىماۋى.
سىنىڭ منگەنلىرىڭ دۈلدۈللاغايلا،
مېنىڭ منگەنلىرىم بوز ھاڭگۇ تەخە.
بوز ھاڭگۇ تەخەنى منىپ چاقارغا بارسام،

---

[1] ئىبىنغا - ئۇيانغا.
[2] مىبىنغا - بۇيانغا.
[3] چۈپتۇ - چۈشۈپتۇ.

www.uyghurkitap.com



چاقارنىڭ خەقلىرى پولشاڭدىغايلا.
ئۇ يەردىن مەن قېچىپ، ئىتىزنىڭدىن باش تىرىپ،
ئۆيۈمگە ئەكىرسەم توقماقلىغايلا،
ياغىچاققا[1]ئاپىرىپ داراقلىغايلا.
نوغۇچقا كىرگەندە شاراقلىغايلا،
قازانغا كىرگەندە ۋاراقلىغايلا.
ئۇنى ئاغىچام ئاياقلىغايلا[2]،
ئىغىزغا كىرگەندە خالاپلىغايلا،
قورساققا كىرگەندە تاراقلىغايلا،
ئارقىغا چىققاندا ۋاتاقلىغايلا.
مېنىڭ گەپلىرىم مۇشۇ جايدا تامام بولدى،
گەپلىرىمنىڭ بەزىسى ياخشى، بەزىسى يامان بولدى.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەممىلىرىگە ئارام بولدى،
ھەممە جامائەتكە قۇربانىنياز ئۇستا ئىمام بولدى.
يامان گەپلىرىمنىڭ نەزىرىسىگە جاغال ئۆچكىنى ئۆلتۈرىمەن،
ياخشى گېپىمنىڭ بېشىغا بىسمىللانى كەلتۈرىمەن.
ئۆچكىنىڭ تېرىسىدە بىر دانە داپ بولدى،
چۈپۈلىرىدا ئونىڭ پاتمان ئاش پاتقىدەك قاپ بولدى،
باياتىن بىرى قىلغان گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى لاپ بولدى.

## ھاماقەت

غورا ـ غوتاڭنى پىشقىلى،
قويماي، يېگەن ھاماقەت.
قورسىقى ئاغرىپ ھاجەتكە،
تولا يۈرگۈرگەن ھاماقەت.

زەرگەر تۇرۇپ ئالتۇننى،
پەرق ئەتمىگەن ھاماقەت.
باللىرىغا ھۈنەر ـ پەن،
ئۆگەتمىگەن ھاماقەت.

① ياغىچاق —— يارغۇنچاق، قول بىلەن چۆرگىلىتىدىغان ئىپتىدائىي تۈگمەن.
② ئاياق —— ئاش قاچىسى.

دېھقان تۇرۇپ يېرىنى،
بىكار قويغان ھاماقەت.
كات ئۈستىگە تۆپىلەپ،
سافا قويغان ھاماقەت.

ئوبدان يولدىشى تۇرۇپ،
ئۆيىنى بۇزغان ھاماقەت.
شتاتلىقنى تالىشىپ،
تويىنى بۇزغان ھاماقەت.

## ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق

ھەسەتخورنىڭ بوۋىسىدىن،
قىمارۋازنىڭ تۇۋىسىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تويمىغۇرنىڭ قاچىسىدىن،
مەزلۇم كىشىنىڭ گاچىسىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئوقى چىقماس مىلتىقتىن،
يېرىپ قالغان قېتىقتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

نەغمىسى يوق سورۇندىن،
ئەجىر قىلماس ھورۇندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

بەدنىيەت ئالدامچىدىن،
پىتنىخور چاقلامچىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

شورلۇق يەرنىڭ سىغىزىدىن،
جېدەلخورنىڭ ئېغىزىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

لىڭشىپ تۇرغان كۆتەكتىن،
پۇت قاپارتقان ئۆتەكتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

زۇلۇمى كۆپ ئامبالدىن،
نەزەرى چوڭ ھابدالدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

سانىقى يوق ئالۋاڭدىن،
غەرەز ئۇقماس گالۋاڭدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئىسسىق ئۆتمەس دەزمالدىن،
شۇم، ئىبزىتقۇ دەللالدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىركى ئادرىسى



يەپ تويمىغان پوكاندىن،
سۆزى يالغان چوكاندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئەل قاقشاتقان ئوردىدىن،
پۇراپ قالغان مۇردىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ياڭزىسى كۆپ جوۋاندىن،
ۋالاقتەككۇر زوۋاندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ھوسۇلى يوق ساماندىن،
ئەلگە پەيلى ياماندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تولا ياغقان يامغۇردىن،
توڭلاپ قالغان چامغۇردىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تانا بىگەن بوغرىدىن،
ۋەتەن ساتقۇچ ئوغرىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تۇتۇن يانغان مورىدىن،
مەنپەئەت قىلماس دورىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قەستلەمچىنىڭ ئوغرىسىدىن،
گومىنداڭنىڭ دوغىسىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئاداۋەتخور ئايلامدىن،
تاماسى چوڭ موللامدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ياماق تۇتماس كىگىزدىن،
يۈرەك باغرى بىگىزدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مىتە چۈشكەن كىيىمەكتىن،
قولى ئەگرى دىدەكتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مايماق كەتكەن كىشەكتىن،
ھاللاز ئەتكەن ئېشەكتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

دۇئاسى يوق سائىلدىن،
گەپ ئاڭلىماس جاھىلدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

كۆڭنى توسقان تۇماندىن،
كۆڭلەمچى بەد گۇماندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

توختالمىغان تويلۇقتىن،
چىقمىچى ئوت قۇيرۇقتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يەل توختىماس كۆرەكتىن،
ئۇيقۇ بەرمەس خورەكتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مۆڭرەپ تىنماس كالىدىن،
يىغلاپ تىنماس بالىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يالغانچىنىڭ ئەتىسىدىن،
ئاخۇنۇمنىڭ پەتىسىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قەستلەمچىنىڭ پالتىسىدىن،
ئالدامچىنىڭ خالتىسىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

باشقا چۈشكەن سىپكىدىن،
قوتان بۇزغان تىپكىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

چىرىمىگەن ئوغۇتتىن،
تەتۈر كەلگەن تۇغۇتتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئاغرىق ـ سىلاق ۋابادىن،
قات ـ قات كەلگەن بالادىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

سىر ساقلىماس قورساقتىن،
گەپ ئاڭلىماس قۇلاقتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يۇقۇپ قالغان يالىدىن،
كۆڭۈل ـ كۆكسى ئالىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قىياق باسقان ئېتىزدىن،
تۈزەلمەس شۇم ئېغىزدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قار ـ يامغۇردىن، جۇدۇندىن،
بەدخەج كۆنگەن خوتۇندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

چىرىپ قالغان تانىدىن،
زالىم ئۆگەي ئانىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قاساپ تاپقان رىسقتىن،
سىقىپ يالار پىخسىقتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

www.uyghurkitap.com



كاۋىسى يوق باراڭدىن،
ۋاپا بىلمەس ساراڭدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قاملاشمىغان غەزەلدىن،
ساقايمىغان كېسەلدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مېغىزى يوق چىگىتتىن،
بىلىمى يوق يىگىتتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئوت تۇتاشماس ئوتۇندىن،
كۆڭلەمچى ئەر - خوتۇندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ۋاراڭ - چۇرۇڭ غەلۋىدىن،
جاھىل، كاززاپ تەلۋىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قىڭغىر كەتكەن چەللىدىن،
قىلىقى سەت دەللىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قوتان بۇزغاق كالىدىن،
ۋاپاسى يوق بالىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ھايا بىلمەس قىلىندىن،
يولدىن چىققان كېلىندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

جان قاقشاتقان ئىسسىقتىن،
نېپى يۇقماس پىخسىقتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

زورلاپ تۇتقان شارابتىن،
نەپسى يامان مىرابتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

غەزنەتلىك داسخاندىن،
ھىيلە - مىكىر قاپقاندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مەرىپەتسىز نوچىدىن،
گېپى يوغان پوچىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

چىش ئاغرىقى مەرەزدىن،
گەپ ئۇقماس بىغەرەزدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئىناقسىزلىق ئىللەتتىن،
دىتسىز قۇرۇق سۆلەتتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

غەيۋەتخورنىڭ چىشىدىن،
هارام يىگەن كىشىدىن،
هەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تۆز قۆيمىغان غىزادىن،
ناھەق ئىشتىكەن ئىزادىن،
هەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تۆگمەنچىنىڭ قىزىدىن،
گۆناهكارنىڭ ئىزىدىن،
هەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

گىياھ ئۆنمەس شورلۆقتىن،
پەشۋا، دەشنام، خورلۆقتىن،
هەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تۆل خوتۆننىڭ نىپىدىن،
پىرىخوننىڭ دىپىدىن،
هەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئۆلاغ تۆتماس تارىدىن،
ئىمان ساتقان قارىدىن،
هەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ۋاقتى ئۆتكەن تەڭگىدىن،
سوراپ چەككەن بەڭگىدىن،
هەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

## چىقىمچى

نامازشام ۋاقتىدا،
ئۆچتى شەپەرەڭ.
مىنى چاققان كىشى،
ئىتتىن بەتتەرەك.

مىنى چاققان كىشى،
ئۆزىنى چىقىپتۆ.
ئۆزىگە ئۆزى،
ئوتنى يىقىپتۆ.

ئۆزى ياققان ئوتتا،
كۆيسۆن لاۋۆلداپ.
چىدىيالمىسا،
تۆرسۆن كاڭىلداپ.

يولدىن ئۆتكەنلەر،
ئاتسۆن چالمىنى.
قوغلىسۆن بۆندىن،
ئۆنداق لالمىنى.

www.uyghurkitap.com



چىقىمچىلىقنىڭ،
دەردىنى تارتسۇن.
كۆزگە كۆرۈنمەي،
ئاھ ئۇرۇپ ياتسۇن.

# يۇمۇرلۇق قوشاقلار

1

ئاستىن ئۆيدىن خوتۇن ئالسام،
مۆڭگەك چىقتى دوسسەنەم.
ياڭزا قىلىپ مەيدىسىگە
پاختا تىقتى دوسسەنەم.

ئۇسما قويۇپ قاش ئۈينىتىپ،
بوزەك ئەتتى دوسسەنەم.
نوغۇچ ئىلىپ چاچراپ قوپسام،
قىچىپ كەتتى دوسسەنەم.

لەغمەن ئەت دەپ ئۇننى بەرسەم،
سىقماق سالدى دوسسەنەم.
پۇل بىرىپ گۆشكە ئەۋەتسەم،
ئەڭلىك ئالدى دوسسەنەم.

ئارقىسىدىن قوغلاپ بىرىپ،
چاسىدا يەتتىم دوسسەنەم.
ئاچچىقىمغا پايلىماي،
نەچچىنى تەپتىم دوسسەنەم.

يىغلىغانغا قالماي،
يىقىنغا سالدىم دوسسەنەم.
بەش تەڭگىگە پاقلان سويۇپ،
تىرىگە ئالدىم دوسسەنەم.

2

چوكان خانىم تىگەملا،
ئالسا پاششاپ بالىسى.
چۆنتىكىدە تەڭگە كۆپ،
يۇرىكىدە ئالىسى.

چوكان خىنىم تىگەملا،
ئالسا نامرات بالىسى.
نامرات كىلەر ۋەجى يوق،
كۆڭلىنىڭ يوق يالىسى.

چوكان خانىم تىگەملا،
ئالسا ناۋاي بالىسى.
تەۋىكىدە گۆش گىردە،
ئەڭلى تورۇن[1] قارىسى.

چوكان خېنىم تىگەملا،
پاششاپ ئوغلىغا،
پاششاپ ئوغلى كېلەدۇر،
چەنتازا بىلەن،
بەخت بۇ سىزگە.

چوكان خېنىم تىگەملا،
نامرات ئوغلىغا،
نامرات ئوغلى كېلەدۇر،
چورىقى بىلەن،
ئىرادە بۇ سىزگە.

چوكان خېنىم تىگەملا،
ناۋاي ئوغلىغا،
ناۋاي ئوغلى كېلەدۇر،
تەۋەكلەر بىلەن،
تەقدىر بۇ سىزگە.

چوكان خېنىم تىگەملا،
ئاشپەز ئوغلىغا،
ئاشپەز ئوغلى كېلەدۇر،
پاسمال پەشتاما،
قىسمەت بۇ سىزگە.

3

باغقا ئوسما تىرسام،
ياپراق ئېچىپتۇ كۆرسىلە.
توختاخۇننىڭ چوڭ قىزى،
ئۇزۇپ قېچىپتۇ كۆرسىلە.

كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ،
گۈلباغدا يەتتىم كۆرسىلە.
ئاچچىقىمغا پايلىماي،
سۆڭگەچكە تەپتىم كۆرسىلە.

[1] تورۇن — تونۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«ۋاي سۆڭگىچىم» دەپ ۋارقىراپ،
يىتتۇۋالدى كۆرسىلە.
خاپا بولماڭ دەپ قويغانغا،
قېتتۇۋالدى كۆرسىلە.

بۇنى ئاڭلاپ توختاخۇن،
ئەرز قىلىپتۇ كۆرسىلە.
پارەنى جىق بېرىمەن دەپ،
قەرز قىپتۇ كۆرسىلە.

قازى خاننىڭ دورغىلىرى،
ئىستەپ كەلدى كۆرسىلە.
«چاپسان بول!» دەپ قاپاق تۈرۈپ،
قىستاپ كەلدى كۆرسىلە.

قازاخۇنۇم بار گۇناھنى،
ئارتىپ قويدى كۆرسىلە.
شەرىئەتنىڭ دەرسىگە،
تارتىپ قويدى كۆرسىلە.

ئون بەش پۇلغا سىتتۇۋالدىم،
قوتۇر مالنى كۆرسىلە.
ئورۇقكەن دەپ تەس ئۈندى،
ۋاي بۇ مالنى كۆرسىلە.

تىرىگە ئېلىپ، ئۆپكىسىدە
ئۈچ كۈن باقتىم كۆرسىلە.
ساق بېشىمغا كىسەل تاپتىم،
بىشى ساقتىم كۆرسىلە.


توختاخۇننىڭ چوك قىزى،
ساقىيىپ قالدى كۆرسىلە.
ئورۇق ئۆچكە پايدا قىلىپ،
ئاقىرىپ قالدى كۆرسىلە.

ئوسما تېرىپ ئۆستۈرگەنگە،
راسا تويدۇم كۆرسىلە.
توختاخۇننىڭ چوك قىزىغا،
كۆڭۈل قويدۇم كۆرسىلە.

ئەمدى قويۇپ «تېگىمەن» دەپ،
تۇرۇۋالدى كۆرسىلە.
توي قىلماستا بىزنىڭ ئۆيگە،
بىرىۋالدى كۆرسىلە.

كۈندە ئۈچ ۋاخ ئوسما قويۇپ،
قاش ئاتىدۇ كۆرسىلە.
ئاچچىقى كەلسە تويا چېچىپ،
تاش ئاتىدۇ كۆرسىلە.

ئۇسما تېرىغان گۈناھىمچۇن،
بالادا قالدىم كۆرسىله.
جېدەلدىن قېچىپ، كۈنى-تۈن.
تالادا قالدىم كۆرسىله.



www.uyghurkitap.com



# خەلق ناخشىلىرىدىن تاللانما

## باش پەدە

بالادىن ساقلاپ باشقىنى،
چىمەن دوپپىسىنى دەيمۇ؟
قەلەمدەك قاشنى دەيمۇ، (بالا)
سۇمبۇل ساچىنى دەيمۇ؟
ئۈچمەس ئوتقا سىپ قويۇپ،
ئۇنىڭ ئويناشنى دەيمۇ؟
(ن)① كۆتەر باشقىنى غەپلەتتىن.

يار باغدا شاپتۇلى،
ئۇچقان كىمنىڭ كەپتىرى، (بالا)
چۈشكەن كىمنىڭ دەمدىرى؟
ئۆلسەممۇ چىقىپ كەتمەس، (بالا)
شۇ لىۋەننىڭ دەردلىرى.
(ن) كۆتەر باشقىنى غەپلەتتىن.

مەن ئوغلاقتا بارىمەن،
توقۇپ بېرىڭ جەدىنى، (بالا)
بۇزۇۋەتمەڭ پەدىنى،
ئىپتسام-ئىپتسام تۈگمەس، (بالا)
بىۋاپانىڭ دەردىنى.
(ن) بالادىن ئاسرا باشقىنى.

ئىشكايلاكدا سىم كارىۋات،
مەن ياتمايمەن ئۆزۈڭ يات، (بالا)
كىم بىلەن ياتساڭ مەيلى يات،
يار دىگەن شۇنداق بولسا،
يار تۇتمايمەن پەندىيات.
(ن) بالادىن ساقلا باشقىنى.

## ئەلا نۇرخان

ئالماڭنى ئىغىتمامسەن،
دەريانىڭ ئىقىشىغا.

يازغان خەتلىرىڭ تەگدى،
يۈرەكنىڭ بىغىشىغا.

① (ن) — نەقرات دىگەننى كۆرسىتىدۇ.

(ن) ۋاي جېنىم ئەلا نۇرخان،
كۆيەك ئۇتىڭىز ئەجەب يامان.
ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
ئالمىغا نەزەر سالما.

ۋاقتىدا خەت يازالمىدىم،
كۆڭلۈڭگە ئېغىر ئالما.
(ن) ۋاي جېنىم ئەلا نۇرخان،
ئۇتىڭىزدا كۆيىدۇ بۇ جان.

ئالمىلايا ئالمىلا،
باغدا پىشقان ئالمىلا.
سىلى كېتىپ بۇ يۇرتتىن،
خوشقىنا يوقلاندىلا.
(ن) ۋاي يارەي ئەلا نۇرخان،
ئەلا نۇرخان ئۇتىڭىز يامان.

## يار سېنىڭمۇ، يار مېنىڭ؟

ئىشقى ئۇتىدا چەكتىم جاپا،
يار ئۆچۈن كۆڭلۈم خاپا.
تەگمە يارغا جان ئاپا،
يار سېنىڭمۇ، يار مېنىڭ؟

يارىم كېلىدۇ بىر - بىر بېسىپ،
چېكىسىگە گۈللەر قىسىپ.
شۇل يار ماڭا مۇناسىپ،
يار سېنىڭمۇ، يار مېنىڭ؟

يارىم كېلىدۇ ئالما سويۇپ،
باقىدۇ ماڭا كۆڭۈل قويۇپ.
ئۆمرۈم ئۆتسۇن يارغا تويۇپ،
يار سېنىڭمۇ، يار مېنىڭ؟

## دەلا

تاش ئۆستەڭگە سۇ كەلسە،
تاغلارنىڭ سۈيى دەلا.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،
يارىمنىڭ شورى دەلا.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەننىڭ نورى دەلا.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،
ياشلىقنىڭ شورى دەلا.

www.uyghurkitap.com



## بەزمە ناخشىسى

بىزنىڭ باغلار جۇسەيلىك،
سەيلىمسەڭمۇ سەيلەڭلىك.
سەن قارىمساڭ پوس - پوس،
ئىزىڭغا رەت - رەت پەيلەڭلىك.

بىزنىڭ مەللە شاڭ مەللە،
تېلېفوندا گەپ كەلدى.
سەن ئۇ يەردە ئوينىساڭ،
ئاڭلىغانلار دەپ كەلدى.

ئاشخانىدا ئاش ئەتتۇق،
جۇسەي بىلەن لاڭخادا.
يارىم بىلەن گەپلەشتۇق،
ئۇزۇن يوللۇق داڭخادا.

يار لەڭزىدە ئويناپمىش،
دائىم بىزنى ئويلاپمىش.
يار ئۆزى كېلەي دېسە،
ساقاللىق تەنجاڭ قويماپمىش.

## جان بالىجان

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شاخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
ئول خۇدانىڭ قۇدرىتى،
گۈلنى گۈلدىن ئايرىدى.
(ن) جان بالا جانىم شېرىن جان،
ئىشقىڭىزدا كۆيىدۇ بۇ جان.

بارسىلا بىرگە بارايلى،
ئايرىلىپ قالغان يامان.
ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ،
يولدا يالغۇزلۇق يامان.
(ن) جان بالا جانىم شېرىن جان،
شېرىن سۆزۈڭگە كۆيىدى بۇ جان.

قاغا قونمىغان تېرەك،
سويما چۇشمىگەن پىلەك.
ئون تۆت ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا تويمىغان يۈرەك.
(ن) جان بالا جانىم شېرىن جان،
خۇمار كۆزۈڭگە كۆيىدۇ بۇ جان.

## دەممۇدۇك

يەم بىرىپ كەپتەر باقتىم،
ئاق توقام، قىزىل توقام ①.
شۇل يارىمدىن ئايرىلدىم،
قانداق كىلىدۇ ئۇيقام.
(ن)قانداق قىلىمىز ئاق سۆزۈك،
ئالدىمدا گىپى تۆزۈك.

بىرگە يۈرەرمىز دەپتۇك،
بىرگە ئىشلەمىز دەپتۇك.
تامەڭگۈگە ئايرىلماي،
بىرگە ئۆتەرمىز دەپتۇك.
(ن) قانداق قىلىمىز ئاق سۆزۈك،
گەپ بولسا قىلغىن تۆزۈك.

شۇنداق بولارمىز دەممۇدۇك،
ئايرىلارمىز دەممۇدۇك.
كۆنلۆ، تۆن ھەسرەت چىكىپ،
يىغلاپ يۈرەرمىز دەممۇدۇك.
(ن) قانداق قىلىمىز ئاق سۆزۈك،
ئالدىمدا گىپى تۆزۈك.

## بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل

بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل،
پىشماي تۆرۈپ قاتايدى.
مىنىڭ يارىم كىپسەلتى.
بىزنى سۆيسەم ساقايدى.
(ن) ئا نىمىنى قانداق قىلغۇلۇق،
يوق نىمىنى پەيدا قىلغۇلۇق.
كىسىلگىنىڭ ساقىيىشغا،
يۇمغاقسۇت پەيدا قىلغۇلۇق.

بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل،
پىشماي بەرى توك قالدى.
بىزنى دىگەن خىنىملا،
شاپتۇل تۆۋىدە زوك قالدى.
(ن) ئانىمە دەيتكەن بۇ خىنىم،
تىخى نىمە دەيتكەن بۇ خىنىم.
شاپتۇل تۆۋىگە بىرىۋىلىپ،
شاپتۇل يەيتكەن بۇ خىنىم.

① ئاق توقام، قىزىل توقام — كەپتەرنىڭ تۆرلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىزنىڭ باغدا بەش شاپتۇل،
بەشلىسى ئەششاپتۇل.
راسلا يارىڭ مەن بولسام،
مەن كەلگۈچە ساقلاپ تۇر.
(ن) ئانىمە دەيتكەن ما خىنىم،
تىخى نىمە دەپتىكەن ئا خىنىم.
ماڭا ساقلاپ تۇرمساڭ،
كەينىمدىن تەڭ با خىنىم.

بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل،
مەي باغلاپ پىشىپ قاپتۇ.
مىنىڭ شۇ لىۋەن يارىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.
(ن) ئا نىمىنى قانداق قىلغۇلۇق،
يوق نىمىنى پەيدا قىلغۇلۇق.
كېسلىگىنىڭ ساقىيىشىغا،
پوپوتاڭ پەيدا قىلغۇلۇق.

بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل،
بىرموچەڭگە بەش شاپتۇل.
ناخشا ئېيتسام باغىمدا،
ئىشكايلاڭدا تىڭشاپ تۇر.
(ن) ئانىمە دەيتكەن مائاداش،
تىخى نىمە دەيتكەن ئا ئاداش.
ئاشخانىغا كىرىۋىلىپ،
سۆڭەك غاجايتكەن ما ئاداش.

بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل،
بىر شاخىدا بەش شاپتۇل.
ئاخشاملىقتا بارارمەن،
ئىسكەتىگنى ئۇگشاپ تۇر.
(ن) ئانىمىنى قانداق قىلغۇلۇق،
يوق نىمىنى پەيدا قىلغۇلۇق.
ئىسكەتىگنى ئۇگشاشقا،
ئۇپا ـ ئەگلىك پەيدا قىلغۇلۇق.

## قاغا

تىرەك باشىدا بەش قاغا،
بەشلىسى ياش قاغا.
خۇدايىم قانات بەرسە،
ئۇچۇپ كەتسەم قاشقاغا.

(ن) ئانىمە دەيتكەن خانلىرىم،
تىخى نىمە دەپتىكەن خانلىرىم.
بىزنى خەقتىن كۆنلەيتكەن،
ئىش كۆرمىگەن خانلىرىم.

تېرەك بېشىدا ئون قاغا،
ئونىلىسى توك قاغا.
دورا ئالاي تېۋىپتىن،
ساقايماس كېسەل ياغا.

## چىمەندە گۈل

بىزنىڭ باغدا چىنەستە،
تۈگەپ قاپتۇ يىمەستە.
يار ئېگىزدە مەن پەستە،
ئۈينىۋالدۇق بەس - بەستە.
(ن) چىمەندە گۈل، چىمەندە گۈل،
سۆيۈۋالدىم يارىمنى،
دۈشمەنلىرىم كۆرمەستە.

ئاخشام بارسام مەلەڭگە،
ئاچاڭ قوپتى لەغمەنگە.
لەغمىنىڭنى يىمەيمەن،
زىيان قىلار مەيدەمگە.
(ن) لەغمىنىڭنى يىمەستە،
قورساق تولدى مەنتەڭگە.
قاراڭغۇدا كۆرمەستە،
ئۈسۈۋالدىم مەيدەڭگە.

ئاخىرقى نەقراتى:
چىمەندە گۈل، چىمەندە گۈل.
چىمەندە گۈل، چىمەندە گۈل،
چىمەندە گۈللالە.

## ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە،
ئويناي دەپ كەلدىم.
قايسىڭ ياخشى، قايسىڭ يامان،
چاغلاي دەپ كەلدىم.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە،
ئويناي دەپ كەلدىم.
ياخشى يارنىڭ سۆزلىرىنى،
ئاڭلاي دەپ كەلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە،
يوللار بارمىكەن؟
ئىشقى ئوتۇڭدا تولا كۆيدۇم،
داۋا بارمىكەن؟

## سەن قاياقتىن كېلىسەن

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
چىرايلىقىم كۆزۈڭ خۇمار.
ساڭا كۆزۈم تەگمىسۇن،
بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمار.

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
مەن يىغلىسام، سەن كۈلىسەن.
ھەممە ئىشنى بىلىسەن،
ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىسەن.

## ئاللا - ئاللا

ئاللا - ئاللا ئاللادۇر،
جاننى خۇدا ئالادۇر.
خۇدا ئالمىغان بۇ جاننى،
دۈشمەن قانداق ئالادۇر.
(ن) ھەسرەت چەكتىم،
يارنى سېغىندىم.

ئاللا - ئاللا ئاللايا،
چىن تەخسىدە غىزايا.
سىزنى بىزگە، بىزنى سىزگە،
تونۇشتۇرغان خۇدايا.
(ن) ھەسرەت چەكتىم مەن،
يارنى سېغىندىم.

## ئىنتىزارلىق

تاڭ سەھەردە باغىڭدا،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.

سېنىڭ كېلەر يولۇڭغا،
كۈندە نەچچە قارايمەن.

ئۆتەر يولۇڭدا مەن تۇردۇم،
بۇلبۇلۇڭ بولۇپ سايراپ.
قارا كۆزۈم سىزىپ كەتتى،
سىنىڭ يولۇڭغا قاراپ.
قىزىلگۈل تۇۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمارە بولدۇممەن.
قەلەندەر ئەڭلىنى كىيمەي،
ساراڭ دىۋانە بولدۇممەن.

## بىۋاپا يارغا

ياغلىقىم قارا دۇردۇن،
مەن بىلىمگە قىستۇردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
ئالتە ئاي بولدى ياندۇردۇم.
(ن) ئوينىغانىم كۈلگەنىم،
يادىڭدىمۇ سۆيگەنىم؟
قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزنى تاشلىۋەتتىڭىز.
يوقمىكەن خۇدايىمىز،
زارى - زار يىغلاتتىڭىز.
(ن) ئوينىمايمەن-كۈلمەيمەن،
ياڭسۇڭ يارنى سۆيمەيمەن.

ئاق ئالماڭنى تەرمەيمەن،
ئىتىكىمنى لاي قىلىپ.
سەندەك يارنى سۆيمەيمەن،
يۈرىكىمنى قان قىلىپ.
(ن) ياشلار ئاقتى قان بىلەن،
تەنلا قالدى جان بىلەن.

## ئوينىغانغا چىدىمىسىلا

ئىتىم جەدە - ئىتىم جەدە،
ئىتىمنىڭ قۇيرۇقى يەردە.
ئوينىغىلى قويمالا،
كۆڭلۈم خالىغان يەردە؟
زىرىككەندە كىلەلا،
تىرىكسىلە كىتەلا.
ئوينىغانغا چىدىمىسىلا،
جىگدىگە ئىسلىپ ئۆلەلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سېنى دەيمۇ؟

سېنى دەيمۇ، سېنى دەيمۇ؟
سياقىڭ قىلدى مەستانە.
جاھاندا ئىزدىسەم يوقتۇر،
سېنىڭدەك ياخشى مەردانە.

سېنى دەيمۇ، سېنى دەيمۇ؟
سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ؟
سېنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم،
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ؟

## ئاداش

باغلاپ قويدۇم،
ئىشىك ئالدى لاپاسقا.
يارنى تۇتساڭ بەشنى تۇت ئاداش،
(ن) تۆتى قالسۇن زاپاسقا.
بىر ئىككى يارىم، بىر ئىككى ئۈچ،
بىرى بىلەن ئوينا، ئىككىنى قويۇپ.
يېڭى يار بىلەن ئويناپىمىز،
كونا يارنى يۆگەپ ئۇخلىتىپ قويۇپ.

باش ئۆستەڭگە سۇ كەلدى،
كەتمەن ئېلىپ قاشلىشەت.
كونا ياردىن خەت كەلدى ئاداش،
يېڭى يارنى تاشلىشەت.
(ن) ئۇنىمىسا ئۇنىماي ئويناپىمىز،
چېكىسىگە دوللار قىستۇرۇپ.
ھەر دوقمۇشتا گوللايمىز،
قوللىرىغا بىگىز تۇتقۇزۇپ قويۇپ.

## يارىم يوق

سەيلى قىلمەن باغدا،
ھېچكىم بىلەن كارىم يوق.
گويا غەيرىي بىر ئاغرىقمەن،
سۆيگۈنۈم يوق — يارىم يوق.

دەرد بىلەن چالاي دېسەم،
دۇتارىمدا تارىم يوق.
سەيلى قىلىپ يۈرەي دېسەم،
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق.

يار ئۈچۈن جاپا چەكسەم،
دەيدۇ: «مېنىڭ كارىم يوق».
خۇدا مېنى تاق ياراتقان،
ئاشىقىم يوق — يارىم يوق.

ناخشا ئېيتسام تون كېچە،
يوللار كېزىپ ھالىم يوق.
تەقدىر مېنى تاق ياراتقان،
ھېچ كىشىگە زارىم يوق.

ئاھ يارىم دەپ زار قاقشاپ،
تەندە مېنىڭ جانىم يوق.
ئاي-يۇلتۇز گۇۋاھ بولسۇن،
دىلدا قىلچە داغىم يوق.

يوللىرىڭغا ئىنتىزار بوپ،
ئاھ ئۇرارمەن، يارىم يوق.
سېنىڭ ھېجران ئوتۇڭدا،
سارغىيارمەن چارەم يوق.

## يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار؟

شاپتۇل شاخى لىڭشىيدۇ،
شاپتۇل شاخىدا كىم بار؟
مەن يارنى دېگەن بىلەن،
يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار؟

شاپتۇلۇمنىڭ شېخى پەس،
ئېگىپ باقمىسام ئېگىلمەس.
بىزنىڭ يارنىڭ كۆڭلى پەس،
كىم گەپ قىلسا ياق دېمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئېيتىشىشلار

1

(ي)① قاشىڭنىڭ قاراسىگە،
ئوسما قويغىنىڭ يالغان.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۇم،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان.
(ق)② بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
گۈلى قانچە ساناپ باق.
راست كۆيەمسەن يالغانمۇ؟
يۈرىكىڭنى سىيلاپ باق.
(ي) دەريانىڭ ئۇقاتىدا،
كۆرۈنگەن تېرەك بىزنىڭ.
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ.
(ق) ئىشىك ئالدى ئېرىقمىدى؟
تەرگىلى تېرىقمىدى؟
ساڭا كۆيمىگەن چاغدا،
چىرايىم سېرىقمىدى.

2

(ي) قارا كۆزلۈك قارا قىز،
جىگدىلەرنى چاتامسىز.
گەپ - سۆزنى يالغان قىلماي،
ئاشنىلىققا يارامسىز.
(ق) قارىمسام قارايسىز،
قارا چاچنى تارىماي.
ياردىن ئايرىلىپ كەلدىم،
ئاشنىلىققا يارىماي.

3

(ي) ناخشا بىلەن نەي كەلسە،
ئۇنۇمدىن تونارسەنمۇ؟
مەن ئوتتۇڭدا كۆل بولسام،

① (ي) — يىگىت.
② (ق) — قىز.

تاشلاشقا چىدارسەنمۇ؟
(ق) ئىشىك ئالدى گۈلدۈرمە،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمە؟
ئوتلىرى يامان يارنىڭ،
تاشلاپ قانداق كېتەرمە؟

4

(ق) بالدۇر تىككەن كۆچەتتىن،
كېيىنكىسى پەس ئىكەن.
بۇ جاھاندا يار تۇتۇپ،
ئىشەنمەكمۇ تەس ئىكەن.
(ي) ھويلامدىكى كۆلچەككە،
شال پەيدا بولۇپ قالدى.
قاراپ باقسام يار ساڭا،
ھال پەيدا بولۇپ قالدى.
(ق) ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۇمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.
(ي) باشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
گۈلى ئەجەب ئازادە.
مەن سېنى ياۋاش دېسەم،
كۆنلەيسەن ھارامزادە.
(ق) سۇنىڭ سۇزۇكى بولاق،
چاچىنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق.
كۆرمىدى دېگەن بىلەن،
ئاڭلاپ تۇرىدۇ قۇلاق.
(ي) قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
بىر غۇلاچ يىپى بىلەن.
سەندىن ئايرىلارمەنمۇ؟
دۇشمەنىنىڭ گېپى بىلەن.
(ق) ئىشىك ئالدى قوش ئېرىق،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.
رەنجىپ قالمىغىن يارىم،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.
(ي) كۆلا ئەمەس سىم بىلەن،
باغلىغان مەن بېلىمنى.
شۇنچە ۋاقىت بىرگە يۈرۈپ،
بىلمىگەنمۇ دىلىمنى؟
(ق) بىزنىڭ باغدا ئاق ئالما،
ئاق ئالمىغا تاش ئاتما.
راستىلا يارىم سەن بولساڭ،
باشقىلارغا قاش ئاتما.
قىز - يىگىت بىرلىكتە:
خوتەن بازىرى رەستە،
كوچىسى يالاڭ پەستە.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
دۇشمەن بىلەن بەس - بەستە.

www.uyghurkitap.com



5

(ي) پاك يۈرەك قەلبىم بىلەن،
ياخشى كۆرەتتىم مەن سېنى.
قايسى ۋىجدانىڭ بىلەن،
تاشلاپ كېتىسەن مېنى؟
(ق) ئالما ئاتسام ئېرىققا،
سۈيى ئازكەن ئاقمىدى.
سېنىڭ قىلغان سۆزلىرىڭ،
ئۈچ ئاي بولدى ياندۇردۇم.
(ي) ئۆستەڭنىڭ سۈيى لايكەن،
كۆلگە باشلىماڭ يارىم.
ئەقلى هوشىڭىز بولسا،
مېنى تاشلىماڭ يارىم.
(ق) سېنى دەپ ئۈزسەم گۈلنى،
گۈلدىن بەتەر قىلدىڭ مېنى.
سۆيگىنىمگە پۇشمىنىم بار،
ئەمدى سۆيمەسمەن سېنى.
(ي) ئاق چۆگۈندا چاي قۇيسام،
قاينىماي تېشىپ كەتتى.
مېنىڭ بۇ ناۋات يارىم،
هەددىدىن ئېشىپ كەتتى.
(ق) ئوچاق بېشى داڭقاندا،
گۆشى يوق سوغۇق شوۋا①
مىجەزىمگە ياقمىدى.
(ي) ئاپئاق ئايدىڭغا چىقىپ،
ئاي كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟
كۈندە كېلىپ كۆرۈنۈپ،
خار كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟
(ق) ياقۇت كۆزلۈك هالقامغا،
مەرۋايىت كۆز سالدۇردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
سەندەك بىۋاپا يارنى،
سۆيگىنىمگە مىڭ تۇۋا.
(ي) ئاتامسەن ئاتارىڭنى،
بەتلەكلىك ئوقۇڭ يوقمۇ؟
ياخشىنى يامان دەيسەن،
ياراتقان خۇدا يوقمۇ؟

6

(ي) خەتنى يازدىم يارىمغا،
ئاق قەغەزنىڭ بېتىگە.
ئەمدى مەن كېتەر بولدۇم،
جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە.
(ق) كەتسەڭ مەيلى كەت يارىم،
ئۆز يۇرتۇمدا قالغۇم بار.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،

① شوۋا — شورپا.

مەن قايتۇرۇپ ئالغۇم بار.
(ي) مەن بىلمىنى باغلىدىم،
سىم بىلەن، سىملار بىلەن.
مەن كېتەرمەن، سەن قالارسەن،
نەدىكى شۇملار بىلەن.

7

(ي) بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە،
ئات هارۋاڭنى قوش ئەمدى.
ئەمدى مەن كېتەر بولدۇم،
كۆرۈشكىچە خوش ئەمدى.
گۈل سېرىلدى ئۈياققا،
مەن سېرىلدىم بۇياققا.
ئەمدى قانداق قىلىمىز،
كۆچۈپ كەتتۇق يىراققا.
(ق) ئۇ ياندىنمۇ باقتىڭىز،
بۇ ياندىنمۇ باقتىڭىز.
كېتەر ۋاقتى كەلگەندە،
يۈرەككە ئوت ياقتىڭىز.
قىش پەسلى كېلىپ قاپتۇ،
دەريا ياقىسى توڭلاپ.
يۈرىكىمگە دەز كەتتى،
سېنى كېتىدۇ دەپ ئاڭلاپ.
(ي) پەنجىرەڭدىن قارايمەن،
كىرەي دېسەم پاتمايمەن.
گېپىڭ بولسا ئېيت يارىم،
ئەمدى كەلسەم قايتمايمەن.
چاپىنىڭنىڭ يېڭىدىن،
كېسىۋالاي تۇمارلىق.
مەن ئەمدى كېتەر بولدۇم،
سۆيۈۋالاي خۇمارلىق.
(ق) سېرىنگۈلنى پۇرايمەن،
قىزىلگۈلنى پۇرايمەن.
سىز يارىمنى ئەسلەشكە،
بىر تال رەسىم سورايمەن.
(ي) ئۆردەك كۆرسەڭ ئېتىۋال،
بۇلبۇل كۆرسەڭ سېتىۋال.
سېغىنغاندا كۆرەرسەن،
سۈرىتىمنى تارتىۋال.
(ق) سەن كەتتىڭ يىراقلارغا،
مەن قالدىم بۇياقلاردا.
قاچاندا كۆرۈشەرمىز،
ياش تولدى چاناقلارغا.
(ي) مېنى كەتتى دەپ يارىم،
هىجراندا غەم يېمىگىن.
يۈرىكىم سەن بىلەن قالدى،
تاشلاپ كەتتى دېمىگىن.
(ق) ئېلىۋالدىڭ كۆڭلۈمنى،

مۇھەببەتلىك سۆز بىلەن.
كەتسەڭ قاچان كېلۈرسەن،
بېقىپ خۇمار كۆز بىلەن.
(ي) كاككۇك ئاشىقى زەينەپ،
بىرى تاغدا، بىرى باغدا.
يامان چاغدا ئايرىلدۇق،
قەدرىڭنى بىلەر چاغدا.
(ق) كۆڭلۈمدىكى شول يارىم،
بۈگۈن، ئەتە كەتكۈدەك.
نەچچە ۋاقىت كۆيگىنىم،
ئەمدى بىكار كەتكۈدەك.
مېڭىپ كەلدىم يول بىلەن،
يېنىپ كەلدىم چەت بىلەن.
ئارىلىقىمىز يىراقكەن،
كۆرۈشەيلى خەت بىلەن.
(ي) يىراقلارغا يول ئالدىم،
مىنىپ يۈگۈرۈك ئېتىمنى.
ئامان بولغىن ئامرىقىم،
كۈتكىن مېنىڭ خېتىمنى.
(ق) زەپ چىرايلىق ئۆسۈپتۇ،
ئۆستەڭ باشىدا يالپۇز.
سەن كېرىيىدىن كەتكەندە،
قانداق ئۆتەرمەن يالغۇز؟
(ي) يېڭىدىن ساراي سېلىپ،
پەنەركىدە ياپتۇردۇم.
خوتەندە قالغان يارنى،
مەن خۇداغا تاپشۇردۇم.

8

(ق) ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.
(ي) ئورما ئورغىلى چىقسام،
ئورغاق كەستى قولۇمنى.
يار قېشىڭغا ماڭغاندا،
دۈشمەن توستى يولۇمنى.

9

(ي) كېلەرسىزمۇ جانان قىز،
چىللىسام ئاشقا.
(ق) مەلىڭىزدە يوقمىدى،
مېنىڭدىن باشقا.
(ي) ئوخشمايدۇ ئۆزگىسى،
سىز قەلەم قاشقا.
(ق) ئۈنداق دېمەڭ كىچىكمەن،
لايىق تاللاشقا.
(ي) مەنمۇ كىچىك، كىردىممەن،

ئون سەككىز ياشقا.
(ق) توسماڭ مېنى چولام يوق،
سىزگە قاراشقا.
(ي) ئىچىم كۆيىدۇ بەكمۇ،
سىز باغرى تاشقا.
(ق) ئۇستىكەنسىز ئەجەبمۇ،
گەپتە بابلاشقا.
(ي) دېمەكچىمەن ياشلىقىمىز،
ئۆتمىسۇن بوشقا.
(ق) ئەگىتىسىز تۈز ئېيتماي،
گەپنى نېمىشقا.
(ي) قوشۇلامسىز جۈپ بولۇپ،
بىللە ياشاشقا.
(ق) چىدىمايدۇ يۈرىكىم،
سىزنى تاشلاشقا.
چىن ئەھدىمىز شۇنداق بولسۇن،
سۆيگۈ باشلاشقا.

10

(ق) كېتەردە خوش دېمەي كەتكەن،
مېنىڭ ئۇنداق يارىم يوق.
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى،
تارتماسقا ئامالىم يوق.
(ي) ئالما ئاتتىم كەتكەنگە،
تۇتۇپ ئالسۇن يەتكەندە.
يارىم خاپا بولمىسۇن،
كۆرۈشەلمەي كەتكەنگە.

11

(ي) باغىڭدىكى جىنەستىگە،
نەشپۈتنى ئۈلاي يارىم.
راۋاب چېلىپ، مەن سېنى
ناخشامغا قوشاي يارىم.
(ق) سېنىڭ بىلەن گۈل تېرىپ،
غۇنچىدەك ئېچىلسامەن.
يۈرىكىمدە ئارمان يوق،
ناخشاڭغا قېتىلسامەن.
باققا كىرىپ ياندىشىپ،
ناخشا ئېيتىلى يارىم.
دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
مۇرادقا يېتىلى يارىم.

12

(ي) : خېنىم ـ خېنىم، جان خېنىم،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلا خېنىم.
ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ خېنىم،
كۆز تەگمىسۇن جۇما خېنىم.
ئېسىۋېلىڭ تۇما خېنىم،
جامالىڭنى ياپما خېنىم.
شامال بولۇپ قاچما خېنىم،
شامال بولۇپ قاچساڭ خېنىم،
مەيدەم بىلەن توساي خېنىم.
ئاق قار بولۇپ ياغساڭ خېنىم،
ماموق بولۇپ ياتاي خېنىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يامغۇر بولۇپ ياغساڭ خېنىم،
قۇملۇق بولۇپ يۇتاي خېنىم.
ئاق مۇز بولۇپ ياتساڭ خېنىم،
يۈرىكىمنى ياقاي خېنىم.
دەريا بولۇپ ئاقساڭ خېنىم،
بېلىق بولۇپ ئويناي خېنىم.
چىراغ بولۇپ يانساڭ خېنىم،
پىلىك بولۇپ كۆيەي خېنىم.
ئالتۇن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
زەگەر بولۇپ سۆيەي خېنىم.
چېچەك بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
بۇلبۇل بولۇپ قوناي خېنىم.
چىمەن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
قوزاڭ بولۇپ ئويناي خېنىم.
دەردىم تولا بىلگىن خېنىم،
خوش كەتتى چاي ئالغىن خېنىم.
(ق) يىگىت-يىگىت، جانان يىگىت،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ يىگىت.
خەلقىئالەم گۇۋاھ يىگىت،
مەنمۇ كۆيۈك خۇما يىگىت.
جانغا جانان داۋا يىگىت،
ئىسىۋالسام تۇما يىگىت.
باغقا كىرسەم بۇلبۇل يىگىت،
قىسىۋالسام بىرگۈل يىگىت.
سۆزى شېكەر قوبۇل يىگىت.
مەلۇم بولسۇن ھالىم يىگىت،
مانا چىنە تازىم يىگىت.

13

(ي) يول بەر دېسەم بېرەملا،
يارىم بار ياققا.
سۇ بەر دېسەم بېرەملا،
ئالتۇن تاۋاقتا.
(ق) سۇ دېسىلە سۇ بېرەي،
يالىرى قاياقتا.
ئەسلىي يارىم ئۆزلىرى،
ئۆيلىرى قاياقتا؟
(ي) مېنىڭ ئۆيۈم بىلسىڭىز،
مەكتەپ خانىدۇر.
قويۇنلىرى مەن ئۇچۇن،
بېھىشخانادۇر.
(ق، ي) بېھىشخانا ئىچىدە،
بىر گۈل ئېچىلغان.
بىرسى سىلە، بىرسى مەن،
قوشماق ئېچىلغان.

14

قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك،
قوشۇما قاشلىق.
يېڭى كۆلنىڭ سۈيىدەك،
كۆزلىرى ياشلىق.

يارنىڭ كۆز ياشلىرىدا،
ئۆردەك ئۈزەدۇر.

يۈرىكىمنىڭ قىزىقىغا،
تۆمۈر قىزادۇر.

كېچىسى بىھوش بولۇپ،
كۈندۈزى ھوقۇش بولۇپ.
ئالسام سېنى جانىم خېنىم،
سەن كېيىك، مەن قۇش بولۇپ.

ئاجايىپمۇ كۆيىمەن،
قېشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.
شۇنچە سۆيگۈم كېلىدۇ،
ئالما رەڭلىك يۈزۈڭگە.
گىرە سالغۇم كېلىدۇ،
ئەۋرىشىمدەك بېلىڭگە.

15

(ق) قوشىقىمنى باشلىدىم،
سۆيگەن يارىم تىڭشاپ تۇر.
تارتقان دەردۇ - ھەسرەتنى،
قۇلىقىڭدا تىڭشاپ تۇر.
مېنىڭ كۆڭلۈم بەك نازۇك،
قارچىغىدەك قۇشلاپ تۇر.

(ي) لاچىن بولۇپ ئەگىيمەن،
ھويلاڭدا - تېرەكىڭدە.
بېلىق بولۇپ ئوينايمەن،
مەيدەڭدە - يۈرەكىڭدە.
تائەبەتكە سۆيىمەن.
تۇرالىساڭ ۋەدەڭدە.

16

(ق) تام تۈۋىدە ئولتۇراردۇر،
ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت.
ئاغزىدىن شەربەت تامادۇر،
شەربىتى تاتلىق يىگىت.
شەربىتىگە گۈل تېرىدىم،
بىر غۇنچىنى ئۈزمىدىم.
بولغاچ ۋەدىمىز ۋەدە،
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم.
يۈرىكىمگە تاڭاي دەپ،
ئۆزلىرىنى ئىزدىدىم.
(ي) سۆزلىرىڭ شېرىن - شېكەر،
قىيام سۆيىدەك.
قىلدى سۆزۈڭ يۈرىكىمنى
غەلۋىر كۆزىدەك.

www.uyghurkitap.com



# قىز - ئاياللار نامىغا توقۇلغان قوشاقلار

## سادەتخان

ئىشك بېشىدا قۇلپا،
ئاچالمىغان سادەتخان.
ياش يىگىتلەر كەلگەندە،
قاچالمىغان سادەتخان.

ئوچاقتا ئوت يېقىپ قويۇپ،
سۇغا كەتكەن سادەتخان.
ياش باللار غەزەل ئېيتسا،
ھەسرەت چەككەن سادەتخان.

ئۆيدە مېھمان بولمىسا،
ئۇماچ ئەتكەن سادەتخان.
ياش يىگىتلەر كەلگەندە،
كۆمەچ ئەتكەن سادەتخان.

سادەتخانىمۇ ساي كەچتى،
ئايىغى بىلەن سۇ كەچتى.
بىرغىنا سۆيۈپ قويۇپ،
ئەزىز جانىدىن كەچتى.

## نازۇگۇم

ئالا پاچاق ئات مىنىپ،
چىققان نازۇگۇم.
چېكىسگە قوش مودەن،
قىسقان نازۇگۇم.

نازۇگۇمنىڭ باغىدا،
گۈللەر رەڭمۇ رەڭ.
نازۇگۇمغا جور بولۇپ،
يۈرسەم مەنمۇ تەڭ.

# بەختىخان

1

كېتىپ بارغان ھارۋىنىڭ،
ئالدى چاقى پەس.
چوڭ گەپ قىلماڭ بەختىخان،
ئەرگە تەگمەك تەس.

ئەرگە تەگسەڭ ماڭ تەگ،
دۆلەت كۆرەرسەن.
پەشلىرىڭنى قىستۇرۇپ،
تېزەك تېرەرسەن.

2

بەختىخان، جان بەختىخان،
بەختىڭ تولادۇر بەختىخان.
قارا ـ قارا كۆزلىرىڭ،
ئويناپ تۇرادۇر بەختىخان.

بەختىخان، جان بەختىخان،
كۆندە كېلەمسەن بەختىخان؟
ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ،
دۆلەت كۆرەمسەن بەختىخان.

بەختىخان، جان بەختىخان،
موندەك قوزام سەن بەختىخان.
قىزىلگۈلدەك ئاچىلىپ،
كۆكلەپ ئۆزاسەن بەختىخان.

بەختىخان، جان بەختىخان،
تارتما ئىزا سەن بەختىخان.
ئالتۇن ـ كۈمۈشتە سوقتۇرۇپ،
مۇنچاق تىزاسەن بەختىخان.

بەختىخان، جان بەختىخان،
بارما بازار سەن بەختىخان،
ئويناپ ـ ئويناپ ئاقۋەت،
يولدىن ئازارسەن بەختىخان.

ئايلىكا ـ بەختايلىكا،
مېنى كۆرەر دەپ كەللىمۇ؟
شەيتاننىڭ سۆزى بىلەن،
ئۆلۈپ بېرەي دەپ كەللىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ھاۋاخان

ئېگىز كۆرۈنگىنى تاغ،
پېشىل كۆرۈنگىنى باغ.
ئويلاڭ ھاۋاخان،
ياشلىق قانداق چاغ؟

مەن كۆيۈپ كۆل بولدۇما،
ئىشقىڭدا بۇلبۇل بولدۇما.
سىز يارىم ھاۋاخانغا،
ئۆلگىچە قۇل بولدۇما.

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
ئارىشتا ①مېنىڭ جايىم.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
ھاۋاخان مېنىڭ يارىم.

## سەيدىخان

ئۇچقۇنىڭ مەگزى يوق،
كۆتەك سالغان سەيدىخان.
خالتىسىدا چېيى يوق،
خەمەك سالغان سەيدىخان.

سەيدىخاننىڭ ئۆيىگە،
يار بېشىدىن ماڭغۇلۇق.
سەيدىخاننىڭ چېيىنى،
ئىچىپ راسا قانغۇلۇق.

ئۆستەڭ بېشىدا قوي سويسام،
سەيدىخان كاۋاپ دەيدۇ.
سەيدىخاننى مەن ئالسام،
ئاخىرەتتە ساۋاپ دەيدۇ.

ئالما ئاتتىم نېرىسىغا،
نېرىسىنىڭمۇ نېرىسىغا.
سەيدىخان تېگىۋاپتۇ،
دادىسىدىنمۇ قېرىسىغا.

بار ئىكەنۇ، بار ئىكەن،
باغدا بۇلبۇل بار ئىكەن.
سەيدىخاننىڭ كۆڭلىدە،
بىزدەك يىگىتمۇ بار ئىكەن.

① ئارش — كىرىيە ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

## پاتىگۈل

سۆيگىنىمسەن پاتىگۈل،
كۆيگىنىمسەن پاتىگۈل.
ئوتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
رازىمۇسەن پاتىگۈل.

باغدا پىشقان ئالمىدەك،
كۆرسەم سىنى پاتىگۈل.
لىۋىڭ تاتلىق شىكەردەك،
سۆيسەم سىنى پاتىگۈل.

قارا كۆزۈم پاتىگۈل،
ئېچىلغاندۇ گۈلىڭىز.
لىۋەن يارىم پاتىگۈل،
ئايغا ئوخشاش ئۆزىڭىز.

يول بويىدا ئۆيىڭىز،
شىرىن سۆزلۈك پاتىگۈل.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
قارا كۆزلۈك پاتىگۈل.

پاتىگۈل دەپ يارىم بار،
يول بويىدا ئۆيى بار.
قىلغان ۋەدىسى شۇنداق،
ماڭا بەكمۇ مەيلى بار.

## گۈل مەرۋان

ئوماق يارىم گۈل مەرۋان،
باراي دىسەم يولىڭىز يامان.
بارماي دىسەم ئۆتىڭىز يامان،
قانداق قىلاي گۈل مەرۋان؟

## شازادىخان

ھەي خېنىم شازادىخان،
نەچچىدە باردۇر ياشلىرى.
كىچىدە يول يۈرسىلە،
مەن بولاي يولداشلىرى.

## سەلىمەم[1]

قارا كىگىز جىنازا،
ئۈزى ئېگىز جىنازا.
كۆرۈۋالاي قىزىمنى،
توختاپ تۇرغىن بىر هازا.

ئۇزۇن - ئۇزۇن قارا چاچ،
جانغا ياتسا مەيلىمۇ؟
ئىست! قىزىم سەلىمەم،
گۆردە ياتسا مەيلىمۇ؟

چىدىمايمەن بۇنىڭغا،
ئىسلىمەن بوينۇڭغا.
بۇنداق ئازاب تارتقۇچە،
مىنىمۇ ئال قوينۇڭغا.

ئاھ ھەسرىتا، ۋاھ ھەسرەت!

بىزگە كەلگەن بۇ قىسمەت .
سىنى ئاسقان ئېگىز دار،
ئۈرۈلمىدى قېپقالدى.
تەگشەلمىگەن بۇ زامان،
چۆرۈلمىدى قېپقالدى.

ئاھ ھەسرىتا، ۋاھ ھەسرەت،
باشقا چۈشتى مىڭ قىسمەت .

قارا كىگىز جىنازا،
ئۈزى ئېگىز جىنازا.
مىنى بىللە سىلىپ كەت،
قىزىم بىلەن ئېلىپ كەت.

قانداق قىلاي ئىلاھىم،
رەھمىڭ يوقمۇ ئىلاھىم .

## زىۋىدەم

هالايلى يا هالايلى،
باشتىن باشقا بارايلى.

ھەممەيلەندە گۇناھ يوق،
زىۋىدەمنى پالايلى.

---

① ئىگىلىشىمىزچە: بۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتە كىرىيە ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا ھەقىقىي بولغان ۋەقە. ئۇيغۇر قىزى سەلىمەم ناھايىتى گۈزەل ھەم چىچەن قىز بولۇپ، ئۆزىنىڭ نازاكەت ھەم پاساھەتلىكلىكى، پاك ئەخلاقى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن. بۇ ھال شۇ زاماندىكى باي بالىلىرىنىڭ سەلىمەمگە بولغان نىكاھلىنىش ئىستىكىنى قوزغايدىكەن. شۇ ۋەجىدىن بىر نەچچە باي بالىسى سەلىمەمدىن قىزغىنىپ، بىر - بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ ئۆز ئارا جىېنىغا زامىن بولۇشىدىكەن. ئادالەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمەت بايلارغا بولۇشۇپ، باي بالىلىرىنىڭ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش سەۋەبىنى بىگۇناھ قىز سەلىمەمگە يۈكلەپ ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن.
بۇ قوشاق سەلىمەمنىڭ ئانىسى يالغۇز قىزى سەلىمەمنىڭ جىنازىسى ئالدىدا مىكىپ ھازا ئاچقاندا ئېيتقان قوشىقى ئىكەن. ئەپسۇسكى، سەلىمەم توغرىسىدىكى ۋەقەنى بۇنىڭدىنمۇ تەپسىلىرەك ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىدۇق.

زىۋىدەمنىڭ ھۈنىرى،
ئوتان قالاپ تۈگەتمەك.
كۆمەچنى يوغان سىلىپ،
ياش باللىنى ئۆگەتمەك.

زىۋىدەكا - زىۋىدەك،
كىيىپتۇ تاۋا كۆڭلەك.
تاۋا كۆڭلەك ئىچىدە،
لىغىلدايدۇ قوش ئەمچەك.

## گۈلسەيدىخان

گۈلسەيدىخان گۈل غۇنچىسى،
قىزىل تاۋا پىرىنجىسى.
سۆيۈۋالاي دېسەم قويماس،
ئالاگەدەن ئېگىسى.

ياشلىقىم-پاشالىقىمدا،
ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر.
قېرىغاندا گۈلسەيدىخان،
يۆتىلىپ ئاران كېلۇر.

گۈلسەيدىخان كەتكەن بىلەن،
دەردى پىراقى كەتمىدى.
گۈلسەيدىخانىنىڭ ئىشقىدا،
ئەرزىم خۇداغا يەتمىدى.

گۈلسەيدىخان دەپ ئېتىڭىز قالدى،
چوڭ داڭزىدا خېتىڭىز قالدى.
خېتىڭىزنى ئوقۇپ باقسام،
باللىرىڭىز يېتىم قالدى.

## ئاينۇرخانىم

ئايدەك جامالىڭ ئاۋارە قىلدى،
غەمكىن يۈرەككە ئوتلار يېقىلدى.
(ن) ئاينۇرخانىم سەن مېنىڭ يارىم،
ئاينۇرخانىم، يۈرىكىمدە دىل تارىم.

سەندەك قىزىلگۈل ھېچ يەردە بولماس،
سېنىڭچە بولسا، بىزنىڭچە بولماس.
ھەر جايدا بولساڭ بولغىن سالامەت،
سەن يارىم ئۈچۈن تارتاي مالامەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئايخان

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئايغا كۆيىدۇ بۇ جان.
كىيگەن كۆڭلىكى پاكچۇ،
تۆگمىسى يالاڭ مارجان.

بۇلبۇل قوندى باغىڭغا،
مېنى قالدۇرما داغىڭغا.

ئايخېنىم ئەجەب كۆيدۇم،
سېنىڭ ئايدەك جامالىڭغا.

ئەتىگەندە سەھەردە،
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
ئۇمىد ئۈزمەيمەن ئايخان،
لېۋىڭگە شېكەر قوشقان.

## سارىخان

1

كاككۇك ئاشىقى زەينەپ (سارىخان)،
بىرى تاغدا بىرى باغدا.
خوشمىغىنا ئايرىلدۇق (سارىخان)،
قەدرىمىز بىلەر چاغدا.
(ن) (سارىخان)، بىرىنچى ئاي سوغۇق ۋاقتا.

ئات بولسا جەدە بولسا (سارىخان)،
توقىسا مىنسە كىشى.
يار بولسا قاشىدا بولسا (ئاللا سارىخان)،
قارىسا سۆيسە كىشى.
(ن) (سارىخان)، سۆيۈپ قانمىسا كىشى.

پىچاق ئالدىم چادەستە (سارىخان)،
بىزنى پات ـ پات ياد ئەتسىلە.

ئۆيلىرى يامان يەردە (سارىخان)،
«ئەھھە» دېسە «با» دېسلە.
(ن) (سارىخان)، چىقىك دېسەم «ما» دېسلە.

ھەممە تاغنى داملايتۇ (سارىخان)،
قۇرۇم تاغقا يەتمىيتۇ.
خەق يارىنى داملايتۇ،
مېنىڭ يارىمغا يەتمىيتۇ.
(ن) (سارىخان)، ئوماق يارىمغا يەتمىيتۇ.

ھويلا بولسا باغ بولسا (سارىخان)،
مېۋىلىرى مول بولسا.
يار بىلەن كۆرۈشكىلى (سارىخان)،
يەر ئاستىدا يول بولسا.
(ن) (سارىخان)، ھېچكىم بىلمەس يول بولسا.

2

سارىخان قىزىلگۈلدەك،
ئىشقىدا مەن بۇلبۇلدەك.
بىر بەلگە بېرىپ قويسا،
خىزمىتىدە مەن قۇلدەك.

سارىخان خۇمار كۆزلۈك،
گېپى ئۇز شېرىن سۆزلۈك.
دۈشمەن گۈيلار كۆرەلمەي،
قىلىدۇ ئالا كۆزلۈك.

سارىخان ئۆزى چاققان،
مەن ئىزدەپ ئاران تاپقان.
ۋەدىسىدە تۇرغاي دەپ،
كۆپ ئويلاپ بېشىم قاتقان.

مېنىڭ يارىم سارىخان،
بىر ئۆزەملا خالىغان.
ئىككى كۆزى كور بولسۇن،
يامان كۆزدە قارىغان.

www.uyghurkitap.com



## مودەنخان

ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزلىنى خىللايدۇ.
ئالەمدە كىشى يوقتەك،
كۆڭلۈم سىنى خالايدۇ.
(ن) ئاھ، جانىم مودەنخان.

يارىم كەلدى قول سالىپ،
توغرا - توغرا يول ئالىپ.
قاياقتىن چىقىپ كەللە،
يۈرىكىمگە ئوت سالىپ.
(ن) ئاھ، جانىم مودەنخان.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرغان،
تۇمشىقى قىزىل قاغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
يۈرەكىم تويمىدى يارغا.
(ن) ئاھ، يارىم مودەنخان.

## نىساگۇل

ھويلاڭدىكى ئۈجمەڭنى،
ئىلمەكتە ئىلىپ يەيمەن.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ (نىساگۇل)،
ئۆزۈم ئىشلەپ تېپىپ يەيمەن.
(ن)ئالما، ئانار يەپمىدۇق (نىساگۇل)،
ئايرىلارمىز دەپمىدۇق.
ئۆزۈم ئىشلەپ تېپىپ يەيمەن،
مەن ساڭا ئىگىلمەيمەن.
مەجنۇن كەبى چۆللەردە (نىساگۇل)،
ۋاپادارىمنى ئىزدەيمەن.
(ن) ئويناپمىز ئاياغ شەدە،
كۆكۈل ئۆسمەيدۇ بۇ شەدە.
ۋاپادارىمنى ئىزدەيمەن،
مىنىشكە ئىتىڭ بارمۇ؟
قايسى بىرسىدىن قورقاي (نىساگۇل)،
مىنىڭ ئۆلمەس جېنىم بارمۇ؟
(ن) ئوينىۋالاي ئايدىڭدا،
مەنمۇ بارمۇ يادىڭدا.

## گۇل ئايىم

ئوماق يارىم گۇل ئايىم،
سەن نىمانچە مۇلايىم.
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق،
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.
قالمىدى ھېچ مادارىم،
سارغىيىپ بۇ چىرايىم.
ئوتتۇك ئۆچمەس يۈرەكتە،
سەن قەيەردە گۇل ئايىم.

غۇنچە بويلۇق گۈل ئايىم،
سەن ئىدىڭ ۋاپادارىم.
ئۆلمەي ئايرىلىپ كەتتۇق،
قانداق قىلىمىز جان ئايىم.

يارىمنىڭ ئېتى ئايىم،
گەپ سۆزلىرى مۇلايىم.
شۇ يارىمنىڭ ئىشقىدا،
ئۆتتەك كۆيۈمەن دائىم.

سېنىڭ مەنۇ سېنىڭ مەن،
سېنىڭ بولماي كىمنىڭ مەن.
خوتەننىڭ بازارىدىن،
سېتىۋالغان قۇلۇڭمەن.
(ن) ئاھ گۈلئايىم ساڭا كۆيىمەن دائىم،
قانداق قىلىمىز جانانىم.

## مەرەمخان

ساي بويىدا مەرەمخان،
مايسا رەڭدە خېنە ياققان.
بۇ ناخشىنى ئېيتمايتتىم،
يارىم ئۇنى بەك ئېيتقان.

كۆن دېسەم كۈندۈزدە يوق،
ئاي دېسەم ئاسماندا يوق.
ئۇتقا سالغان مەرەمخان،
يار دېسە يانىمدا يوق.

## ئالتۇن پاشاخان

كېپىلەك① بولايمىكىن؟
چىرىلىق بولايمىكىن؟
يوق ساقالنى تەدۈرۈپ،
نوچى يىگىت بولايمىكىن؟

يا ئۇيان ئۆتەيمىكىن؟
يا بۇيان ئۆتەيمىكىن؟
يار قېشىدا خەق باركەن،
گەپ قىلماي كېتەيمىكىن؟

يارىم چىرىغا كەتتى،
كەيىندىن يېتەيمىكىن؟
ياش ۋاقتىدا سۆيگەن يار،
ئۆلگىچە ئۆتەيمىكىن؟

شام كۆيمىدى لىپ قىلىپ،
پەرلىسەم كۆيمەمدىكىن؟
يار نېمىشقا كەلمەيدۇ،
چىللىسام كەلمەمدىكىن؟

(ن) ئالتۇن پاشاخان، تويمايدۇ بۇ جان،
ئالتۇن پاشاخان، قېينالدى بۇ جان.

---

① كېپىلەك — كېرىيىلەك.

www.uyghurkitap.com



## مىرەجىخان

ئارغىماقنىڭ بالىسى،
سۆگگىچە ئالىسى.
قوشاق قېتىپ يىغلاپتۇ،
قارا كۆزنىڭ ئانىسى.

ئاخشام بىر ئالا ئاتلىق،
ئات كۆكسىدە تاقەتلىك.
ئوغال بولسا غەيرەتلىك،
قىز بولسا لاتاپەتلىك.

ئا، بالام دەيمۇ سىنى مىرەجىخان

## گۈلمەرەم

كېتىپ بارغان گۈلمەرەم،
شەرەت قىلسام توختىدى.

گۈلمەرەمنى مىندۈردۈم،
ئالا قاشقا ئېتىمغا.

قۇچقىدا بالاسى،
كونا يارغا ئوخشىدى.

ئۈنىڭ شېرىن سۆزلىرى،
جان قوشتى بۇ جىنىمغا.

گۈلمەرەمنىڭ داڭقىنى،
بىلگەن ئىدىم بۇرۇنلا.
ئۈنى سىناپ تاۋلىغان،
تالاي مەشرەپ - سورۇنلار.

گۈلمەرەم بەلەن چوكان،
ئەل - مەلدە يۈزى بار.
كۆڭلى بىلەن تىلى بىر،
كۈلۈپ تۇرغان كۆزى بار.

## گۈلزەينەپ

ئۈستەڭ ياقلاپ بىرىپ،
تىرىشالدىم تەگگىنى.
ئەمدى كىمگە ئوخشتاي،
گۈلزەينەپنىڭ رەڭگىنى.

زەينەپ كېتىمەن دەيتۇ،
مەن كەتكىلى قويمايمەن.
ئالدىغا مۇنار سىلىپ،
ئۆتكىلى قويمايمەن.

ئىتىمنى توقۇپ قويدۇم،
مىنگەش قىنى گۆلزەينەپ.
قىچىپ كىتىلى بىللە،
مەيلىمىز بىلەن يايراپ.

سايغا چىقساق گۆلزەينەپ،
پىشۇرۇپ قۇمدا كاۋاپ.
باشلىرىمىز قوشۇلسا،
ئالىمىز ھەقتىن ساۋاب.

## ئادارگۈل

رەزىل زامان دەستىدىن،
مۇسا بەگنىڭ قەستىدىن.
ئايرىلىپ يار ۋەسلىدىن،
سەرسان بولغان ئادارگۈل.

كەتتى خىلۋەت يۇرت تامان،
گۈل چىراي بولدى سامان.
جاۋاب بەرچۇ، ئەي زامان،
كۈلمەمدىكەن ئادارگۈل.

قۇچىقىدا بالىسى،
دىلنى ئېزەر نىداسى.
قايغۇ ئۇنىڭ سايىسى،
غەمگە پاتقان ئادارگۈل.

كۈنىنىڭ نۇرى چېچىلغاي،
سۇلغۇن غۇنچە ئېچىلغاي.
دەردكە داۋا تېپىلغاي،
كۈلگەن چاغدا ئادارگۈل...

## دىكى ـ دىككاك زورىخان

مەن خوتەنگە ماڭغاندا (ئاللا نادان زورىخان، خۇشخۇيلۇقۇم زورىخان)،
بىلمەدىكى گۈلە ـ قاق ئىدى (دىكى ـ دىككاك زورىخان).
ئانىڭىزنى ئالغاندا (ئاللا نادان زورىخان، خۇشخۇيلۇقۇم زورىخان)،
ساقال ـ بۇرۇتۇم يوق ئىدى (دىكى ـ دىككاك زورىخان).

ئايشەمخاننى پۇلغا ئالدىم (ئاللا نادان زورىخان، خۇشخۇيلۇقۇم زورىخان)،
زەينەپخاننى باكاغا (دىكى ـ دىككاك زورىخان).
ئۆتەپ كەتمسۇن ياشلىق (ئاللا نادان زورىخان، خۇشخۇيلۇقۇم زورىخان)،
ئۆمرىڭنى بەرمە بىكاغا (دىكى ـ دىككاك زورىخان).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار (ئاللا نادان زورىخان، خۇشخۇيلۇقۇم زورىخان)،
ئەتراپىدا بۇلاقلار (دىكى - دىكككاك زورىخان).
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ چاغلاپ(ئاللا نادان زورىخان،خۇشخۇيلۇقۇم زورىخان)،
مېنىڭ ئالدىمدا موللاقلا (دىكى - دىكككاك زورىخان).

## تاجىخان

يارنىڭ ئېتى تاجىخان،
هالدام كۆيىدۇ بۇ جان.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
دەرد - ئەلەمگە بىز قالغان.

تاجىخان سىنى ئويلاپ،
خەستە دىل ئۆزۈك - نىمجان.
ئايرىلىشنىڭ دەردىدە،
چىرايىم بولدى سامان.

## سەيلىمىخان

چىنىۋاغدىن ① ئۆتۈۋاتسام،
موزاي، تەخەيمۇ باغلاقلىق.
سىز يارىمنىڭ ئىشلىرى،
كۆڭلىمىزدە چاغلاقلىق.
سەيلىمىخانىم - سەيلىمىخان.

سەيلىمىخان قول تۇتۇپ،
دەريا بويى بويلايلى.
ئوقەتنىڭ نىمىشى بار،
راۋاب چېلىپ ئوينايلى.
ناخشا ئېيتىڭ سەيلىمىخان.

بۇ مەلىنىڭ باللىرى،
چىقتى بازارغا گۆركىرىشىپ.
قىلغىلى هېچ سودا يوق،
يۈرىدۇ هەر كۈنى بىشى قىتىپ.
سەيلىمىخانىم - سەيلىمىخان.

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق،
هەقتىن بىزگە ئىرادە.
ئالدىمدا تۇرىڭا سەيلىمىخان،
قىزىلگۈلدىن زىيادە.
قارا كۆز خېنىم سەيلىمىخان.

---

① چىنىۋاغ — قاراقاش ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

## ئايشەمگۈل

دۇتار دېگەن ياغاچكەن،
جىرىڭلاتقان تارىسى.
مېنى كۆيدۈرگەن ئايشەمگۈل،
كۆزىڭىزنىڭ قارىسى.

دۇتارنى ئۆزۈم ئەتكەن،
يېرىلىپ كەتسە يەملەيمەن.
رەنجىتتىڭىز ئايشەمگۈل،
ئەمدى كەتسەم كەلمەيمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكمە ئادرېسى



# مۇھەببەت قوشاقلىرى

## سالام خەت (ئىرسالنامە)

تاغ زىمىستانىدىن كەتتى، گۈزەل باغۇ - بوستانغا ...
ئەي مېھرىبان تاش يۈرەك، يەتكەي يۈرەك سىگنالىم ساڭا ...

يۈرەك قېتىمىدىن يېزىلغان ھايات كەبى سالامىمنى ئەزىز قولىڭىز بىلەن تۇتۇپ، نۇرلۇق كۆزىڭىز بىلەن قاراپ بېقىڭا، شەرق تەرەپتىن چىققان ئىللىق شامال گۈلنىڭ زىننەتلىك شاخلىرىغا تەگسە خۇددى دوستلۇق مېھرى ئاشقاندەك، جامالىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم كۆزۈمدىن ئاققان ئىسسىق ياش بۇلاق سۈيى تاشقاندەك، قىزىل مەگزىمنى بويلاپ ئېقىشقا باشلايدۇ. شۇ چاغدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ كۆك ئاسمانغا تىكىلسەم، ئەتراپتىكى تەبىئەت مەنزىرىلىرى كۆڭلۈمنى ئىختىيارسىز روھلاندۇرۇپ كۈچ - دەرمان ئاتا قىلىدۇ. ئوڭ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، سول قولۇمغا قەغەز ئېلىپ قاندەك قىزىرىپ، ساماندەك سارغىيىپ، ئاددىي بولسىمۇ سالام خەت يېزىشقا كىرىشتىم. مەزمۇنى:

ھۆۋەللى پىراق، ۋەھەزەل ئىشتىياق، مۇبارەك جامالىڭىز كۆڭلۈمگە يېقىن، كۆزۈمدىن يىراق؛ چىقمىدى جان، يەتمىدى ئاھۇ - پىغان؛ ئول نازاكەت بوستاننىڭ نەۋ باھارى، ھۆسنى ئىقلىمنىڭ ئەتىۋارى، ئاپتاپ تەلەتلىك، زۆلەيخا سۈپەتلىك، ئاي يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك، قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق، نازىنىن بەللىك، ئوتتۇرا بويلۇق ئول مەھبۇبەمگە:

ئۆمۈر باغىمنىڭ نەۋ باھارى، ئارام باغىمنىڭ بۇلبۇلى، باشىمنىڭ تاجى، كىرپىكىمنىڭ نازى، جانىمنىڭ راھىتى، تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، جاندىن ئەزىز، قەنتتىن لەزىز ئول دىلدارىمغا:

بىز غېرىب سەنەمدىن، دۆۋەت قەلەمدىن، تاھىر زۆھرەدىن، ۋامۇق ئۆزرادىن، كىگىز بورىدىن، ئۇچاق موردىن، سۈڭگۈچ شورىدىن، بىلىق دەريادىن، قىزىلگۈل

غۇنچىسىدىن، ئەتىرگۈل كامالىچىسىدىن، كېپىك تاغدىن، بۇلبۇل باغدىن، كاككۇك زەينەپتىن، قارىغۇ ھاسىسىدىن، شاپتۇل ئۆكچىسىدىن، تاۋۇز پىلىكىدىن، سۆڭەك يىلىكىدىن، دەرەخ يوپۇرمىقىدىن، تۆگە بوتىلىقىدىن، قوي قوزىسىدىن، لەغمەن سوزىسىدىن، چىراغ پوزىسىدىن، كاتىپ جوزىسىدىن، كادىر موزىسىدىن، ھاراق كوزىسىدىن، پاختا غوزىسىدىن، كېسەل دورىسىدىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ كەت- تۇق. ئايرىلغاندىن كېيىن يا بىر تەرەپكە كېتەلمەي، يا مۇرادىمغا يېتەلمەي، راست گېپىمنى دېيەلمەي ئۇشبۇ سالامنى سىزگە يازدىم، قوبۇل قىلارسىز. يىغلاپ - يىغلاپ كۆز قاراقىمدىن سىياھ ئىزىپ، كىرپىكىمنى قەلەم قىلىپ، يۈرىكىمنى قەغەزگە تىزىپ نامە قىلىپ جانابلىرىغا يوللىدىم.

مۇبارەك ياشلىقتىكى مېھرىڭىز كۆڭلۈمگە يېقىن، جىسمىمدىن يىراق، شۇل تۆپەيلى ۋاقىت ئۆتتى، ئۆرلىمەكتە يۈرەكتىكى دەردۇ - پىراق. گاھى خىرە يانىدۇ، كۆپ چاغدا روشەن، ئۆمىدتىن يىراق، نەپ تېگەمۇ مەلۇم ئەمەس، شۇل مۇھەتتىن يىراق.

قىزىلگۈلنىڭ ئۈستىگە،
ئەتىرگۈلنى تاشلايمەن.
رۇخسەت قىلسىڭىز يارىم،
مەن سۆزۈمنى باشلايمەن.

1

سېغىنىشلىق سالام خەت،
سېغىنغاندا يازغان خەت.
سېغىنمىسام يازمايتتىم،
شۇنىڭ ئۈچۈن يازغان خەت.

سېغىنىشلىق سالام خەت،
سېغىنغاندا يازغان خەت.
يارىنىڭ ھالىنى سوراپ،
قايتىپ كەلسۇن بارغان خەت.

ئاي تۇغقاندا يازغان خەت،
كۈن چىققاندا تەگسۇن خەت.
باغرى قاتتىق شۇ يارىنىڭ،
يۈرىكىگە تەگسۇن خەت.

يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن،
ئېتىلىپ چىققان سالام خەت.
دەردى - پىراق ئىچىدە،
يېزىلىپ چىققان سالام خەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەن غېرىبجان دوستۇڭدىن،
كەتتى بۈگۈن سالام خەت.
ئىنتىزارمەن جاۋابقا،
ئەتە ـ ئۆگۈن سالام خەت.

بۇ خەتنى يازدىم سىزگە،
سىزمۇ خەت يېزىڭ بىزگە.
قاچان خەت كېلەركىن دەپ،
قاراپ تۇرىمىز سىزگە.

2

بۇ دەريا ئەزىم دەريا،
ئاققان سۈيى دولقۇنلۇق.
مەن سىزگە سالام يازدىم،
يۈرىكىمدىن يالقۇنلۇق.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى،
يەرگە قاراپ ئېچىلدى.
بۇ خېتىمنىڭ مەزمۇنى،
سىزگە ئاتاپ يېزىلدى.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
تۆمۈر ـ پولات تاۋلاشقا.
ئۇشبۇ خەتنى يازدىم مەن،
چىن مۇھەببەت باغلاشقا.

خېتىم ئاددىي بولسىمۇ،
قوبۇل قىلىپ كۆرگەيسىز.
خاپا بولماي جاۋابنى،
تېز قايتۇرۇپ بەرگەيسىز.
دەپ: ××× دىن
ئانايەتنامە قىلدىم ئاڭلىسۇن دەپ،
مېنىڭ كۆيگەنلىرىمنى چاغلىسۇن دەپ.
ئىسمىمنى يازمىدىم ئۆزى بىلۇر دەپ،
خالايىق ئالدىدا مەشھۇر بولۇر دەپ.

3

سېنى ئويلاپ ئۇزاقتىن،
ئاق قەغەزگە يازدىم خەت.
يۈرىكىمدىن چىقمايسەن،
تۇردۇڭمۇ يار سالامەت.

قانداق يارىم ھالىڭىز،
ساق ـ سالامەت بارمۇ سىز.
سىزدىن ئەھۋال سورايدۇ،
غېرىب بولغان يارىڭىز.

4

ھويلامدىكى لەمپىگە،
ئۈۋا سالپتۇ قارلىغاچ.
نامە يازدىم مەن ساڭا،
ئۆزگە يارىم بولمىغاچ.

ئىشىك ئالدى ئالما ياغاچ،
كەستىم ئالما بولمىغاچ.
يارىمغا سالام يازدىم،
يېرىم كۆڭلۈم تولمىغاچ.

مەن ئاتمىنى باغلىدىم،
كۆلدىكى قىياقلىققا.
شۇبۇ خەتنى مەن يازدىم،
سەن يارىم چىرايلىققا.

ھاۋادىكى لاچىنلار،
قاناتىڭنى پەسلەپ ئۇچ.
قاناتىڭغا خەت سالاي،
مىنىڭ يارىمغا تاشلاپ ئۇچ.

ئالىيىشىل يىپ ئالدىم،
سائەت بېغى توقا دەپ.
قالايمىقان خەت يازدىم،
قاملاشتۇرۇپ ئوقا دەپ.

خەت پۈتۈپ نامە ئەۋەتتىم،
مېھرىبان يارىم ساڭا.
ئوقۇتۇپ زەنگگە ئالغىن،
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.

5

قىزىلگۈلنىڭ شاخىغا،
بۇلبۇل كېلىپ قونامدۇ؟
يارىم يالغۇز بولمىسا،
سالام خەتنى يازامدۇ؟

يارىم يازغان خېتىدە،
«سېغىندىم سېنى» دەپسەن.

«خەت يازماس بولۇپ قالدىڭ،
ئۇنۇتتۇڭمۇ مېنى» دەپسەن.

سېنىڭ يازغان خېتىڭگە،
جاۋاب يازىمەن يارىم.
ئۈمىدىڭنى ئۈزمىگىن،
قايتىپ بارىمەن يارىم.

6

كېچىلىرى سېغىنىپ،
ئۇيقۇم كەلمەيدۇ پەقەت.

مېنى كۆرگۈڭ كەلمەمدۇ،
يازمايسەن ھېچ سالام خەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەجەبمۇ غېرىب بولدۇم،
چالغۇدەك ساز يوقمىدى.
نېمانچە خەت يازمايسەن،
يازغىدەك سۆز يوقمىدى.

خەت ئەۋەتسەم كۆرسەڭكەن،
جاۋابىنى بەرسەڭكەن.
خۇما كۆزلۈك دىلبىرىم،
سېغىنغاندا كەلسەڭكەن.

خېتىڭنى ئېلىپ كۆرسەم،
كۆزۈمگە يېنىپ سۈرسەم.
يار ۋەسلىڭگە يەتكەندە،
باغرىمغا تېڭىپ سۆيسەم.

7

يازدىم سىزگە سالام خەت،
ئوقۇپ بىقىڭ خېتىمنى.
سىز يارىمنى بىلەر دەپ،
يازماي قويدۇم ئېتىمنى.

8

سالام خەتنى مەن يازدىم،
ئاق قەغەزنى تولدۇرۇپ.
خېتىم كەتتى مەن قالدىم،
يازغان جايدا ئولتۇرۇپ.

سېغىنغاندا ئولتۇرۇپ،
ئالدىم قولۇمغا قەلەمنى.
سىز مېھرىبان يارىمنى،
ئەسلەپ يازدىم سالامنى.

بىزنى خۇدا ياراتقان،
ھەر بىر يەرگە تاراتقان.
سىز بىلەن مۇڭداشقىلى،
سالام خەتنى ياراتقان.

ئوت كەتتىيا ـ ئوت كەتتى،
قومۇشلۇقتا ئوت كەتتى.
خەۋەردار بولۇڭ يارىم،
قېشىڭىزغا خەت كەتتى.

9

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدىن،
پۇراق ئالغان سالام خەت.
ھېچ ئۇچرىنى قايتۇرماي،
غېرىب بولغان سالام خەت.

قايتا ـ قايتا يېزىلدى،
جاۋاب بەرمەي سالام خەت.
مەندىن سىزگە يېزىلدى،
سىزدىن كەلمەي سالام خەت.

قاتتىق-يۇمشاق سۆز بىلەن،
سىزگە يازدىم سالام خەت.
نەچچە يازدىم بىرسى يوق،
باغرى قاتتىق سالام خەت.

مەندىن سىزگە يېزىلدى،
گەپكە تولغان سالام خەت،
يۈرەك شۇنچە ئېزىلدى،
دەردكە تولغان سالام خەت.

كەتسە كەلمەس سالام خەت،
بارسا كەلمەس سالام خەت.
قەغەز، قەلەم بار تۇرۇپ،
ھېچ ئەۋەتمەس سالام خەت.

10

خەتلىرىم تامام بولدى،
ئەھۋالىم ئايان بولدى.
تېزرەك جاۋاب بەرگەيسىز،
كۈنلىرىم يامان بولدى.

دۇتارلار راۋاب بولدى،
يۈرەكلەر كاۋاپ بولدى.

خەتنىڭ ئۇچۇرىنى بىرىڭ،
بىزلەرگە ئازاب بولدى.

ئۆگزەمگە قوناق يايدىم،
قۇرۇتمەن چاچمىغىن.
بىر بەت قەغەز بەش سېنت،
خەت يېزىشتىن قاچمىغىن.

11

ئالا پاختەك، ئالا پاختەك،
كېلىپ قوندى تېرەككە.

سېنىڭ يازغان خەتلىرىڭ،
خويمۇ تەگدى يۈرەككە.

12

ئېپتىدا قىلدىم خېنىم،
بۇ سۆزۈمنىڭ باشىغا.
تولدى قويىنۇم لىققىدە،
مەن غېرىبنىڭ ياشىغا.

ئالمىنى ئاتتىم ساڭا،
شاخى يوق بادامى دەپ.
سەن مېنى ياراتمايسەن،
ئەقلى يوق نادانى دەپ.

www.uyghurkitap.com



ئەقلىمنىڭ يوقلۇقىدىن،
يارى بولدۇم مەن ساڭا.
تەقدىرىم شۇنداقمىكىن،
خارۇ بولدۇم مەن ساڭا.

قاندۇرۇپ بىر سۆيسىڭىز،
نىم بولار ئەي يارىيار.
مەيدىڭىزدە جۈپ ئانار.
مەن غېرىب قاچان قانار.

ئول ئانارنى بەرسىڭىز،
ئاندىن ئوت مەندىن يانار.

مېھرىڭىزگە چىلىشىپ،
يۈرىكىم شۇندا قانار.

دوستلىرىمنى چاقىرىپ،
ھۇجراڭدا مېھمان قىلمىسام.
بوسۇغاڭدا باش قويۇپ،
ياشىمنى دەريا قىلمىسام.

مەن سېنىڭدىن ئۆزگىنى،
ئەسلا يارىم دېمەسمەن.
بىر سۆيۈپ ئۆلسەمۇ سېنى،
ئارماندا كەتتىم دېمەسمەن.

13

سېرىق سەمبە گۈلۈم،
سەرۋەردىگارا.
خېتىمنى يەتكۈزۈڭ،
پەرۋەردىگارا.

سامان رەڭلىككىنە،
بولدى چىرايىم.
ئۆلۈپ كەتسەم بولۇر،
سىزگە ۋابالىم.

ئىسمىمنى سالمىدىم،
ئۆزى بىلۇر دەپ.
خالايىق ئالدىدا،
مەشھۇر بولۇر دەپ.

ئېتىمگە تەگمىدى،
كۆڭلەكتىن ئۆزگە.
لېۋىمگە سۆيمىدى،
بىر سەندىن ئۆزگە.

بۇ سۆزنى دوست - دۈشمەن،
ئاڭلىماسمۇ يار.
ئۆلۈپ كەتسەم ئىچىڭىز،
ئاغرىماسمۇ يار.

بېغىمدا تاللىرىم،
ئۈزۈم بولۇپتۇ.
ئوقۇردا ئاتلىرىم،
دۈلدۈل بولۇپتۇ.

ساڭا مەن كۆيگىلى،
ئالتاي[1] بولۇپتۇ.
چۈشۈمدە كۆرگىلى،
يەتتاي[2] بولۇپتۇ.

ساڭا مەن كۆيگىنىم،
شۇنداق ئىرادە.
چۈشۈمدە كۆرگىنىم،
ئۇندىن زىيادە.

14

مەن بارايمۇ - بارمايمۇ،
ئاقشۇ[3] گۈزەل يۇرتۇمغا.
بىر پارچە سالام يازدىم،
سىز مېھرىبان يارىمغا.

قەلەم بىلەن خەت يازدىم،
قەلبىم بىلەن سۆز.
خەت يازغانغا تۈگەمدىكەن،
يۈرەكتىكى سۆز.

چوڭ يولغا كۆۋرۈك سالدىم،
ھەممە كىشى ماڭسۇن دەپ.
مەن يارىمغا خەت يازدىم،
كۆيگىنىمنى بىلسۇن دەپ.

خېمىر يېيىلىك تاختىدا،
ئاشنى ئىچىڭ ۋاقتىدا.
يۈرەكلەرگە ئوت كەتتى،
جاۋاب بېرىڭ ۋاقتىدا.

خەتنى يازدىم ئولتۇرۇپ،
ئاق قەغەزنى تولدۇرۇپ.
نېمە بولدى يىغلايسەن،
بىكارغىنە ئولتۇرۇپ.

ئاق كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى،
قاناتىدا خەت كەتتى.
يۈرىكىمنىڭ ئوتىنى،
سىز يارىمغا ئەكەتتى.

ئالماڭنى ئىغاتمامسەن،
دەريانىڭ ئىقىشىغا.

يازغان خەتلىرىڭ تەگسۇن،
يۈرىكىمنىڭ بىغىشىغا.

---

① ئالتاي — ئالتە ئاي دېگەن سۆزنىڭ يەرلىك شېۋىدە تەلەپپۇز قىلىنىشى.
② يەتتاي — يەتتە ئاي دېگەن سۆزنىڭ يەرلىك شېۋىدە تەلەپپۇز قىلىنىشى.
③ ئاقشۇ — كېرىيە ناھىيىسىدىكى جاي نامى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چامغۇرلۇقتا ـ چامغۇرلۇق،
چامغۇرلۇقتا ماڭغۇلۇق.
چامغۇرلۇقتىن ماڭغاندا،
سىزگە سالام يازغۇلۇق.

خەتنى يازدىم ئولتۇرۇپ،
ئاق قەغەزنى تولدۇرۇپ.

خېتىم كەتتى، مەن قالدىم،
غېرىبلىقتا ئاھ ئۇرۇپ.

ئاق ئاتىمنىڭ بالىسى،
كۆك ئاتىمنىڭ بالىسى.
سىزگە نۇرغۇن خەت يازدىم،
يەنە قالدى چالىسى.

## كۆڭۈل ئىزھارى

ئارىش[1] يېزىنىڭ يەرلىرى،
قۇم شېغىللىق ئارىلاش.
مېنى كۆيدۈرگەن شۇ قىز،
چېچى سۇمبۇل قەلەمقاش.

ئېقىپ كەتتى بۇ جانلار،
كۆيۈپ كەتتى بۇ جانلار.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
باغرى قاتتىق چوكانلار.

شىۋول[2] يولى يۇلغۇنلۇق،
ئەتراپى چىمەن گۈللۈك.
بىزنى كۆيدۈرگەن قىزنىڭ،
دوپپىسى ماجان گۈللۈك.

ئوتقا سالساڭ كۆل بولارمەن،
سۇغا سالساڭ پارچە مۇز.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ،
قاشى بىلەن كۆزى ئۇز.

ئۆستەڭ بېشىدا بىر بالا،
مىنگەن ئېتى كۆك ئالا.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئون بەش ياشلىق قىز بالا.

دۇتار دېگەن بىر ياغاچ،
سۆزلەيدىغان تارىسى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
قېشىڭىزنىڭ قارىسى.

① ② — كېرىيە ناھىيىسىدىكى جاي ئىسىملىرى.

ئېگىز تاغنىڭ ئۇيانىدا،
چىپا، چىپا قارا تاش.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىم،
ئۆزى زالىم قارا قاش.

راۋابىمنىڭ تارىسى،
پەي - پەيگە ئوخشايدۇيا.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارلا،
پەرىگە ئوخشايدۇيا.

ئويتوغراقنىڭ يولىدا،
كىردى كۆزۈمگە قۇم - توپا.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئۆزى چىرايلىق بىۋاپا.

شامال چىقسا پۇرايدۇ،
قوينۇڭدا ئانار بارمۇ؟
مېنى ئەجەب كۆيدۈردۈڭ،
بوينۇڭدا تۇمار بارمۇ؟

ئايۋاننىڭ ۋاسسىسى،
ئاتمىشمىدۇ، يەتمىشمىدۇ؟
مېنى كۆيدۈرگەن چوكان،
ئاشۇمىدۇ، يەڭگۈشمىدۇ؟

ئابى زەمزەم، تاش زەمزەم،
سېرىقمىكىن، بوزمىكىن.
بىزنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
گاڭگۇڭمىكىن، ئۆزمىكىن.

ئوردا بېشىدا قوغۇنچى،
كۆل بېشىدا سوپۇنچى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
ئىشەدىكى① بىر غۇنچى.

ئىچىگە شايى كىيىپسىز،
تېشىغا كالتە چاپان.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ،
چېچى قارا، كۆزى چاقان②.

ئۆگزەم غىس - غىس قىلادۇ،
چىقسام توخۇنىڭ ئىزى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئېبىساكامنىڭ چوك قىزى.

ئىشىك ئالدى قوش كۆلچەك،
ئوتتۇرىسى دۆمبەلچەك.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
مەيدەڭدىكى قوش ئەمچەك.

---

① ئىشە — ئاشۇ يەر مەنىسىدە.
② چاقان — چېقىر مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆستەڭ سۈيى لاي بولسا،
ئىچىپ قويماڭ جانىم قىز.
كۆڭلىڭىزدە مەن بولسام،
تۈزۈك ئويناڭ جانىم قىز.

كىرسەم ئۇماق قوينۇڭغا،
گىرە سالسام بوينۇڭغا.
سۇ سەپكەندەك قۇملۇققا،
سىڭىپ كەتسەم جانىم قىز.

ئۇنداق ئەتمەڭلار مېنى،
مۇنداق ئەتمەڭلار مېنى.
ئاقۋەت لازىم بولارمىز،
تاشلىۋەتمەڭلار مېنى.

ئۇنداق دېسلە ماقۇل،
مۇنداق دېسلە ماقۇل.
كۈزلۈككە پىشار شاپتۇل،
شاپتۇل تۈۋىدە ماقۇل.

ئۇنداق دېمىسلە يارىم،
مۇنداق دېمىسلە يارىم.
ئاخشام بولغان گەپ - سۆزنى،
كىشىگە دېمىسلە يارىم.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
سالقىن شامال راۋا بولدى.
يارىمنىڭ سۆيۈشلىرى،
يۈرىكىمگە داۋا بولدى.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
قولىڭىزنى مەن تارتاي.
بار ئويۇننى سىز ئويناڭ،
دەردىڭىزنى مەن تارتاي.

ئېگىز تاغ ئاراسىدا،
ئېرىمەيدىكەن قارلا.
بىزدىن ئامەت قاچقاندا،
قارىمايدىكەن يارلا.

ئېگىز تاغقا چىقماڭسىز،
يول تېپىپ ئۆتەلمەيسىز.
مەن سۆيگەننى سۆيمەڭسىز،
چۆرگىلەپ كېتەلمەيسىز.

يالۋۇرۇپ ساڭا ھەركۈن،
ياد ئېتىپ سېنى ھەر تۈن.
باغرىمنى قىلىبان خۇن،
ۋەسلىڭگە يېتەرمەنمۇ؟

بارسام ئىشىكىگە يىغلاپ،
ئاچچىقلىق كېلىپ قوغلاپ.
بۇ قىسمى كۆرۈپ خورلۇق،
دۇنيادىن ئۆتەرمەنمۇ؟

يارىم ماڭا باقمايدۇ،
سىنەسىنى ياقمايدۇ.
بۇنداق بىۋاپا يارغا،
بىھۇدە كۆيەرمەنمۇ؟

باقماي ماڭا دەرد قىلدىڭ،
چىرايىمنى زەرت قىلدىڭ.
دەردىمگە داۋا تاپماي،
ئاخىرى ئۆلەرمەنمۇ؟

مېنى بەك خاپا قىلدىڭ،
جانىمغا جاپا قىلدىڭ.
سەندەك بىۋاپا يارغا،
ئاۋارە بولارمەنمۇ؟

جان گۈلۈم جان ئەنبەگۈل،
جان ئىلكىدە، جانان قىز.
نۇرلۇق كۆزۈڭ چولپاندەك،
بويۇڭ ماھى تابان قىز.

بىر كۆرۈپ سېنى جانىم،
قالمىدى مېنىڭ ھالىم.
يامان بولغاندا ئەھۋالىم،
ھېچ بىلمىگەن نادان قىز.

چىشلىرىڭ مىسالىدۇر،
بارلىقىم ساڭا قۇلدۇر.
يۈزلىرىڭ قىزىل گۈلدۇر،
خىزمىتىڭدە پەرمان قىز.

مەن بىرىپ شەھىرىڭگە،
مەنزىلىڭدە غىلمان قىز.
دەردۇ - پىراق ئىلكىدە،
مېنى خاراب قىلغان قىز.

جان ئىچىدە جانان قىز،
جانغا ئوتنى ياققان قىز.
ئۆز يارىنى كۆرگەندە،
ئالمىدەك قىزارغان قىز.

ئەي پەلەك چەرخىڭ بۇزۇق،
كىملەرگە خار قىلدىڭ مېنى؟
مەيلى بارۇ-مەيلى يوققا،
ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى.

قىلۋىنىڭ شاماللارى،
سۇندۇردى گۈل بەرگىنى.
مەن بېرىپ كىملەرگە يىغلاي،
بىۋاپانىڭ دەردىنى.

خۇدانىڭ بەندىسى كۆپتۇر،
مەندەك بولغىنى يوقتۇر.
مەندەك بولغىنى بولسا،
دەردتە قالغىنى يوقتۇر.

دەردكە دەرد بەرگەن خۇدا،
دەردمەنگە دەرد بەرگەن خۇدا.
شۇنچە دەرد باشىمدا تۇرسا،
تۆپىلەپ بەرگەن خۇدا.

ھاۋادىكى بوز تورغاي،
تۇمۇچۇقنى سايراتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
يولغا نەچچە قاراتتى.

www.uyghurkitap.com



ئاتىم سۇنى ئىچمەيدۇ،
لازا بارمىكىن كۆلدە.
يارىم ئۆيدىن چىقمايدۇ،
ئېرى بارمىكىن ئۆيدە.

قولۇڭدىكى ئالماڭنى،
كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ؟
قاچانغىچە كەلمەيسەن،
ئولتۇرامدىمەن ساقلاپ.

ئاق ياغاچتا ئايۋانىڭ،
قارا ياغاچتا سارايىڭ.
نېمانچىزا كەلمەيسەن،
ئۆتۈپ كەتتى قارايىڭ.

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
تامايىم يوق غوراڭدىن.
ئانىسى يامان دەللە،
ئايرىۋەتتى جورامدىن.

باغقا كىردىم تام بىلەن،
گۈلنى ئۈزدۈم پەم بىلەن.
ئانىسى يامان دەللە،
نەچچىنى قويدى دەم بىلەن.

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
بەشنى ئۈزدۈم غوراڭدىن.
ماڭا بەرمىگەن قىزىڭنى،
ئوغرى ئالسۇن موراڭدىن.

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
بەش بالامنى يېتىلەپ.
بەش بالامنىڭ ئانىسى،
تېخى چوكان سېكىلەك.

مەنمۇ ماڭدىم قاش بىلەن،
سەنمۇ ماڭدىڭ قاش بىلەن.
خوشمۇ ئايرىلىپ كەتتۇق،
قارا كۆز ئاداش بىلەن.

يارىم كېلىمەن دەيدۇ،
ئاخشام كەلگەن يول بىلەن.
يارنىڭ كۆڭلىنى ئالاي،
قولۇمدىكى گۈل بىلەن.

چىمەن دوپپا باشىڭدا،
دەمدەك ئوسما قاشىڭدا.
ئوتتۇڭدا تولا كۆيدۈم،
يىگىرمە تۆت ياشىمدا.

باغقا كىردىم پەم بىلەن،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزگىلى.
سەن بىلەن بىر سۆيۈشۈپ،
سۇنۇق كۆڭلۈنى ئۈزگىلى.

باغقا كىردىم يول بىلەن،
تاغقا چىقتىم باغ بىلەن.
يارىم مېنى چىللايدۇ،
ئېغىر ياتقۇ چاغ بىلەن.

يەر بويلاپ ئۇچۇپ كەتتى،
قانىتى قارا قارلىغاچ.
يارنى كۆرسەم قىزاردىم،
يۈرەكتە ئوتى بولغاچ.

ھاۋادىكى بۇلۇتلار،
ھەر تەرەپكە تاراپتۇ.
شۇل يارىم ئۇسما قويۇپ،
ھەر كىشىگە ياراپتۇ.

باغدا گۈل ئاچىلغۇچە،
زەدەك كۆكى قىسقاچ تۇرۇڭ.
كونا يار كەلگۈچىلىك،
يېڭى يار تۇتقاچ تۇرۇڭ.

باغىمدىكى قوناقنى،
ئالتىنچى ئايدا تاقلايمەن.
رەسمىڭنى بەر يارىم،
خاتىرەمدە ساقلايمەن.

ئەي خېنىم سېرىق چىراي،
ئوتىڭىزدا قانداق چىداي؟
ئاۋۋال ئاخشامدا بېرىپ،
تاڭ ئاتقۇچە راۋاب چالاي.

يار بولسا قېشىدا بولسا،
كۆرپە تەلپەك بېشىدا بولسا،
ئەتىگەندە بىرلا كۆرسە،
ئون بەش كۈنلۈك ناشتا بولسا.

قىزىلگۈلنى كىم كەستى،
كەسكەن بىلەن قايرىلماس.
يار كۆڭلۈمنى چۈشەنسە،
مەندىن ھەرگىز ئايرىلماس.

باغدىكى جىنەستىنىڭ،
بىر شاخىدا ئون پۇتاق.
مىنى گوللىساڭ يارىم،
يات ئارىدا ئىش چاتاق.

ئانا يۇرتۇم چىرادۇر،
ئايرىلغانتىم يۇرتۇمدىن.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
تارتىپ سۆيدى بۇرۇتۇمدىن.

يايلاقلاردا ئوتلايدۇ،
يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى.
يۈرىكىمگە بەك ياقتى،
يارىمنىڭ يازغان خېتى.

يولۇڭغا چىراغ ياقسام،
تالادا چىراغ ئۆچتى.
يار ماڭا ئاشىق دېسەم،
ئاشىقلىق ماڭا كۆچتى.

تاشتىن تاشقا سەكرەپتۇ،
تاغدا ئوتلىغان جەرەن.
ۋاپاسىزلىق قىلماس دەپ،
كۆڭلۈمنى ساڭا بەرگەن.

www.uyghurkitap.com



باغىڭدىكى ئۆجمەڭنى،
ئىلمەكتە ئىلىپ يەيمەن.
ئىچىڭدىكى دەردىڭنى،
مەن ساڭا كېلىپ دەيمەن.

تامچى بولساڭ ئۇستا بول،
يۇرۇڭقاشنىڭ تامچىسىدەي.
يارنى سۆيسەڭ قايرىپ سۆي،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەي.

ئاق قۇشقاچ بولۇپ سايراپ،
قوندۇم ئۆجمە شاخىغا.
ھەركىم مەندەك كۆيەرمۇ،
لېۋى تاتلىق يارىغا؟

ئاقتا كۆڭلەك كىيگەنىم،
«كىر بولمىسۇن» دېگەنىم.
قاش ئېتىپ كۆز قىسقانىم،
«يار بولايلى» دېگەنىم.

زوقۇم كەلدى ئىشىڭغا،
كۆيۈپ قالدىم قېشىڭغا.
بىر گەپ قىلغۇم بار ئىدى،
ئەتە باراي قېشىڭغا.

ئالما شاخى، گۈل شاخى،
سىنمىغۇچە قايرىلماس.
چىڭ تۇتاشقان يۈرەكلەر،
تا ئۆلگۈچە ئايرىلماس.

گۈللا بولسا گۈل بولامدۇ،
قاتى - قاتى بولمىسا؟
يار دېگەنگە يار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا؟

چەينىكىڭگە چاي سېلىپ،
چېيىڭنى قاينىتاي يارىم.
ئىشىك ئالدىڭدىن يار تۇتۇپ،
ئىچىڭنى قاينىتاي يارىم.

ئاتنى يۈگۈرۈتۈپ ماڭدىم،
يارىمنىڭ كوچىسىدا.
ئامرىقىم چىقىپ كەلدى،
ئاق كۆينەك ئۈچىسىدا.

جىگدىدە ئۇلا سايراپتۇ،
يارىم ماڭا قاراپتۇ.
ئاخشىمى باراي دېسەم،
خەقلەر مېنى مارايتۇ.

نۇرىڭنىڭ داۋانىدا،
ئات كۆكسىدە ياغدى قار.
ئۈمىدنى ئۈزمەيسىز،
نادانلىقتا تۇتقان يار.

بىزنىڭ يارنىڭ كەپىرى بار،
يانچۇقىدا دەپتىرى بار.
سائەت بەشتىن ئۆتكەندە،
ناۋاتتىن تاتلىق گەپلىرى بار.

يۈرىكىم سەگىيتۇ دەپ،
سۇ ئىچەرمەن بىر چېلەك.
سۇ ئىچكەنگە سەگمەيتۇ،
ئورنىشىپ كەتكەن كۆيەك.

لەيلى-مەجنۇن شاخى ئېگىلدى،
يار ئىگىلمەيسەن ماڭا.
يا كېلىپ بۇ جاننى ئالغىن،
يا كۆكۈل بەرگىن ماڭا.

پىچاق ئالدىم چا دەستە،
گۈلنى ئۈزدۈم مەن پەستە.
تۇتاي سىلىگە گۈل دەستە،
مېنى پات - پات يادەتسىلە.

هويلىڭىزنىڭ تېمى ئېگىز،
باغچىڭىز چىتلاق.
سىزنى كۈتۈپ ئاۋارىمەن،
چىقمامسىز تېزراق؟

هويلا تېمى ئېگىز ئىكەن،
سۇۋاقسىز ئىكەن.
مەن يارىمنى كۆرەي دېسەم،
كۆڭۈلسىز ئىكەن.

ئاللا مېنىڭ دەردلىرىمگە،
بەرمەسمۇ دەرمان؟
ئۆلۈپ كەتسەم قالامدۇ،
يۈرەكتە ئارمان؟

يولدا يەتمەي ئۆلۈپ قالسا،
قاغا يېمەمدۇ؟
قاغىلارمۇ قىيامەتلىك،
ئاشىق دېمەمدۇ؟

يارسىز قېلىش ئەزەلدىن،
بولماس ئىرادە.
چىن ئىرادە بولسا، تاپار
يارنى پىيادە.

باغ ئىچىدە ئاچىلىپتۇ،
بىر تۈپ قىزىلگۈل.
يانىڭىزدا سايراشىپتۇ،
مەستانە بۇلبۇل.

ھەر كىشىنىڭ يارى باردۇر،
سىزنىڭچە يوقتۇر.
دەردىڭىزنى تولا تارتقان،
مېنىڭچە يوقتۇر.

كاككۇك دەيدۇ، زەينەپ دەيدۇ،
بىزگە تەڭ كەلمەس.
ئىككى ياخشى قول تۇتۇشتۇق،
دوستلۇق ئۈزۈلمەس.

تاغلار ئارا شوخ شاماللار،
كۆكۈل ئويناتسۇن.
باغلار ئارا بۇلبۇل سايراپ،
يارنى ئويغاتسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۆللەر ئارا دۆۋە قۇملار،
كۆچۈنۈپ كەتسۇن.
ئىككىمىزنى ئايرىغانلار،
يوقلىپ كەتسۇن.

پاسار بارىيا، پاسار با،
قوناقلىقتا پاسار با.
سىنىڭ كۆڭلۈڭ قانداقكى،
مىنىڭ كۆڭلۈم راسا با.

يار كېلىپ گۈل دەستە تۇتسا،
تار كېلەر دۇنيا ماڭا.
جان دىلىمدىن ئەتىۋادۇر،
شۇ گۈلى رەنا ماڭا.

ئېرىق چاپساڭ چوڭقۇر چاپ،
سۇ كەلگەندە بويلايمىز.
خاپا بولماي تۇر يارىم،
ۋاقتى كەلسە ئوينايمىز.

بۇ كېچە تاڭ ئاتمايتۇ،
يار قېشىمدا ياتمايتۇ.
يار قېشىمدا ياتقاندا،
جان ئىچىمگە پاتمايتۇ.

دۇتار چالغان قوللارىڭ،
سۇنۇپ كەتسۇن جەينەكتىن.
بۇ كۆيۈك كىمدىن قالغان؟
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن.

ئاخشام باردىم هويلاڭغا.
كۆزۈم چۈشتى شولاڭغا.
مىنى ئالساڭ قوينۇڭغا،
گىرە سالسام بوينۇڭغا.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى هاۋاغا.
شۇنچە بەدنام چاپلاندى،
بىرنى سۆيگەن گۇناغا.

جىنىم بار كىچىككىنە،
چىبىم بار سۇزۇككىنە.
مىنىڭ سۆيگەن يارىمنىڭ،
خۇيلىرى تۈزۈككىنە.

مەن چۆللەردىن ئۆتكەندە،
كۆرمىگەن تاش قالمىدى.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
كۆزۈمدە ياش قالمىدى.

ئۆستەڭ بويلاپ ماڭغۇچە،
قالاپ تۇردۇم يانغۇچە.
كۆڭۈلدىكى شۇل يارنى،
سۆيىۋالدىم قانغۇچە.

راۋابىمنىڭ تارىسى،
بىردىن ساناپ بەش كېلىدۇ.
بىرنى كۆيدۇرگەن خىنىم،
هاراق ئىچىپ مەست كېلىدۇ.

گۈلاخمادا[1]قوي سويسام،
دىۋانە «كاۋاپ» دەيدۇ.
قىزنى سۆيۈپ قويسام،
ئانىسى «ساۋاب» دەيدۇ.

مەيدەڭدە بىر جۈپ ئانار،
بىزدەك دەردمەن قاچان قانار؟
قاندۇرۇپ بىر سۆيسىلە،
ئۆلگەن ئۆلۈك گۆردىن يانار.

قىسماق قۇردۇم پاختەككە،
سۇ ئۇسسۇدۇم تەلپەككە.
مەندىن ئايرىلىپ قالماڭ،
راست ئىشنىپ دالتەككە.

ئىلەك ئۆستەڭ[2]بويىدا،
بىتىنكەمنىڭ ئىزى بار.
چىن قەلبىمدە يۈرەكتە،
قارا كۆز يارنىڭ سۆزى بار.

ئوينىماققا ئەھدىم بار،
تاشلىۋەتمەڭ لازىم بار.
سىز يارىمنىڭ ئالدىدا،
قىيامەتلىك قەرزىم بار.

سۇ ئۇسسۇدۇم چىلەككە،
ئىسسىپ قويدۇم تىرەككە.
ۋەدىڭىزدە تۇرسىڭىز،
قارىمايمەن بۆلەككە.

ئۆستەڭ سۈيى باغلاقلىق،
يارنى بىزمۇ چاغلاقلىق.
ئۇن بەش كۈندە بىر كەلسەم،
سىرىق ئىتى باغلاقلىق.

ئىشتىنىممۇ دىكادىن،
چاپىنىممۇ دىكادىن.
سەن يارىمغا كۆيمىسەم،
گەپ قىلمايتتىم بىكاردىن.

ئاخشام باردىم غەم بىلەن،
تامدىن چۈشتۈم پەم بىلەن.
ئانىسى ھارامزادە،
ئوننى قويدى دەم بىلەن.

سۆيۈپ ئالدىم دالدىدا،
قاپاق تىرەك ئالدىدا.
دوزاخ ئوتى ئوت ئەمەس،
سىنىڭ ئوتۇڭ ئالدىدا.

---

① گۈلاخما — چىرا ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.
② ئىلەك ئۆستەڭ — جاي ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دۇتار دېگەن ياغاچكەن،
جىرىڭلاتقان تارىسى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
كۆزىڭىزنىڭ قارىسى.

ئىشىك ئالدى چىنادۇر،
ئەگسە شاخى سۇنادۇر.
يار ئۈستىگە يار تۇتسا،
شەرىئەتتە گۇناھدۇر.

مەن ئىش قىلسام قالمايتۇ،
ھەرگىز ئېشىپ چالىسى.
باي قىزىغا كۆيمەيمەن،
ئۆزۈم دېھقان بالىسى.

بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدا،
ناۋايخانا، دۇكان بار.
ماڭا ئاشنا بولغىلى،
خۇمار كۆزلۈك چوكان بار.

يامغۇر يېغىپ ئاسماندىن،
ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈندى.
يارنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم،
يۈرەك - باغرىم سۆيۈندى.

بىلىنجانلار يايرايدۇ،
كۆلدىكى سۇ ئىچىدە.
ۋەدىلەشتىم يار بىلەن،
سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە.

قوغۇنلۇقتا سۇ قۇيساڭ،
ئۆسۈپ كېتەر پىلىكى.
ئۆز يارىمنى سۆيىمەن،
لازىم ئەمەس بىلىكى.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
قاپاقتا سېرىق ياغلار.
قىز باللا كۆمەچ ئەتسە،
ئوغۇللار بۇرۇت ياغلا.

بىزنىڭ باغقا كىرىپ باق،
بۇغداي، قوناق تېرىپ باق.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
يۈرىكىمنى يېرىپ باق.

يۇلغۇن تۆۋىدە كەكلىك،
يورغىلايدۇ بىر توشقان.
تاشلاپ كەتكىلى بولماس،
لېۋىگە شېكەر قوشقان.

سايدىكى يالغۇز تېرەكنىڭ،
سايىسى بولماس ئىكەن.
يار ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكنىڭ،
دارىسى بولماس ئىكەن.

ئاق تاۋارنى كىيەملا؟
كۆك تاۋارنى كىيەملا؟
ۋەدىنى بىزگە بېرىپ،
بۆلەك يارنى سۆيەملا؟

ئىشكايىلىڭىز تېرەكلىك،
بارالمايمەن يۈرەكلىك.
بارماي دېسەم بولمايدۇ،
يۈرەك سىزگە كۆيەكلىك.

چىلگىلەر پىشىپ قاپتۇ،
كېۋەزلىكتە پىلەكتە.
سەن سورىمىغىن، مەن دېمەي،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

سەھەردە شامال بولۇپ،
ئەگىتمەڭ تېرەكىمنى.
بىر قاراپ كۈلۈپ قويۇپ،
كۆيدۈرمەڭ يۈرەكىمنى.

ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك،
شولا بەرمىگەن يارىم.
ئاغزىدا كۈلۈپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىم.

راۋابنى تولا چېلىپ،
ئېيتۇرمەن بىر ناخشىنى.
بىر يارغا كۆڭۈل بەرسەم،
ئىلغىمايدۇ ياخشىنى.

كۈندۈزى كۈن يورىقى،
ئاخشىمى ئاي يورىقى.
بىزنى بۇنچە قىينىماڭ،
بار ئۇنىڭكى سورىقى.

قىزىلگۈل ئاراسىدا،
غۇنچە بولۇپ ئۈنىمايلى.
دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا،
قول تۇتۇشۇپ ئۈنىمايلى.

ئېرىقىڭنى مەن ئويدۇم،
سەن كېلىپ يەنە ئويما.
مەن بۇ يەرگە مۇساپىر،
دۈشمەن قولىدا قويما.

كېچىلەردە ئاي تۇغدى،
سەھەر ۋاقتىدا چولپان قىز.
سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيگەن بىز،
ئاچ قوينۇڭنى چوكان قىز.

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ،
گۈل بېغىدا - گۈلشەندە.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالغان،
ئۆستەڭ بويىدا كۆرگەندە.

بۇ يىل باغدا ئوخشىدى،
شاپتۇل بىلەن ئالما.
مەن ساڭا تولا كۆيدۈم،
يارىم ئۇنتۇلۇپ قالما.

مېنىڭ دەردىمنى سەن تارتقان،
سېنىڭ دەردىڭنى مەن تارتقان.
كېچىلەردە تالى مەجنۇندەك،
بېلىڭگە چىرمىشىپ ياتقان.

www.uyghurkitap.com



ھاۋادىن ئۇچۇپ ئۆتتى،
ئاق كەپتەر بىلەن قاغا.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
ئوتتۇم كۆيىدۇ يارغا.

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ،
گۈل بېغىمدا، بوستاندا.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
ھەر كۈنلۈكى ئاخشامدا.

سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن غېرىب،
كىمگە ئېيتىمەن بېرىپ.
يۈرەك باغرىم پارە - پارە،
كۆرەمسەن ئۇنى يېرىپ؟

ئۆگزەمدىكى خورازنى،
چالما ئېتىپ چىللاتتىم.
يىراقتىكى يارىمنى،
خەت ئارقىلىق يىغلاتتىم.

كۈتەرمەنمۇ، كۈتەرمەنمۇ؟
شۇنچىمۇ كۈتەرمەنمۇ؟
كۆيۈپ قالغان يارىمنى،
سۆيەلمەي ئۆتەرمەنمۇ؟

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز تۇتۇۋالدى.
غۇنچە بويلۇق قارا كۆز،
كۆڭلۈمنى ئۇتتۇۋالدى.

توقاچ ياقسام تونۇرغا،
ئۆرلەپ چىقتى گۈپپىدە.
ئامرىقىمنى چاي بىلەن،
يۇتۇۋەتسەم ھوپپىدە.

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام،
ئالما چۈشتى قىشىمغا.
يارىم ئەجەب ئەسقاتتىڭ،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا.

سۇنىمۇ ئېچىپ قويدۇم،
ھويلىدىكى ئۆزۈمگە.
ماقۇل دېگىن چىرايلىق،
ئۇنداق قىلماي سۆزۈمگە.

ئەجەب يۇمشاق يەر ئىكەن،
قوغۇن - قاپاق تەرگۈدەك.
بىزنىڭ يارنى ئانىسى،
باشقا ئەرگە بەرگۈدەك.

غەزەل ئوقۇماي دېسەم،
دەردىم ئوقۇتاي دەيدۇ.
يارغا قارىماي دېسەم،
ئوتى قارىتاي دەيدۇ.

ساندۇقمۇ ئېتەلەيمەن،
قاسقانمۇ ئېتەلەيمەن.
يارىم تۇرغان ھويلىدىن،
ئايلىنىپ كېتەلمەيمەن.

چاپىنىمنىڭ ئەستىرى،
ئاق ئەستەر، قىزىل ئەستەر.
مېنى ئۇتقا سەپ قويۇپ،
سەن يۈرەمسەن بىخەستە؟

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يار بىلەن كۆرۈشكىدەك.
قاپاق تېرەك ئاستىدا،
قۇچاقلاپ سۆيۈشكىدەك.

ئۇيانمۇ ئېقىن يارىم،
بۇيانمۇ ئېقىن يارىم.
ئۆيىمىز يىراق بولسا،
كۆڭلىمىز يېقىن يارىم.

يارىم ياتىدۇ غەمدە،
گۈلنىڭ تۈۋىدە نەمدە.
مەن بۇ يەردە ناخشا ئېيتسام،
يار ئۇ يەردە ئەلەمدە.

بىز كىرگەن قومۇشلۇقتا،
يولۋاسلار كىرەلمەيدۇ.
مەن سۆيگەن گۈزەل يارنى،
خان - بەگلەر سۆيەلمەيدۇ.

بەلۋاغ باغلىغان نوچى،
ئەنجان بۆك كىيەلەمدۇ؟
كۆڭۈلدىكى سۆزىنى،
يارىغا دېيەلەمدۇ؟

بارار يوللىرىم تۈز يول،
كېچە ماڭا كۈندۈزدۇر.
مېنى ھەرگىز توسماڭلار،
يارىم ئۆيدە يالغۇزدۇر.

گۈللەر تېرىدىم تۈزدە،
ئېچىلىدۇ كەچ كۈزدە.
سىز باققان ئۇچۇن بىزگە،
بىزنىڭ كۆزىمىز سىزدە.

قاغىلار كېلىپ قوندى،
ھويلاڭدىكى تېرەككە.
ئاخشام قىلغان گەپلىرىڭ،
خۇشمۇ ياقتى يۈرەككە.

بارسام ئىشىك دەملەكلىك،
يان ياغاچقا يەملەكلىك.
كەچ بولسىمۇ كەل يارىم،
ساڭا قەن چاي دەملەكلىك.

www.uyghurkitap.com



كەلكۈن كەلسە شارقىراپ،
سۇ ئاقىدۇ ئېرىقتا.
مىنىڭ سۆيگەن يارىمنىڭ،
ئۆيى يېقىن — سېرىقتا①.

بەش تال قوغۇن چۇشۇپتۇ،
ھويلاڭىدىكى پىلەكتە.
لاۋۇلدايدۇ ئۆچمەيدۇ،
يارنىڭ ئوتى يۈرەكتە.

دۇتارنى چالاي يالغۇز،
ئۆزۈم بىلگەن پەدىگە.
چىدىغىلى بولمايدۇ،
قارا كۆزنىڭ دەردىگە.

چەكمەنمۇ كىيگەن تونىڭىز؟
شايىمۇ چەكگەن پوتىڭىز؟
ئۆچمىدى يارىم تېخى،
يۈرەككە ياققان ئوتىڭىز.

كۆك ئاسماننىڭ قەرىدە،
لاچىن ئۇچۇپ ئەگىپتۇ.
مىنىڭ يارىم ھايالىق،
چاقچاق قىلماق تەگىپتۇ.

يارنىڭ بېلىدە پوتا،
پوتىدىكى نىمكەن؟
خەقكە كۆكۈل بەرگۈچە،
ماڭا كۆكۈل بەرسەكەن.

مەن تۆگەمنى باغلىدىم،
چۆلدە يالغۇز توغراققا.
رىسقىم نېچۈن قىيتىلماس،
چىرايى ئۇز ئوڭلاغقا؟

جەننەتتە ئاقار ئىمىش،
ھەسەل بىلەن سۈت يارىم.
سۆيسەڭ مىنى يۈرەكتىن،
كېلىشمنى كۈت يارىم.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىنى،
قۇمغا سېلىپ قۇرۇتماڭ.
مەن ھەر قاچان سىزنىڭكى،
كۆڭلىڭىزنى سوۋۇتماڭ.

سۈزۈك ئاققان تاغ سۈيى،
تەڭگە داۋا ئەمەسمۇ؟
بىرگە بولۇپ، بىرگە ئۆلمەك،
بىزگە راۋا ئەمەسمۇ؟

① سېرىق — كەنت نامى.

مەھەللەڭدە قوي بېقىپ،
يۇلغۇن تۈۋىدە ياتتىم.
جان كۆڭدە چېچەكلەمدۇ،
دەردىڭنى تولا تارتتىم.

مەيگە چىقىپ ماڭسام،
يول ئۈزۈن كۆرۈنمەيدۇ.
يارنىڭ كۆزىگە قاراپ،
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.

قاشىڭنىڭ قاراسىنى،
نەمگە تېرىپ ئۈندۈرەي.
بىردەم ئولتۇر قېشىمدا،
مەن كۆزۈمگە سىڭدۈرەي.

تاغقا چىقتىم پەم بىلەن،
چاي دەملىدىم قەن بىلەن.
كۆڭۈل - ئىشقىڭىز بولسا،
ئوينىۋېلىڭ مەن بىلەن.

ھويلاڭدىكى ئاق ئۈجمە،
راۋاب بولامدۇ، دۇتارمۇ؟
ساۋاب بولار دەپ سۆيسەم،
شۇ سۆيگۈنۈم گۇناھمۇ؟

قارا - قارا قاشلىرىڭغا،
قەلەم يۈگۈتاي.
قايرىپ - قايرىپ سۆيگۈنۈڭنى،
قاچان ئۇنۇتاي؟

يارىم كەلدى كېچىدە،
قول چىراغنى ياندۇرۇپ،
بوستانلىقتا ئوينىدۇق،
كۆڭۈللەرنى قاندۇرۇپ.

كەلگۈن كېلىپ ئامبارغا،
بۇزۇلدى قىر توسمىسى.
بېگى يارنىڭ كۆزى ئۈز،
كۆيدۈرىدۇ ئۇسمىسى.

ھويلاڭدىكى ئاق يەرگە،
گۈل تېراي، بېدە قىلماي.
مېنى ئۈنچە گوللىما،
يۈرەكنى زىدە قىلماي.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئۆرۈكلىرىڭ بەك شاخلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكى.
قىيامەتكە باقمەن،
ئىككىمىزنىڭ كۆيۈكى.

مەتنىياز قوي باقتۇ،
زىۋىدىخان ئۆي باقتۇ.
ئاشنىڭىز كەپتۇ دېسە،
چىراغ تۇتۇپ ئىز باقتۇ.

www.uyghurkitap.com



سەن بىلەن ئوينايمەن دەپ،
سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم.
سېنىڭ گىرىپ ياغلىقىڭدا،
تاڭسا ساقايمادۇ قولۇم؟

يارىم ئۆيدە بارمۇ؟
ماڭغان يوللىرى تارمۇ؟
مەن يارىمنى دېمىسەم،
ماڭا شۇ بالا بارمۇ؟

بۈگۈن ئايغا بەش بولدى،
كۈن ئولتۇردى، كەچ بولدى.
كۆڭۈلدىكى يارىمنى،
ئەمدى سۆيمەك تەس بولدى.

ئاق چەكمەن، قارا چەكمەن،
رەڭدە بويىغان چەكمەن.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
ياردىن ئۆتە مەن دەردمەن.

ئۇ قاشتىمۇ چىڭگىلىك،
بۇ قاشتىمۇ چىڭگىلىك.
يار قېشىڭغا كەلگەندە،
ئوينىغۇلۇق ـ كۈلگۈلۈك.

باغقا كېۋەز تېرىدىم،
قاتار ـ قاتار چۈنىكى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
يىگى يارنىڭ كۆيۈكى.

سېنى دەپ كەلدىم بۇ يەرگە،
ياخشى يەرلەردىن كېچىپ.
گاھى ئەقلىم بىلەن كەلدىم،
گاھى ئەقلىمدىن ئېزىپ.

مەن بۇ يەرنى بىلمەيتتىم،
سەن كەلمىسەڭ كەلمەيتتىم.
«يارىم بار» دېگەن بولساڭ،
ساڭا كۆڭۈل بەرمەيتتىم.

هويلىڭىزدا گۈل يارىم،
كۆرگۈم كېلىپ كۆز قويدۇم.
كۆڭلىڭىزنى ئالماققا،
غەزەل بىلەن سۆز قويدۇم.

ئوچاقتا ئوتۇن سالسام،
چۈچۈلە بولۇپ كۆيمىدى.
كىچىككىنە يار تۇتسام،
خىجىل بولۇپ سۆيمىدى.

دۇتارىمنى ئالدىڭ سەن،
باش پەدىگە چالدىڭ سەن.
مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئۈۋۋالىمغا قالدىڭ سەن.

ئالما ئاتتىم مەن ساڭا،
ئۈزۈك تۇتۇپ سانىۋال.
كۆڭلۈك بولسا شۇل يارغا،
سۆيمىسەڭمۇ قارىۋال.

ئاخشام كەلدىم شام بىلەن،
سەكرەپ چۈشتۈم تام بىلەن.
ئېرىڭىز سالاش گاداي،
چۆرۈپ سالدى دەم بىلەن.

راۋابمۇ چالالمايمەن،
دۇتارمۇ چالالمايمەن.
ئۆزۈڭ كەلمىسەڭ يارىم،
مەن ئىزدەپ بارالمايمەن.

يار بېغىدا تېرەكلەر،
ھەر تەرەپكە شاخلاپتۇ.
شۇ تېرەكنىڭ ئاستىدا،
يارىم ماڭا ساقلاپتۇ.

ئاخشام ئۇچرىغان يەردە،
ئۆرۈلۈپ قاراپ قويدۇم.
مەيلى بولسا كەلسۇن دەپ،
بۇلبۇلنى دوراپ قويدۇم.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
بىر ئالماڭنى ئۈزمىدىم.
«سۆيمىدى» دەپ يىغلىما،
باشقا پىلان تۈزمىدىم.

تاڭ سەھەردە باغىڭدا،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.
كۆيۈپ - كۆيۈپ ئىشقىڭدا،
دېرىزەڭدىن مارايمەن.

ئىشىك بېشىدا دەمدەر
بۇقۇلدايدۇ، ئۈنلەيدۇ.
ئۆيىنى تولا چۆرگىلىمە،
ئېرىم سەندىن كۈنلەيدۇ.

ئۇ مەلەڭدە چاقىرسام،
بۇ مەلەڭگە ئاڭلاندى.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا،
يۈرەك باغرىم داغلاندى.

سېنى دەپ ئۆتتۈم كوچاڭدىن،
ناخشا ئېيتىپ يۆتىلىپ.
مەيلىڭ بولسا چىققىنە يار،
بىر چىنە چاي كۆتۈرۈپ.

سەنمۇ خۇداغا بەندە،
مەنمۇ خۇداغا بەندە.
سەن ئۈچۈن زىنداندا مەن،
كىيگىنىم كۆلا - جەندە.

مارجان دوپپا باشىڭدا،
دەمدەك ئۇسما قاشىڭدا.
يارىڭ يوقمۇ سۆيگىلى،
ئوتتۇز سەككىز ياشىڭدا؟

ئاق تەلپەك، قارا تەلپەك.
مەن كىيسەم يارىشارمۇ؟
تاش يۇرتلۇق ھارامزادە،
يارىمنى تالىشارمۇ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەن غېرىب مۇساپىرمەن،
ئال مېنى يار قوينۇڭغا.
يۈرىكىمنى تۇما قىپ،
ئېسىپ قوياي بوينۇڭغا.

نۇرى، سايىاغ ئارىلىقى،
يېقىن دېسەم، ئۇزاقكەن.
يېڭى يارنىڭ ئۆتلىرى،
بىلسەم ئەينى دوزاخكەن.

ئىرمىشارمەن، چىرمىشارمەن،
شاھى كۆڭلەككە.
شاھى كۆڭلەك ئىزلىرى،
قالدى يۈرەكتە.

يارىمنىڭ قارا ساچى،
قىرىق تال ئۆرگەندەك بوپتۇ.
زوقۇم بىلەن سۆز قاتسام،
قاراپ كۈلگەندەك بوپتۇ.

چېچىڭدىكى لىنتاڭنى،
پەدە قىلاي راۋاپقا.
مېھرىڭنى بەر ئامرىقىم،
مەندەك باغرى كاۋاپقا.

گىلەم توقۇدۇم گۈللاپ،
دۇكان ئالدىدا يىغلاپ.
كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم،
ئاشنا تۇتىمەن خىللاپ.

ئاق ئايدىڭدا كەلسۇن دەپ،
سالام يوللىغان يارىم.
مەن كەلسەم ئۆزى چىقماي،
ئادەم گوللىغان يارىم.

بىر باغقا ئانار سالدىم،
بىر باغقا قىزىل تاغاچ.
ئانىسىغا خىزمەت قىلدۇق،
قىزىغا كۆيۈپ قالغاچ.

ئۆستەڭ قاشى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.
سۆيەي دېسەم بويۇم پەس،
ئېگىلگىنە قەلەمقاش.

بىزنىڭ باغقا كىرسەڭچۇ،
چىلان پىشتى، يېسەڭچۇ؟
دوست بولامدۇق ـ بولمامدۇق،
راست گېپىڭنى دېسەڭچۇ؟

ئالتاي باقتىم قويۇڭنى،
يوقلاپ كەلمىدىڭ يارىم.
بىر قاراپ كۈلۈپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىدىڭ يارىم.

ئۆرۈك پىشتى سىرىق رەڭ،
مېغىزنى چېقىپ يەڭ.
كۆز تاشلايسىز ھەر كۈنى،
گېپىڭىزنى ئوچۇق دەڭ.

ئۆيگە كىرسەم جىنچىراغ،
باغقا كىرسەم خۇشپۇراق.
مەن يارىمنىڭ قېشىغا،
باراي دېسەم يول يىراق.

يار بولغان ئىدىم سىزگە،
باغاشلىشىپ ياتقىلى.
مەن شۇنداق يارالغانمۇ،
بىر سۆيمەي دەرد تارتقىلى؟

ئاق تاۋاردا كۆڭلىكىم،
كۆك تاۋاردا كۆڭلىكىم.
مەن يارىمغا بەرگىنىم،
ئالما ئەمەس، يۈرىكىم.

ھويلاڭدىكى ئۈتۈنى،
ئاي پالتىدا يارامسەن؟
كېتىۋېلىپ چەشلىككە①،
كەلمەي جاننى ئالامسەن؟

قىزىلگۈلنى گۈل دەيمەن،
ئەترگۈلنى گۈل دەيمەن.
ئون سەككىزىڭ ئالەمدە،
سەن يارىمنى بىر دەيمەن.

يارىمنىڭ قارا قويى،
ئوتلايدۇ تېرىملىقتا.
يارىم كېتىپ مەن قالدىم،
چوڭ كۆلدە غېرىبلىقتا.

بېغىمنىڭ ئانارى بار،
كۆرۈپ قويسىلا يارىم.
تەشنالىقىم پەسەيسۇن،
سۆيۈپ قويسىلا يارىم.

باغدا پىشتى جانانە،
يەپ باقامسىز بىر دانە؟
سەن ئۇماقنىڭ دەردىدە،
بولدۇم ساراڭ، دېۋانە.

مەن بازارغا بارمايمەن،
دۈشمەننىڭ گېپى يامان.
بارماي قانداق چىدايمەن؟
يارىمنىڭ ئوتى يامان.

دۇتارنى تولا چېلىپ،
ئۈزۈلدى پەي تارىسى.
ياردا بار، دوختۇردا يوق،
كۆيگەن يۈرەكنىڭ دارىسى.

مەلەڭدىن تولا ئۆتۈپ،
يولۇچى بولۇپ قالدىم.
دەردىڭدە سىنىڭ يارىم،
قاقشالدەك قۇرۇپ قالدىم.

ئۆستەڭنىڭ قېشى قاتتىق،
كەتمەن سالسا ئۆتمەيدۇ.
يارنىڭ ئوتى يۈرەكتە،
تا ئۆلگىچە كەتمەيدۇ.

① چەشلىك — بوغداي خامىنى.

www.uyghurkitap.com



قاچانمۇ چىقىپ تاغقا،
كېيىك، جەرەن ئاتارمىز؟
يارىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر تەكىيدە ياتارمىز؟

ئۆستەڭ بويى سۆگەتلىك،
سەيلە قىلدىم ھاۋالىق.
دېھقان قىزنى يار تۇتسام،
بولدى ماڭا ۋاپالىق.

باغچىغا كۆچەت تىكتىم،
چوڭسا ئۆي سالارمەن دەپ.
كىچىكىمدە يار تۇتتۇم،
چوڭسا ئالارمەن دەپ.

تامدىن چۈشتۈم دوككىدەي،
يارنى سۆيدۈم چوككىدەي.
ئىچىم قىلدى پىژژىدەي،
يىغلاپ سالدىم مىژژىدەي.

مەن بارايمۇ، بارمايمۇ،
قويچى باينىڭ گەمىسىگە؟
مەن يارىمنى تېگىشمەيمەن،
سايباغلىقنىڭ[1] ھەممىسىگە.

يادىم يېڭى پالتىدا،
ھۆل ئوتۇننى ئۇششاقلاپ.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ.

ئاتىم ئاتقا ئوخشايتۇ،
يارىم ياتقا ئوخشايتۇ.
يارىنىڭ بويىنى سىڭايان،
يار تۇتقانغا ئوخشايتۇ.

مىلتىقىم بار قوش ئېغىز،
ئوۋ قىلايلى ئىككىمىز.
بىر پىيالە چاي بىلەن،
دوست بولايلى ئىككىمىز.

ئۇلۇغسايىنىڭ[2] يولىدا،
تورغاي تولا سايرايتۇ.
خۇدايىم قوشقان بىزنى،
دۈشمەن قانداق ئايرىيتۇ!؟

ئىشىكىڭدە ئاي پالتا،
بوسۇغاڭنى كولايمەن.
ئۇخلاپ قالماي سەگەك يات،
كېلىپ ئاستا توۋلايمەن.

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى ئالا، تۆتى قارا.
تەلپىكىمنىڭ قاتىدا،
گۈل ساقلىدىم يارىم ساڭا.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
كۆرۈنگەن تېرەك بىزنىڭ.
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ.

① سايباغ، ② ئۇلۇغساي — چىرا ناھىيە نۇرى يېزىسىدىكى جاي ئىسىملىرى.

ئاتىم بار دېگەن بىلەن،
تايىنى ساتمىسام بولماس.
يارىم بار دېگەن بىلەن،
بىللە ياتمىسام بولماس.

باغ سالدۇق، ئانار سالدۇق،
كۆرۈپ قويسىلا يارىم.
ئۆتۈڭدا تولا كۆيدۇق،
قاراپ قويسىلا يارىم.

يا ئۇيان ئۆتەشىم بار،
يابۇيان ئۆتەشىم بار.
سەن قالمىساڭ يارىم،
قۇرغۇيدەك ئاداشىم بار.

سوغۇق سۇدا چاچ تاراپ،
چېچى ئۆسمىگەن قىزلار.
نادانغا كۆڭۈل بېرىپ،
تەۋى ئۆسمىگەن قىزلار.

باغدا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ،
خامان سورىغان ئارى.
كەم باغ توقۇلۇپ قاپتۇ،
يارغا ئاتىغان شايى.

بۇغدايلىقتىن ئوت ئالدىم،
بويىنى قارا ئۆچكىگە.
كۆڭۈل بەرمىسەم بوپتىكەن،
كۆڭلى قارا ئەسكىگە.

ئۆستەڭ سۈيى لاي كەلسە،
كۆلگە باشلىماڭ يارىم.
ئەقلى - ھوشىڭىز بولسا،
بىزنى تاشلىماڭ يارىم.

ئاق كەپتەر، قارا كەپتەر،
پېشايۋاندا — پەرماندا.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
دۈشمەن قالسۇن ئارماندا.

تاش ئۆستەڭنىڭ بويىدا،
بەتىنكەمنىڭ ئىزى بار.
قوشنىمىزنىڭ چىرايلىق،
ماڭا كۆيگەن قىزى بار.

ئىشىك ئالدى قوش تېرەك،
شامال چىقسا ئەگىيتۇ.
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
مۇزغا ياقسا سەگىيتۇ.

ئۆستەڭ بويىغا ئۆي سالدىم،
تۆت تېمىنى سۇۋاتماي.
بىر جۇۋان «سۆيەي» دەيتۇ،
ئاغزىنى يۇۋاتماي.

كاككۇك سايرىدى، كەتتى،
بۇلبۇل سايرىدى، كەتتى.
ئاشۇ يارنى بىر كۆرۈپ،
بۇ يۈرەككە ئوت كەتتى.

www.uyghurkitap.com



ئۆي ئالدىدا گۈللۈكتە،
بۇلبۇل قونۇپ سايرايتۇ.
ساڭا كۆيگەن بۇ ئۆتتا،
چەينەك قويسا قاينايتۇ.

ئاق ئالماڭنى يېمەيمەن،
ئىچىدە قۇرتى بار.
يېڭى يارنى سۆيمەيمەن،
كونا يارنىڭ ئۆتى بار.

قاغا قوندى قامغاققا،
قۇرغۇي قوندى يانتاققا.
يارنى سۆيسەڭ شوراپ سۆي،
شېكەر تامسۇن تامغاققا.

ئاق ئالمىيا، ئاق ئالما،
ئاق ئالمىغا تاش ئاتما.
ياخشى يارىڭ مەن تۇرسام،
باشقا يارغا قاش ئاتما.

ئۆگزىگە قوناق يايدىم،
ئويناپ چىقىپ چاچمىسلا.
دەپتەر، قەلەم بەش سىنت،
خەت يېزىشتىن قاچمىسلا.

ئاتلاپمۇ ئۆتەلمەيمەن،
سەكرەپمۇ ئۆتەلمەيمەن.
بالدۇر سۆيگەن يارىمدىن،
ئۈمىدنى ئۈزەلمەيمەن.

گۈلباغىمغا كىرسەڭچۇ،
گۈللىرىمنى كۆرسەڭچۇ؟
دوستلۇق ئۈچۈن يادىكار،
رەسىمىڭنى بەرسەڭچۇ؟

دۆڭگە چىقتىم پىيادە،
يېنىپ كەلمەك ئىرادە.
كۆڭلۈمدىكى شۇل يارىم،
قىزىلگۈلدىن زىيادە.

قوينى باقتىم يولۇڭدا①،
ئېگىز داۋان بېشىدا.
كۈندە يۈزمىڭ ئۆرگىلەي،
سەن يارىمنىڭ قېشىدا.

تاشلاپ كېتمەن دىدىڭ،
كۆز ياشىم تارام بولدى.
بىر قېتىم كۈلۈپ قويساڭ،
بىر يىللىق ئارام بولدى.

باغىمدىكى كۆلچەكتىن،
چېلەك بىلەن سۇ تارتتىم.
ئۆزۈم كىچىك بولسامۇ،
دەردىڭىزنى كۆپ تارتتىم.

ئالا ئىتىڭ يامانكەن،
تۇم زەنجىردە باغلاپ قوي.
كۆيۈك ئۆتى يامانكەن،
ماڭا پات ـ پات قاراپ قوي.

① يولۇڭ — چىرا ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

ئۆزۈڭ بولدى كۆيگىلى،
يا بولمىدى ئۆلگىلى.
ئۈنىمىدى بۇ يۈرەك،
باشقىسىنى سۆيگىلى.

يارىم چالدۇ راۋاب،
مەن تاپتىم ئىزدەپ - سوراپ.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
سۆيىمەن قەندەك شوراپ.

تاللىۋالغان گۈلۈم بار،
چېكەمگە قىسالمايمەن.
بەك چىرايلىق يارىم بار،
سۆيمىسەم چىدالمايمەن.

مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
جان مەشۇق بولۇپ قالدىم.
باغرى تاش بولماڭ يىگىت،
راست گەپنى قىلىپ سالدىم.

ئۆيىڭىز قەيەردىرەك؟
مەن باراي شۇ يەرگىرەك.
سىزنى بىردەم كۆرمىسەم،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

باراي دېسەم يول يىراق،
ۋاقتىدا بارالمايمەن.
يار ئۆتى — تونۇر ئۆتى،
تەپتىگە چىدالمايمەن.

قۇرغۇي بالىسى ئالىم،
لاچىن بالىسى زالىم.
سەۋرى - تاقىتىم توشتى،
قانداق قىلىسەن يارىم؟

يارىم سېنىڭ ئىشقىڭدا،
سەۋدايى بولۇپ قالدىم.
ئانار رەڭلىك يۈزۈڭگە،
شەيدايى بولۇپ قالدىم.

ئۇ مەلەڭگە بارمايمەن،
دۈشمەنىنىڭ گېپى يامان.
بارمايمۇ تۇرالمايمەن،
يارىمنىڭ ئۆتى يامان.

باغ ئارىلاپ ئۇچىدۇ،
ئالا قانات كېپىنەك.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
زىلۋا بويلۇق سېكىلەك.

مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
قاراپ قويغىن قارا كۆز.
ساۋاب بولار بىر قېتىم،
سۆيۈپ قويغىن قارا كۆز.

ئاتىمنى قويۇپ بەردىم،
دەريا بويىغا — تۈزگە.
مەن ئاشىق بولۇپ قالدىم،
سىز پەرى قارا كۆزگە.

گۈل بولۇپ يۇرسەڭ ئەگەر،
بۇلبۇل بولۇپ قونغۇم كېلۇر.
بىر قاراپ قويساڭ ئەگەر،
بىر ئۆمۈر سۆيگۈم كېلۇر.

ئىشىك تۈۋى ئېرىقمىدى،
ئايىغى تېرىقمىدى؟
سېنى كۆرمىگەن چاغدا،
چىرايىم سېرىقمىدى؟

بىزنىڭ باغدا شاپتۇللا،
شېخىدا مېۋە تولا.
كىچىككىنە يار تۇتتۇم،
دەردىمگە دەرمان بولا.

باغدىن ئۈزۈم ئالدىلا،
چىن تەخسىگە سالدىلا.
مېنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
قانداق چىداپ قالدىلا؟

سېرىغ ساندۇق سىرى مەن،
ئىككى گۈلنىڭ بىرى مەن.
تاغدا كاككۇك، باغدا زەينەپ،
بىرى سىزدۇر، بىرى مەن.

قوغۇننىڭ پىلەكىدىن،
تاۋۇز تاپمەن يارىم.
ئاخشام بولسا كەلمەيسىز،
يالغۇز ياتمەن يارىم.

بېغىڭ شورا بولۇپتۇ،
ئالما ئۈزۈپ ئالغۇدەي.
لەۋلىرىڭ قىزارىپتۇ،
چىشلەپ ئۈزۈپ ئالغۇدەي.

يار دېيسەن يامان دېيسەن،
يار قەدرىنى بىلمەيسەن.
يار قەدرىنى بىلگەندە،
تاڭ سەھەردە يىغلايسەن.

ئاتىنىڭ ئايىغى سۇنسا،
ئات ئېلىپ مىنمەسمىدى؟
يارنىڭ كۆڭلى مەندە بولسا،
بىر كېلىپ سۆيمەسمىدى؟

يارنىڭ ھويلىسى باغلىق،
تېپىۋالدىم تاۋار ياغلىق.
ياۋۇرساڭمۇ بەرمەيمەن،
يارىم باغلىغان ياغلىق.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
قونسام تېرەكنىڭ باشىغا.
غېرىب بولۇپ ئولتۇرغۇچە،
كەتسەمچۇ يارنىڭ قاشىغا.

بىر پىيالە چاي تۇتتۇم،
ئۇسسىغاندا ئىچسۇن دەپ.
يارىم ساڭا گۈل تۇتتۇم،
چېكىسىگە قىسسۇن دەپ.

ئاتىم بار دېگەن بىلەن،
ئىگەر ئەتمىسەم بولماس.
يارىم بار دېگەن بىلەن،
بىللە كەتمىسەم بولماس.

مەن بازارغا بارغاندا،
سىزگە مانتا ئېپ بېرەي.
ئىچمىدىكى دەردىمنى،
يولدا ماڭغاچ دەپ بېرەي.

تاڭ سەھەردە باغقا كەل،
مەي باغلىغان ئۈزۈم بار.
ئۈزۈم باراڭ ئاستىدا،
ساڭا مەخپىي سۆزۈم بار.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
باشقا قىسسا بىر قۇچاق.
خەقنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئۆلگۈچە جانغا پىچاق.

يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى،
قىزىل دۇردۇن تاۋاردۇر.
يارىمنىڭ كۈلۈشلىرى،
يۈرىكىمگە داۋادۇر.

ئىشتىنىمۇ خادانى،
چاپىنىمۇ خادانى.
ئوتتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
كىم سورايدۇ دەۋانى؟

بىزنىڭ باغقا كىرىپ باق،
بۇغداي، قوناق تېرىپ باق.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
يۈرىكىمنى يېرىپ باق.

بۇ يىل سالغان كۆچەتلەر،
بەكمۇ گۈزەل باغ بولدى.
يارنىڭ سالغان ئەلمى،
يۈرىكىمگە داغ بولدى.

يىراق يولدىن قورقمايمەن،
شامال يەتمەس ئېتىم بار.
سىز يارىمغا ئۈچ بۇرجەك،
قاتلاپ قويغان خېتىم بار.

كاككۇكۇم كاككۇك ئېتەدۇر،
ئېگىز تېرەكنىڭ باشىدا.
ئادىشىم شەرەت قىلادۇر،
ئوردىنىڭ كۆل باشىدا.

بۇ تېرەك ئۆسمەيدىكەن،
ئۇچىنى كەسمەيدىكەن.
بارچە ئوتلار ئۆچسىمۇ،
كۆيۈك ئوتى ئۆچمەيدىكەن.

بىزنىڭ باغدا ئاق ئالما،
ئاق ئالمىغا تاش ئاتما.
سېنىڭ يارىڭ مەن بولسام،
باشقىلارغا قاش ئاتما.

www.uyghurkitap.com



مەن بىلىمنى باغلىدىم،
قىل بىلەن ھەم سىم بىلەن.
سەن ئىرادە باغلىساڭ،
ئۆمرۈم ئۆتەر سەن بىلەن.

سەھەردە ئويغۇنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغۇنادۇرمەن.
مۇرادىمغا يېتەرمەن دەپ،
خۇداغا ئاھ ئۇرادۇرمەن.

شاپتۇلۇمنى پەس كۆرمەڭ،
ئۆگزىڭىزگە قاق سالاي.
سىز بىزلەرنى خار كۆرمەڭ،
يۈرىكىڭىزگە ئوت سالاي.

باغىڭدا تېرەكىڭدە،
قۇرغۇي بولۇپ ئوينايلى.
ئاق مەيدە — يۈرەكلىدە،
باغ - باغ ئېتىپ ئوينايلى.

شاراب ئىچسەم مەست ئەمەس،
مەيزاپ ئىچسەم مەست ئەمەس.
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
ئۇنى سۆيمەك تەس ئەمەس.

شاخلاپتۇ - يۇ، شاخلاپتۇ،
ھاي - ھاي تېرەك شاخلاپتۇ.
ئاشۇ تېرەك ئاستىدا،
يارىم مېنى ساقلاپتۇ.

ئاتنى ئالدىم خوتەندىن،
مىنىپ كەلدىم يۈگەنسىز.
بىر ئاي بولدى كۆيگىلى،
كۆيگىنىمنى بىلگەنسىز؟

ئۆي ئالدىدا تېرەككە،
كېلىپ قوندى بىر قاغا.
ماڭا سالغان شۇ دەردنى،
خۇدا سالمايدىكەن يارغا.

دەريا سۈيىنى ئۇلغايتقان،
ئېگىز تاغدىكى قار - مۇز.
«سەت» دېمەڭلا يارىمنى،
ئۆز يارىم ئۆزۈمگە ئۇز.

ئىككى تاغ ئاراسىدا،
ئېرىمەيدىكەن قارلار.
بىزدىن ئامەت قاچقاندا،
قارىمايدىكەن يارلار.

باغقا كىردىم يامىشىپ،
قىزىلگۈلنى تالىشىپ.
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك،
ئولتۇرايلى قالىشىپ.

باغ ئەتراپى جىگدىدۇر،
يىلىم ئالغان ئۆزىڭىز.
مەن ئۆزۈمچە كۆيمەيتتىم،
كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزىڭىز.

ئۆستەڭ بويىدا ئويناپ،
سۇ چىچىشقان ئەمەسمۇ؟
ۋەدە قىلىپ ئىككىمىز،
قول تۇتۇشقان ئەمەسمۇ؟

قولۇڭدىكى ئۈزۈككە،
ياقۇت بىلەن كۆز قويدۇم.
كۆڭلۈڭنى ئالارمەن دەپ،
ناخشا بىلەن سۆز قويدۇم.

بىر چەينەكتە چاي ئەۋەتتىم،
ئۇسسىغاندا ئىچسۇن دەپ.
كۆكچى قوغۇن ساقلاپ قويدۇم،
يارىم كېلىپ يېچسۇن دەپ.

ئوت كۆيدۇ ئىچىمدە،
دەردنى ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.

مىنگەن ئاتىم بوز ئالا،
تىزگىنلىرى بويىندا.
ئۆلسەم شېھىت ئۆلەرمەن،
سىز يارىمنىڭ قويىندا.

قوي كېلۇر قوزى بىلەن،
بىر - بىرىنىڭ ئىزى بىلەن.
ئوينىساق ئويناپتىمىز،
ھەمسارىنىڭ قىزى بىلەن.

توخۇلار قاقاقلايدۇ،
سامانلىقتا قۇيغانتۇ؟
ئامراق دوستىڭىز بولسا،
كۆمەچ ئېتىپ قويغانتۇ؟

بىرىشىڭنى باغدا كۆردۇم،
يىنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزلىرىڭ،
كۆزلىرىمگە تۇتىيا.

كېتەرىڭدە خوش دېگەن بولساڭ،
پىشىگگە ئېسىلىۋالماستىم.
ياناردا بىر سۆيگەن بولساڭ،
لېۋىڭنى چىشلىۋالماستىم.

ملڭ قويۇڭ بارمۇ سېنىڭ،
تاغقا چىقىپ قوي باققىلى؟
مەيلىڭىز بولسا كېلىڭ،
ئەمچەكنى تۆشكە ياققىلى.

ئات بولسا جەدە بولسا،
توقۇسا، مىنسە كىشى.
يارى بولسا قېشىدا،
قايرىپ تۇرۇپ سۆيسە كىشى.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
باغدا قالدىغۇ!؟
سېنى سۆيگەن يۈرىكىم،
داغدا قالدىغۇ!؟

www.uyghurkitap.com



قۇرغۇي بولاي دېدىڭمۇ؟
لاچىن بولاي دېدىڭمۇ؟
مېنى تاشلاپ قارا كۆز،
جاننى ئالاي دېدىڭمۇ؟

ئىشىك ئالدى قۇم بولسا،
قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ؟
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
كۆڭلۈڭ تالدەك ئۆسمەمدۇ؟

سۇ لېۋىدە ئولتۇرۇپ،
سۇنى لېيتقان يارىم.
كۆڭلىنى ئەلگە بېرىپ،
بىزنى ئۇنۇتقان يارىم.

نۇرى، ساياغ دېيىيسى①،
تالا ـ تالا تىلەككەن.
يارىم بار دېگەن بىلەن،
ئۇنىڭ كۆڭلى بىلەككەن.

تاغقا چىقتىم يامشىپ،
قىزىلگۈلنى تالشىپ.
قاچانغىچە يۈرەرمىز،
ئاق قوچقاچتەك مارشىپ.

ئاق كەپتەر مېنىڭ بولسا،
ئالقىنىمدا دان بەرسەم.
كۆڭۈلدىكى شۇل يارىڭ،
قوچاقىدا جان بەرسەم.

چاپىنىڭنىڭ يېڭىدىن،
كېسىۋالاي تۇمارلىق.
كەلگىن يارىم يېنىمغا،
كۆرۈۋالاي خۇمارلىق.

قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسى،
سۇغا سالسا سولاشماس.
بىزنى دېگەن قىزچاقلار،
باشقا ئەردە بولاشماس.

كەپتەر ئالدىم كۆۋۈكتىن،
يېنىپ چىقتىم سۇۋۇقتىن.
ساقلا ـ ساقلا سىز يارغا،
تىترەپ كەتتىم سوغۇقتىن.

بۇرادىرىم، بۇرادىرىم،
بۇ جاھاننىڭ ۋاپاسىنى سورىماڭ.
قىزى كۆڭۈلگە ئەرزىسە،
ئۇنىڭ ئاتاسىنى سورىماڭ.

راۋاب چالسام تىڭشايتلا،
بويان بېقىپ كەمەيتلا.
بىر سۆيگەنگە ئۆلمەيتلا،
ئۇششاق كىسەل بولمايتلا.

شاپتۇل چېچەكى بولۇپ،
بىغىڭغا تۈزاي دەيمەن.
ماڭا كۆڭۈل بەرمىسەڭ،
يۇرتۇڭدىن ئۆزاي دەيمەن.

① دېيىيسى — چىرا ناھىيىسىدىكى دەريا نامى.

باغلىنىۋاپسەن بېلىڭگە،
گۈل باسقان قىزىل ياغلىق.
ئەقدەڭنى دېمىسەم،
چىرايىڭ دېگەن چاغلىق.

ناماز شامنىڭ ۋاقتىدا،
سۇغا چىقسىلا يارىم.
مەن سىلىگە كۆيۈپ قالدىم،
بۇنى ئۇقسىلا يارىم.

ئاسماندىكى ئايىم يوق،
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق.
بىر قاراپلا بىلگەنسىز،
باشتىكى چىرايىم يوق.

ئوچاقتا ئوتتۇن سالسام،
چوچولە بولۇپ كۆيمەيدۇ.
يېڭىيارچە يار تۇتسام،
خىجىل بولۇپ سۆيمەيدۇ.

يارىم كەتتى ئەمگەككە،
يەرگە ئوغۇت بەرمەككە.
مەنمۇ باراي ئەمگەككە،
شۇل يارىمنى سۆيمەككە.

چىلگىلەر سارغىيىپتۇ،
كېۋەزلىكتە پىلەكتە.
سەن سورىمىغىن، مەن ئېيتماي،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

چامغۇرلۇقتا - چامغۇرلۇق،
چامغۇرلۇقچە ماڭغۇلۇق.
يارنى ئاران تاپقاندا،
يۈرەككە چىلىڭ تاڭغۇلۇق.

ئۇيان ئويناپ، بۇيان ئويناپ،
كۆيدۈرۈۋالغۇم بار.
تىلىمدە قەن - ناۋات تەڭلەپ،
سۆيدۈرۈۋالغۇم بار.

ئەجەب بىر بالىكەنسىز،
يەر تېگىدىن قارايسىز.
ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىماي،
دېرىزىدىن مارايسىز.

ئاشنا تۇتسالىڭ كادىر تۇت،
بىلمىگەننى بىلدۈرەر.
تاماشاغا ئاپىرىپ،
ۋىلىقلىتىپ كۈلدۈرەر.

تاغقا چىقتىم گەنجىگە،
ئېچىم تولدى رەنجىگە.
ئون جېنىمنىڭ بىرسى يوق،
سىز خېنىمنىڭ دەردىگە.

قاپاق چىلىم ئوتىدەك،
شولا بەرمىگەن يارىم.
ئاغزىدا كۈلۈپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىم.

www.uyghurkitap.com



كىرەلمەي سارايىڭغا،
گۈل ئاتتىم تۈرايىڭغا.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

يېڭى كۆڭلىكىم بولسا،
جەرەستاندا كىيسەم مەن.
لىۋەن يار مىنىڭ بولسا،
ئەل ئالدىدا سۆيسەم مەن.

ھەي خېنىم، جانان خېنىم،
ئۇتتۇننى تۈگەتمىگىن.
قىيمىلىغ كۆمەچ كۆمۈپ،
ياش باللىنى ئۆگەتمىگىن.

قارا قاشىم يار دەيسەن،
قاشلىق ئەتمە قەلەمدە.
باشقىغا كۆڭۈل بېرىپ؛
مېنى قويما ئەلەمدە.

باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ،
گۈل بىلەن مۇڭداشقىلى.
يارىم مېنى چىللاپتۇ،
باغدا كۆڭۈل ئاچقىلى.

قەپەس ئايۋان بېشىدا،
ئۇۋا سالدى قارلىغاچ.
قارلىغاچنى بانا قىپ،
كەل خېنىم، قوينۇڭنى ئاچ.

ناۋات سېلىپ چاي قۇيدۇم،
چىنىگە - پىيالىغا.
ئەمدى ئىچىڭ ئاغرىسۇن،
مەن غېرىب بىچارىغا.

يەرنى تۇزلەپ تاختا قىلدىم،
كېۋەز تېرىپ پاختا قىلدىم.
يارغا ئىچ - پەش تارتقاننىڭ،
قۇڭىغا تېپىپ ئاختا قىلدىم.

نەغمە قىپ بىرەي ساڭا،
دۇتار، تەمبۇر چالدۇرۇپ.
مېنى تاشلاپ كەتمىگىن،
يۈرەكتە داغ قالدۇرۇپ.

ھەر كۈنلۈكى چىللايسەن،
ئىچكىلى چېپىڭ يوقكەن.
بىزگە دالدى بولغۇدەك،
خالىدا ئۆيۈڭ يوقكەن.

زوقۇم كېلىپ قارايمەن،
ياغلىقىڭ ياراشقانغا.
سېنى سۆيگىنىم سۆيگەن،
بەرمەيمەن تالاشقانغا.

ئاق كەپتەرمۇ ئۈنلەشكەن،
كۆك كەپتەرمۇ ئۈنلەشكەن.
ئەجەبمۇ ئوبدان ئىكەن،
خالىي يەردە گەپلەشكەن.

كەلگىن باراڭ ئاستىغا،
مەي باغلىغان ئۈزۈم بار.
ئۈزۈن بولدى مەن ساڭا،
ئېيتالمىغان سۆزۈم بار.

ئۆردەك ئاتتىم غاز بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم تۇز بىلەن.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
ئوينىشىۋېلىپ ئۈز بىلەن.

باغدىكى كۆك مايسىلار،
ئەي بولۇپتۇ نەم بىلەن.
بېشى تۇتقان يارىمنى،
سۆيۈۋالاي پەم بىلەن.

قوغۇنلۇققا كىرەيمۇ؟
ناشپىكەرنى ئۈزەيمۇ؟
ئەمدى تاقەت قالمىدى،
يانداپ بېرىپ سۆيەيمۇ؟

باغدىكى پاكار شاپتۇل،
پىشماي تۇرۇپ سارغايدى.
يوقلاپ بارسام يارىمنى،
كېسەللىدىن ساقايدى.

تاغقا چىققۇم بار مېنىڭ،
باغقا كىرگۈم بار مېنىڭ.
كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى،
ساڭا ئېيتقۇم بار مېنىڭ.

ئۆستەڭ ئالدۇق كەڭ سايدىن،
تاش تىزدۇق رىتى بىلەن.
بىز ئايرىلىپ كەتمەيلى،
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى يايلاق،
ئوتلايدۇ تۆگە ـ تايلاق.
قويچى قىزنى يار تۇتساڭ،
كۈندە ئىچىسەن قايماق.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى بېدە،
تۇماقىڭ كۆرپىسى گىدە.
سەن خېنىمنىڭ ئىشقىدا،
يۈرەكنىڭ يامىسى زىدە.

ئىشىكىڭنى قىيا ئاچ،
كۆرۈۋالاي بويۇڭنى.
ئۇنتالمايمەن ھېچقاچان،
سېنىڭ تاتلىق خۇيۇڭنى.

ئاق قۇشقاچ چۇرۇقلايدۇ،
دانلاپ يۈرۈپ خاماندا.
كەل ئوينايلى ئامرىقىم،
ئەمدى قالماي ئارماندا.

سەنمۇ ياتتىڭ خاماندا،
مەنمۇ ياتتىم خاماندا.
كۆڭلىمىزنى بىلەلمەي،
قالدۇق شۇنداق ئارماندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يار بىغى قىزىلگۈللۈك،
ئەتراپلىرى شاپتۇللۇق.
تاڭلا ئاخشام كۆرۈشكىلى،
يارىم بەردى ماقۇللۇق.

ئۈزۈك ئاسمانغا تەك يارىم،
ئاي بولاي ئېتەكىڭگە.
مەيدەمنى ياقاي خانىم،
باغرىڭغا، يۈرەكىڭگە.

يولۇڭغا باقاي كۆزۈم،
قولۇڭدا بىر ساپ ئۈزۈم.
قولۇڭدىكى ئۈزۈمدەك،
ساڭا بار شىرىن سۆزۈم.

تال كېسىپ قاقشال قىلىپ،
چوغىدا ئەتتىم كاۋاپ.
مېنى بىرنى سۆيۈك جىنىم،
ئۆمۈرلۈك بولار ساۋاب.

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يارىم كەلسە كۆرگۈدەك.
بويىنىغا گىرە سېلىپ،
باغ - باغ ئېتىپ سۆيگۈدەك.

قىزىلگۈلنىڭ ئالدىدا،
ئەترگۈلنى شاخلاتما.
گۈل تۈۋىدە مەشۇقۇم،
مېنى ئۇزاق ساقلاتما.

مەن ساڭا كۆيدۇم جىنىم،
ئىشقىڭدا بولدۇم غېرىب.
يۈرىكىم پارە - پارە،
كۆرەمسەن باغرىم يېرىپ؟

هويلىڭىز تال باراڭلىق،
باراڭلىقتا ئۈزۈم بار.
ئاخشاملىققا بىر كېلىڭ،
سىزگە ئېيتار سۆزۈم بار.

يارىم كېلىمەن دەيدۇ،
يول تېشقاپ ساي بىلەن.
كۆڭلىنى ئالاي ئۇنىڭ،
هەسەل سالغان چاي بىلەن.

هۆددە يەرلەر قوناقلىق،
قوياغ بولسا تاقلايمەن.
باشتا سۆيگەن يارىمغا،
ئۆمۈر بويى ساقلايمەن.

يارىمنىڭ قارا ساچى،
قىغ① تال ئۆرگىدەك بوپتۇ.
قىيا بېقىپ سۆز قاتسام،
قاراپ كۈلگىدەك بوپتۇ.

بوز يەر ئېچىپ تېرىيمەن،
تاشلىق بىلەن كارىم يوق.
بىر سىز بىلەن قېرىيمەن،
سىزدىن ئۆزگە يارىم يوق.

① قىغ — قىرىق.

راۋابىڭنى چال دەيسەن،
چالسام ئوبدان تىڭشايسەن.
بەلەن يەرگە كەلگەندە،
گەپ قىلمايسەن، يىغلايسەن.

ياغمۇر بەك تولا ياغسا،
بۇزاڭ قىيى① ھودايتۇ.
قىز باللا كۆمەچ ئېتىپ،
ئوغۇل باللىنى بودايتۇ.

ئېشىك ئالدى ئۆستەڭگە،
تار كۆۋرۈكنى سالدىڭ سەن.
ئون تۆت كۈنلۈك ئالەمدە،
يۈرەككە ئوتنى سالدىڭ سەن.

ئالماڭنى ئۈزەي دېسەم،
بېغىڭ شورا بولغۇدەك.
ئۆزۈڭ كېلىپ سۆيۈپ قوي،
دەردكە داۋا بولغۇدەك.

سەھەردە شامال بولۇپ،
ئەگىتمە تېرەكىمنى.
لەپىدە قاراپ قويۇپ،
كۆيدۈرمە يۈرەكىمنى.

تاغقا چىقتىم پىيادە،
قوزىنى قوي قىلاي دەپ.
سىلىگە كۆڭۈل قويدۇم،
ماقۇل كەلسە ئالاي دەپ.

بىر ئاي دېگەن ئوتتۇز كۈن،
كۈندۈز بىلەن تۈنى بار.
راۋاب چالسام ئۇنگا جور،
سىز خېنىمنىڭ ئۈنى بار.

ھويلاڭدىكى گۈللۈكتە،
قارا قۇشقاچ ئويناپتۇ.
سەندىن ئايرىلاي دېسەم،
كۆڭلۈم زادى ئۇنىماپتۇ.

ساينىڭ بېشىدا قىياق،
ئۈنىڭ قېشىدا شۇۋاق.
ھېلى كېلەي دەپ قويۇپ،
مېنى ساقلاتتىڭ ئۇزاق.

ئېگىز تاغنىڭ باشىغا،
قارا قۇش ئۇۋا سالدى.
كۆڭۈل كەينىگە بىزنى،
رەھمىتى خۇدا سالدى.

باغ ئىچىدە باغ قىلدۇق،
سېلىپ گۈلدىن چۈشقىچە.
باغدا سىزنى ساقلايمەن،
ئاستا كېلىڭ ئېرىقچە.

ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
ئالاي كۆڭلۈكنى.
قارچىغىنىڭ بالىسىدەك،
ئېگەي بويىنۇڭنى.

① بۇزاڭ قىيى — جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



مەيلىمگە قويۇپ بەرسە،
تۇرسام يارنىڭ قېشىدا.
خەلقئالەم ئالدىدا،
پەرۋانە بولسام بېشىدا.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
زەپ تاتلىق ئىسىل ئالما.
باغۋەن يىگىت مېنىڭكى،
ئاڭا بېقىپ كۆز سالما.

بوغدىيىڭنى چەش قىلدىم،
توپىسىنى ئايرىۋەت.
كۆرۈۋالاي قانغۇچە،
رومالىڭنى قايرىۋەت.

يارىمنى دەپ ئايرىلدىم،
يۇرت - ماكانىم، ئۆيۈمدىن.
تا ئەبەدكە تانمايمەن،
«كۆيدۈم» دېگەن سۆزۈمدىن.

## مەدھىيە قوشاقلىرى

تالمۇ - تال سىم تاردەك،
چاچلىرىڭنى سېغىندىم.
ھەر تەرەپكە ئوينىغان،
قاشلىرىڭنى سېغىندىم.

لىپ - لىپ قىلغان قۇندۇزدەك،
كىرپىكىڭنى سېغىندىم.
ئېقىپ تۇرغان بۇلاقتەك،
كۆزلىرىڭنى سېغىندىم.

خۇددى قىزىل ئاناردەك،
يۈزلىرىڭنى سېغىندىم.
ئۈنچە - مارجانغا ئوخشاش،
چىشلىرىڭنى سېغىندىم.

داپىنى قولۇڭغا ئالما،
ئالساڭ بىكارغا چالما.
بىزنىڭ يارنىڭ چىرايى،
باغدىكى قىزىل ئالما.

باغقا كىردىم ئالمىغا،
ئالما توۋى لاي ئىكەن.
تاللاپ سۆيگەن شۇ يارىم،
ئاسماندىكى ئاي ئىكەن.

ئوتتۇن سالساڭ مەشكە سال،
بۇ مەشنىڭ ئوتى دەپلىك.
مېنىڭ يارىم قارا كۆزنىڭ،
قۇچاقلىشى بەك ئەپلىك.

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
مايسىرەڭ كۆڭلەك كىيىپ.
قولىدا زەيتۇنە ياغلىق،
تالچىۋىقتەك تولغىنىپ.

ئىشكىنى ئاچتىم، تۆرگە باقتىم،
تۆردە بىر ئاي ئولتۇرار.
چاچلىرى بەرگى قىياقتەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرار.

چاچلىرى بەلگە چۈشۈپتۇ،
بەللىرى بىر قىلچە يوق.
بۇ كۆڭۈل سىزگە چۈشۈپتۇ،
باشقىسى بىر پۇلچە يوق.

داۋان باشىغا چىقتىم،
ئارغامچى بىلەكىمدە.
كېچە ئۇخلاپ ئويغانسام،
سىز يارىم يۈرەكىمدە.

يان يەرگە ساراي سالدىم،
شامال كەلسە دالدا دەپ.
ئارزۇلاپ سىنى سۆيدۈم،
چوكانلارنىڭ ئالدى دەپ.

سىم - سىم يامغۇر ياغقاندا،
سىرتىق توپا ھۆل بولدى.
يارىم ئۆيگە كەلگەندە،
ئۆينىڭ ئىچى گۈل بولدى.

قارىتاغىزنىڭ[1] كۆۋرۈكى،
ئۈستى ياغاچ تېگى تاش.
يىگى يارچە يار تۇتتۇم،
ئون بەش ياشلىق قارا قاش.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بارسىپ،
غاز بىلەن ئۆردەك ئاتتۇق.
گۆشىنى كاۋاپ ئېتىپ،
يارىم بىلەن يەپ ياتتۇق.

دەريا بويىغا كەلسەم،
تۇرنىلارنىڭ ئىزى بار.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
سەن يارىمنىڭ سۆزى بار.

ئاق پىيازنىڭ پوستى مەن،
كۆك پىيازنىڭ پوستى مەن.
بىر مەلىدە چوڭ بولغان،
قارا قاشنىڭ دوستىمەن.

ئەتلەس كۆڭلىكىم نوچى،
تاۋار چاپىنىم نوچى.
يىگىياچە يار تۇتتۇم،
باغدىكى قىزىل غۇنچە.

گۈل تىرىدىم مايسا بولدى،
گۈل ئىچىلدى رەڭمۇ رەڭ.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
بۇغداي ئۆڭلۈك، ئالما رەڭ.

① قاراتاغىز — ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى گوما قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانى

www.uyghurkitap.com



ئۇلۇغ دەريانى كەزدۇرگەن،
غىلاڭ تاغدىكى مۇزدۇر.
يۈرىكىمگە ئوت سالغان،
كۆڭلى ئاق، قارا كۆزدۇر.

قىشلىق قەلەم، كۆزۈڭ بولاق،
لېۋىڭ قىزىل جىنەستە.
خەلقئالەم قارىدى،
ئاي يۈزۈڭگە ھەۋەستە.

چىشلىرىڭ ئۈنچىگە ئوخشاش،
كۆزلىرىڭ خۇشخۇي خۇما.
ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسىدىن،
ئوت تۇتاشقانغۇ ماڭا؟

تاغدىن چۈشتى بەش ئاتلىق،
بەشلىسى بوز ئاتلىق.
باشقا يارلار قانداقكى،
بىزنىڭ يارلار چىرايلىق.

ھاراق ئىچمەن دەيدۇ،
چىن تەخسىدە گازىسى.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
شۇ خېنىمنىڭ ياڭزىسى.

مېنىڭ يارىم چىرايلىق،
يۇرت ئىچىدە دېگى بار.
لېۋى قىزىل جىنەستە،
سول مەڭزىدە مېگى بار.

يارىم كىيگەن ئاق كۆڭلەك،
يارىشىپتۇ، ئۆز ئىكەن.
ئۆزى شەرم-ھايالىق،
كۆڭلى - كۆكسى تۈز ئىكەن.

يولنىڭ بويى سۆگەتلىك،
كۆلنىڭ بويى تېرەكلىك.
قاراڭغۇدىن قورقمايدۇ،
مېنىڭ يارىم يۈرەكلىك.

ئۇ ئېتىزلار قومۇشلۇق،
بۇ ئېتىزلار بۇدۇشقاق.
مېنىڭ يارىم كۆيۈملۈك،
سېنىڭ يارىڭ ئۇرۇشقاق.

ماخمالنىڭ ① كوچاسىدا،
پىچاق ئەتكەن پىچاقچى.
يىگىدىن تۇتقان يارىم،
ئۆزى خۇشخۇي، چاقچاقچى.

① ماخمال — جاي ئىسمى.

سۇنىڭ ئىچىدە ئۆردەك،
لەيلەپتۇ ئۇنى كۆدەك.
ئۆيلەنمىگەن يارىم بار،
ئاچىلغان قىزىلگۈلدەك.

تاغدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ،
ئامبارلاردا توختايدۇ.
كۆڭلۈمدىكى شۇل يارىم،
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ.

مەن بۇزاڭدىن① قالسام،
سايباغ② دېگەن تۇز كۆرۈنەر.
خەسدە كۆڭلەڭ كىيىپ،
چاۋاش قېرى قىز كۆرۈنەر.

دۇتار چالدىم پەدىگە،
خۇمار كۆزنىڭ دەردىگە.
خۇمار كۆز تۇرالمايدۇ،
ئۆزى قىلغان ۋەدىگە.

مەن بۇ يەرنى چۆل دېسەم،
چۆل ئەمەسكەن، ئاۋاتكەن.
مەن يارىمنى قەن دېسەم،
قەن ئەمەسكەن، ناۋاتكەن.

ئۆردەك چۈشمىگەن كۆلنىڭ،
سۈيىنىڭ تۇرۇشى بىر ئۇز.
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ،
قالاپ كۈلۈشى بىر ئۇز.

يار بولسا تۈزۈك بولسا،
قولىدا ئۈزۈك بولسا.
ئۈزۈك سالغان قوللىرى،
قاشتېشىدەك سۈزۈك بولسا.

چوڭ چىنىدە مۇز بارمۇ؟
كىچىك چىنىدە تۇز بارمۇ؟
مۇشۇ يۇرتنىڭ ئىچىدە،
مېنىڭ يارىمدەك ئۇز بارمۇ؟

ئاسماندىكى ئۇچالقنىڭ،
بىرسى ئالا، بىرسى كۆك.
مېنىڭ ئانداق يارىم بار،
قاشى قارا، كۆزى كۆك.

گۈلاخمانىڭ يولىدا،
كېتىپ بارىدۇ يىلۋىرۇن.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ،
قاشى قارا، ساچى ئۇزۇن.

① بوزاڭ، ② سايباغ — چىرا ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



چاپىنىڭنىڭ ياقىسىنى،
مۇسا سەيپۇڭ تۇيغانمۇ؟
ئىتىڭىز يامان ئۇزكەن،
ئەزان تووۋلاپ قويغانمۇ؟

ئارەك بارۇ ــــ ئارەك بار،
قوناقلىقتا ئارەك بار.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ،
ماڭلاي چىچى چارەك بار.

ئېگىز تاغنىڭ تۈۋىدىن،
بۇلدۇقلاپ بۇلاق چىقتى.
مەن سۆيگەن لېۋەن قىزچاق،
ۋىجدانلىق، ئوماق چىقتى.

ئېگىز تاغنىڭ كەينىدە،
غىلاڭ ـ غىلاڭ مۇز.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
مېنىڭ يارىم ئۈز.

يانچۇقۇمغا خەت سالدىڭ،
يۈرىكىمگە لەئىل تاش.
مېنى بۇنچە كۆيدۈرمە،
زۈلپى ئۇزۇن، قەلەمقاش.

يار ئىكەننى بىلمىدىم،
گۈلزار ئىكەننى بىلمىدىم.
تىلىڭىزنىڭ ئۇچىدا،
قەن بار ئىكەننى بىلمىدىم.

دۇتار چالغان قولۇڭغا،
زوقۇم كەلدى خوپيۇڭغا.
گۈللەر تېرىپ ئۆستۈرەي،
سېنىڭ ماڭغان يولۇڭغا.

ئۇ گۈلدىمۇ كىپىنەك،
بۇ گۈلدىمۇ كىپىنەك.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
قارا قاش، ئۈز سىكلىلەك.

تاجىگۈلنىڭ ئۆزى ئۈز،
لەيلىگۈلنىڭ گۈلى ئۈز.
ۋاپادار شۇ يارىمنىڭ،
قاشى بىلەن كۆزى ئۈز.

بىزنىڭ يارلار زاۋۇتتا،
ئۇستا ماھىر يىپەكچى.
ئازنا كۈنى خەت يازدىم،
شەنبە كۈنى كەلمەكچى.

كاككۇك قوندى تېرەككە،
ئاۋازى تېرەكتىندۇر.
شېرىن سۆزلۈك يارىمنىڭ،
گەپلىرى يۈرەكتىندۇر.

يارىمنىڭ قارا ساچى،
چۇشۇپتۇ شىراقىغا.
قاراپ ـ قاراپ تويمايمەن،
ئۇنىڭ گۈل سىياقىغا.

سۇغا سالدىم بىلىقنى،
سۇدىن ئالدىم بىلىقنى.
ھېچ يەردىن تاپالمىدىم،
يارىمدەك چىرايلىقنى.

راۋابىمنى سازلاشتا،
كىرەك ھەردەم قولىقى.
يۈرىكىمنى ئويناتقان،
يارىمنىڭ ئۆز قىلىقى.

تام تۈۋىدە ئولتۇرادۇر،
شايى بويلاغ شوخ يىگىت.
قامىتى قۇرغۇيغا ئوخشاش،
ھېچ بىر ئىبۋەن يوق يىگىت.

سەنمۇ باغدىكى گۈلدەك،
مەنمۇ باغدىكى گۈلدەك.
خۇشال - خۇرام ئويناپلى،
سايراپ تۇرغان بۇلبۇلدەك.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز تۇتۇپ ئاپتۇ.
غۇنچە بويلۇق قارا كۆز،
كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ ئاپتۇ.

ئۇيانىدا يوللارى،
بۇيانىدا يوللارى.
ئەۋرىشىمگە ئوخشايدۇ،
ئۈزۈك سالغان قوللارى.

قاشلىرىڭ قىيغان قەلەمدەك،
سىرلىق باقار كۆزلىرىڭ.
قىزىرىپ پىشقان ئاناردەك،
زەپمۇ چىرايلىق يۈزلىرىڭ.

ئاق ئالمامنىڭ گۈلى ئاق،
ساناپ باقسام بىرى تاق.
ئۇتتۇۋالدى كۆڭلۈمنى،
ئىشچان يارىم خۇش چاقچاق.

پېگى ئۆي مېنىڭ بولسا،
سېمونتتا سۇۋاتسام.
لېۋەن يار مېنىڭ بولسا،
مەشرەپلەردە ئويناتسام.

تاتلىقلارنىڭ ئىچىدە،
ناۋات تاتلىق، قەن تاتلىق.
ئىشەنمەيمەن ئۇنىڭغا،
يار ھەممىدىن سەن تاتلىق.

چىنەم بار كىچىككىنە،
چىپىم بار سۈزۈككىنە.
پېگىدىن بىر يار تۇتتۇم،
خوپ بەلەن تۈزۈككىنە.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
توخۇدىن تولا توشقان.
ياردىن ئايرىلالمايمەن،
لېۋىگە شېكەر قوشقان.

www.uyghurkitap.com



قارا ماشنى تېرسام،
ئۈنۈپ چىقتى پېشىل ماش.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
غۇنچە بويلۇق قەلەمقاش.

باغدىكى بولجا تېرەكنىڭ،
يىلتىزى بۇرغۇي بولا.
مېنى كۆيدۈرگەن يارىم،
ئىندىسەم قۇرغۇي بولا.

يارنىڭ چىچى تاجىدەك،
بۇرنى خۇددى ناچىدەك.
ھەر قېتىم تېپىشقاندا،
يۈگىشىدۇ قامچىدەك.

باغدىكى بولجا تېرەكتەك،
ئۆيىگىزنىڭ تۈزلىكى.
باغدا پىشقان ئالمىدەك،
يۈزىگىزنىڭ ئۈزلىقى.

چوڭ يول بىلەن ماڭساڭچۇ،
قوغۇنلۇقنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى قىلساڭچۇ،
مېنى بۇنچە گول قىلماي.

يارىم بەرگەن قولياغلىق،
قىزىل رەڭلىك تاۋارمۇ؟
ماڭا بەرگەن چايلىرىڭ،
يۈرىكىمگە داۋامۇ؟

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
شەپە بېرىپ يۆتىلىپ.
مەيلىڭ بولسا كەلمەمسەن،
بىر چىنە چاي كۆتۈرۈپ.

ئىشىك ئالدى قوش تېرەك،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.
رەنجىپ قالمىغىن يارىم،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.

بىز كىرگەن قومۇشلۇقتىن،
يولۋاسلار ئۆتەلمەيدۇ.
مەيلى بارمىكىن يارنىڭ،
ئەگىپمۇ كېتەلمەيدۇ.

مىلتىق ئالدىم قولۇمغا،
قارا قۇشقاچ ئاتقىلى.
مەن شۇنداق تۇغۇلغانمۇ،
سىنىڭ دەردىڭنى تارتقىلى.

ياخشى ئادەم يامانلارنى،
دورىماس بولسا.
بىر ياخشىغا بىر يامانىنى،
بۇيرۇماس بولسا.

چايىنى ئىچتىم جوزىدا،
تولدۇرۇپ پىيالىدا.
قارا كۆز شۇ يارىمنىڭ،
كىم باركىن خىيالىدا.

ئاتنى توقۇپ يۈگەن سال،
چاچنى ئۆرۈپ بەلگە سال.
كۆڭۈل چۈشمىگەن يارنى،
ئالداپ - سالداپ يولغا سال.

يانچۇقۇمدا ئارغامچا،
سالمىنى سالاي دەيمەن.
يارغا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
ياندۇرۇپ ئالاي دەيمەن.

سۈنمۇ ئىچىپ قويدۇم،
هويلامدىكى ئۆزۈمگە.
ماقۇل دېگىن چىرايلىق،
ئۈنداق قىلماي سۆزۈمگە.

كۆككىنە كەپتەرمىدىم،
كۈندە - كۈندە كەلگىلى.
ئايدا - يىلدا بىر كېلەرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

يارىم بەرگەن بەش ئالما،
بەش ئەمەسكەن، ئالتىكەن.
ئاخشام سۆيگەن شۇ يارنىڭ،
مەيدىلىرى خالتىكەن.

ئۆستەڭ سۈيىنى لاي قىلغان،
تاختا كۆۋرۈك توپىسى.
قىز باللارنى ئۈز قىلغان،
پىيازلىقنىڭ ئوسمىسى.

ئۆگزەڭگە چىققان بىلەن،
پەللەڭگە ئۇلاشمايمەن.
مەھەللەڭگە بارغان بىلەن،
ئاشناڭنى تالاشمايمەن.

ئۆگزەڭگە قۇرۇپ قويدۇم،
كەپتەر تۇتمىغان قىسماق.
سېنىڭ سۆيگىنىڭ ئەسلىي،
مەن ياراتمىغان قاسماق.

ئۇيان ئۆتىمەن لەپلەپ،
بۇيان ئۆتىمەن لەپلەپ.
سېنىڭ تۇتقان ئاشناڭنى،
قايتۇرۇۋېتىمەن ئەپلەپ.

يارىم ياتىدۇ غەمدە،
گۈلىنىڭ تۈۋىدە نەمدە.
يار تۆپىسىگە يار تۇتسا،
يار ئۆلمەمدۇ ئەلەمدە؟!

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى،
ئۈزمىگۈنچە سولاشماس.
بىز سۆيمىگەن چوكانلار،
ئەرگە تەگسە بولاشماس.

راۋابنى چېلىپ - چېلىپ،
ئاق بىلەكىڭ تالدىمۇ؟
يېڭى يار تېپىپ، كۆڭلۈڭ،
كونا ياردىن قالدىمۇ؟

www.uyghurkitap.com



گۈللۈك باغنىڭ ئىچىگە،
ئۈنۈپ قاپتۇ بۇدۇشقاق.
ئۇقاتلىقنىڭ قىزلىرى،
بىر - بىرىدىن ئۇرۇشقاق.

باغدىن شاخ كېسىپ قويدۇم،
سايلىغۇدەك بىرسى يوق.
بۇ يۇرتتا قىزلار تولا،
ئويىنغۇدەك بىرسى يوق.

باغدا توشقان ياتامدۇ؟
يۇتىدا شاپتۇل قاقامدۇ؟
ئاشنىسى يوق سەتەڭلەر،
ۋاسا ساناپ ياتامدۇ؟

ئالمىنىڭ شېخى تولا،
بېھىنىڭ شېخى تولا.
ئىككى يار تۇتقان خېنىمنىڭ،
ئىچىدە دەردى تولا.

كېتىپ باردۇ يولدا،
شايى چاپىنى قولدا.
كەينىدىن باراي دېسەم،
نامەھرەم بولار يولدا.

يۇلغۇن چېچىكى سايدا،
يارىمنىڭ ئۆيى قايدا.
خوتۇن ئالساڭ تاز ئالغىن،
تاغاق، سۆزگۆچكە پايدا.

ئاتىم بار، ئىگەرىم يوق،
يۈرىكىم بار، جىگەرىم يوق.
ئازغىنا ئۆمۈر كۆرسەم،
كېتىشىم بار، كېلەرىم يوق.

ئۈجمىلەر پىشىپ قاپتۇ،
تاراڭگۇدا[1] قاقساڭچۇ.
ئوغۇللار ياداپ قاپتۇ،
ۋاسالغۇدا باقساڭچۇ.

گۈل قىسىپمۇ چىقمايسەن،
باغىڭدا گۈلۈڭ يوقمۇ؟
چىرايىڭنى ئاچمايسەن،
كۆڭلۈڭدىكى يار يوقمۇ؟

ئات بېشىنى قايدۇرغان،
قۇلۇننىڭ تېرىسى تاسما.
سايمالىنى[2] ئۈز قىلغان،
پېيازلىقتىكى ئوسما.

① تاراڭگو — كالتەك.
② سايما — بۇزۇق ئايال مەنىسىدە.

كۆيمىسەم كۆيدۈم دېمەستىم،
سىنىڭدەك گۈل چېچەكىمگە.
ساڭا ئېيتمىسام سىرنى،
ئېيتمەن يەنە كىمگە.

ئەتىگەندە قارىسام،
ئويناپ تۇرار قېشىڭىز.
بىزنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز؟

قارلىغاچلار ئۇۋىلاپتۇ،
پېشايۋاندا پەرماندا.
بىز شۇنداق ئۆتەرمىزمۇ،
كۆيەك ئوتى ئارماندا؟

خۇيلۇغۇم ئۇز خۇيلۇغۇم،
ئۆزۈڭنى گالۋاڭ قىلمىغىن.
ماڭا مەيلىڭ بولمىسا،
كۆڭلۈمنى ۋەيران قىلمىغىن.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
ناله قىلدىم ئاللاغا.
نېمە ئۈچۈن چىقمايسەن،
ئاخشام قىلغان قاراغا.

ئاتچان[1]يولى تاشلىقكەن،
ماڭماي دېسەم ياشلىقكەن.
بىزنى كۆيدۈرگەن چوكان،
چېچى ئۇزۇن، قاشلىقكەن.

باغچاڭغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇلۇڭ يوغان شاخلىق.
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ،
لەۋلىرىڭ ئەجەب تاتلىق.

ئاتىنىڭ بالىسى تايچاق،
تالىنىڭ ئۈچىنى يەيدۇ.
بۇ كەمدىكى قىزچاقلار،
كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

ئۆردەك ئوينىغان كۆلنىڭ،
سۈيىنىڭ تۇرۇشى بەك ئۇز.
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ،
قالاپ تۇرۇشى بەك ئۇز.

چاچىڭىز قارا ئىكەن،
قاغىنىڭ قاناتىدەك.
سۆيسەم لېۋىڭىز تاتلىق،
كېرىيىنىڭ ناۋاتىدەك.

[1] ئاتچان — كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

www.uyghurkitap.com



قىزىل ئالماڭنىڭ مەڭزى ئۈز،
ئاق ئالماڭنىڭ ئۆزى ئۈز.
سىناپ تۇتقان يارىمنىڭ،
قاشى بىلەن كۆزى ئۈز.

ئاتىم يورغا بولمامدۇ،
يولۇڭنىڭ يىراقىدىن.
قاشىڭ قارا بولمامدۇ،
مەڭزىڭنىڭ سىياقىدىن؟

تاغقا چىقتىم ئىرادە،
يىنىپ چۈشتۈم پىيادە.
تويىمىزغا يار كەپتۇ،
قىزىل گۈلدىن زىيادە.

يايلاقتىكى قوتازنىڭ،
مۈڭگۈزى بۇرغۇي بولار.
يىراقتىكى يارىمنى،
ئۈندىسەم قۇرغۇي بولار.

گۈلمۇ گۈللەردىن گۈزەل،
غۇنچە گۈللەردىن گۈزەل.
يار سىنىڭچە بولمىغاي،
يوق ماڭا سەندىن گۈزەل.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
بىر - بىرىگە ئوخشىماس.
يۇرۇڭقاشتا قىز تولا،
سەن يارىمغا ئوخشىماس.

مەن بارايمۇ بارمايمۇ؟
قويچىلارنىڭ كەمىسگە.
يارىمنى تىگىشمەيمەن،
خوتەنلىكنىڭ ھەممىسگە.

جانغا چۈشتى مىڭ پىچاق،
بىر پىچاقچە كۆرمىدىم.
باشقىلارنىڭ يارى باركەن،
سەن يارىمچە كۆرمىدىم.

ياخشى ئاتنى مىنگەندە،
ئالدىم قولۇمغا قامچا.
يارىمغا يارىشىپتۇ،
پوپۈش بىلەن تىزلاچى.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بارسام،
تورغايلارنىڭ ئۈۋىسى.
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى.

ئويتوغراق يولى تاشلىق،
تاشلىقتا بولار ئاشلىق.
مەن سۆيگەن گۈزەل يارىم،
سۇمبۇل چاچ، قەلەم قاشلىق.

لەنگەر يولى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەسكەن ئاۋاتكەن.
بىزنىڭ يارنى قەن دەيدۇ،
قەن ئەمەسكەن ناۋاتكەن.

گۈل ئارىلاپ ئۈچۈپ يۈرگەن،
جىنى نازۇك كېپىنەك.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
بېلى نازۇك سېكىلەك.

يېڭىئېرىقنىڭ[1] يولىغا،
جىرىم سىلىپ ئوخشاتسام.
كۆڭلى يۇمشاق يارىمنى،
سۆيۈپ تۇرۇپ ئۇخلاتسام.

ئۆلچەپ سىنىڭ بويۇڭنى،
تون تىكەرمەن تويۇڭغا.
ئەجەبمۇ خۇمار بولدۇم،
يارىم سىنىڭ خۇيۇڭغا.

يارىمنىڭ مىڭىشلىرى،
ماڭسا قول سىلىشلىرى.
ھېچ كىشىگە ئوخشىماس،
لەپپىدە قاراشلىرى.

بىزنىڭ باغدا تال تېرەك،
تال تېرەككە سۇ كېرەك.
ئەتىرگۈلدەك يىگىتكە،
قىزىلگۈلدەك يار كېرەك.

ئاۋۇ قاتتا سەن بولساڭ،
ماۋۇ قاتتا مەن يارىم.
گۈل غۇنچىسى سەن بولساڭ،
كامالچىسى مەن يارىم.

باشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
سۇغا چۈشتى شولىسى.
مىنىڭ يارىم قەلەمقاش،
يول بويىدا ھويلىسى.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
باشقا قويدۇم تېڭىنى.
نەگە بارسام ئاڭلايمەن،
سەن خېنىمنىڭ دېڭىنى.

ئاسماندا مىنىڭ ئايىم،
ئارالدا مىنىڭ جايىم.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
گۈل قىسقان مىنىڭ يارىم.

بىزنىڭ ھويلا چىمەن گۈل،
كۆرۈپ كېلىڭ ھەر خىل گۈل.
بۇ گۈللەرنى ئۆستۈرگەن،
لىۋى شېكەر قەلبى گۈل.

---

① يېڭىئېرىق — خوتەن ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىزىل ئالمانىڭ مەغزى ئۈز،
ئاق ئالمانىڭ بىغى ئۈز.
سىناپ تۇتقان يارىمنىڭ،
ھۆسنى بىلەن كۆڭلى ئۈز.

بىزنىڭ يارلار بەك چاققان،
بەتىنكىسىگە مىخ قاققان.
دۇشمەن گۇيلار چىدىماي،
ياغزا - ياغزا گەپ تاپقان.

گۈلباغدىمۇ ئۈيىڭىز،
ئۈزگەن قىسقان گۈلىڭىز.
غۇنچە ئىكەن بويىڭىز،
كۆيدۈردۇ خۇيىڭىز.

ئالا كەپتەر ئالا ئىكەن،
قۇيرۇقى تالا ئىكەن.
مېنى كۆيدۈرگەن قىزچاق،
بەك ئوبدان بالا ئىكەن.

باغقا رەيھان تېرىسام،
ئۈنۈپ چىقتى بەش قۇلاق.
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ،
مېنىڭ يارىمدەك يۇمىلاق.

قاشىڭىز قارا ئىكەن،
كۆزۈڭىزگە كۆيدۈممەن.
تىلىڭىز تاتلىق ئىكەن،
لېۋىڭىزگە سۆيدۈممەن.

ئۆستەڭلەرگە سۇ كەلدى،
ئازما - ئازما شارقىراپ.
مېنىڭ يارىم ساي[1] كەلدى،
تولۇن ئايدەك پارقىراپ.

قارقى[2] دىگەن ئاۋات جاي،
ئاق ئۆستەڭدە سۇيى بار.
شۇ ئۆستەڭنىڭ بويىدا،
بىزنىڭ يارنىڭ ئۆيى بار.

يېشىل ساينى بويلىغان،
ساي بويىدا ئوينىغان.
ئايغا ئوخشاش گۈزەل يار،
قەلبىم ساڭا تويمىغان.

ئېرىقىڭدا سۇ بولۇپ،
باغلىرىڭدا ئاقسام مەن.
سېنىڭ بىر جۈپ ئالمىڭنى،
كۆكرىكىمگە ياقسام مەن.

---

[1] ساي — ھازىر.
[2] قارقى — كىرىيە ناھىيىسىنىڭ قاراقىر يېزىسى.

نېمە دەيمەن ئۆزۈڭنى،
شېرىن-شېكەر سۆزۈڭنى.
جۈپ بۇلاققا ئوخشىتاي،
بىر جۈپ گۆھەر كۆزۈڭنى.

بىر جۈپ ئالما پىشپىتۇ،
مەيدىڭىزدە باغ بارمۇ؟
ياكى كىشى چىقالماس،
قوش چوققىلىق تاغ بارمۇ؟

يار ئىككەنىنى بىلمىدىم،
گۈلزار ئىككەنىنى بىلمىدىم.
تىلىڭىزنىڭ ئۇچىدا،
قەن بارئىككەنىنى بىلمىدىم.

ئەتىگەندە سەھەردە،
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
ئۈمىد ئۈزگىلى بولماس،
لېۋىگە شېكەر قوشقان.

مېھرىباندۇر ئۆزلىرى،
ئالەمگە مەشھۇر سۆزلىرى.
گۇناھىمدىن ئۆتسىلە،
پادىشاھدۇر ئۆزلىرى.

يارىم سەن، نىگارىم سەن،
بويىنۇمدا تۇمارىم سەن.
ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
ياندۇرغان چىراغىمسەن.

يار چالسەن سازىڭنى،
مەن مەلىڭدىن ئۆتكەندە.
توختاپ قۇلاق سالىمەن،
گۈل بېغىڭغا يەتكەندە.

يار سەندىن خەۋەر بولسا،
مەن بارارمەن يولۇڭغا.
دەستە-دەستە گۈل تىزىپ،
تۇتقۇزارمەن قولۇڭغا.

ئالسىلا، تېز ئالسىلا،
تالدى مېنىڭ بىلەكلىرىم.
ئۇلتۇرسىلا جانىم كۆيەدۇر،
قوپسىلا يۈرەكلىرىم.

www.uyghurkitap.com



# ياخشى كۆرۈش تېمىسىدىكى قوشاقلار

بۇگۈن ئايغا ئۇن يەتتە،
مەن ئۆزۈم خىيالەتتە.
مەندىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
ئەرزىم بار قىيامەتتە.

تىزدىم ئۈنچە ـ مارجاننى،
بوينۇمغا ئاسارمەن دەپ.
يارغا بەردىم كۆڭلۈمنى،
مېھرىگە قانارمەن دەپ.

ئۈيتوغراقنىڭ بازارىغا،
ئۇن تاغاردا قاق كىردى.
مۇرادىمغا يېتەلمەي،
چاچ ـ ساقالغا ئاق كىردى.

يارنى ئۆيگە باشلىدىم،
بويىغا نەزەر تاشلىدىم.
نىمە دېيىشنى بىلەلمەي،
كۆزلىرىمنى ياشلىدىم.

ئاقتامغا كۈزلۈكتە،
تېرىدىم قارا ماشنى.
كېچىسى ئۇخلاپ يېتىپ،
چۈشۈدۈم قارا قاشنى.

ئانار گۈلى بولغۇچە،
لەيلى گۈلى بولساڭچۇ؟
سىنىڭ دەردىڭنى تارتقۇچە،
كېچىك تۇرۇپ ئۆلسەمچۇ.

پالتا سالدىم تېرەككە،
ئۇنى كەتتى سىيەككە①.
ئالتاي بولدى كۆيەككە،
دەز كەتمەمدۇ يۈرەككە؟!

ئورما ئوردىم ئايدىڭدا،
ئەنجىسىنى سايلىماي.
يېنىڭىزدىن يار تۇتتۇم،
ئوتىڭىزغا پايلىماي.

باغقا كىرمەك ئانام بار،
گۈلنى ئۈزمەك دادام بار.
ئامرىقىم قەلەمقاشتىن،
ئايرىلماسقا ۋەدەم بار.

يارنىڭ كۆڭلى بەك خاپا،
مۇڭداشمىسام ئېچىلماس.
يار ئىككىمىز بىر بولساق،
يۈرىكىمىز ئېتىلماس.

① سىيەك — كېرىيە ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۆگەپ قاپتۇ يېمەستە.
سۆيۈۋالدىم يارىمنى،
دۈشمەنلىرىم كۆرمەستە.

شۇۋول① يولى قومۇشلۇق،
تېخى ئورغاق تەگكەن يوق.
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يەتكەن يوق.

ئاخشامقى بۇ چاغدا،
ئوت كۆيگەن ئوچاقدا.
ئۆلتۈرسەڭ ئۆزۈڭ ئۆلتۈر،
مۇھەببەت پىچاقدا.

ئۈستەڭنىڭ ئۇچى ئارا،
مېنىڭ يارىم كىچىك بالا.
كىچىك بولسا چوڭ بولار،
ھەر قاچان مېنىڭ بولا.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
دەريا ياقىسى توڭلاپ.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
سەن يارنى تولا ئويلاپ.

يار بويلاپ ئۇچۇپ كەتتى،
تۇمشۇقى قىزىل قاغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
كۆڭلۈم قانمىدى يارغا.

كۆيۈپ قالدىم، سۆيۈپ قويسلا،
لەۋلىرى قۇرۇپ قالماس.
بىردەم ھايال بولغانغا،
ئەرلىرى تۈيۈپ قالماس.

بېغىمدا قىزىل ئالما،
سۇ كىرمەي پىشىپ قاپتۇ.
جانىم ئاق بېلىق يارىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

كېچىمۇ كېچە بولسا،
كۈندۈزمۇ كېچە بولسا.
مەن يار بىلەن ياتقاندا،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا.

ئۈستەڭ باشىدا شاتۇت،
غۇنچە بويلۇقنى يار تۇت.
غۇنچە بويلۇق يارىڭغا،
ئالما بىلەن ئانار تۇت.

---

① شۇۋول — كېرىيە ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يارىشىپتۇ ئەجەبمۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە كىلىمەن،
سىنىڭ ماڭغان كوچاڭغا؟

سەن مېنى يار تۇتمىساڭ،
دۇنيادىن يارسىز ئۆتەي.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
باغرىمنى يېرىپ كۆرستەي.

باغدا ئۆسكەن لەيلىمەن،
تاغدا ئۆسكەن لەيلىمەن.
بىر قۇچاقلاپ يارىمنى،
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىمەن.

كۆيىمەنۇ ـ كۆيىمەن،
قىشى قاراغا كۆيىمەن.
قىشىغا قاراپ تۇرۇپ،
شىكەر لېۋىگە سۆيىمەن.

يۈرۈك يارىم مەن بىلەن،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مېنى ھەرگىز قاقشاتماڭ،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

باغىڭدىكى ئالماڭنى،
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن.
سىنىڭدەك گۈزەل ياردىن،
ئۆلسەم ئۈمىد ئۈزمەيمەن.

قوغۇن، تاۋۇز تېرىدىم،
قاتار ـ قاتار چۆنىكى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
قارا كۆزنىڭ كۆيىكى.

يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى،
قىزىل دۇردۇن، تاۋادۇر.
شۇ يارىمدىن ئايرىلسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

كىچىلەپ ئۆتۈپ كەتتى،
بەش ھارۋىلىق يۇلغۇنچى.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
مېنىڭ يارىم گۈل غۇنچى.

ئالما شىخى، گۈل شىخى،
ئەگمىگۈنچە قايرىلماس.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
كۆز يۇمغۇچە ئايرىلماس.

شوخلىق جىگدىگە چىقسام،
يىرتىلدى چاپانلىرىم.
سىزنى ئىزدەپ يول يۈرۈپ،
تېشىلدى تاپانلىرىم.

ئۇچى پال ـ پال تېرىكىم،
تۈۋى تال ـ تال تېرىكىم.
رەھىم قىلىپ ئۇتنى ئال،
كۆيۈپ كەتتى يۈرىكىم.

قۇلاقىڭدا پوپۇزا،
زەر ھالقا بىلەكىڭدە.
كۆيۈپ قالدىم، سۆيمەيسەن،
تاش بارمۇ يۈرەكىڭدە؟

باغىڭدىكى بۇ گۈلنى،
ھويلاڭغا كۆچۈرسەڭچۇ.
بۇ يۈرەكتىكى ئوتنى،
سەن كېلىپ ئۆچۈرسەڭچۇ.

يورۇڭقاشنىڭ يولىدا،
تاپىنىمغا تاش پاتتى.
سىز يارىمنىڭ ئىشقىدا،
خاپىلىقتا باش قاتتى.

باغلار ئارا پەرقىقىپ،
ئۇچقان كىمنىڭ كەپتىرى.
يۈرىكىمدىن كەتمەيدۇ،
سىز يارىمنىڭ گەپلىرى.

قۇرغۇي قونغان بۇ تېرەك،
لاچىن قونغان بۇ تېرەك.
ئون سەككىزگە يەتكەندە،
يارغا تويمىغان يۈرەك.

باغدا كۆرمىدىم يارنى،
كوچىدا كۆرەرمەن دەپ.
كۆڭۈل ئۈزمىدىم ياردىن،
ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ.

ئالما بەرسەڭ ئاپتىمەن،
بېھى بەرسەڭ يەپتىمەن.
شۇ خۇما كۆز يارىمدىن،
ئايرىلماسمەن دەپتىمەن.

مەككە دەپ ماڭدىم يولۇڭغا،
ھاجى دەپ قىلدىم تاۋاپ.
سەن ناۋاتتىن خالتا بەرسەڭ،
مەن جىگەرىمدە كاۋاپ.

پالتىڭىز ئىتتىك بولسا،
تال چىۋىقنى كەسمەسمۇ؟
يۇرتۇڭدىن كېتىپ قالسام،
ئايرىلماق ئەجەب تەسمۇ؟

ئىشىك ئالدىدا ئېرىق،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.
رەنجىمىگىن سۆزۈمگە،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
كۈمۈشمىكىن بويلىرى.
چاينى سۇنسام ئالمايلا،
ئەجەب ئىكەن خۇيلىرى.

ئاسمانغا چىقاي دەيمەن،
شوتا يوق چىقالمايمەن.
دېرىزەڭدىن مارايمەن،
سىرىڭنى ئۇقالمايمەن.

www.uyghurkitap.com



زوقۇم كەلدى جانانىم،
دۇتار چالغان قولۇڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
سېنىڭ ماڭغان يولۇڭغا؟

دۇتارنى چېلىشۇەردىم،
كەلسە ـ كەلمەس پەدىگە.
ساراڭ بولۇپ قالايمۇ،
سەن يارىمنىڭ دەردىگە.

باغدىكى قىزىلگۈلنى،
سۇغىرىپ قۇرۇتماسمەن.
خۇما كۆزلۈك جانانىنى،
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتماسمەن.

ئىشىك ئالدىدا ئېرىق،
ئاستا ـ ئاستا ئاتلىدۇق.
سىز بەرگەن قىزىلگۈلنى،
ھېچكىمگە بەرمەي ساقلىدۇق.

قوناقلىقتىن ئوت ئالدىم،
بويىنى قارا ئۆچكىگە.
مەن يارىمنى تېگىشمەيمەن،
كۆڭلى قارا ئەسكىگە.

بۇ ئېرىقتا سۇ كەپتۇ،
كۆلگە باشلىماق يارىم.
ئوتىڭىزدا تولا كۆيدۈم،
مېنى تاشلىماق يارىم.

ئىشىكىڭدە تۇرامسەن،
سېرىق سۆگەتكە يۆلىنىپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
ئايدا ـ يىلدا كۆرۈنۈپ.

بۇلبۇلۇڭ بولاي دەيمەن،
شاخىڭغا قوناي دەيمەن.
ئوبدان يارىڭ بولمىسا،
مەن يارىڭ بولاي دەيمەن.

بىزنىڭ ھويلا خاماندا،
ئوت قالايلى ساماندا.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
دۈشمەن قالسۇن ئارماندا.

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
پېشايۋاندا، پەرماندا.
قاچانغىچە يۈرەرمەن،
سېنىڭ ئىشقىڭدا ئارماندا.

شاپتۇلۇمنى توك دېمەك،
ئۆگزىڭىزگە قاق سالاي.
بىزنى كىچىك يار دېمەك،
يۈرىكىڭىزگە ئوت سالاي.

ئەتىگەندە، سەھەردە،
سۇ توشۇيمىز ئەپكەشتە.
سىزگە دەيدىغان گەپ بار،
كېنوغا ئاپىرىڭ كەچتە.

يارنىڭ بېغىغا كىرسەم،
ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە شۇ يارىم،
قايرىپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.

لەيلەپ قالدۇ كۆڭلۈم،
يار قېشىغا بارسام دەپ.
يار قېشىدا قانغۇچە،
ئويناپ، كۈلۈپ ئالسام دەپ.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز تۇتۇۋالدى.
غۇنچە بويلۇق قارا كۆز،
كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى.

يارنىڭ بېشىدا ياغلىق،
قاش - كۆزى كۆرۈنمەيدۇ.
يار يانىمدا ئولتۇرسا،
ئاتقان تاڭ بىلىنمەيدۇ.

بۇ يىل ئالما بەك بولدى،
ھەر شاخىدا مىڭ دانە.
مېنى كۆيدۈرگەن خېنىم،
چوققۇ ئېرىقتا[1] بىر دانە.

يارىم بەرگەن قولياغلىق،
قالدى شاخقا ئىلىشىپ.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
يۆگۈمەچتەك چىرمىشىپ.

بازاردىكى قاسساپنىڭ،
پىچىقى بەك گال ئىكەن.
پىلەك ئېرىقتىن[2] يار تۇتسام،
قېرى خوتۇندەك زال ئىكەن.

بىزنىڭ مەلە سۆگەتلىك،
قاتار - قاتار تېرەكلىك.
دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
بىز ئوينايلى يۈرەكلىك.

ئۆرۈكۈم قاتار - قاتار،
يارىم ئۆيىدە ياتار.
يارىم ئۆيىدە ياتسا،
بىزگە قانداق تاڭ ئاتار.

تال كېسىپ - تاللار كېسىپ،
جىگەر كېسىپ كاۋاپ ئېتىپ.
بۇ يۈرەك قانداق چىدار،
سېنى مەن تاشلاپ كېتىپ.

① چوققۇ ئېرىق — جاي ئىسمى.
② پىلەك ئېرىق — جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



پىچاق ئاتسام تالغا چۈشتى،
تالنى ئاچقاندا چىقار.
يارنىڭ ئوتى جانغا چۈشتى،
جاننى ئالغاندا چىقار.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
يارىم مېنى خارلىما.
بىز ئىككىمىز ئوينايلى،
باشقىلارغا قارىما.

مەلەڭدىكى تېرەككە،
قونۇپتۇ قارا قاغا.
ئەجەبمۇ كۆيۈپ قالدىم،
گەپ ئۆتمەيدىكەن يارغا.

ئۆرۈكۈما، ئۆرۈكۈم،
باغدا پىشقان ئۆرۈكۈم.
بىز ئايرىلىپ كەتمەيلى،
چىدىمايدۇ يۈرىكىم.

ئالماڭنى ئويۇپ يەيمەن،
تەخسەڭگە قويۇپ يەيمەن.
يارىم تۇخۇم تەڭلىسە،
ماي تارتماي سويۇپ يەيمەن.

ئېرىقنى چاپاي دېسەم،
چاپىدىغان كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

يارىمنىڭ قارا قويى،
ئوتلايدۇ ئېتىزلىقتا.
يارىم كېتىپ، مەن قالدىم،
بۇ يۇرتتا غېرىبلىقتا.

چوڭ تېرەكلىك ھويلىدا،
توپ ئوينىغان قارا كۆز.
مېھرىبانىم كەلدى دەپ،
قوش ئوينىغان قارا كۆز.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى،
ھاۋالىقكەن، قارا كۆز.
سىزگە كۆيگەن يىگىتكە،
ئۇۋۋال ئىكەن، قارا كۆز.

دۇتار چالدىم پەدىگە،
قارا كۆزنىڭ شەنىگە.
قارا كۆز تۇرالامدۇ،
بىزگە قىلغان ۋەدىگە.

ھۆل قومۇشقا ئوتنى ياقتىم،
سارغىيار، كۆيمەس دېدىم.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەكنى،
مەندىن ئايرىلماس دېدىم.

چاسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا،
توققۇز ئىشىك تەڭ ئېچىلۇر.
بىزنى كۆيدۈرگەن سەتەڭنىڭ،
باشىدىن گۈل ساچىلۇر.

چاسىنىڭ ئۇتتۇرىسىغا،
سۇپا سېلىڭ، سۇنى سېپىڭ.
كۆندە بەش كويچەن بېرەي،
كۆڭلۈمدىكى يارنى تېپىڭ.

ئالمىنى بېرىڭ دەيسىز،
بەرسەم كىم بىلەن يەيسىز.
يار قەدرىنى بىلمەيسىز،
تاشلىۋەتسەم يىغلايسىز.

يامغۇر ياغقان تونۇرغا،
يۇلغۇن سالسام كۆيەرمۇ؟
يىراقتىكى يارىمغا،
سالام يازسام تېگەرمۇ؟

ئاق ئىتىڭ يامان ئىكەن،
توم زەنجىردە باغلاپ قوي.
كەلگىنىم يامان بولسا،
ئەمدى كەلمەي، ئاڭلاپ قوي.

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
ئاق يەرگە ساراي سالسام.
بوغماق يار مېنىڭ بولسا،
بويىنىغا گىرە سالسام.

ئۆيۈڭگە كىرىپ باقسام،
تۆكۈلۈكۆڭدە پەرمان يوق.
سەن بىلەن ئۆلۈپ كەتسەم،
يۈرىكىمدە ئارمان يوق.

ئىشىك ئالدىدا ئېرىق،
چولتوڭلايدۇ بىر بېلىق.
خوپقىنا يامان ئىكەن،
ئوتتۇڭدا غېرىبچىلىق.

ئىشىك ئالدى تېرەككە،
ئەجەب قونمايدىكەن قاغا.
ماڭا سالغان بۇ دەردنى،
ئەجەب سالمايدىكەن يارغا.

ئاق بوز ئاتنى داملايسەن،
قارا بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.
سەن يارىڭنى داملايسەن،
مېنىڭ يارىمغا يەتمەيدۇ.

تاقلايۇ ـ تاقلا،
قارا بوز ئاتنى تاقلا.
ياخشى يار تاپاي دېسەڭ،
كۆچكەن[1] ئۆستەڭ ياقلا.

---

① كۆچكەن — جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



مەن باراي بازارىڭغا،
چاي سالاي قازانىڭغا.
ئاخۇنۇم نەزىر قىلسۇن،
ئالمىدەك چىرايىڭغا.

قىزىلگۈللەر ئېچىلىپتۇ،
جۇۋانلار قىسۋالسۇن.
كىچىك بولساق يوغىنارمىز،
تۇخۇمدا بىقۋالسۇن.

چوڭ يول بىلەن ماڭساڭچۇ،
چامغۇرلۇقنى ئىز قىلماي.
گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتكىن،
بۇ يۈرەكنى دەز قىلماي.

ئاق ئالماڭنىڭ ئىچى ئۈز،
قىزىل ئالماڭنىڭ شىخى ئۈز،
مىنىڭ سۆيگەن ئاشنامنىڭ،
قاشى بىلەن كۆزى ئۈز.

تۇمۇچۇقلار سايرايدۇ،
تاللىق باغنىڭ ياقىلىقىدا.
يۈرىكىم ئېقىپ كەتتى،
سەن يارىمنىڭ خاپىلىقىدا.

ئاق ئالماڭنى ئىغىتتىم،
خاپا بولماي تېرەرسەن.
سەن يارىمغا خەت يازدىم،
ئۇچۇرىنى بېرەرسەن.

يورۇڭقاشتىن ئات ئالدىم،
مىنىپ چىقتىم يۈگەنسىز.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

ئاق ئالمىنى ئالمايمەن،
يانچۇقۇمدا تۆتى بار.
سايپاق[1] يارنى سۆيمەيمەن،
چىپچەن يارنىڭ ئۇتى بار.

ئىشىك ئالدى قوش كۆلچەك،
بىزنىڭ يارلار كۆلگۈنچەك.
مەن قوينىغا كىرگەندە،
لىغىلدايدۇ قوش ئەمچەك.

قوغۇنىنىڭ پىلەكىدىن،
سويما تاپمەن يارىم.
سەن يادىمغا كەلگەندە،
يىغلاپ ياتىمەن يارىم.

[1] سايپاق — سۆرەلمە مەنىسىدە.

بۇلبۇل ئۇۋا ياساپتۇ،
قىزىلگۈل ئاراسىغا.
مەن ئەجەب كۆيۈپ قالدىم،
كۆزۈڭنىڭ قاراسىغا.

ئىشكايلاڭدا سىم كاتو②،
سىم كاتودا كىم ياتۇ؟
ئوتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
مېنىڭ ئورنۇمدا كىم قاتۇ؟

ئېرىق بولسا، تار بولسا،
سۇنى قويسا، تاشمىسا.
يار بولسا، شوخراق بولسا،
سۆيۈپ قويسا، قاچمىسا.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
چىغدىن تولا ئاق توشقان.
بۇ قوشاقنى قوشمايتتىم،
يارنىڭ ئىشقىدا قوشقان.

ئۆستەڭ بېشىدا ئولتۇرسام،
ئىككى ئۇلاغدا ئاش كەلدى.
يار يادىمغا يەتكەندە،
قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

يارىم بىلەن چاي ئىچتۇق،
ئايگۈللۈك پىيالىدا.
مەن يارنى دېگەن بىلەن،
كىملەر بار خىيالىدا.

قىرلىق تاغنىڭ تۆپىسى،
تۇمۇچۇققا يول بولۇر.
كىچىككىنە يارىم بار،
سۆيۈپ قويسام گول بولۇر.

بېغىمدىكى گۈللۈكتىن،
تېپىۋالدىم تۈگۈنچەك.
كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالغان،
مېنىڭ يارىم كۈلگۈنچەك.

ئۇ يىراقتىن كۆرۈنگەن،
بىزنىڭ مەھەللە، بىلەمسىز؟
ئويناپ كۆڭۈل ئاچىلى،
ئاخشاملىقتا كېلەمسىز؟

جاڭگال كېزىپ يۈرگەندە،
توغراق بولدى ھەمرايىم.
مېنى ساڭا كۆيدۈرۈپ،
ئەجەب قىلدى خۇدايىم.

---

① كاتو — كارىۋات.

www.uyghurkitap.com



ئاخشام بىرگە ماڭغاندا،
ئاي كۆرۈندۈك كۆزۈمگە.
يارىم كۆزۈم تەگمىسۇن،
تۇمار ئاسقىن ئۆزۈڭگە.

باغقا قوغۇن تېرىدىم،
ۋاقتى كەلسە تاقلايمەن.
سەن سۆيۈملۈك يارىمنى،
ئۆمۈر بويى ساقلايمەن.

باغقا رەيھان تېرىدىم،
ئىچىلدۈرۈپ قىسساڭچۇ.
ئاق تاۋار تونىنى كىيىپ،
ئاپتاپ كەبى چىقساڭچۇ.

يارىمغا ساراي سالسام،
گۈل بىلەن مۇنار سالسام.
يار ئىچىدە بىلەمدۇ،
ھەر قانچە گۇناھ قىلسام.

سەن يارىمنى ياد ئېتىپ،
ناخشا ئېيتىمەن تۈندە.
دەرد ئىچىدە يىغلايمەن،
ھېچكىم ئاڭلىماس ئۈندە.

قىرى سۆگەت ياغىچى،
نو بولامدۇ، ئويلاپ باق.
كۆڭلۈڭنى ئالالايمەن،
مېنىڭ بىلەن ئويناپ باق.

چوڭ ئېقىنغا ـــ قاينامغا،
بويلىغىلى بولارمۇ؟
سەن كىچىك، مەنمۇ كىچىك،
ئوينىغىلى بولارمۇ؟

ئىشىكىمدە بادام بار،
ئاستا كىرىڭ دادام بار.
دادام بولسا كاج ئادەم،
قولچاقىمدا بالام بار.

ئۆردەك ئاتتىم غاز بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم تۇز بىلەن.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
ئوينىۋالدىم ئۆز بىلەن.

ئالسىلا، پات ئالسىلا،
تالدى مېنىڭ بىلەكىم.
سۆيسىلە، پات سۆيسىلە،
چىدىمىدى يۈرەكىم.

ئالما شېخى پەس ئىكەن،
بويلىغىلى ياخشىكەن.
سەنمۇ كىچىك، مەنمۇ كىچىك،
ئوينىغىلى ياخشىكەن.

كاككۇك مۇڭلۇق سايرايدۇ،
بولجا تېرەك باشىدا.
يار ماڭا قاش ئاتىدۇ،
ئۇسما قويغان قاشىدا.

تۆكۈلۈكتىن ئالاي يارنى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
جان يارنى باغ ـ باغ ئېتەي،
ئېچىلسۇن ئىچى ـ قارنى.

قارا قۇش ئېغىر نېمە،
كۆتۈرگىلى بىلەك كېرەك.
ئۇسمىسى دەمدەك جۇۋاننى،
سۆيگىلى يۈرەك كېرەك.

گۈل تېرىدىم كۆرسىلە،
ئۇسما تېرىدىم كۆرسىلە.
ئۇسما قويۇپ، يۇيۇپ بولۇپ،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

مېنىڭ ئىككى يارىم بار،
بىرى ئالىم، بىرى زالىم.
بىرىگە ئانچە كۆڭلۈم يوق،
بىرى كۆڭلۈمدىكى يارىم.

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
مەن يارىمنى يېتىلەپ.
گۈل تۈۋىدە سۆيۈۋالدىم،
گۈلنىڭ شېخىغا يۆلەپ.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ.
كېچىككىنە سارىخان،
ئېلىپ قاچقۇدەك بوپتۇ.

جەدە ئاتنى سۇغاردىم،
لەگزە بېشى بۇلاقتا.
مەن ساڭا كۆيۈپ قېلىپ،
ئالتە ئاي ياتتىم سولاقتا.

كۈزگى بۇغداي تېرىدىم،
يازغى بۇغداي قېنى سىز؟
بۇ يۈرەككە ئوتنى سالغان،
گۆھەرنىسا قېنى سىز؟

بىر تۆشۈكتىن سالما چىقتى،
بىر تۆشۈكتىن پاتمىچۇق.
بىر خېنىمغا ئاشنا بولسام،
ئاغزى ئۇز، بۇرنى پۇچۇق.

ياشلىقتا ـ ساراڭلىقتا،
باغ ئارىلاپ گۈل كۆردۈم.
يار ئىشقى ـ پىراقىدا،
سەرسانە بولۇپ يۈردۈم.

باغىڭدىكى ئۈجمەڭنىڭ،
بىر شاخى راۋاب بولدى.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا،
يۈرىكىم كاۋاپ بولدى.

قاراپ كېلەر يولۇڭغا،
بىر كېچە تۇرۇپ قالدىم.
كۆيۈپ ئىشقى ئوتۇڭدا،
قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىزنىڭ باغقا كىرىپ باق،
ئالما ئۈزۈپ تېتىپ باق.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
يۈرىكىمنى كۆرۈپ باق.

ئاسماندىكى لاچىنىڭ،
قاناتىدا تۇمارى.
ئون تۆت ياشتا يار تۇتسام،
ئەمدى كەلدى خۇمارى.

ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم،
مىنمىسەڭمۇ باغلاپ قوي.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
سۆيمىسەڭمۇ قاراپ قوي.

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ،
ئۈزۈۋالاي كۈزگىچە.
مەن يارنى سۆيۈۋالاي،
ئىشقى ئوتىدا ئۆلگىچە.

ئاتىم چىپىپ سۇندۇردى،
قوش پەشلىك ئىگەرىمنى.
يارىم ئويناپ كۈلدۈردى،
تال بىلەن جىگەرىمنى.

ئاستا - ئاستا ماڭدىڭىز،
سۇغا كۆۋرۈك سالدىڭىز.
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
دىلغا ئوتلار سالدىڭىز.

ئاخشام بېرىپ مەلەڭگە،
چىقىۋالدىم چەللەڭگە.
جامالىڭنى كۆرەلمەي،
يېنىپ كەلدىم خانەمگە.

كاۋا، قاپاق تېرىسام،
هويلىنى باراڭ قىلدى.
ئوتلىرىڭ يامان ئىكەن،
باشىمنى ساراڭ قىلدى.

باراي دېسەم يول يىراق،
ۋاقتىدا بارالمايمەن.
يار سېنىڭ ئوتۇڭ يامان،
تولغىنىپ ياتالمايمەن.

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
قاراپ قويغىن قارا كۆز.
ساۋاب بولار بىر قېتىم،
سۆيۈپ قويغىن قارا كۆز.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
دەريا بويىدا تۈزگە.
مەن ئاشىق بولۇپ قالدىم،
ئاي يۈزلۈك قارا كۆزگە.

باغدا پىشتى خۇۋەينە①،
يەپ باقامسىز بىر دانە.
بىلى بوش دەپ يالتايماڭ،
بولاي ئەمدى مەردانە.

① خۇۋەينە — ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى.

لاچىنمۇ ئۇچالايدۇ،
قۇرغۇيمۇ ئۇچالايدۇ.
يىگىتتىن بىر يار تۇتسام،
بەك قاتتىق قۇچاقلايدۇ.

ئۆگزىدىن پاسار چۈشتى،
قولۇمدىن ھاسا چۈشتى.
سىز چىرايلىق چوكانغا،
شوخ كۆڭلۈم راسا چۈشتى.

يارىم چالىدۇ راۋاب،
يارىمەن ئىزدەپ سوراپ.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
سۆيىمەن قەندەك شوراپ.

ئاسماندىكى تولۇن ئاي،
چەينەكتىكى ناۋات چاي.
خۇمار كۆز ئوماق يارىم،
قۇچىقىمدىن ئالدى جاي.

ئۆستەڭ قىشى بەك قاتتىق،
كەتمەن سالساڭ ئۆتمەيدۇ.
ئىشقى ئوتۇڭ يۈرەكتىن،
تا ئۆلگىچە كەتمەيدۇ.

ئاق ئىتلىرى يامانكەن،
باغلاپ قويسىلا يارىم.
مەن سىلىگە كۆيۈپ قالدىم،
سۆيۈپ قويسىلا يارىم.

بەلۋاغلىرى بوش ئىكەن،
چىڭراق چەگسىلە يارىم.
ئالتۇن ئۈزۈك ئىپ بىرەي،
ماڭا تەگسىلە يارىم.

مەن يېتىم، غېرىب قۇلمەن،
بىقىۋالسىلا يارىم.
قوش ئەمچەكنى كۆكسۈمگە،
يېقىۋالسىلا يارىم.

ئاق رومالىڭ ئىسىلكەن،
ئۈرۈمچىدىن ئالغانمۇ؟
كۆيىدۇم دەيسەن قارا كۆز،
راست كۆيىدۈڭمۇ، يالغانمۇ؟

مەن بىلىمنى باغلايمەن،
سەن بىلىگنى باغلىساڭ.
ئىككىلەنمەي كەل يارىم،
ئوينىشىگنى چاغلىساڭ.

لاچىنلار ئۇچۇپ چىقتى،
ئىككى تاغ ئاراسىدىن.
يايرىدى خۇشال كۆڭلۈڭ،
ناخشامنىڭ ساداسىدىن.

باغ ئىچىدە تۇرسىز،
بىلىمەن، ئاھ ئۇرسىز.
كىلىڭ يايرىم ئوينايلى،
ئەمدى راھەت كۆرسىز.

www.uyghurkitap.com



قۇرۇق شاختا ئانار بولدى،
يۈرەكلەرگە داۋا بولدى.
خۇش بولامسەن يار ئەمدى،
شەرتلىرىڭ ئادا بولدى.

يارىم خوما كۆزۈڭنى،
ئوخشىتىمەن بۇلاققا.
يۈرىكىمدىن گۈل تۇتتۇم،
قىسىۋالغىن قۇلاققا.

ئېچىلىپتۇ قىزىلگۈل،
بىرنى تاللاپ ئۈزىمەن.
كۆڭلۈم چۈشكەن يارىمنى،
تا ئەبەدكە سۆيىمەن.

گۈل بولسا، قىزىل بولسا،
يۈرىكى داۋا بولسا.
يار بولسا، لېۋەن بولسا،
پاك سۆيگۈ - ۋاپا بولسا.

قىزىلگۈل يوپۇرمىقى،
قاتمۇ قات بولار ئىكەن.
كىچىك چاغدا تۇتقان يار،
ئۆلگىچە خۇمار ئىكەن.

ئۆستەڭ بويى هاۋالىق،
سەيلە قىلدىم خۇمالىق.
دېهقان قىزنى يار تۇتتۇم،
بەك تارتىنچاق، هايالىق.

يولدا ياتقان يىلاننىڭ،
بويىنىغا زەنجىر سالاي.
يارىم مەندىن رەنجىپتۇ،
كۆڭلىنى قانداق ئالاي.

تولا ئۆتۈپ مەلەڭدىن،
يولۇچى بولۇپ قالدىم.
سەن يارىمنىڭ ئوتىدا،
غازاڭدەك قۇرۇپ قالدىم.

ئاق قوغۇننى يېمەيمەن،
ناشكەرگە تويمىدىم.
كۆكۈلدىكى يار بىلەن،
قۇچاقلىشىپ ئوينىدىم.

بۇلتۇر ئەتكەن قەپەسكە،
كەپتىرىمنى كۆندۈردۈم.
پەرۋانىدەك ئايلىنىپ،
يۈرىكىمنى كۆيدۈردۈم.

راۋاب ئالغۇم كېلىدۇ،
ئالسام چالغۇم كېلىدۇ.
ناخشا ئېيتىپ يارىمنىڭ،
دىلىدا قالغۇم كېلىدۇ.

ئۆي ئالدىدا ئېرىقىم،
ئېرىقىمدا بېلىقىم.
قويدى يارنى رەنجىتىپ،
مېنىڭ قوپال قىلىقىم.

سەن كەلگىچە ئامرىقىم،
مەن ئالدىڭغا بارىمەن.
سەن ئالغىچە كۆڭلۈمنى،
مەن كۆڭلۈڭنى ئالىمەن.

ئاق پىيازنىڭ پوستىمەن،
كۆك پىيازنىڭ پوستىمەن.
ئاي يۈزلۈك قەلەمقاشىنىڭ،
تاللىۋالغان دوستىمەن.

تورغايلار ۋىچىرلايدۇ،
لاچىن كەلگەن ئوخشايدۇ.
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

ئاق تەلپەك، قارا تەلپەك،
مەن كىيسەم يارىشارمۇ؟
يېڭى تۇتقان يارىمنى،
ياش باللار تالىشارمۇ؟

قىزىلگۈل ئېچىلىپتۇ،
بىر قارىسام رەڭمۇ رەڭ.
كېلىڭ يايرىم ئوينايلى،
بىز ئىككىمىز تەڭمۇ تەڭ.

باغقا كىرسەم، ئالدىمغا،
ئالما چۈشتى توككىدە.
مەن كۆكسۈمگە باسقاندا،
سۆيۈپ قويدۇڭ چوككىدە.

ئۆستەڭنىڭ ئىچى تاختا،
ئېتىزدا ئېچىلار پاختا.
سەن يارىمنى ياد قىلسام،
يىغلايمەن سەھەر ۋاقتا.

ئوت كۆيدۇ ئىچىمدە،
دەردىنى ئۆزۈم بىلۇرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئولتۇرمەن.

قوغۇن - تاۋۇز تېرىدىم،
قاتار - قاتار چۈنكى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
قارا كۆزنىڭ كۆيىكى.

ئاخشام ئۇچقان ئۆردەكنىڭ،
ئالتىسى جۈپ، بىرسى تاق.
سىز يارىمنىڭ ئوتىدا،
بىر كۈن كېسەل، بىر كۈن ساق.

مەن خوتەنگە بارمايمەن،
خەجلىگىلى پۇلۇم يوق.
مەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
دىلىم ئەجەبمۇ سۇنۇق.

يورۇڭقاشنىڭ قاشتېشى،
داڭلىق ئىكەن جاھاندا.
سىز يارىمنى سۆيەلمەي،
ئەجەب قالدىم ئارماندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە،
مەقسەتكە يېتەلمىدۇق.
كۆيدۈرگەچ ئوتۇڭ يارىم،
مەلەڭدىن كېتەلمىدۇق.

دۇتارنى چېلىپ بولماس،
ئۈزىنىڭ تارى بولمىسا.
ئەسقاتمايدۇ باشقىلار،
ئۈزىنىڭ يارى بولمىسا.

گۈل تېرىدىم لەڭگەرگە،
ئېچىلمايدۇ نەم يەردە.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ھەر يەردە،
مېنىڭ كۆڭلۈم بىر يەردە.

ئاخشام ئاتقان تۆت ئوشۇق،
سەكەنتورمۇ، سەنجۈرمۇ؟
لەۋلىرىڭ ئەجەب تاتلىق،
ئانار پىگەنمۇ، ئەنجۈرمۇ؟

بىر باغقا ئانار سالدىم،
بىر باغقا يالاڭ توغاچ.
چۈرگىلەپ كېتەلمەيمەن،
كۆڭلۈم سەن بىلەن بولغاچ.

بىزنىڭ باغدا گۈل ئۈسما،
سۇ قۇيۇپ قۇرۇتمايمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
ئۆلگىچە ئۇنۇتمايمەن.

ئۆيىڭىز شولاقتىمۇ،
قارا كۆز يولاقتىمۇ؟
قارا كۆزنىڭ ئالدىدا،
يۈرىكىڭىز سولاشتىمۇ؟

ئالما سالغان باغىڭگە،
بېھى سالدىم، بىلدىڭمۇ؟
لاي سۇ ئىچكەن سەھرالىق،
كۆيگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟

ئۆستەڭدە سۇ يوقمۇ؟
ئۇسسۇزلۇقتا مەن تەشنا.
قاش ئاتماڭلار ئوغۇللار،
قارا كۆزگە مەن ئاشنا.

ئوقۇيمەن خوجافىزنى،
خۇدايىم ئايرىماس بىزنى.
خۇدايىم ئايرىسا بىزنى،
ئۇنۇتمايمەن قارا كۆزنى.

ۋەدىنىيۇ، ۋەدىنى،
شامغا قويىماڭ ۋەدىنى.
شامغا قويساڭ ۋەدىنى،
تارتىپ قالارسەن دەردىنى.

سارغىيىپ ئۆسكەن تېرەكنىڭ،
سايىسى بولماس ئىكەن.
يار ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكنىڭ،
دارىسى بولماس ئىكەن.

قىزىلگۈل ئاراسىدا،
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتىمغانىغا بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

باشىمغا تۇماق كىيسەم،
ياراشتى چىرايىمغا.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

ھاۋادىكى بوز تورغاي،
تۇمۇچۇقنى سايراتتى.
يار دەردى يامان ئىكەن،
يوللىرىغا قاراتتى.

قۇرغۇيۇم پالاقلايدۇ،
قەپەسنىڭ ئىچى تاردەك.
بارسام چىقمىدىڭ يارىم،
ئۆيدە مېھمىنىم بار دەپ.

ئاسمانغا چىقىۋاللا،
مېنى قالدۇرۇپ پەستە.
يار دەردى يامان ئىكەن،
كۈنلەر ئۆتىدۇ تەستە.

ئېگىز ئاسمانغا تاش ئاتما،
تاش ئاتساڭ ئېگىز ئاتما.
مەن سېنىڭ بولار بولسام،
باشقىلارغا قاش ئاتما.

ئاللىمۇ يا، ئاللىمۇ،
تۇزغا نانىنى ساللىمۇ؟
تۇزغا نانىنى سىلىپ بولۇپ،
كەينىلىرىگە يانلىمۇ؟

سامپۇلغا① ئوتۇن توشۇپ،
چاپىنىمنىڭ يېڭى يوق.
سەن خېنىمنى تولا ئويلاپ،
يۈرەك - باغرىمنىڭ تېگى يوق.

شامال چىقسا لىڭشىيدۇ،
سايىسىز بوستان تېرەك.
ناماز شامدا كېلىپ تۇرغىن،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

سامپۇل ئۆستەڭ بويىدا،
ساقلاپ تۇرسام كەلمىدىڭ.
يار يۈرىكىڭ تاش ئىكەن،
ۋاپا قىلسام بىلمىدىڭ.

چىنە چىنىدىن چىقۇر،
كوزا خۇمدانىدىن چىقۇر.
سەن خېنىمنىڭ دەردلىرى،
گۆرگە كىرگەندە چىقۇر.

سەنمۇ بارغىن تاۋاپقا،
مەنمۇ باراي تاۋاپقا.
چېچىڭدىكى لېنتىدىن،
پەدە باغلاي راۋابقا.

① سامپۇل — لوپ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاغا قونۇپ تېرەككە،
تاك سەھەردە قاق، دەيدۇ.
يارنى بىر سۆيۈك دېسەم،
خاپا بولۇپ ياق، دەيدۇ.

ئۇچۇپ كەلگەن كاككۇكنى،
ئوق قولۇمدا ئۆگىتەي.
خۇما كۆز يار ئۆتىنى،
تاماكا چېكىپ تۈگىتەي.

باغدا بۇلبۇلۇك بولۇپ،
قونسام مەن تېرەكلىگە.
ئۆتۈك بەك يامان يارىم،
ئۆلمەيمەن كۆيەكلىگە.

بارسىلا، كەلمەيدىلا،
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشىمنى ئېيتاي،
ھەمراھ بولۇپ تۇرسۇن ماڭا.

ئاخشاملىقتا باراي مەن،
ئىشىكلىنى ئاچامسەن؟
سۆيەي دېسەم ناز قىلىپ،
مەندىن يىراق قاچامسەن؟

ئۆيۈڭدىكى چايداندا،
چىبىك بارمىدۇ، يارىم؟
ئاغزىڭدا ھە دېيسەن،
مەيلىڭ بارمىدۇ، يارىم؟

ئۆستىڭگە سۇ كەپتۇ،
قاشتىن ئاتلاپ كەتمىسۇن.
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم،
ساڭا ھەرگىز يەتمىسۇن.

ئۆگزەڭگە چىقىۋىلىپ،
يوغان قىلىسەن گەپنى.
سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي،
ئاناڭ تارتامدۇ بۇ دەردنى؟!

پادا باققان باللار بىز،
ياڭاق چاققان باللار بىز.
ئېرىمەس تاش يۈرەككە،
ئوتنى ياققان باللار بىز.

ئۇلۇغ ئېقىن ئىچىدە،
ياغاچ سۈرمە بار ئىكەن.
پاخما چاچلىق چوكانغا،
جىنتاق يىگىت يار ئىكەن.

ئىچمەككە ھاراق ئاچچىق،
ئىچكەندىن كېيىن تاتلىق.
ئاغزىدا ناۋات باردەك،
سۆيمەككە جۇۋان تاتلىق.

كىۋەز تېرىدىم تەپچە،
خارەت ئېتىدۇ چەپچە.
يارى يوق دېمەڭ بىزنى،
يارىم بار مىنىڭ نەچچە.

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ،
پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكى.
قىيامەتكە باقىدۇ،
ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى.

گۈل ئىشقىدا گۈل كۆيدى،
گۈلنى ئاخشام كىم سۆيدى.
گۈل دېگەنمۇ پەس ئىكەن،
نەشكەش ھېكىم سۆيدى.

گۈل دېگەنگە گۈل بولامدۇ؟
خۇش پۇراقى بولمىسا.
يار دېگەنگە يار بولامدۇ؟
ئېتىقادى بولمىسا.

ئوتتۇن سالغان تونۇرغا،
يۇلغۇن سالسام كۆيەرمۇ؟
يار ئازدۇرغان دۈشمەنگە،
زەھەر بەرسەم ئۆلەرمۇ؟

ئۆيگە كىلىپ كۆزۈمگە،
يارىم كىردى چۈشۈمگە.
باغاش ئېتىپ سۆيەرمىش،
ماقۇل بولۇپ سۆزۈمگە.

كاككۇكلار كېلىپ قوندى،
ھويلىدىكى باراڭغا.
كۆيگىنىمگە ھەيرانمەن،
ئەركە ـ نايناق، ساراڭغا.

ئالمىنى تولا يەيسىز،
يېمىش بېغىڭىز كەڭمۇ؟
بىزگە نەزەر سالمايسىز،
تۇتقان يارىڭىز قەنمۇ؟

ئېگىز ـ ئېگىز چىنارغا،
بويلىغىلى بولارمۇ؟
سىلى يوغان، مەن كىچىك،
ئوينىغىلى بولارمۇ؟

تاقىلايمۇ، تاقىلا،
ئالا بوز ئاتنى تاقىلا.
ياخشى يار تاپاي دېسەڭ،
جىيا[1]ئۆستەڭنى ياقىلا.

بۇ راۋاب شۇنداق راۋاب،
پەي تارىسى سالغان راۋاب.
بوش چاغلىماڭ نازىل خېنىم،
سىز ئۈچۈن چالغان راۋاب.

ئوينىغىلى ئۈز ياخشى،
تېپىلغىلى مۇز ياخشى.
بولار بولماس يارلاردىن،
تەنھا يۈرگىنىم ياخشى.

ياش ئۆمرۈم سېنى دەپلا،
بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى.
ئېچىلغان قىزىلگۈلۈم،
ئىشقىڭدا توزۇپ كەتتى.

---

① جىيا — لوپ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭساڭچۇ،
كۆزگىلىكنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
يۈرەك باغرىمنى قان قىلماي!

يۈرىكىمنى سەگسۈن دەپ،
سۈنى ئىچتىم بىر چېلەك.
سۇ ئىچكەنگە سەگمەس،
سىزگە كۆيگەن بۇ يۈرەك.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
يېڭى ئۆسكەن قىياقلارغا.
يار دەردى يامان ئىكەن،
چىقىپ كېتەي يىراقلارغا.

ئوچاق بېشىدا چاي قۇيدۇم،
چىنىتەخسىدە ياپالماي.
قاچانغىچە يۈرەرمەن،
بىر ئورۇندا ياتالماي.

ھىجرىڭدە مەن زەپ دەردمەن،
يارىمغا ياپاي چەكمەن.
يارىم ئەتمىسە چەكمەن،
كۆڭلەكچان چاپاي كەتمەن.

ئۆگۈت قۇيدۇم سۆكەنگە،
ئىجارىسى بەش تەڭگە.
ئاق جۇۋانغا دوست بولسام،
ئىتتىرىۋەتتى ئۆستەڭگە.

جۇۋان بويىنى كۆرسەتتى،
نادان بەدەننى كۆرسەتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
تىرىك دوزاخنى كۆرسەتتى.

يارنىڭ ئېتى ھەمدۇللا،
ئاخشام بارسام پەندۇلا①.
ئەرز قىلىپ مەن بارسام،
پىرىم يولدىن ياندۇلا.

دۇلدۇل ئېتىم چاپىدۇ،
بۇلبۇل قانات قاقىدۇ.
تاشلىۋەتسەڭ تاشلىۋەت،
بىزنى خۇدايىم باقىدۇ.

ئۆيۈمدىكى ئوغلۇمنى،
ئوقۇتۇپ قارىم قىلاي.
سەن گۈزەل قەلەمقاشنى،
بىر ئۆمۈر يارىم قىلاي.

بۇغداي تېرىدىم كۆزگە،
تېگى يازغى، تېگى كۈزگە.
كۆيۈپ قالدىم قارا كۆز،
چىقماسىز تاللا ـ تۈزگە؟

قاراقاشقا بارغاندا،
ساڭا مانتۇ ئەپ بېرەي.
كۆڭلۈمدىكى دەردىمنى،
يولدا ماڭغاچ دەپ بېرەي.

① پەندۇرۇش — ئازدۇرۇش.

ئاچىلغۇچە قىزىلگۈل،
غۇنچىسىنى قىسساڭچۇ.
مەن سەپەردىن يانغۇچە،
تاقەت قىلىپ كۈتسەڭچۇ.

بىزنىڭ مەلە تېرەكلىك،
ئىمارەتكە كېرەكلىك.
قوشنامنىڭ قىزى لايىق،
ئوينىۋالاي يۈرەكلىك.

قاشىڭ قارا — قاپقارا،
كىمگە بۇزدۇڭ قاشىڭنى.
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
ئايلاندۇردۇڭ باشىمنى.

لەڭگەر سېيى ئۇزۇن ساي،
مىنەي دېسەم ئىتىم تاي.
بىر يىل دېگەن ئون ئىككى ئاي،
ئەمدى مەن قانداق چىداي.

قىزىلگۈلنى دېمىسەم،
غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.
سەن يارىمنى دېمىسەم،
بۇ شەھەردە تۇرغۇم يوق.

سۇغا كەتكەن يارىمنى،
ساقلاپ تۇراي يانغىچە.
غۇنچە بويلۇق يارىمنى،
سۆيۈۋالاي قانغۇچە.

ئۆرۈكۈما - ئۆرۈكۈم،
باغدا پىشقان ئۆرۈكۈم.
سېنى بىردەم كۆرمىسەم،
چىدىمايدۇ يۈرىكىم.

نەشپۈت بەرگەن كىشىنى،
ئالما بەرگەن دەرمەنمۇ؟
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنىڭ،
ئوتىدا كۆيەرمەنمۇ؟

ئۆينىڭ ئارقىسى تاشلىق،
ساڭدا بارمىدۇ ئاشلىق.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
بىكار ئۆتمىسۇن ياشلىق.

سېرىق ساندۇق سىرىمەن،
سىرچىلىقنىڭ پىرىمەن.
بىز ئىككىمىز بىر جۈپ گۈل،
بىرى سەندۇر، بىرى مەن.

قاشىڭىز قارا ئىكەن،
كۆزىڭىزگە كۆيدۈممەن.
تىلىڭىز شېكەر ئىكەن،
سۆزىڭىزگە كۆيدۈممەن.

ھاۋادىكى لاچىننى،
تور سېلىپ تۇتاي دەيمەن.
يىراقتىكى يارىمنىڭ،
كۆڭلىنى ئۇتاي دەيمەن.

ئامرىقىم دەيمۇ سىنى،
سۆيۈملۈكۈم دەيمۇ سىنى؟
ئۆيدە ياققان ياقلاندەك،
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سىنى؟

سىپسىپ كەتكەن سامانىنى،
ئاتقا بەرگىلى بولماس.
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى،
ياتقان بەرگىلى بولماس.

قىزىلگۈلنى گۈل دەيمەن،
ئەتىر گۈلنى گۈل دەيمەن.
ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە،
سەن يارىمنى بىر دەيمەن.

كىتىپ بارسەن يولدا،
شايى چاپىنىڭ قولدا.
ئارقاڭدىن باراي دىسەم،
نامەھرەم بولار يولدا.

ئۆستەڭ قىشى ئىگىز قاش،
كەتمەن سالسام تىگى تاش.
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
ئاچ قوينۇڭنى قەلەم قاش.

مەن مەشرەپكە بارمايمەن،
بارسام سەھنەڭ تار كىلۇر.
بۇگۈن ئۆيدىن چىقمايمەن،
مىھرىبانىم ــ يار كىلۇر.

ئالما ئىزدەپ يۇرگىچە،
ئانارىڭنى يىسەڭچۇ.
بىركىم ساڭا گەپ قىلسا،
سۆيگىنىم بار دىسەڭچۇ.

قاشىڭنى قارا دىسە،
كۆيگىنىم بار دىسەڭچۇ.
ئەلچى قويسا باشقىلار،
لايىقىم بار دىسەڭچۇ.

ۋەدە قىلغان ئۆزىڭىز،
گۇۋاھچىسى كۆزىڭىز.
ئۆلۈپ كەتسەك ئارمان يوق،
ئايرىلماستىن ئىككىمىز.

مەھەللەڭگە جۆنەيمەن،
ئىشكايلاڭدا تۈنەيمەن.
دۈشمەن گۆيىنىڭ ئالدىدا،
تاللاپ سىنى سۆيەيمەن.

مەن كەلدىم كارۋان بولۇپ،
يۈرىكىم قانغا تولۇپ.
سەن يارىمنى سىغىنسام،
يىغلايمەن ساراڭ بولۇپ.

ئاسماندىكى ئايىمسەن،
بوينۇمدا تۇمارىم سەن.
كىچىك ئويناپ تىپىشقان،
باغرى يۇمشاق يارىمسەن.

ئۇزۇن بولدى كۆيگىلى،
قولۇڭنىمۇ بەرمەيسەن.
ناز قىلمىغىن بۇنچىلىك،
بىر سۆيگەنگە ئۆلمەيسەن.

بىر جۈپ ئالما ئاتامسىز،
ئۈچ جۈپ ئالما ئاتامسىز؟
بىز ئىككەيلەن دوست بولساق،
بىر يوتقاندا ياتامسىز؟

باغىم بار دىگەن بولساڭ،
يىگى باغنى سالمايتتىم.
يارىم بار دىگەن بولساڭ،
سىنى خىجىل قىلمايتتىم.

بىرى نوچى، بىرى چاققان،
يەر - جاھان ساڭا باققان.
سەندىن ئۆزگىسى يوقتۇر،
كۆڭلۈمگە ئەجەب ياققان.

قارا قاشىم بار مىنىڭ،
قوشۇماقاش لازىم ئەمەس.
ئايدەك ئاداشىم بار مىنىڭ،
باشقا ئاداش لازىم ئەمەس.

لاچىندەك قانات قىقىپ،
ئۇزاقلارغا كەتسە كىشى.
بۇنچە دەردنى تارتقىچە،
مۇرادىغا يەتسە كىشى.

بىۋاپانىڭ دەردىدە،
خەستە كۆڭلۈم توق ئەمەس.
سەن كۆڭلۈڭنى بەرمىسەڭ،
ياخشى قىزلار يوق ئەمەس.

يولدىن ئۆتكەن ماشىنا،
ئىشكايلاڭدا توختايدۇ.
كۆڭلۈڭدىكى يار بولسا،
كۈندە نەچچە يوقلايدۇ.

شەھەر كوچىسى تار ئىكەن،
شىغىلى ئالا ئىكەن.
يىگىدىن بىر يار تۇتسام،
دەردى بەك تولا ئىكەن.

گۈل تىرىدىم چۆنەككە،
كاككۇك قوندى تىرەككە.
ئەقىللىق قارا كۆزىنىڭ،
ئوتى چۈشتى يۈرەككە.

ئىشىك ئەتتىم مىخلاپ،
كىگىز ئەتتىم جىڭلاپ.
سەن يۈرۈيسەن خىللاپ،
مەن يۈرۈيمەن يىغلاپ.

ئىشكايلاڭدىن ئۆتكىلى،
تار كوۋرۈكنى سالدىڭسەن.
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
شۇنچە ئوتنى سالدىڭسەن.

www.uyghurkitap.com



كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش،
قوشۇلدى زور تارىمغا.
جېنىم كەتسە رازىمەن،
سەندەك ۋاپادارىمغا.

باغقا كىرسەڭ باغچاڭمەن،
ئۆيگە كىرسەڭ زىلچاڭمەن.
سىغىنغاندا چىكەڭگە،
قىسىۋالغان غۇنچەڭمەن.

مايكا كۆڭلەك كىيگىنىم،
تەر ئۆتمىسۇن دېگىنىم.
قاش ئوينىتىپ كۈلگىنىم،
بىز ئويناپلى دېگىنىم.

كۈن چىقىشقا قارايمەن،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.
كۈندە كېلىپ سۆيسەممۇ،
سەن يارىمغا تويمايمەن.

كۆيدىما - كۆل بولدىما،
ئىشقىڭدا بۇلبۇل بولدىما.
سېنىڭ ياخشى خۇيۇڭغا،
ئۆلگىچە قۇل بولدىما.

ئىككى تاغ ئاراسىدىن،
ياپىپىشىل بۇلاق چىققاي.
ئىككى ئاشىق بىرلىشىپ،
بىر ئۆيدە ئورۇن تۇتقاي.

ئاق تەلپەك - قارا تەلپەك،
كىيسەم ئەجەب ياراشتى.
مەن يارىمنى بەرمەيمەن،
دۈشمەن گۈيلار تالاشتى.

بىزنىڭ دەريا چوڭ دەريا،
تارمىقى تارام - تارام.
سەن كۆڭلۈڭنى بەرمىسەڭ،
مېنىڭ سۆيگۈنۈم هارام.

ئاتىمنىڭ تاقاسى يوق،
سايغا چۈشسەم ئاقسايدۇ.
باشقىلارنى سۆيۈشكە،
كۆڭلۈم هەرگىز تارتمايدۇ.

ئورماڭنى ئورۇپ قويدۇم،
ئەنجىنى ئۆزۈڭ باغلا.
بۇ گەپنى ئېيتىپ قويدۇم،
قالغىنىنى ئۆزۈڭ چاغلا.

كۆيىمەنا كۆيىمەن،
قاشى قاراغا كۆيىمەن.
كۆزلىرىنى ئوينىتىپ،
جانىنى ئالاغا كۆيىمەن.

مايسىسىنى يۇلۇپ قويۇپ،
كۆچۈرەلمىگەن يارىم.
يۇرەككە ئوتنى سەپ قويۇپ،
ئۆچۈرەلمىگەن يارىم.

سىنىڭ قاتتىق باغرىڭنى،
ئوخشاتتىم قارا تاشقا.
سەھەردە قوپۇپ يىغلاپ،
قوينۇم تولدۇ ياشقا.

باغىڭدىكى ئالماڭنى،
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن.
سەندىن باشقا قىزلارنى،
يار تۇتمايمەن، سۆيمەيمەن.

ئۆستەڭ بېشىدا ناشقايىتسام①،
ئىشكايىلاڭدا تىڭشايسەن.
ئۆشنەڭدە تاۋا كۆڭلەك،
مېنىڭ يارىمغا ئوخشايسەن.

ئورماڭنى ئورۇۋەتتىم،
ئېتىزلىرىڭ ئاق قالدى.
سەن يارىمنى بىر كۆرۈپ،
يۈرىكىمدە ئوت قالدى.

ئېگىز تاغقا تاش ئاتتىم،
چىرايلىققا قاش ئاتتىم.
چىرايلىق ئۇخلاپ قالسا،
غەزەل بىلەن ئويغاتتىم.

كۆزدە بۇغداي تېرىدىم،
ئورۇغىنى خىللىدىم.
ئاق ئۈندا توقاچ يېقىپ،
مەن يارىمنى چىللىدىم.

بىزنىڭ باغقا كىرىپ باق،
گۈللىرىمگە قاراپ باق.
كۆيگىنىمگە پۈتمىسەڭ،
ئادىشىڭدىن سوراپ باق.

ئايۋانىڭدا سەن ياتساڭ،
دېرىزەڭدىن ئاتاي تاش.
خېلى بولدى كۆرمىدىم،
بىر سۆيمەيسەن قەلەمقاش.

تاڭ سەھەردە تاللىغان،
دەستە گۈلۈم قولۇمدا.
كەلدىم ئېيتقان جايىڭغا،
ئىككى كۆزۈم يولۇڭدا.

بۇلبۇل دېمە ھەممىنى،
بۇلبۇل ئۆزى شوخ ئاۋاز.
لەيلى گۈلگە ئاشىقمەن،
قىش بولسىمۇ كۆڭلۈم ياز.

خەنجىرىم بار بەك ئىتتىك،
كەسمەس گۈلنىڭ شاخىنى.
مېنىڭ يارىم ئەقىللىق،
سۆيمەس مەندىن باشقىنى.

يارىمنىڭ شېرىن سۆزى،
يۈرىكىمدە ئورناشقان.
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،
نادانلىقتا تونۇشقان.

---

① ناشقايىتسام — ناخشا ئېيتسام (كېرىيە شېۋىسى).

www.uyghurkitap.com



كۆزى چۈشتى يارىمنىڭ،
قولۇمدىكى ئۈزۈككە.
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ،
ئايرىلارمىز كۈزلۈككە.

باغىڭدىن ئۈزۈۋالدىم،
ئەترە بىلەن لەيلىنى.
يارنىڭ ئىشقى تارتىدۇ،
ھەر كىشىنىڭ مەيلىنى.

قوغۇنلۇقتا كىرەيمۇ؟
ناشپەتنى ئۈزەيمۇ؟
ئەمدى تاقەت قالمىدى،
يانداپ بېرىپ سۆيەيمۇ؟

مەن كۆيۈپ كۈل بولدۇما،
تونۇرغا چۈشكەن چالمىدەك.
خۇشقىنا سارغايدىما،
باغدا پىشقان ئالمىدەك.

قىزىلگۈل ئاراسىدا،
ئاچىلىپتۇ ئادراسمان.
ماڭا يىراق بىلىنمەس،
يار مەھەللىسى — ھالداشمان①.

قارچىغىنىڭ باللىرى،
ئالتىنچى ئايدا سايرىشار.
كىچىك يار تۇتقان خېنىملار،
گەپلىشەلمەي قارىشار.

ئىشىك ئالدى باراڭ يارىم،
باراڭلىقتىن قاراڭ يارىم.
ئەقىدەمنى بىلمىگەن،
ئەقلى يوق ساراڭ يارىم.

ياغلىقىڭنى ئالدىڭسەن،
مېنى ئوتقا سالدىڭسەن.
مېنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
ئۈۋالىمغا قالدىڭسەن.

ساي بويلاپ شامال كەلدى،
ئېگىز شاخنى ئەگسەم دەپ.
يىراق يەردىن يار كەلدى،
مەن يارىمنى سۆيسەم دەپ.

غېرىبسىنىپ ئولتاردىم،
يول بويىدا تاشتامەن.
نېمە دەپ كۆڭۈل بەردىم،
سەن خېنىمغا باشتا مەن؟

① ھالداشمان — كېرىيە ناھىيىسىدىكى يۇرت ئىسمى.

ئەي خېنىم گۈل غۇنچىسى،
كۆڭلىدە باردۇر نەچچىسى.
بىر قاراپ قويۇڭ دېسەم،
قويمايدۇ پاشا غوجىسى.

باشىڭدىكى دوپپاڭنى،
كىيىپ ئۆتسەم بولمامدۇ؟
توغراق[1]تىكى يارىمنى،
سۆيۈپ ئۆتسەم بولمامدۇ؟

ئۆيىڭىز كۆل باشىدا،
يەلپۈنەر گۈللىرىڭىز.
سىز ئۈچۈن ئاشىق يۈرەك،
كۆيىدۇرەر خۇيلىرىڭىز.

هاراقكەش دېمەڭ بىزنى،
تۇجۇ[2]ئىچىپ چوڭ بولغان.
سارغايدى دېمەڭ بىزنى،
يار دەردىدە سارغايغان.

دەريا بويىغا كەلسەم،
تۇرنىلارنىڭ ئىزى بار.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
سەن يارىمنىڭ سۆزى بار.

گۈل ئەترەڭنى ساقلاشقا،
ئوچاق بېشىدا مۇراڭ بار.
سېنىڭ مەيدەڭ ئاغرىسا،
مېنىڭ مەيدەمدە دوراڭ بار.

سېنىڭ مەلەڭ كۆرۈندى،
ئۆگزىگە چىقىپ باقسام.
ئارمىنىمغا قاناتتىم،
باغرىمغا سېنى ياقسام.

قارا چاچىڭنى چۇۋۇدۇمەن،
سايە بولسۇن يولۇڭغا.
يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى،
بىلىنەمدۇ قولۇڭغا.

سايراپ كەلگەن كاككۇكنى،
ئوڭ قولۇمغا ئۆگىتەي.
كۆيەك ئوتى دەردىمنى،
راۋاب چېلىپ تۆگىتەي.

بۇلبۇلۇڭ بولاي دەيمەن،
شاخىڭغا قوناي دەيمەن.
باشقا يارىڭ بولمىسا،
مەن يارىڭ بولاي دەيمەن.

---

① توغراق — جاي ئىسمى.
② توجو — يەرلىك هاراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆيلىرى قەيەردىرەك،
مەن بارايى شۇ يەرگىرەك.
بەلگىسى قاپاق تېرەك،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

لەڭگەر يولىدا كاۋان،
بېلىدە دورا - دەرمان.
سەن يارىمنى سۆيمىسەم،
يۈرەكتە قالىدۇ ئارمان.

ئوتىمىزنى ئاچمىسىلا،
چوغىمىزنى چاچمىسىلا.
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن،
بىزدىن ئۇنداق قاچمىسىلا.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
شۇبۇرغان يامان قاردا.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسۇن،
خىيالىم مېنىڭ ياردا.

قاپتىن ئوقيا ئالدىممەن،
سايدا جەرەن ئاتقىلى.
نومۇس قىلما قارا كۆز،
بىر يوتقاندا ياتقىلى.

ئايۋانىڭدا بىر ساندۇق،
جېنىم ساڭا تەسەددۇق.
يارىم بار دەپ كۆڭلۈم توق،
لېكىن يانىمدا سەن يوق.

ئاغزىمدا يەم بېرەي،
بۇلبۇل بولۇپ كەلسىڭىز.
نان تۇتۇپ قەسەم بېرەي،
ماڭا كۆڭۈل بەرسىڭىز.

قويۇپ بەردىم ئېتىمنى،
يىگى چىققان قىياققا.
يار ئوتى مۇنداق بولسا،
چىقىپ كېتەي يىراققا.

كۆرۈپ ئۆلسەم يارىمنى،
ئەسلا ئۆلدۈم دېمەيمەن.
مەن سېنىڭدىن ئۆزگىنى،
ئەسلا يارىم دېمەيمەن.

چەكمەيمەن چىلىم غاڭزاڭ،
نەدىدۇر سېنىڭ پاڭزاڭ؟
ئولتۇرۇشۇڭ بەك چاققان،
ياقىدۇ سېنىڭ ياڭزاڭ.

يارىم سايۋاقتا① كەتتى،
كەينىگە يانارمىكىن؟
ماڭا بىر جام سۇ بەرسە،
يۈرىكىم قانارمىكىن؟

ئاق بوز ئاتنى تاقىلا،
كۆك بوز ئاتنى تاقىلا.
ياخشى يار تۇتاي دېسەڭ،
بوستان تېرەك② ياقىلا.

① ② جاي ئىسىملىرى.

توغراقتىن يىنىپ كەلدى،
بىرغىنە تورۇق ئاتلىق.
تاشلاپمۇ كېتەلمەيمەن،
مېھرىبان سۆزى تاتلىق.

ناخشا ئېيتىدۇ دەيدۇ،
ناخشامنىڭ قارايى يوق.
مەن مۇنداق يۈرگەن بىلەن،
كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق.

ئالتۇندىن قەپەس ئېتىپ،
بۇلبۇلنى باقارمەنمۇ؟
سەن يارىمنى قۇچاقلاپ،
بىر كېچە ياتارمەنمۇ؟

كۆلگە سۇنى باشلىسام،
كۆلمۇ لاي، كۆلچەكمۇ لاي.
يارىم خاپا بولۇپتۇ،
كۆڭلىنى قانداق ئالاي؟

دۇنياغا بىر كەلگۈلۈك،
ئىككىنچى كەلمەس كىشى.
كۆڭلۈڭدىكى يار بولسا،
باشقا يارنىڭ نېمە ئىشى؟

ئۆستەڭ بويلاپ ماڭغىچە،
قاراپ تۇردۇم يانغىچە.
غۇنچە بويلۇق يارىمنى،
بىر سۆيمىدىم قانغىچە.

دۇتارنى چېلىۋەرسەم،
تۈگمەس مېنىڭ پەدەم.
يىل، ئاي ئۆتسىمۇ يارىم،
بۇزۇلماس مېنىڭ ۋەدەم.

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
تىڭشاپ يات سارايىڭدا.
ئاخشاملىققا مەن باراي،
ئۇخلىماي، قارايىڭدا.

جانان چېنىڭىز رەڭلىك،
ئىچىدە ئۇپا ـ ئەڭلىك.
يار دېسەم ئەگەر سىزنى،
يارىم ئالدىدا تەڭلىك.

دۆڭ ئارىلاپ مېڭىپ كەلسەم،
ئىككى بۆرىنىڭ ئىزى.
كۆڭلۈمنى ئېلىپ كەتتى،
لەڭگەرلىك باينىڭ قىزى.

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يارىم كەلسە كۆرگىدەك.
بوينىغا گىرە سېلىپ،
لەۋلىرىگە سۆيگۈدەك.

ئاقىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە ـ كۈندە ئۇچقىلى.
ئاي ئەمەسمەن، كۈن ئەمەسمەن،
تۈڭلۈكۈڭدىن چۈشكىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالتۇن سائىتىم بولسا،
ئۇنى ساڭا بېرەتتىم.
رەسىمىڭنى بەر يارىم،
سېغىنغاندا كۆرەتتىم.

ئاق ناۋات دېگەن نوچى،
باراڭ تۈۋىدە بارمۇ؟
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
شەرئەتتە يول بارمۇ؟

باغقا كىردىم گۈل ئۈچۈن،
باغدا بۇلبۇل بار ئۈچۈن.
جان تەسەددۇق ئەيلىدىم،
مېھرىبانىم يار ئۈچۈن.

قولۇمدىكى مارجاننى،
ئىشىك ئالدىغا چاچىمەن.
خاپا بولغان كۆڭلۈڭنى،
مەن بارغاندا ئاچىمەن.

تاغ باشىدا قارىغاي،
باغدا بۇلبۇل سايرىغاي.
دىل رىشتىمىز چىڭ بولسا،
كىممۇ بىزنى ئايرىغاي.

گاڭگۈك يارنىڭ ئۆيدا،
كۆيسە مەيلى كۆيگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى ھەم،
ھامان بىر كۈن ئۆلگۈلۈك.

كېلىنىڭ يارىم ئويناپلى،
دەريا بويىنى بويلاپلى.
بېلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ،
بىز خۇداغا يىغلاپلى.

ئاتىمنى باغلاپ قويدۇم،
ئىشىك ئالدى بېدىگە.
ئۆزۈم كىچىك تۇرۇپلا،
قالدىم يارنىڭ دەردىگە.

كىرپىكىڭىزنى كەسلىسەم،
دەرياغا كۆۋرۈك بولغۇدەك.
جان خۇدا دەپ يىغلىسام،
تاغ ئېرىپ سۇ بولغۇدەك.

قۇرغۇي قوندى تېرەككە،
ئوتنى سالدىڭ يۈرەككە.
كۆڭلۈم قانداق چىدايدۇ،
سۆيمەي تۇرۇپ كەتمەككە.

چىن تەخسىدە ئاش قويدۇم،
ئېغىزنى يۆگمەي.
ئىچاققىچە يۈرۈيمىز،
كۆيۈك ئوتى سەگمەي.

ھاۋادىكى بەش ئۆردەك،
بەشلىسى بىر خىلدەك.
بىز ئىككىمىز ئويناپلى،
ئاچىلغان قىزىلگۈلدەك.

سەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك،
مەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
چاغاندا ياققان پانۇسىدەك.

ئاق چەينەككە چاي قۇيسام،
كۆك چەينەككە دەز كەتتى.
يارنىڭ كۆڭلى ئىرىپتۇ،
ئەمدى ھالىمغا يەتتى.

مەن بازارغا بارمىسام،
ھەپتىدە كەلمەيدۇ بازا.
سىز يارىمنى كۆرمىسەم،
گىپىمدىن ئۆتمەيدۇ غىزا.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى،
سانىغىلى بولمايدۇ.
يىگى يارنىڭ ئوتىدا،
چىدىغىلى بولمايدۇ.

بىرىنىڭ دىگەندە بارغانمەن،
ئوتلىرىدا كۆيگەنمەن.
ئالتۇن ئۈزۈك سىپ قويۇپ،
ئاندىن پەللەپ سۆيگەن مەن.

ئۆيىڭىز يىراق يارىم،
ئاتقا مىنگىدەك بولدۇم.
ئوتىڭىز يامان يارىم،
كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

يارنىڭ كۆڭلىكى خەسە،
كۆڭلىنى ماڭا بەرسە.
كۆڭلۈم چۈشمىدى خەقكە،
كۆڭلۈمدىكى يار كەلسە.

يارىم چالىدۇ راۋاب،
تارىسىنى ساز قىلىپ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دىسەم،
قارىمايدۇ ناز قىلىپ.

ئالمىنىڭ چىچەكىنى،
قۇمغا كۆمۈپ قۇرۇتماڭ.
ھەر قاچان مەن سىزنىڭكى،
كۆڭلىڭىزنى سوۋۇتماڭ.

ئىتىزلىقتىن باش تەردىم،
ئەنجىسىنى سايلىماي.
ئىشىك ئالدىڭدا ئوينايمەن،
ئۆز خۇيۇڭغا پايلىماي.

ئاقمىدى ئاقلاغىلى،
قوناقمىدى تاقلاغىلى.
يا كۆرۈشمەي، يا سۆيۈشمەي،
پۈتۈشكەنمۇ ساقلاغىلى.

كىچىككىنە قارا كۆز،
نىمە ئانچە قارايسەن؟
راست گىپىڭنى ئىيتساڭچۇ،
سەنمۇ ماڭا يارايسەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى




ئاۋۋال ئاخشام ئاي تۇغدى،
سەھەر ۋاقتىدا چولپان.
سېنى دەپ بۇزۇلغان بىز،
ئاچ قوينۇڭنى ئەي چوكان.

باغقا كىرگۇم بار مېنىڭ،
تاغقا چىققۇم بار مېنىڭ.
كۆڭلۇمدىكى يار بىلەن،
بىللە يۈرگۈم بار مېنىڭ.

گۈلۈم غۇنچىگە مەيلىم بار،
سۆزۈمنى يەردە قويمايدۇ.
لېۋىگە ئالتىنى سۆيسەم،
يۈرىكىم يارغا تويمايدۇ.

كۆيىدۇ جانىم مېنىڭ،
يوقمۇ خەۋەردارىڭ سېنىڭ.
ئوتتىن ئېلىپ سۇغا سالغىن،
كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ.

ئارقا تاغدا نېمە بار؟
قاما بىلەن قۇندۇز بار.
كەلمەي قالماڭ كېچە دەپ،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

سېنىڭ ھويلاڭدىكى تېرەك،
مېنىڭ ھويلامغا ئەگىيدۇ.
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
قانداق قىلسام سەگىيدۇ.

ئىشكايلاڭدىن ئۆتەمدۇ،
كادىر بىلەن ئەمگەكچى.
سىز يارىمنىڭ ئوتلىرى،
كۆيدۈرىدۇ بۆلەكچى.

قىزىلگۈل ئاراسىدا،
غۇنچە ئارىلاپ ئويناپلى.
ياش باللا ئاراسىدا،
ئاداش بولۇپ ئويناپلى.

تاشلىغان، تاشلاشمىغان،
تاشلىشىپ چىداشمىغان.
نەچچە يىل بىرگە ئويناپ،
قانغۇدەك مۇڭداشمىغان.

# سۇرۇشتۇرۇش تېمىسىدىكى قوشاقلار

ئېشىك ئالدى ئەزىم دەريا،
ئېقىپ بارسام سۇزەرسەنمۇ؟
ئوتتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
نامازىمغا كېلەرسەنمۇ؟

ئېشىك ئالدى گۈل بېدە،
ئاياغىدا سۇ ئۆتەر.
سىناشقاننى ئېيت بەرسە،
ساۋابىغا كىم يېتەر.

ئاقسۇ يولىدا كۆردۇڭمۇ،
شالغا يايغان چەكمەننى.
ئالتە شەدە كۆردۇڭمۇ،
سەندەك، مەندەك دەردمەننى.

بۇ چىلىم گۈللۈك چىلىم،
گۈل باغدىن ئۈزگەن چىلىم.
بۇ چىلىمنى شەرھى قىلغان،
مەلىدە موللا ھېلىم.

ئالسىلا، تېز ئالسىلا،
تالدى مېنىڭ بىلەكلىرىم.
ئولتۇرسىلا جانىم كۆيەدۇر،
قوپسىلا يۈرەكلىرىم.

ئالتۇندا چىلىم بولسا،
مەرۋايىت كۆزى بولسا.
بىر چەكسەم تاماكاڭنى،
كۆيۈك ئوتى ئادا بولسا.

ئالتە قوي ھەيدەپ بېرىپ،
دۇۋا تېغىدا يايلىدۇق.
چىقمىغان چوققا چىقىپ،
يارىم قايان دەپ يىغلىدۇق.

قارا تەلپەكنى كىيىپ،
ئېشەكچى بولمامدۇ كىشى.
ئاق جۇۋاننىڭ ئىشقىدا،
راۋابچى بولمامدۇ كىشى.

باغ ئارا باغنىڭ ئوتى،
كۆيدۈرەر يارنىڭ ئوتى.
يار ئوتى جاندا كۆيەدۇر،
ئۇستىخانىمدا چوغى.

ئاق تاۋادا بۆكۈم بار،
كۆك تاۋادا شويناسى.
قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
سۆيگەن يارنىڭ ھويلاسى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



چاقىمنىڭ تاناپى يوق،
ئاق ئۇچتا تاناپ سالدىم.
يارىم سىنى كىيلەر دەپ،
قوي گۆشىدە كاۋاپ سالدىم.

ئاتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام يېنىدا كەتتى.
سەن يارىمنى ئويلىسام،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.

گۈلنى مەن ئۈزەي دېسەم،
گۈل تىكەننىڭ ئىچىدە.
يۈرىكىم سوقۇپ تۇرار،
جان قەپەسنىڭ ئىچىدە.

سوپىياڭ سىرىق نېمە،
يارىم خىيالىڭ نېمە؟
يىراق جايدا تۇرغىچە،
قېشىمدا تۇرساڭ نېمە.

بېغىڭدىكى ئېرىقتىن،
سۇ ئاقامدۇ قارا قاش.
كۆندە كۆرمىسەم سىنى،
كۆزلىرىمدىن ئاقار ياش.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
سۇ كىرمەي پىشىپ قاپتۇ.
باسقاقتىكى① شۇ يارىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

بىزنىڭ هويلا قوش تاللىق،
زەپ ياراشقان باراڭلىق.
يارنى كۆندە كۆرەلمەي،
يەنە تۇتتى ساراڭلىق.

كۆندە باشنى تارايسىز،
ئۆگزىڭىزدە ئولتۇرۇپ.
سىزگە يېمىش ئېپ كەلدىم،
يانچۇقۇمنى تولدۇرۇپ.

يار سەندىن خەۋەر بولسا،
مەن بارارمەن يولۇڭغا.
دەستە - دەستە گۈل تىزىپ،
تۇتقۇزارمەن قولۇڭغا.

كۈن ئولتۇرۇپ كەچ بولدى،
ئاي ئولتۇرۇپ پەس بولدى.
ئارىمىز يىراق ئىكەن،
دىدارلىشىش تەس بولدى.

① باسقاق — گۇما ناهىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
ئۆيگە ياقتىم جىنچىراغ.
ناخشام يارغا ئاڭلانماس،
تۇرغان يېرى بەك يىراق.

قاپاقتېرەك ئاستىدا،
ئۇخلاپ قاپتىمەن يارىم.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
يىغلاپ ساپتىمەن يارىم.

قىش پەسلى كىرىپ قاپتۇ،
ئۆستەڭ بويلىرى توڭلاپ.
سۇمۇ ئۆتمەس كېلىمدىن،
يارىم سىزنىلا ئويلاپ.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى،
ساناپ بېقىڭ ئوتتۇزمۇ.
قارا سۇدىكى[1] يارنى،
يوقلاپ كېلەي يالغۇزمۇ.

مىس تەخسە لېگەن بولسا،
يار سەندەك لېۋەن بولسا.
مەن بارارمەن يولۇڭغا،
يار سەندىن خەۋەر بولسا.

ئاينىڭ ئايدىڭى سىزگە،
ئاي قاراڭغۇسى بىزگە.
مەن كۆيدۈم تولا سىزگە،
چىقمايسىز تالا - تۈزگە.

يايلاقتىكى كېپىكلەر،
تاغ باغرىنى بويلايدۇ.
مېنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىم،
دائىم سىنى ئويلايدۇ.

تام تۈۋىدە چا خوراز،
چالما ئېتىپ چىللاتتىم.
يىراقتىكى يارىمنى،
خەت ئەۋەتىپ يىغلاتتىم.

ئالمىگىزنى ئىغاتتىم،
خاپا بولماي تەرسىگىز.
ئۇشبۇ خەتنى ئەۋەتتىم،
جاۋابىنى بەرسىگىز.

سۈرىتىڭگە قارىسام،
كۆلۈپ تۇرسەن دائىم.
خۇش خەۋەر يېزىپ تۇرغىن،
سېغىنساڭ مېنى يارىم.

① قاراسۇ — گوما ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



گۇما يولى يىراقمۇ؟
مىنىشكىز ئۇلاقمۇ؟
خەتكە جاۋاب بەرمەيسىز،
ئوڭ قولىڭىز چولاقمۇ؟

ئاسماندىكى لاچىنغا،
تاياق ئاتسام تېگەمدۇ.
يىراقتىكى يارىمغا،
خەت ئەۋەتسەم كېلەمدۇ.

گۈلى ئەنبەر بولغۇدەك،
ئاچىلغۇدەك، سولغۇدەك.
يارىم سالام يېزىپتۇ،
مېنى خۇشال قىلغۇدەك.

باغقا كىردىم گۈل پۇراپ،
ئۆيگە كىرسەم جىنچىراغ.
سەن يارىمنى سېغىندىم،
باراي دېسەم يول يىراق.

سايراپ - سايراپ هارماپتۇ،
بىزنىڭ باغدا سېغىزخان.
سەن زاڭگۇيدا① سېغىنساڭ،
مەن سانجۇ② دا سېغىنغان.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
چاقىرسام ئۈنۈم يەتمەس.
يارىمنى خىيال قىلسام،
كېلىمەدىن غىزا ئۆتمەس.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
پىل - پىل كۆيىدۇ چىراغ.
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيى بەك يىراق.

قۇرغۇيىمىدىك قونغىلى،
لاچىنىمىدىك ئۇچقىلى.
مەن بىلىمنى باغلىدىم،
يار ئالدىغا چىققىلى.

يارىمنىڭ قوتازلىرى،
ئوتلايدۇ شىۋاقلىقتا.
يارىمنىڭ تۇرغان يېرى،
بىر كۈنلۈك يىراقلىقتا.

ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ،
خامان سورىغان ئارىم.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
بۇلتۇر ئوينىغان يارىم.

① زاڭگۇي، ② سانجۇ — گۇما ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرى.

ئېتىمنى باغلاپ قويدۇم،
كۆرۈنگەن قارا تۆزگە.
بارساڭلا سالام دەڭلا،
گۈلئايىم قارا كۆزگە.

ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم،
ئىگەر بىلەن تەلىكتە.
يارىم كىردى چۈشۈمگە،
كېلەمدىكىن سەلىكتە؟

يول بويىغا جىرىم سالسام،
بىر يىلدا تېرەك بولدى.
يار بىلەن كۆرۈشكىلى،
تېلېفون كېرەك بولدى.

ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن،
گۈل تۈۋىدە تۇرامەن.
سەن يارىم چىرايلىقنى،
قايسى كۈندە كۆرەرمەن.

چوڭ يورغا، كىچىك يورغا،
يارنىڭ مىنگىنى يورغا.
يارنى كەلگۈدەك دەيدۇ،
چىقىپ تۇراي مەن يولغا.

باغلاردا قىزىل ئالما،
سۇ كىرمەي پىشىپ قاپتۇ.
ئەقىدە باغلىغان يارلا،
خوش دېمەي كېتىپ قاپتۇ.

ئۈزۈن - ئۈزۈن ئارغامچا،
ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى.
يارىمغا ئېيتالمىدىم،
كۆڭلۈمدىكى گەپ قالدى.

گۈل يېنىدا ئولتۇرسام،
بۇلبۇل قوندى باشىمغا.
يار ئىشقىدا كۆپ يىغلاپ،
قويۇنۇم تولدى ياشىمغا.

كىچىككىنە ئاق قۇشقاچ،
ئاسانلىقچە تۇتۇلماس.
سەن يارىمنى كۆرمىسەم،
مىسكىن كۆڭلۈم ئېچىلماس.

ئاش ئېتىمەن ئۈگرىدەك،
گۆش توغرايمەن چامغۇردەك.
سىز يارىمنى ئەسلىسەم،
يېشىم ئاقار يامغۇردەك.

ئاق كۆڭلەك مىنىڭ بولسا،
ئەتىگەندە كىيەدىم.
مېھرىبان يارىم بولسا،
سېغىنغاندا سۆيەدىم.

سۇ كېلىدۇ تاش ئۈستىدە،
ئۆركەشلەيدۇ قاش ئۈستىدە.
سەن يارىمنى كۆپ ئويلاپ،
يىغلىۋەتتىم ئاش ئۈستىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېگىز تاغدىن سۇ كەلدى،
تاشتىن تاشقا شارقىراپ.
مىنىڭ يارىم قاچان كېلۇر،
مەرۋايىتتەك پارقىراپ.

ساسلىقنى ماكان ئەيلەپ،
بىز ئامبارغا ئىشلىدۇق.
سۆيگەن ياردىن خەت كەپتۇ،
ئوقۇپ ئاڭلاپ يىغلىدۇق.

گۈل شېخىغا يەتكەندە،
شەيداسى بولۇر بۇلبۇل.
سۆيسىڭىز مېنى دىلدىن،
ئالدىڭىزدا بولاي قۇل.

باغقا كىرىپ مېۋە يەڭ،
باغنىڭ ئالمىسى بىزنىڭ.
ھېچنەرسىنى ئايىمايمەن،
جاندىن باشقىسى سىزنىڭ.

ئۆيىنىڭ ئالدى قوناقلىق،
كۆندە چىقىپ تاقلايمەن.
يانچۇقۇمدا ناۋات بار،
سىز يارىمغا ساقلايمەن.

بېغىڭغا كىرەي دەيمەن،
شورا بولمىسۇن دەيمەن.
تاشلاپلا كېتەي دەيمەن،
ئۇۋال بولمىسۇن دەيمەن.

ئاق ناۋاتتەك ئاقمايمەن،
ياكاق بەرسەڭ چاقمايمەن.
سىزگە بەرگەن كۆڭلۈمنى،
كىشىگە بەرمەي ساقلايمەن.

سەكرەپ چۈشتۈم خەندەككە،
بەش ئاي بولدى بۇ دەردكە.
شېرىن جان ئۇنىمايدۇ،
سىز يارىمدىن بۆلەككە.

يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى،
ئەتلەس، دۇردۇن، تاۋادۇر.
سىزدىن باشقا يار تۇتسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
مىلتىقمنى ئوقلايمەن.
شىكارىمدىن قايتقاندا،
سەن يارىمنى يوقلايمەن.

ئۆستەڭ بويىدا شاتۇت،
بۇ لېۋىمنى ئاشنا تۇت.
بۇ لېۋەن كېتەر بولسا،
ئالما بىلەن ئانار تۇت.

چوكانتالو - چوكانتال،
چوكانتالدا بۇلبۇل بار.
ئالەمدە تولا گۈللەر،
مىنىڭ كۆڭلۈمدە سەن گۈل بار.

شاخلايدۇ يا ـ شاخلايدۇ،
قاپاق تېرەك شاخلايدۇ.
قاپاق تېرەك ئاستىدا،
يارىم ئانار ساقلايدۇ.

قاغىلىقنىڭ يولىدا،
يارنى كۆردۈم ھويلىدا.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
مەن يارىمنىڭ قوينىدا.

يايلاقتا خىل ئەكەچ بار،
قوينى چالغا باشلىماس.
ئاشنامغا ئىشەنچىم بار.
كەتكەن بىلەن تاشلىماس.

بېشىدىكى دوپپىسىنى،
ناۋاتتا پاتلىغان يارىم.
ماڭا بەرگەن ۋەدىسىنى،
يۈرەكتە ساقلىغان يارىم.

قىزىلگۈلنى گۈل دەيمەن،
ئەترە گۈلنى گۈل دەيمەن.
ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە،
سەن يارىمنى بىر دەيمەن.

ئېتىزدىكى قوناقنى،
غېرىچ كەلسە تاقلايمەن.
ئېغىزىمدىكى ناۋاتنى.
سەن يارىمغا ساقلايمەن.

يارىمنىڭ ئۆيى تاغدا،
ئۆينايدىكەن سايىياغدا.
مېنىڭ يارىم چىرايلىق،
كېلىدۇ دېگەن چاغدا.

ئېگىز ئۆسكەن قوناقنىڭ،
كاللىسىدا باشاق يوق.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
بىزدە پەقەت چاتاق يوق.

توخۇلار چىللاشىدۇ،
قاناتىنى قاقمايدۇ.
بىزنى سۆيگەن شۇ يارلا،
يەردىن ئۈستۈن باقمايدۇ.

يول بويىدا توققۇز كۆز،
دۈشمەن تاپتى يالغان سۆز.
دۈشمەن تاپسا تاپقاندۇ،
ئايرىلمايلى قارا كۆز.

كۈزدە يامغۇر ياغمىسا،
تاغنىڭ ئوتى چىرىماس.
سىزگە كۆيگەن بۇ يۈرەك،
ئايرىلىشقا چىدىماس.

ئاققىنا بىلەكلىرىم،
سۇنۇپ كەتتى جەينەكتىن.
بىزنىڭ يارلا مارايدۇ،
دېرىزىدىن ـ ئەينەكتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۆۋانىڭ① كۆمۈردە،
پالتا، كەتمەن قايرىلماس.
قۇچاقلىشىپ سۆيگەن يار،
ئۆلمىگۈچە ئايرىلماس.

ئىگىز تاغنىڭ جىلغىسىدا،
شىغىل تارتىمەن كۈندە.
سىز يارىمنى دىمىسەم،
نىمە ئىش قىلىمەن چۆلدە؟

ئۇ قاتمۇ ئىقىن يارىم،
بۇ قاتمۇ ئىقىن يارىم.
ئۆيىمىز يىراق بولسا،
كۆڭلىمىز يىقىن يارىم.

تاش ئۆستەڭدىن كەلگەن سۇ،
باش زاكۇدا سۇزۇلەر.
قىزىلگۈلدەك تۇرسىڭىز،
ئۇمىد قانداق ئۈزۈلەر.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
تۇرۇپ كەتسۇن سالام خەت.
ياپچان② ئۆستەڭ بويىغا،
ئىقىپ بارسۇن سالام خەت.

كىچىدە يورۇق بەرگەن،
ئاق - يۇلتۇزۇم سالام خەت.
ئاي - يۇلتۇز يورۇقىدا،
يىنىپ كەلسۇن سالام خەت.

قاراڭغۇدا يول ماڭسام،
شامال يەتمەس ئىتىم بار.
ئۆزلىرىگە ساقلىغان،
مۇھەببەتلىك خىتىم بار.

قارا - قارا قاغىنىڭ،
قاناتىدا خەت كەتتى.
خىتىمنى ئوقۇپ باققىن،
يۈرەكتىكى دەرد كەتتى.

باغقا كىردىم — گۈل باغقا،
گۈلنى ئۈزدۈم ياغلىققا.
بىر پاچە سالام يازدىم،
سىز چىرايلىق ئۇماققا.

ئىشىك ئالدى قارا ياغاچ،
كەستىم ئامال بولمىغاچ.
سىغىنىپ سالام يازدىم،
سىز قىشىمدا بولمىغاچ.

① دۆۋا — گۇما ناھىيىسىگە جايلاشقان خوتەن سانائەت رايونى، كۆمۈرى داڭلىق.
② ياپچان — گۇما ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

ئۈزۈن بولدى كۆيگىلى،
ھېچ بولمايدۇ كۆرگىلى.
ئەھۋالىمنى ئۇقمايسىز،
تاسلا قالدىم ئۆلگىلى.

بىر ئېتىزغا گۈل تېرىدىم،
بىر ئېتىزغا يۆگمەچ.
چىرايىم سېرىق بولدى،
سەن يارىمنى كۆرمىگەچ.

گۈللۈك باغدا ئولتۇرسام،
بۇلبۇل قوندى باشىمغا.
سەن يارىمنى ئەسلىسەم،
كۆزۈم تولدى ياشىمغا.

ئالما بەردىم قولۇڭغا،
كۆيۈپ قالدىم خۇيۇڭغا.
نىچاغقىچە قارايمەن،
سېنىڭ كېلەر يولۇڭغا؟

ئېتىزدىكى قوناقنى،
سۇ كەلگەندە تاقلايمەن.
يانچۇقتىكى ناۋاتنى،
ئۆز يارىمغا ساقلايمەن.

مەن ئۆزۈم باراي چۆلگە،
قوش موللاق ئېتەي كۆلگە.
يار دەردى يامان ئىكەن،
مەيدەمنى ياقاي ھۆلگە.

قىزىلگۈل ئېچىلغۇچە،
غۇنچىسىنى قىسىپ تۇرۇڭ.
ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولدى،
رەنجىمەي كۈتۈپ تۇرۇڭ.

رومالىمنى يۇيدۇردۇم،
گۈل شاخىغا يايدۇردۇم.
يار دەردى يامان ئىكەن،
يىغلاپ يالغۇز ئولتۇردۇم.

ئاشخانىدا ئولتۇرسام،
چىن تەخسىدە ئاش كەلدى.
سەن يارىمنى ئەسلىسەم،
قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

مەن بۇزاڭدىن[1] قارىسام،
كۆرۈندى سايىنىڭ تېشى.
ئەتىدىن ئاخشامغىچە،
قۇرۇمىدى كۆزنىڭ يېشى.

---

① بۇزاڭ ــ چىرا ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاق كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى،
قاناتىدا خەت كەتتى.
يارىم بولسا پات كەلسۇن،
بۇ يۈرەككە ئوت كەتتى.

يارىم بەرگەن شۇ مارجان،
كېچە - كۈندۈز بوينۇمدا.
مەن يارىمغا ساقلىدىم،
بىر جۈپ ئالما قوينۇمدا.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سېپىل ياقىلاپ سايراپ.
كۆزلىرىم تېلىپ كەتتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

جىگدىلىكتىن شاخ كەستىم،
چىتلىغىلى باغىم يوق.
غېرىبلىقتا ناخشا ئېيتسام،
ئاڭلىغىلى يارىم يوق.

قىپقىزىل ئالما بولۇپ،
يار قوينىغا چۈشكۈم بار.
يارىم بىر كەلسۇن دېسە،
قانات ياساپ ئۇچقۇم بار.

توشقان ئۇۋىسى باغدا،
چەنلىدىم، ئاتالمىدىم.
يار ئېسىمگە چۈشكەندە،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.

ئۇ چۈنەككە گۈل تىرىدىم،
بۇ چۈنەككە ئوسمىنى.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن،
بەك سېغىندىم يار سېنى.

خوپمۇ خوش ياراشىپتۇ،
ئوق ئۆستەڭدە تىزغان تاش.
سەن يارىمنى ئەسلىسەم،
كۆزدىن ئاقتى دەريا ياش.

كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ،
يېقىملىق ئۈنى بىلەن.
بىزنىڭ يار كېلەر ئەمدى،
دېيىشكەن كۆڭلى بىلەن.

باغ بولسا ئاۋات بولسا،
مېۋىسى ناۋات بولسا.
يارىمنى سېغىنغاندا،
ئۇچقىلى قانات بولسا.

ئالتە ئاي ياتتىم زىنداندا،
نان پىشۇردۇم ساماندا.
مەن يارىمنى كۆرەلمەي،
ئۆلەرمەنمۇ ئارماندا؟

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
كۆرۈنگەن دالا - تۈزگە.
كۆرسەڭلار سالام دەڭلار،
بىزنىڭ يار قارا كۆزگە.

يارىم كەتتى يىراققا،
چاقىرسام ئۈنۈم يەتمەس.
يارنى خىيال ئەيلىسەم،
كۆڭلۈمدىن غىزا ئۆتمەس.

لاچىن ئىدىم سا بولدۇم،
ئەل يۇرتىدا خار بولدۇم.
يىراقتىكى يارىمنى،
بىر كۆرۈشكە زار بولدۇم.

ئۆستەڭ بېشىدا ئولتۇرسام،
لاچىن قوندى باشىمغا.
سەن يارىمنى ئەسلىسەم،
كۆزۈم تولدى ياشىمغا.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
ياغامدىكىن قار بولۇپ؟
يارنى ئەجەب سېغىندىم،
بىر سۆيۈشكە زار بولۇپ.

ئورما ئوردۇم چەش باغلاپ،
ئايدىڭدا ئۆزۈم چاغلاپ.
يار يولىغا تەلمۈردۈم،
كېلەر دەپ ئۈمىد باغلاپ.

ئۆچۈپ قالدى جىنچىراغ،
ئەمدى گۈگۈت چاقمايمەن.
يارىم سېنىڭ ئىشقىڭدا،
كېچە كىرپىك قاقمايمەن.

كەپتەرلىرىم ئۈنلەيدۇ،
قونۇۋېلىپ پەغەزگە.
يارىم ساڭا خەت يازدىم،
يېشىم بىلەن قەغەزگە.

قويدۇق يېگى باغلارغا،
ئەنجۈر بىلەن ئالمىنى.
سېغىنىپ كەلدىم قېشىڭغا،
سەن قوينۇڭغا ئال مېنى.

ئاسماندىكى كۆك كەپتەر،
ماڭا بىر ئاز ساقلاپ بەر.
يارغا يازغان خېتىمنى،
ئالغاچ كېتىپ تاشلاپ بەر.

ئۆستەڭ بويى گۈلدۈرمە،
يارىم مېنى كۈلدۈرمە.
ھەر قانچە سېغىنساڭمۇ،
دوست ـ دۈشمەنگە بىلدۈرمە.

سايىنىڭ بېشىدا تۈگمەن،
چۆرگىلەيدۇ توختىماي.
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
سەن يارىمنى يوقلىماي؟

مەن يىراقتىن خەت ئەۋەتتىم،
مېھرىبان يارىم ساڭا.
سەن ئوقۇپ زەنگگە ئالساڭ،
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



چىرا دېگەن بۇ يۇرتتا،
ئۆردەك بىلەن غاز تولا.
مېنى دېسەڭ كەل يارىم،
سېغىنغاندا ئاز ـ تولا.

دۇتارغا سالاي دېسەم،
يىپكى ئەشكەن تارى يوق.
يارىمنى كۆرەي دېسەم،
يوللار ئۇزۇن، چارە يوق.

چىغ توقۇدە ئولتۇرسام،
كەلدى سالقىن شاماللار.
ئامرىقىمنى ياد ئېتىپ،
سۇردۇم شېرىن خىياللار.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سايىباغدىكى چاھارتاشقا[1].
بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىزنىڭ يار قەلەمقاشقا.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
جەدە ئاتنىڭ تۇمارى.
كىچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سەن يارىمنىڭ خۇمارى.

باغ ـ گۈلىستان بولمىسا،
بۇلبۇل كېلىپ قونارمۇ؟
يار مېنى سېغىنمىسا،
ئۇشبۇ خەتنى يازارمۇ؟

قاشلارىڭغا كۆيدۇممەن،
لەۋلەرىڭگە سۆيدۇممەن.
دەرد ئۈستىگە دەرد تارتىپ،
ئوتلارىڭدا كۆيدۇممەن.

كاككۇكلىنىڭ ئۈننى،
ھەر يەردىن ئاڭلاپ كېلىمەن.
قارا كۆز يارىم سېنى،
كۆڭلۇمدە داڭلاپ كېلىمەن.

ھاشارچىلار كېلىپتۇ،
چىقىپ تۇراي يولىغا.
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ،
كۆزۈم چۈشتى تونىغا.

توپا[2] يولدا ماڭسام،
ئانار كەتمەيدۇ يادىمدىن.
سەپەرگە چىقىپ كەتسەم،
سالام كەلمەيدۇ يارىمدىن.

ئىشىك ئالدىدىن ئۆتتىدۇ،
كادىر بىلەن ئەمگەكچى.
يىگى يارنىڭ ئوتلارى،
كۆيدۈرەدۇر بىلەكچى.

باغلىرىڭ تېرەك بوستان،
بوستانىڭدا ئويندۇق.
سېنى كۆرمىگەن بىلەن،
كۆڭلىمىزدە ئويلىدۇق.

---

① چاھارتاش ــــ چىرا ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.
② توپا ـ چىرا ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

ئارىدا قۇم بولمىسا،
يارنى كۆرەدىم پاتمۇپات.
يۈرىكىم زەردابقا تولدى،
لەيلىگۈلدەك قاتمۇقات.

سوپپياڭنىڭ ئۈنىنى،
ھەر يەردىن ئاڭلاپ كېلىمەن.
يارىم بەرگەن پوتىنى،
بېلىمگە باغلاپ كېلىمەن.

ياشارسۇن كۆچەتلەر دەپ،
ھويلىغا قۇدۇق قازدىم.
ئۆزۈم سۆيگەن يارىمغا،
سېغىنىپ سالام يازدىم.

باغدا ئۆسكەن بولجانىڭ،
شاخى شىلدىرلاپ تۇرار.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
يۈرەكتە يالىلداپ تۇرار.

دۇتارىڭنى ئاستا چال،
تالمىسۇن بىلەكلىرىڭ.
قوپساڭ ئاھ جانىم كۆيىدۇ،
ئۆلتۈرساڭ يۈرەكلىرىم.

قۇملۇققا قوغۇن تېرىپ،
سويما بىلەن ماش ئالدىم.
سەن يارىمنى سېغىنىپ،
قارا كۆزۈمگە ياش ئالدىم.

ئاق سارايدا ئاق ساندۇق،
ئاق ساندۇققا چاي سالدۇق.
يىراقتىكى يارلارغا،
«تېز كەلسۇن» دەپ خەت سالدۇق.

ھاۋانىيۇ ھاۋانى،
كەزدىم تولا دالانى.
ئىزدەپمۇ تاپالمادىم،
كۆيۈك ئوتىغا داۋانى.

دۇتار بىلەن مۇڭداشتىم،
يار لىۋىدە ئولتۇرۇپ.
يار دەردىدە تۆكتۈم ياش،
ئېتىكىمنى تولدۇرۇپ.

كۆكتە كۆكلەك كىيىپسىز،
ئىككى يانغا چاك ئېچىپ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سىز يارىمنى ياد ئېتىپ.

دامىكۇ[1] دەپ ئاڭلىدىم،
مەنمۇ بېرىپ باقمىدىم.
دامىكۇلۇق يارىمغا،
ھېلىغىچە ساقلىدىم.

بىر تاغاردا بۇغدىيىم،
تاسقاپ ـ تاسقاپ ئۇن تارتاي.
سىز يارىمنى ياد ئەيلەپ،
يىغلاپ ـ يىغلاپ ئۇھ تارتاي.

---

[1] دامىكۇ — چىرا ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يارىم چىقتى كۆل بېشىغا،
ياغلىقنى چىگىپ بېشىغا.
چوڭگۇنىگە سۇ ئالماي،
توشقۇزۇپتۇ كۆز يېشىغا.

يارىم سىزگە ئەرزىم بار،
تۆلەپ بولماس قەرزىم بار.
ئازار بەرمەڭ تۆپىلەپ،
يۈرىكىمدە دەرزىم بار.

بىر پۈتۈمنى شاخقا قويدۇم،
بىر پۈتۈمنى مەيگە.
ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
سىز يارىمنىڭ دەردىگە.

ئايغا ئوخشاتتىم سىنى،
كۈنگە ئوخشاتتىم سىنى.
بىر كىچە تاڭ ئاتقۇچە،
نەچچە ياد ئەتتىم سىنى.

باشىمدىكى رومالنىڭ،
گۈلى نەچچە سانايمەن.
يارنىڭ كىلەر يولىغا،
كۈندە نەچچە قارايمەن.

ئاي بىلەن كۈننى ئەۋەتتىم،
ئەلچىلىككە مەن ساڭا.
ئاي ئۇياندا، كۈن بۇياندا،
ھىچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

ئۆينىڭ كەينىدە شاپتۇل،
پىشىپتۇ ئەجەب تاتلىق.
مىنى ئۈنچە ساقلاتماي،
كەل جىنىم، لىۋى تاتلىق.

ئۈزۈكۈم قاتار ـ قاتار،
ئامرىقىم ئۆيدە ياتار.
يالغۇز ياتسام ئاھ ئۇرۇپ،
ماڭا قانداق تاڭ ئاتار؟

ئاخشام ئۇچقان تورنىنىڭ،
ئۇنى جۈپكەن، بىرى تاق.
يار دەردىدە مەن بولدۇم،
ئون كۈن ئاغرىق، بىر كۈن ساق.

ئىتىم يايلاقتا يايلايدۇ،
ئۈزۈم بىر باياۋاندا.
ساقلاپ تۇرۇڭ ئامرىقىم،
باراي گۈل ئىچىلغاندا.

ئالته ئاي ياتتىم، بەش ئاي ياتتىم،
مۇشكۇل زىنداندا.
ئالتە ـ يەتتە ئاي بىر كۈنچە يوق،
يار بىلەن ياتقاندا.

ئامۇتۇم باراڭ بولدى،
نەشپۈتۈم غازاڭ بولدى.
سەن خىنىمنىڭ دەردىدە،
ساق بېشىم ساراڭ بولدى.

ئاينى ئايغا قاتايمۇ،
تۈننى ئايغا قاتايمۇ؟
ئامراق يارنىڭ دەردىدە،
ھەسرەت تارتىپ ياتايمۇ؟

دەملەپ بەردىڭ ناۋات چاي،
تەمى كەتمەس تىلىمدىن.
سەن يېنىمدا بولمىساڭ،
غىزا ئۆتمەس گېلىمدىن.

ئالتۇن سائەت — زەنجىر باغنى،
بىلەكىڭگە سېپ قوياي.
سېغىنغاندا كەل يارىم،
قايرىلىپ سۆيۈپ قوياي.

مەن چاقارغا① بارغۇچە،
ئويباغدا② قونۇپ قالدىم.
دەردىڭنى تولا تارتىپ،
ئاغرىقچان بولۇپ قالدىم.

سەن ياراتتىڭمۇ مېنى،
ئاللا ياراتقان بەندىمەن.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سەن يار ئۈچۈن غەمدىمەن.

كىرەي دېسەم ئۆيۈڭگە،
دېرىزەڭدىن پاتمايمەن.
كىرىپ قالساڭ چۈشۈمگە،
يان بېلىمنى تاتلايمەن.

سايباغمۇ③ مېنىڭ يۇرتۇم،
نۇرىمۇ④ مېنىڭ يۇرتۇم.
قىز بالا ئالاي دېسەم،
تاقاشتى ساقال - بۇرتۇم.

بوز يەردىكى مەلەڭگە،
كۆچەت سېلىپ تۇتقازغىن.
يار دەردىڭدە يىغلايمەن،
مېنى دەردتىن قۇتقازغىن.

باغقا كىرسەم خۇشپۇراق،
ئۆيگە كىرسەم توك چىراغ.
سەن يارنى سېغىنغاندا،
باراي دېسەم يول يىراق.

كۆيدۇما، كۆل بولدۇما،
ئوچاقتا چۈشكەن چالمىدەك.
خۇشقىنا سارغايتتىڭىز،
بەرگىدە پىشقان ئالمىدەك.

خەق تېرىغان قوغۇننى،
مەنمۇ يەنە تېرىدىم.
چىرايىمغا قاراپ باق،
ساڭا ساقلاپ قېرىدىم.

مەن سېنى پاناھ تارتىپ،
ئايۋانىڭدا ياتايمۇ؟
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ؟

①②③④ چىرا ناھىيىسىدىكى جاي ئىسىملىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئايۋانىڭدا مەن ياتىپ،
سارايىڭنى بىلمەيمەن.
قاچان كېلىسەن يارىم،
قارايىڭنى بىلمەيمەن.

باردىم دەريا كەچىكلى،
ئولتاردىم سۇ ئىچكىلى.
مەن سېنى سېغىنغاندا،
قاناتىم يوقكەن ئۇچقىلى.

تومۇچۇقۇم سايرايدۇ،
نىگارىم ئوينىغان باغدا.
ئەزىز جانىم كۆيەدۇ،
سېنى ياد ئەيلىگەن چاغدا.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتتىم.
سەن چۈشۈمگە كىرگەندە،
چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئىچمەي قويىمەن چاينى.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىتۈپلىپ چۆكمەيدۇ.
بىزنىڭ يارنىڭ ئوتلارى،
لاۋۇلدايدۇ ئۆچمەيدۇ.

قىلتۇدىن شامال كەلسە،
مەن يارىمنى سورايمەن.
كەلمەي قالدى، يوق دېسە،
تاڭ ئاتقىچە يىغلايمەن.

گۈللۈك ئەتتىم گۈلباغقا،
ئۈستىگە گۈللەر تېرىپ.
سەن يارىمدىن ئايرىلغاچ،
ھەر كۈنى كۆڭلۈم غېرىب.

ئۆزلەمەي ئاقسا سۇلار،
كۆلگە سۇ پاتماي قالار.
سەن ئۇچۇن ئاققان يىشىمدا،
قۇرۇغان دەريا تولار.

ئىشىك ئالدى ئېرىقچە،
پىلتىڭلايدۇ بىلىقچە.
سەن يارىمنى سېغىنىپ،
جېنىم قالدى تېرىقچە.

ئۆزىمنى ئاتاي كۆلگە،
باش ئىلىپ كېتەي چۆلگە.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
باغرىمنى ياقاي ھۆلگە.

بۇگۈن ئايغا ئون يەتتە،
ئايدىڭ بولماي تاڭ ئاتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
مېنى ئەجەب يىغلاتتى.

ئىسمىسالاھنىڭ[1] ئىچىدە،
ماگمىغان يول قالمىدى.
سىز خېنىمنىڭ دەردىدە،
كۆزدە ياشىم قالمىدى.

باغدا بادام پىشىپتۇ،
ئۆيگە مېھمان كىرىپتۇ.
مېھمان بىلەن كارىم يوق،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

يارىم بەرگەن مارجاننى،
سۇرتۇپ سالدىم قۇتىغا.
ئۆزى كەتتى يۇرتىغا،
مېنى سېلىپ ئوتىغا.

باشلەڭگەرنىڭ[2] يولىدا،
قۇمدىن تولا شېغىل تاش.
مېنى ئوتتا كۆيدۈرگەن،
ئورتا بويلۇق قەلەمقاش.

ئۆينىڭ ئارقىسى خامان،
لەپىلدەپ ئۇچار سامان.
بىزنىڭ يارنىڭ ئوتلىرى،
دوزاخ ئوتىدىن يامان.

داۋۇزىڭىزنىڭ ئالدىدا،
مەن ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم.
تەشنالىقنىڭ ئىلكىدە،
سارغىيىپ قۇرۇپ قالدىم.

دەمدەلىرىم سايرايدۇ،
پېشايۋاندا ـ پەرماندا.
قاچانغىچە يىغلايمەن،
سېنىڭ ئوتۇڭدا ـ ئارماندا.

قوشتاغ يولىدا تەسكەن،
تەسكەننى يۇلالمايمەن.
ئوتىڭىز يامان يارىم،
تولغىنىپ ياتالمايمەن.

دەمدەلىرىڭ ئۈنلىسۇن،
كۆكتە پەغەز ئېتىپ بەر.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆز يارىمنى تېپىپ بەر.

سۇغا باردىم كۆلەڭگە،
كۆيۈپ تالدىم كۆزۈڭگە.
گېپىمنى ئەپلەشتۈرۈپ،
ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

---

① ئىسمىسالاھ ـــ گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدىكى جاي ئىسمى.
② باشلەڭگەر ـــ گۇما ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



قولۇقدىكى ئۈزۈككە،
تىللا بىلەن كۆز قويدۇم.
ئەقلىڭ بولسا تاپ يارىم،
قوشاق قېتىپ سۆز قويدۇم.

كېلىياڭ②، تازغۇن③ بويىدا،
بىر جۈپ لاچىن ئەگىيدۇ.
كۆيۈپ كەتكەن بۇ يۈرەك،
قانداق قىلسا سەگىيدۇ.

ئىشىك ئالدى قوش ئېرىق،
لاي قويۇپ بىرەي يارىم.
ھېچقانچە ئاداۋەت يوق،
چاي قۇيۇپ بىرەي يارىم.

دەريا بويىدا ئەمەن،
مەن يارغا نىمە دەمەن.
ۋاپاسىز دېسە مىنى،
ئۇنداق قىلمىدىم دەمەن.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن،
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن؟
يۈرەكنى يىرىپ باقسىن،
كۆيەك دەردىم ئازمىكىن؟

دۇتارنى چال دېيسەن،
چالاي دېسەم تارى يوق.
ئالتە ئاي بولدى كۆيگىلى،
بىزنىڭ يارنىڭ كارى يوق.

تىبەت①ئەردان يولىدا،
ئاق قامچا سېتىپ ئالدىم.
ئۇتىڭىز يامان ئىكەن،
قوشاققا قېتىپ ئالدىم.

ئىشىك ئالدى كۆك تېرەك،
پالتا چاپسام تېگى تاش.
بىر ياستۇقتا ئىككى باش،
جاننى ئالغان قارا قاش.

گۈل بۇنداق ئەمەس ئىدى،
ھۇقۇشلار خازان قىلدى.
مەن بۇنداق ئەمەس ئىدىم،
ئۇتلىرىڭ ساراڭ قىلدى.

ئاق چەكمەن - قارا چەكمەن،
رەڭدە بويىغان چەكمەن.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
مەن سەندىن تولا دەردمەن.

① تىبەت — شىزاڭ.
② ③ — گۈما ناھىيىسىنىڭ يېزا-مەھەللىلىرى.

تاللىۋالغان گۈلۈم بار،
چېكەمگە قىسالمايمەن.
بەك چىرايلىق يارىم بار،
سۆيمىسەم چىدىيالمايمەن.

ئۇ مەلىگە بارمايمەن،
دۈشمەنىنىڭ كېپى يامان.
بارمايمۇ تۇرالمايمەن،
يارىمنىڭ ئوتى يامان.

يارىم سىنىڭ ئىشقىڭدا،
سەۋدايى بولۇپ قالدىم.
ئانار مەڭزىڭ - يۈزۈڭگە،
شەيدايى بولۇپ قالدىم.

پىيالمىنىڭ① يولى ساي،
مېنەي دېسەم ئېتىم تاي.
بىر يىل دېگەن ئون ئىككى ئاي،
ئاڭغىچە قانداق چىداي.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
دەريا بويىدىكى تۈزگە.
مەن ئاشىق بولۇپ قالدىم،
سىز پەرى قارا كۆزگە.

توپا يولدا بوخۇناق،
ئارغامچىدا توقۇناق.
يۈرىكىمنى كۆيدۈردى،
خۇما كۆزلۈك يۇمىلاق.

شاپتۇلۇق باراڭ بولدى،
شاخلىرى غازاڭ بولدى.
سەن گۈزەلنىڭ دەردىدە،
ساق بېشىم ساراڭ بولدى.

ئۆزۈمنى ئالاي چۆلگە،
بەش موللاق ئاتاي كۆلگە.
يار ئىسمىگە كەلگەندە،
باغرىمنى ياقاي ھۆلگە.

دەردىڭ بىلەن ئىشقىڭدا،
ئۆلگۈدەك بولدۇم.
شۇ ھالەتتە بولساڭ يايرىم،
سۆيگۈدەك بولدۇم.

سىنىڭ بىلەن ماڭا كەلگەن،
قۇرۇق ئالامەت.
يارنىڭ ئوتى يامان ئىكەن،
بولدى قىيامەت.

① پىيالما — گوما ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

ئايمۇ كۆكتە، كۈنمۇ كۆكتە،
چارقى پەلەكتە.
سەن يارىمنىڭ ئوت-پىراقى،
كۆيەر يۈرەكتە.

كۆيۈپ قالغان شۇ يارىڭ،
نەشپۈت باغى بار.
يىرىپ باقسىن يۈرەكنى،
كۆيۈك داغى بار.

گۈلدەك ئېچىلدۇق،
ئايدەك يۈزۈڭگە.
ئاشنا بولدۇق،
چولپان كۆزۈڭگە.

تاش ئېرىقتا قوغۇن تېرىدىم،
پىلەكلىرى تۈز.
ساپاقلىرى پىشىپ قاپتۇ،
يايرىم كېلىپ ئۈز.

مەن يارىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ،
تاياق يېدىم يۈز.
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن،
ئۆرمەيمەن يۈز.

بۇغدىيىڭنى مەن ئورىدىم،
خامىنىڭنى ئۆزۈڭ ئال.
دوستىمۇ دوست، دۈشمەنمۇ دوست،
ئەقىدىنى بىلىپ قال.

قاشلىرىڭدۇر قاپقارا،
كىرپىكلىرىڭ زەردۇر-زىنۋەر.
مەن ئوتۇڭدا كۆيىمەن،
سەن يۈرۈيسەن بىخەۋەر.

قارا چاچنى تالقتاي،
سايە بولسۇن بويۇڭغا.
يۈرىكىمنى تۇتقۇزاي،
چىراغ بولسۇن يولۇڭغا.

باغدىكى پاكار شاپتۇل،
بويلاپ يىگىلى ياخشى.
ئون بەش ياشتا تۇتقان يار،
قايرىپ سۆيگىلى ياخشى.

قوناقنى سوقۇپ قويدۇم،
شامال چىقسا چەش بولۇر.
سىز يارىمنى كۆرمىسەم،
بىر كۈن قانداق كەچ بولۇر.

سۇ باشلىدىم بىغىمغا،
پىستە، بادام، ئۈزۈمگە.
ۋاپاسىزلىق قىپ تۇرۇپ،
كىرىۋالما كۆزۈمگە.

سانجۇ[1] چاسكام[2] يولىدا،
ئەجەب تولا سەگۈ تېرەك.
ئەتە-ئاخشام كەپ تۇرۇڭ،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

① ② — گۇما ناھىيىسىدىكى جاي ناملىرى.

قۇدرىتىم يەتسە مېنىڭ،
ئاق دۆڭگە ① ساراي سالسام.
غورلاي كۆزلۈك يارىمنىڭ،
بوينىغا گىرە سالسام.

بېغىڭدىكى ئەنجۈرگە،
بىر تال ئاچا يۆلەپ قوي.
دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
سۆيمىسەڭمۇ قاراپ قوي.

پەرىزاتتەك مەشۇقۇم،
سۈرىتىڭنى سىزىپ بەر.
سېغىنغاندا كۆرەرمەن،
كەشتە قىلىپ تىكىپ بەر.

قىزىل ئالما شېخىغا،
قىزىل ياغلىق باغلىما.
ئىشقى - پىراق ئوتىدا،
يۈرىكىمنى داغلىما.

باغقا كىرسەم ئالدىمغا،
ئالما چۈشتى تولكىدە.
قەدرىڭىزنى بىلەرمەن،
سۆيۈپ قويۇڭ چوككىدە.

بۇ چىنار ئېگىز چىنار،
بويلىغىلى بولارمۇ؟
سىلە يوغان، بىز كىچىك،
ئوينىغىلى بولارمۇ؟

چەينىكىمگە چاي سالدىم،
بىر چىنە قايماق بىلەن.
ياش ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
ئوينىماي ئوماق بىلەن.

بازار كۆلنىڭ بويىدا،
قاتار تۇرغان تېرەكلەر.
شۇ مېھرىبان يارىمغا،
بىر قانمىغان يۈرەكلەر.

بوينۇمدىكى تۇمارنىڭ،
بېغى ئەۋرىشىم.
قاچانلىققا كۆرۈشەرمىز،
جېنىم ئادىشىم.

يارنىڭ قېشىغا ئوخشاتتىم،
قولۇمدىكى ئورغاقنى.
سۆيۈپ - سۆيۈپ قانمايمەن،
سىز چىرايلىق ئوماقنى.

ئۆستەڭگە كۆۋرۈك سالدىم،
ئەل - جامائەت ئۆتسۇن دەپ.
چوڭ يولدا يارنى سۆيدۈم،
خالايىقنى كۆرسۇن دەپ.

باغدىكى پاكار شاپتۇل،
سويۇپ يېگىلى ياخشى.
ئون بەش ياشتا تۇتقان يار،
قايرىپ سۆيگىلى ياخشى.

① ئاق دۆڭ — گۇما ناھىيىسىدىكى جاي نامى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆستەڭ بويى سۆگەتلىك،
سەيلە قىلدىم ھاۋالىق.
دېھقان قىزنى يار تۇتتۇم،
بەك تارتىنچاق، ھايالىق.

ئاقچى قوغۇننى يېمەي،
ناشپىكەرگە تويمىدىم.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
قۇچاقلىشىپ ئوينىدىم.

ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز.
ئاخشامقى قاراڭغۇدا،
قانداق كەتتىڭىز يالغۇز؟

بوغداي تېرىدىم تۇزگە،
تېگى يازغى، تېگى كۆزگە.
مەيلىڭ يوقمىدى بىزگە،
چىقمايسەن تالا ـ تۇزگە؟

دەريانىڭ ئۇقاتىدا،
شال تىلىدۇ شالچىلار.
يانچۇقىدا پۇلى يوق،
پو ئاتىدۇ پوچىلار.

چاچىڭنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق،
سۇنىڭ سۇزۇكى بۇلاق.
سەن ئۇ يەردە يار تۇتساڭ،
ئاڭلاپ تۇرىدۇ قۇلاق.

چېچىڭنى تاراتتىڭمۇ؟
ئاپتاپتا قۇرۇتتۇڭمۇ؟
مەن سىنى ئۇنۇتمىسام،
سەن مىنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟

قىزىل تاۋا كىيىپسەن،
يېشىل تاۋا كىيىپسەن.
ۋەدىنى ماڭا بېرىپ،
باشقىلارنى سۆيۈپسەن.

قوغۇننى پىچىپ قويسام،
يىمەي تۇرۇپ پۇراپسەن.
سۆزلەشكىلى مەن كەلسەم،
ئېغىز ئاچماي تۇرامسەن؟

يارىشىپتۇ ئەجەبمۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
سىنىڭ ماڭغان كوچاڭغا؟

ئاق تاۋادا گۈلىڭىز،
نامازشامدا يولىڭىز.
قاراپ تۇرسام كەتتىڭىز،
كىمدە قالدى كۆڭلىڭىز؟

بۇلبۇل سايراپ كەتتىمۇ؟
كاككۇك سايراپ كەتتىمۇ؟
يار ئۇستىگە يار تۇتۇپ،
باشلاڭ كۆككە يەتتىمۇ؟

دۇتار پەدىسى پەدە،
پەدىسى يامان يەردە.
يىگىتنىڭ ۋەدىسى ۋەدە،
قىزنىڭ ۋەدىسى نەدە؟

تراكتوردا ئولتۇرۇپ،
ئېيتقانىڭىز ناخشىمۇ؟
كۆرۈشمىدۇق ئەجەبمۇ،
ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

بېغىمدىكى ئالمىنى،
ئۈزۈپ بىرەي يەپ باققىن.
سەن ماڭا كۆيگەن بولساڭ،
راست گېپىڭنى دەپ باققىن.

تۇمۇچۇقتا دان بەرمەي،
ئاچتىن ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟
مەندىن ئۆزگە يارى يوق،
دەردتە ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟

لوپ[①]بىيىمشا، لوپ بىيىمش،
لوپنىڭ قېشىدا دول[②] بىيىمش.
سوراپ كېلىڭلار قوشنىسىدىن،
يارنىڭ قېشىدا كىم بىيىمش؟

پىچاق ئالدىم چا دەستە،
بىزنى پات - پات يادەتسىلە.
ئۆيلىرى يامان يەردە،
«ئەھۇ» دېسەم «با» دېسىلە.

دۇتارنى چالالاملا؟
پەدىسنى باسالاملا؟
بىز ماڭغان كوچالاردىن،
پۈتلاشماي ماڭالاملا؟

قېرىم تارتىپ ئانار سالدىم،
قىپقىزىل ئانار بولدى.
سىنى ئەمدى سۆيەي دېسەم،
ماڭا نېمە بالا بولدى؟

تام ئۈستىدە ئولتۇرسام،
ئالما ئاتقان سەنمىدىڭ؟
كۆڭلۈمنى بىرەي دېسەم،
تاشلاپ قاچقان سەنمىدىڭ؟

ئايدىڭدا تۇغۇلدۇڭمۇ؟
ئاي ھۆسنىگە تولدۇڭمۇ؟
توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتتى،
بىر چىقمايسەن ئۆلدۇڭمۇ؟

يار دەيسەن ئېگىلمەيسەن،
مەيدەڭدە تۆمۈر بارمۇ؟
كېچىلەردە كەل دەيسەن،
خالىدا ئۆيۈڭ بارمۇ؟

مەيزاپ ئىچكەن پىيالى،
ھاراق ئىچكەن پىيالى.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
سەن يۈرۈيسەن خىيالى؟

① ② — جاي ئىسىملىرى.

www.uyghurkitap.com



شورخانىغا① بىرىپسىز،
يوقلاپ كېتەي دېمەپسىز؟
يارنى بۇنداق قىينىسام،
ئۆلۈپ كېتەر دېمەپسىز؟

دۆڭمۇدۆك قۇمنى ساناپ،
ئالدىم قولۇمغا بىر راۋاب.
قايسى چۆللەردە يۈرەر،
مەڭزى قىزىل، باغرى كاۋاپ.

چوڭ چىراغنى ياندۇرۇپ،
كىچىك چىراغنى چاندۇرۇپ.
يارغا مەن نىمە قىلغان،
كېچىسى يول ماڭدۇرۇپ؟

ئاي بولۇپتۇ، يىل بولۇپتۇ،
ئۇتتۇك ئىچىدە كۆيگىلى.
بىر كېلىپمۇ قويمىدىڭ،
مەن غېرىبنى سۆيگىلى.

ئالملىق باغقا كىرىپ،
ئالملارنى قاققان بىز.
يادىڭىزدا بارمىدۇ،
باغ - باغ ئېتىپ ياتقان بىز.

ئاق تاۋارنى كىيەملا؟
كۆك تاۋارنى كىيەملا؟
ۋەدىنى بىزگە بېرىپ،
بۆلەك يارنى سۆيەملا؟

باغدىكى ئۆرۈكلەرگە،
قويغىنىڭىز ئاچمۇ؟
شەرەت قىلىپ كۆلسىز،
سۆيگىنىڭىز گاچمۇ؟

ئىشىكىڭىز ھاللاكەن،
ئۆيىڭىزدە دەم يوقمۇ؟
دائىم كۈلۈپ ئويناپسىز،
ئىچىڭىزدە غەم يوقمۇ؟

قاشلارىڭ ئەجەب قارا،
كۆزۈڭدە خۇمار بارمۇ؟
مەن ساڭا تولا كۆيدۈم،
بوينۇڭدا تۇمار بارمۇ؟

ناخشا ئېيتسام تاشيولدا،
ئۇنۇمنى تونالامسەن؟
ئۆزۈڭ قىلغان ۋەدەڭدە،
ئۆمۈرلۈك تۇرالامسەن؟

ئۆيىڭىز يول ياقىسى،
ئاڭلىمايسىز ناخشىنى.
سىزنى مەن ھوشيار دېسەم،
تاللىمايسىز ياخشىنى.

ئەجەب كەتمىدىڭ كەكلىك،
پېشايۋاندىكى خەدىن.
ياردىن ئۇچۇر كەلمىدى،
مەن ئىزدەپ تاپاي نەدىن؟

① شورخانا — جاي ئىسمى.

قاشلىق ئەتمىسەڭ يارىم،
قاشىڭدىكى يەتمەمدۇ؟
ئاشنا تۇتمىساڭ يارىم،
يانىڭدىكى يەتمەمدۇ؟

ئېرىقىڭنى مەن چاپتىم،
سۈيىڭىزنى كىم ئاچتى؟
دەردىڭىزنى مەن تارتتىم،
قوينىڭىزدا كىم ياتتى؟

يارىم چاينى ئەكەپتۇ،
ئاق گۈللۈك پىيالىدا.
گەپ قىلماي تۇرۇپ قاپتۇ،
كىم باركىن خىيالىدا؟

ياراشىپتۇ ئەجەبمۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە كىلىمەن،
دىۋانىدەك كوچاڭغا؟

قاپاق تېرەك ئالدىدا،
ھويلاڭ بارمىدى يارىم؟
سۇغا چىقسام قارايسەن،
كۆڭلۈڭ بارمىدى يارىم؟

بادام دوپپىلىق يارىم،
قوناقتا سۇ ئاچاي دەملا؟
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
چوڭ يولچە قاچاي دەملا؟

ئاقمىدۇ بىلەكىڭىز؟
كۆكمىدۇ بىلەكىڭىز؟
شۇنچە قىلسام بىلمەيسىز،
تاشمىدۇ يۈرەكىڭىز؟

ئاقتىنا ئىشتان كىيىپسىز،
نېمىدە باغ ئەتتىڭىز؟
سىز ئۇ يەردە، مەن بۇ يەردە،
كىملەرنى ياد ئەتتىڭىز؟

كېلىپ قالدىم مەللەڭگە،
شوتا قويدۇم چەللەڭگە.
چىقسۇن دېسەم چىقمىدىڭ،
ئېيتىپ قويسام دەللەڭگە؟

ئېرىقىڭنىڭ سۈيىنى،
نەگە باشلىدىڭ يارىم؟
يېڭى يارنى كۆرگەندە،
مېنى تاشلىدىڭ يارىم.

قوغۇننى تىلىپ قويدۇم،
ئۈزۈڭ يېمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلسەم،
لام - جىم دېمەي تۇرامسەن؟

قولۇڭدىكى ئۈزۈكنى،
ئاي شەكلىدە سوققانمۇ؟
ئاناڭ سېنى ئارزۇلاپ،
مېنىڭ ئۈچۈن تۇغقانمۇ؟

www.uyghurkitap.com



ھۆل ئوتۇنغا ئوتنى ياقسام،
ئوتۇڭ يانمىدى دەيسەن.
ئايدا، يىلدا سۆيۈپ قويۇپ،
كۆڭلۈم قانمىدى دەيسەن.

ئۆيىڭىز كۆل باشىدا،
يەلپۈندۇ گۈللەرىڭىز.
ئۆزىڭىز بەلەن جۇۋان،
كۆيدۈرەدۇ خۇيلارىڭىز.

ئاق تاۋا شاپاق بۆكۈم،
شاپتۇل شاخىدا قاپتۇ.
يازدىن ئوينىغان يارىم،
نەدە ئايرىلىپ قاپتۇ؟

باشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
گۈلى نەچچە ساناپ باق.
بىز ئىككىمىز ئويناپلى،
خان ئاچاڭدىن سوراپ باق.

ئۇ يايلاقتىن بۇ يايلاققا،
تاقلاپ ئويناسەن؟
باغدا باققان قوزىچاقتەك،
شوخلاپ ئويناسەن؟

بېغىڭدا ئۆرۈك بارمۇ،
خوندەك يېگىلى كەلدىم.
لېۋىڭدە ناۋات بارمۇ،
شوراپ سۆيگىلى كەلدىم.

ئۇشبۇ خەتنى مەن يازدىم،
ئالتۇن ئۇچلۇق قەلەمدە.
مېنى ئەسلەپ قويامسىز؟
ماڭغان ھەر بىر قەدەمدە.

ئاقچى قوغۇن يېگەنمۇ؟
كۆكچى قوغۇن يېگەنمۇ؟
بىز باشتا دېيىشكەندە،
ئايرىلارمىز دېگەنمۇ؟

ئاتاسى يوقمىكىن يارنىڭ؟
ئاناسى يوقمىكىن يارنىڭ؟
ئالتە كۈنلۈك ئالەمگە،
ۋاپاسى يوقمىكىن يارنىڭ؟

ئۇيقۇلايسەن، ئۇيقۇلايسەن،
ئۇيقۇغا قەرزىڭ بارمىدى؟
كېچىلەپ تام ياقلايسەن،
يارغا ئەرزىڭ بارمىدى؟

ئەتىگەندە قارىسام،
باغدا قاپتۇ ئىزىڭىز.
بىزنى ئوتقا سېپىپ قويۇپ،
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز؟

بىزنىڭ ئۆيلەر ئاق ئۆيلەر،
بارسىلا تاپالامىلا؟
چۆرىسىدە قىزىل ئالما،
سايىسىدا ياتالامىلا؟

دوستمۇ سەن، دۈشمەنمۇ سەن،
قايدىن قوشۇلدۇڭ سەن ماڭا؟
خالىي بىر جايغا بېرىپ،
ئەرزىمنى ئېيتاي مەن ساڭا.

ئوق ئۆستەڭگە تاش توشۇپ،
ۋاگون سىندىمۇ يارىم؟
مەندىن ئايرىلىپ كېتىپ،
كۆڭلۈڭ تىندىمۇ يارىم؟

سەنمۇ چىقتىڭ تېرەككە،
مەنمۇ چىقتىم تېرەككە.
يارىم كەلسە پات كەلسۇن،
ئوت كەتتى بۇ يۈرەككە.

ھېرىپ قالغان ئېتىمنى،
ئاچ قويۇپسىز ـــ پىچانسىز.
نەدىن كېلىپ قوشۇلدى،
كۆڭلى قارا ـــ ۋىجدانسىز.

يېڭى يولنىڭ بويىدا،
تاشلىغان ئىزىڭ بارمۇ؟
قېچىپ كەتكەن يارىم سەن،
ئالدىمدا يۈزۈڭ بارمۇ؟

باغدا پىشقان ئالمىنى،
قېقىۋالدىم تاياقتا.
مەن بۇ يەردە قىينالدىم،
سەن يۈرگەنسەن قاياقتا؟

ھاۋامدۇ - بۇلۇتمىدۇ؟
قارنى ياغدۇرغان.
سېكىلەكمىدۇ - جۇۋانمىدۇ؟
ئاخشام قوندۇرغان.

قولۇڭدىكى قوناقنى،
كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ؟
ئاجراشمامسەن ئېرىڭدىن،
ئون ئاي بولدى مەن ساقلاپ.

ئاق رەڭ كۆڭلەك كىيىپلا،
قىزىلدا جىيەك تۇتۇپ.
دوستلىرى ئۆلگەنمىدى،
ئولتۇرۇپلا ئېڭەك تۇتۇپ.

ئېتىزىڭدىن باش تەردىم،
ئېگىزلىقنى ئارىلاپ.
ئەمدى دەردىڭ چىقتىمۇ،
ئەلگە مېنى قارىلاپ؟

ئاسماندىكى يۇلتۇزمۇ؟
دەريادىكى قۇندۇزمۇ؟
بۇ ئالەمدە ئەر يوقتەك،
تاپقان يارىڭ موزدۇزمۇ؟

ئېلىۋېتىڭ كولۇڭغا،
ئوچاق بېشىدا ئاش قويىماي.
قاچانغىچە يۈرىمىز،
بىر تەكىيگە باش قويىماي.

ۋىلايەتنىڭ دوختۇرى،
يۇرتىڭىز ئىكەن نۇرى①.
ئىزدىسەك تېپىلامدۇ،
كۆيەك ئوتىغا دورى؟

كۈن چۈشمەيتۇ ئايۋانغا،
ئۆينىڭ ئالدى باراڭمۇ؟
يىغلاپ تۇرۇپ كۈلسەن،
سەن ئوڭمۇ - يا ساراڭمۇ؟

ھۆپۈپنىڭ تاجىسى باردۇر،
سوپى تورغاينىڭ يوقمىكىنا؟
چوكانلارنىڭ ئاشنىسى بار،
يىگىتلەرنىڭ يوقمىكىنا؟

ئاي بۇلۇتقا دالدا بولدى،
چىقمىدى ئاي پارىسى.
قوغلىشىپ ئويناپتىمىز،
قىنى ئۇنىڭ پايدىسى؟

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
چا بۇغدايغا تويدۇڭمۇ؟
پەرداز قىلغان چوكانلار،
تاماشاغا تويدۇڭمۇ؟

بۈگۈن كىچە ياغقىنى،
قارمىدۇ، يامغۇرمىدۇ؟
ۋەدە قىلغان شۇ يەردە،
مېنىڭ يارىم بارمىدۇ؟

ئېتىڭنى بىلىپ سورىدىم،
ئېتىم «باھار» دېسەڭچۇ؟
گەپ قىلماي جىم تۇرغىچە،
«سۆيگىنىم بار» دېسەڭچۇ؟

كۆيۈكنى خۇدا سالغان،
غېرىب بىلەن سەنەمگە.
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز،
ماڭا كەلگەن ئەلەمگە؟

ئاق تاۋارمۇ كىيىپسىز،
كۆك تاۋارمۇ كىيىپسىز.
كۆڭلۈم سىزدە دەپ قويۇپ،
باشقىلارنى سۆيۈپسىز.

خەت كەلمىدى يارىمدىن،
سوراپ بېقىڭ ئامانمۇ؟
ئىزدەپ بېرىپ قانغۇچە،
سۆيۈۋالسام يامانمۇ؟

---

① نۇرى — جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

ئاقمۇسەن، ئاپئاقمۇسەن؟
سۇتمۇ سەن، قايماقمۇ سەن؟
بىر كۆرۈپ كۆيدۈم ساڭا،
ئوتمۇ سەن، چاقماقمۇ سەن؟

باغىڭغا كىرەي دەيمەن،
كىرسەم خۇش ھاۋا بارمۇ؟
يار دەردىدە مەن ئاغرىق،
ئۇنىڭغا داۋا بارمۇ؟

يارىم چاينى كەلتۈردى،
گۈلچىنە - پىيالىدا.
گەپ قىلماي شۇك ئولتۇردى،
نىمە باركىن خىيالىدا؟

ئېتىڭىز چاپقۇر ئىكەن،
قامچىڭىز سىم قامچىمۇ؟
كەلمىدىڭىز قەرەلىدە،
ئەسلىڭىز يالغانچىمۇ؟

چىمەن دوپپا كىيەمسىز؟
بادام دوپپا كىيەمسىز؟
ماڭا بىرىپ ۋەدىنى،
باشقىلارنى سۆيەمسىز؟

ئالتۇن ھالقا-زەنجىرنى،
تىڭشىپسەن كۈمۈشكە.
كەچقۇرۇن كېلىمەن دەپ،
كەلمىدىڭمۇ نىمىشكە؟

باغلىۋالسىلا بەلگە دەپ،
ياغلىق بىرەي دەپتىلا.
بەلگە نىمە باغلايمەن،
قۇرۇق قوللا كەپتىلا؟

تالدى بىلىكىم - تالدى،
قۇدۇقنىڭ چاقىنى چۆرۈپ.
مەن ساڭا نىمە قىلدىم،
باشىمدىن تۇمار ئۆرۈپ؟

تۇزۇپ قويسام راۋابنى،
بوشاپ قاپتۇ تارىسى.
قاچانغىنا كۆرۈنەر،
سىز يارىمنىڭ قارىسى؟

راۋابىمنىڭ ئۈنىنى،
ئاڭلىدىڭمۇ ئاخشامدا؟
ئىچىمدىكى گەپلەرنى،
ئېيتىۋالدىم ناخشامدا.

ئاق بىلەكنىڭ ئاقمىدى؟
يانچۇقتىكى قاقمىدى؟
كۆڭلى سۇنۇق يىگىتنىڭ،
مىجەزىمگە ياقمىدى.

ئىرىقىمنىڭ قاشلىرى،
تۈز تىزىلغان تاشلىرى.
كۆڭلۈمنى بىرەي دىسەم،
بارمىكىن يولداشلىرى؟

www.uyghurkitap.com



ئىشىك ئالدىدا تۇرسەن،
يان ياغاچقا يۆلىنىپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
ئايدا - يىلدا كۆرۈنۈپ.

سەن ئالمامنىڭ شېخىنى،
ئالما بار دەپ ئەگدىڭمۇ؟
مېنى تاشلاپ، بۆلەككە
پۇلى بار دەپ تەگدىڭمۇ؟

ئوڭ قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
چەپ قولۇمدا چاچ ئۈزۈك.
مېنى سۆيگەن ئاغزىڭدا،
كىمنى سۆيدۈڭ ئاق سۈزۈك؟

بۇ تېرەك زىلۋا تېرەك،
يۇلۇۋاللا نىمىشقا؟
ئايرىلىپ كەتكەن ئىدۇق،
كېلىۋاللا نىمىشقا؟

يۈرىكىمنىڭ بېغىغا،
ئوت چۈشتىمۇ، يالقۇنمۇ؟
مېنى كۆيدۈرگەن بالا،
كۈمۈشمۇ يا ئالتۇنمۇ؟

ئۆيۈڭنىڭ كەينى ئېرىق،
ئېرىقتا تولا بېلىق.
ئاران بىر كۆرۈشكەندە،
كۈلمەمسەن ۋىلىق - ۋىلىق؟

ئېگىز - ئېگىز تېرەككە،
پاختەك قوندۇراي دەمسەن؟
يۈرىكىمگە سۇ قۇيۇپ،
دەردكە ئۆلتۈرەي دەمسەن؟

تاغدا بۇلۇت ئەگىپتۇ،
يامغۇر يېغىپ قالارمۇ؟
غېرىب بولغان كۆڭلۈمنى،
يارىم كېلىپ ئالارمۇ؟

پوشكال سىلىپ بەرمىسەم،
ئاشىسىز قالدۇ دەمسەن؟
ھەپتە - ئون كۈن بارمىسام،
يارسىز قالدۇ دەمسەن؟

ئانارلار پىشىپ قاپتۇ،
سورىماي ئۈزۈپ يەيلىمۇ؟
ئانىڭىز قوشۇلمىسا،
ئېلىپ قاچسام مەيلىمۇ؟

بوينىڭىزغا ئېسىپسىز،
ئالتۇن رەڭلىك مارجاننى.
ھەپتىدە بىر كۆرۈنۈپ،
سىز ئالامسىز بۇ جاننى؟

جۇپ ئىكەن پىيالىڭىز،
قانداقتۇ ئەھۋالىڭىز؟
خوش دىمەيلا كەتتىڭىز،
نېمەدۇ خىيالىڭىز؟

ئۆينى سۇۋىتاي دەمسەن،
لاينى تامچى ئەتمەمدۇ؟
قاش - كۆزۈڭنى ئويىنتىپ،
كۆيدۈرگىنىڭ يەتمەمدۇ؟

قاشىڭ ئەسلى قارادۇر،
ئۇسما قويما تۆپىلەپ.
يار ئۇستىگە يار تۇتۇڭ،
ئىبىتىپ باقە، نىمە دەپ؟

بىر كىلىپ، ئىككى كىلىپ،
خار كۆرۈندۈممۇ ساڭا؟
ئاۋۋىلى لاچىن ئىدىم،
سا كۆرۈندۈممۇ ساڭا؟

يارىم كۆڭلەڭ كىيىپتۇ،
ئاقىنە بىنارىدە.
مىنى ياد ئەتكەنمىدۇ؟
ئىشلىگەچ ئىدارىدە.

يارىم كەتتى ۋەسسالام،
مەن يىغلىدىم تارام - تارام.
يىغلاپ دەرد تارتقىلى،
تۇغۇپمىدىڭ جانىم ئانام.

باغدىكى بولجا تېرەكنىڭ،
سايىسى كۆلگە چۈشەر.
بىزنى كۆيدۈرگەن خىنىمنىڭ،
ھاجىتى كىمگە چۈشەر؟

سەن گۈلۈڭنى بەرمىدىڭ،
گۈلسىز قالسۇن دىدىڭمۇ؟
تاشلاپ كىتىپ يىراققا،
دەردتە ئۆلسۇن دىدىڭمۇ؟

لەئىل ياغلىق بىشىڭدا،
دەمدەك ئۇسما قىشىڭدا.
تاغدەك گۇناھ بولامدۇ،
بىردەم تۇرسام قىشىڭدا؟

قىزىل ئالمانى قاقلايمەن،
ئاق ئالمانى ساقلايمەن.
سىنى ئىزدىسەم جانان،
قايسى كوچىنى ياقلايمەن؟

ئوڭ قولۇمدا بىر چوماق،
سول قولۇمدا بىر چوماق.
كىمدىن قالغان ئۇخلىماي؟
يارغا ساقلاپ ئولتۇرماق.

دۇتارىمنىڭ پەدىسى،
ئاتمىشمىدۇ، يەتمىشمىدۇ؟
مىنى كۆيدۈرگەن خىنىم،
ئاشۇمىدۇ، يەڭگۈشمىدۇ؟

ئوڭ قولۇمغا گۈل ئالدىم،
سول قولۇمغا لالىنى.
كۆرۈپ قالدىم خاپىدەك،
سەن يارىمنىڭ ھالىنى.

www.uyghurkitap.com



ئالما ئاتتىم لەيلىتىپ،
ھويلىڭىزغا چۈشتىمۇ؟
ئاخشام قىلغان گەپلىرىم،
زەنىڭىزگە چۈشتىمۇ؟

گىردە ياقتۇق تونۇرغا،
يولدا يۇمشاق يېپىشكە.
بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ،
قېچىپ كەتتىڭ نېمىشكە؟

ياسىنىپسەن بۆلەكچە،
چوڭ بازارغا ماڭدىڭمۇ؟
ماڭا قاراپ قويمايسەن،
ئەقىدەڭدىن ياندىڭمۇ؟

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
ئايدىڭ بولماي تاڭ ئاتتى.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يار يانىڭدا كىم ياتتى؟

ئاللا يارىم، كەڭ يايلاقتا،
ئۆزۈڭ يايلايسەن.
يايلاپ يۈرۈپ، خىيال سۈرۈپ،
كىمنى ئويلايسەن؟

ئالما قويغان باغچىغا،
بىھى قويدۇم، بىلدىڭمۇ؟
كۆڭلى قارا، باغرى تاش،
كۆيگەنىمنى بىلدىڭمۇ؟

دۇتارنى چالاي دېسەم،
تاپالمىدىم پەدەڭنى.
ئۇنتۇپ قالما ئامرىقىم،
باشتا بەرگەن ۋەدەڭنى.

قېچىرىڭ ھېرىپ قاپتۇ،
مەن تارتايمۇ ھارۋاڭنى؟
يايلاقتا بىللە بېرىپ،
مەن باقايمۇ چارۋاڭنى؟

يۇلغۇن دەستىسى دەستە،
ساپ بولامدۇ كەتمەنگە؟
يار بولامدۇ تاش يۈرتلۈق،
ماڭا ئوخشاش دەردمەنگە.

ئۆيىڭىز كۆل بېشىدا،
يەلپۈنەر گۈللىرىڭىز.
ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرۇپ،
قانداق ئۆتەر كۈنلىرىڭىز؟

ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ؟
پىيالەڭدە چاي بارمۇ؟
ئاخشاملىقتا باردىيسەن،
سۆزلەشكۈدەك جاي بارمۇ؟

سالقىن شامال چىقسا،
دەل ـ دەرەخلەر ئەگمىتۇ؟
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
سۇ سەپكەنگە سەگمىتۇ؟

قۇرغۇي بولاي دېگەنمۇ؟
لاچىن بولاي دېگەنمۇ؟
ئون بەش كۈندە بىر كېلىپ،
جاننى ئالاي دېگەنمۇ.

ئوتۇڭ بىلەن داغلايسەن،
زۇلپىڭ بىلەن باغلايسەن.
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
بەلگىسى قارا قاشتا.
ئەسلىي مەيلىڭ بولمىسا،
نېمىشقا ئويىنغان باشتا؟

كېلەرمەنمۇ، كېتەرمەنمۇ،
مەن يارنى كۆرەرمەنمۇ.
لەۋلىرى شېكەر يارنى،
قانغۇچە سۆيەرمەنمۇ؟

كېتەرمەنمۇ، كېلەرمەنمۇ؟
سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ.
سېنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم،
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ؟

ئاي مۇسەللىك يارىم سەن،
كۈن مۇسەللىك يارىم سەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
ساق سالامەت بارمۇ سەن؟

بۇلبۇل سايرىدى كەتتى،
كاككۇك سايرىدى كەتتى.
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
كىم مۇرادىغا يەتتى؟

خۇشمۇ خۇش ياراشىپتۇ،
ئوق ئۆستەڭگە تىزغان تاش.
سەن يارىمغا ئايانمۇ؟
كۆزدىن ئاققان دەردلىك ياش.

ئالمىنىڭ تاياقىمۇ؟
بېيىنىڭ تاياقىمۇ؟
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
يارنىڭ ئىشتىياقىمۇ؟

سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ،
سۇنى سەن لېيتتىڭمۇ؟
باغرىڭغا تاشنى قويۇپ،
سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟
(ن) جېنىم يارىم ئاق سۆزۈك،
دەپتىمەن سېنى تۆزۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بېشىڭنى تاراپ بولۇپ،
ئاپپاپتا قورۇتتۇڭمۇ؟
مەن سېنى ئۇنتۇتمىسام،
سەن مېنى ئۇنتۇتتۇڭمۇ؟
(ن) ئوماق يارىم ئاق سۆزۈك،
ئالدىڭدا گېپىم تۈزۈك.

مەن ساڭا نېمە قىلغان؟
باغرى تاشلىق قىلغىلى.
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇپ،
كۆزۈمنى ياشلىق قىلغىلى.
(ن) بوغماق خېنىم ئاق سۆزۈك،
يار بولساڭ ئوينا تۈزۈك.

ئاخشام بارسام مەلەڭگە،
بارغىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟
بەلگە بەرسەم يېنىشلاپ،
بىر چىقمايسەن ئۆلدۈڭمۇ؟

ئىشكايلاڭدىن ئۆتتۈممەن،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟
ئاي ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتتى،
بىر چىقمىدىڭ، ئۆلدۈڭمۇ؟

ئاخشام باردىم مەلەڭگە،
بارغىنىمنى بىلدىڭمۇ؟
شۇنچە كۈتسەم چىقمايسەن،
يوتقان بېسىپ ئۆلدۈڭمۇ؟

ئىشىك ئالدىدا بۇلبۇل،
گۈلگە قاراپ سايرايدۇ.
دەردى بارمۇ قىزچاقنىڭ،
ئاھ خۇدا دەپ يىغلايدۇ.

ئىشىك ئالدى چىنارغا،
ئات باغلىسا تۇرمايدۇ.
سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى،
ياققۇنلايدۇ ئۆچمەيدۇ.

ئىشىك ئالدى قوش تېرەك،
ئىگىلەيمۇ دېمەيدۇ.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
بىر كېلەيمۇ دېمەيدۇ.

ئىشىك ئالدى كۆلچەككە،
گۈل تېرىپ شاخلاتمىسام.
خەپ خۇدايىم بۇيرۇسا،
مەن سېنى يىغلاتمىسام.

ئىشكايلاڭدىن ئۆتكەنگە،
كۆيۈپ قالدۇ دەمسەن.
مەندىن باشقا يارى يوق،
ئۆلۈپ قالدۇ دەمسەن.

ۋەدىلەشكەن ئىككىمىز،
تاختا كۆۋرۈك ئالدىدا.
پىنھانغىنە سۆيۈشتۇق،
باغ باراڭدا - دالدىدا.

سۆيۈۋالدىم دالدىدا،
قاپاق تېرەك ئالدىدا.
دوزاخ ئوتى ئوت بولامدۇ؟
سېنىڭ ئوتۇڭ ئالدىدا.

ئۆلتۈرۈپسىز دالدىدا،
جاگۇڭچاڭنىڭ ئالدىدا.
داڭ كەتكۈدەك ئوينايلى،
دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا.

ئېتىم بار، ئىگەرىم يوق،
بويىنۇمدا تۇمارىم يوق.
يەر ـ ئاسمان گۇۋاھ بولسۇن؟
سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

ئېتىم بار، ئىگەرىم يوق،
يۈرەكىم بار، جىگەرىم يوق.
ئىشقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
يالغۇزمەن، كۆمەرىم يوق.

ئېتىم بار، ئىگەرىم يوق،
پوتام بار، كەمەرىم يوق.
سەندىن كۆڭلۈم ئاغرىدى،
كېتەشىم بار، كېلەرىم يوق.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
خۇيمۇ كۆيدۇ چىراغ.
ناخشا ئېيتسام ئۈنۈم يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيى بەك يىراق.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى سېپىلگە سايىسى.
خۇيمىغىنە يىراق ئىكەن،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

تال ئۇچى تالغا يېتەمدۇ،
تال ئۇچى تالدىن يىراق.
كۆڭلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
ئۆيىمىز ئاندىن يىراق.

تال ئۇچى تاللارغا يەتسە،
تال بۇدۇشقاقتىن يىراق.
بولسىمۇ ئۆيلەر يىراق،
ئۆچمىگەي ئەسلا پىراق.

ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزلىنى خىللايدۇ.
ئالەمدە كىشى يوقتەك،
كۆڭلۈم سىزنى خالايدۇ.

www.uyghurkitap.com



قىزىل ئالما پىشىپتۇ،
هويلىڭىزغا چۈشۈپتۇ.
شۇنچە قىز ئارىسىدىن،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

ئېگىز تاغنىڭ كەينىدە،
ئۈلاي، كەكلىك سايرايدۇ.
ئۈيناي دېسەم يار تولا،
كۆڭلۈم سىزنى خالايدۇ.

يارىم بىلەن ئۈبدان ئىدۇق،
ئايرىلىپ يامان بولدى.
يار ئوتىدا چىرايىم،
سارغىيىپ سامان بولدى.

ئىچىم قاينايدۇ-قاينايدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
ئۆمرۈم دەردتە ئۆتەرمۇ،
ئېچىلماي توزۇغان گۈلدەك.

زار - زار يىغلاپ يۈردۈم،
ئېيتىپ قويۇڭلار يارىمغا.
يىغلىتىپ ئوتلارنى ياقتى،
مېنىڭ خەستە جانىمغا.

بەرگىنە شارابىڭنى،
ئىچىپ تازا مەست بولاي.
كۆڭلۈمدىكى دەردىمنى،
بىردەم بولسىمۇ ئۇنتاي.

مەن قاچان چوڭ بولىمەن،
يارىم بىلەن تەڭ بولىمەن.
سۆزىگە سۆز قايتۇرۇپ،
دەردىگە دەرمان بولىمەن.

لەنگەر سىپىي ئۇزۇن ساي،
مېنەي دېسەم ئېتىم تاي.
بىر يىل دېگەن ئۇن ئىككى ئاي،
توختاپ تۇرسىلا چوڭ بولاي.

يارىم بەرگەن ياغلىقنىڭ،
بىر بۇرجىكى چېكىلىك.
بىلمەيتىمەن قەدرىڭنى،
قانداق قىلاي كىچىكلىك.

قولۇمنى كېسىۋەتتى،
گۈش توغرايدىغان پىچاق.
يۈرەكنى ئېزىۋەتتى،
دۆك مەھەللىدىكى[1] قىزچاق.

راۋابىم جىرىڭلايدۇ،
ئىچىدە ماش بارمىكىن؟
مېنى كۆيدۈرگەن قىزنىڭ،
يۈرىكىدە تاش بارمىكىن؟

ئايمىدۇ، ئايلامدۇ؟
ئايغا بۇلۇت دالدامدۇ؟
سەن يارىمنى تاشلىسام،
يۈرىكىم پايلامدۇ؟

① دۆك مەھەللە — يەر نامى.

خۇشقىنا يارشىپتۇ،
پىشايۋاننىڭ تۈۋرۈكى.
ئاخىرەتكە باقتۇمەن،
ئىككىمىزنىڭ كۆيىكى.

ئەترە كۆمدۈم تاللىققا،
تالنى ئاچقاندا چىقار.
يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقى،
يارنى سۆيگەندە چىقار.

ئەترە كۆمدۈم تاللىققا،
تالنى ئاچقاندا چىقار.
ئىككىمىزنىڭ كۆيگىنى،
جاننى ئالغاندا چىقار.

يىگىرمە ئىككى ياشىمدا،
كۆڭلەر چۈشتى باشىمغا.
غېرىب بولدۇم شەھەرگىدە،
بىر كەلمىدىڭ قاشىمغا.

ئاي مىسالى چېھرىڭىز،
كۈن مىسالى مېھرىڭىز.
سىزنى ئىزدەپ خار بولدۇم،
بۇ جاھاندا بارمۇ سىز؟

ئانار گۈلى ئالۇرمەن،
مەن يارىمنى تاپۇرمەن.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
تاۋار يوتقان ياپۇرمەن.

قولۇڭدىكى كەتمەنمۇ؟
دولاڭدىكى چەكمەنمۇ؟
ئۆزۈمنى دەردمەن دېسەم،
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ؟

دەردمەنلىكتە مەن دەردمەن،
يارىمغا ياپاي چەكمەن.
يارىم ئەتمىسە چەكمەن،
يالىڭاچ يۈرەي دەيمەن.

ھاۋارەڭ كۆڭلەك كىيىپ،
ھاۋادا ئۇيىنغان يارىم.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
كارى بولمىغان يارىم.

بىر چېكىم تاماكا سالدىم،
كۆز يېشىم بىلەن نەملەپ.
ئوتتۇرىسىغا چوغ سالدىم،
ئىككى قولۇم بىلەن پەملەپ.

ئالسىلا يات ئالسىلا،
خوش ئېتىپ تالدى بىلەك.
كەلسىلە يات كەلسىلە،
چىدىماي قالدى يۈرەك.

كۈندە ـ كۈندە كەلسىلە،
چەكسىلە تاتلىق تۈتۈن.
يار چىلىم، تاماكىمىز،
چەكمىسىلە قويسىلا پۈتۈن.

www.uyghurkitap.com



تاماكىنى چەكسىلە،
ناۋات قوشۇپ چەكسىلە.
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
بىزنى تاشلاپ كەتسىلە؟

باغدا پاختەك، كۆلدە ئۆردەك،
ئۇچۇپ ئويناپ يۈرگىدەك.
كونا يارنى سوراپ باقسام،
شاپاق غاجاپ يۈرگىدەك.

ئاتلىرىڭنى قويۇۋەت،
يايلاقلاردا ئوتلىسۇن.
كونا يارغا دەپ قويۇڭلار،
غەيۋەت قىلماي ئولتۇرسۇن.

چالما ئاتسام بىغىڭغا،
ئالما شىخى لىڭشىيدۇ.
بىز ئىككەيلەن ئوينىساق،
كونا يارلار غىڭشىيدۇ.

يېڭى باغنىڭ يېمىشى،
كونا باغنىڭ يېمىشى.
يېڭى يارنى تاپقاندا،
كونىسىنىڭ نىمە ئىشى.

هاۋادا ئۇچاي دەملا؟
بۇلۇتقا مىنەي دەملا؟
باشىمدىن تۇما ئۆرۈپ،
كۆڭلۈمنى ئۇتاي دەملا؟

بادام دوپپام بار دەيسەن،
كىيەلمىگەن نىمەڭگە.
گۈلدەك يارىم بار دەيسەن،
سۆيەلمىگەن نىمەڭگە.

رەنا گۈلۈم بار دەيسەن،
ئېچىلدۇرۇپ قىسمايسەن.
گۈلدەك يارىم بار دەيسەن،
قول تۇتۇشۇپ چىقمايسەن.

هاراق ئىچسەم مەست ئەمەس،
تاماكا چەكسەم مەست ئەمەس.
بەلنى مەھكەم باغلىسا،
يارنى سۆيمەك تەس ئەمەس.

شاپتۇل شاخى پەس ئەمەس،
ئېگىلمىكى تەس ئەمەس.
بۇ كەمدىكى قىزلارنى،
گوللاپ سۆيمەك تەس ئەمەس.

ئاق خالات كىيىۋاپلا،
سېستىرا بولاي دەملا.
سېستىرادىن يار تۇتۇپ،
دوختۇرغا نىمە دەيلا؟

ئالما بەرسەم يېمەيلا،
بېهى بەرسەم يېمەيلا.
خوتەنلىكتىن يار تۇتۇپ،
كېرىيىلىككە نىمە دەيلا؟

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
شەرىڭدىن كېتەي ئەمدى.
مەن شۇنچە يامان بولسام،
كۆزۈڭدىن يۈتەي ئەمدى.

كەت دېسەڭمۇ كېتىمەن،
كەتمە دېسەڭمۇ كېتىمەن.
ئارىدا ئىككى قونۇپ،
يار قېشىغا يېتىمەن.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
ئاتام بىلەن ئانام قالسۇن.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ،
يۈرەكتە ئوتلىرى قالسۇن.

ئاران تىزغان مارجاننى،
ئويناپ كېلىپ چاچمىسىلا.
ھەر ئىش قىلساق تەڭ قىلدۇق،
بىزدىن ئۆنچە قاچمىسىلا.

بىر قونۇپ يېتىپ كەلدىم،
خوتەندىن مەن يەكەنگە.
يېڭىيا چە يار تۇتسام،
جىگدە سالدى بۆكۈمگە.

گۈلە ئالسام بازاردىن،
خۇۋەينە ئەمەس خەشەككەن.
يېڭىيا چە يار تۇتسام،
ئادەم ئەمەس ئىشەككەن.

گۈل باغمىنىڭ ئىچىدىن،
قاقمىغان قوزۇق چىقتى.
يېڭىيا چە يار تۇتسام،
ھەممىدىن بوزۇق چىقتى.

ئارىشىنىڭ دەرەخلىرى،
ئىگىلەيمۇ دېمىدى.
يېڭىدىن بىر يار تۇتسام،
بىر سۆيەيمۇ دېمىدى.

خېلى بولدى كەتكىلى،
كېلىڭ يارىم دېمىدىڭ.
توڭكىدا[1] كۆمەچ قويۇپ،
ئېلىڭ يارىم دېمىدىڭ.

مەن ئۇ يەرنى توز دېسەم،
توز ئەمەسكەن داۋانكەن.
مەن يارىمنى قىز دېسەم،
قىز ئەمەسكەن جۇۋانكەن.

مەن بازارغا بارمايمەن،
سودىگەرگە قەرزىم بار.
قىز ئالسام جۇۋان چىقتى،
قېيناتامغا ئەرزىم بار.

مېنى مۇنداق مەست قىلغان،
چوكاننىڭ قەلەم قاشى.
چوكان ئۆزىنى تۇتمىسا،
ئۆلۈمگە كېتىدۇ باشى.

---

[1] توڭكا — لىگەن مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چوكان ئايلىكامنىڭ قىزى،
ئايلىكاڭدىن غەم يىمە.
ئېرىڭ ئۆلسە مەن ئالۇرمەن،
تويلۇقۇڭدىن غەم يىمە.

ئىشىك ئالدى سالاسۇن،
سالاسۇندىن قاراسۇن.
بىزنى دېگەن يارانلار،
بەلنى مەھكەم باغلاسۇن.

يارىم ئۆزىنى چاغلاسۇن،
پوتىدا بىلىنى باغلاسۇن.
بىزنى دېگەن يارانلار،
ئاھ يۈرىكىم دەپ يىغلاسۇن.

قاسقاندا مانتۇ، تونۇردا سامسۇ،
يېمەيمەن ئاكا دەپ يىغلاسۇن.
تاۋادا يوتقان، مەخمەلدە كۆرپە،
ياتمايمەن ئاكا دەپ يىغلاسۇن.

ئاق ئايدىڭدا بارسۇن دەپ،
سالام يوللىغان يارىم.
مەن بارسام ئۆزى چىقماي،
كۆندە گوللىغان يارىم.

ئىشقىم تاشىدۇ شۇنچە،
ئويلىغانسېرى سىزنى.
ئۇۋالىم بولار سىزگە،
گوللاپ قويسىڭىز بىزنى.

ئاق تىكەن گۈر - گۈر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.
دەردى بار ئوتتا كۆيەدۇر،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

دۇتارنى چالاي دەيمەن،
چالاي دېسەم تارى يوق.
دەردى بارلار ئاڭلايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

راۋابنى چېلىشۇەردىم،
ئالتە ئەمەس، بەش تارىدا.
دەردى بارلار تىڭشايدۇ،
دەردى يوق ئۆز كارىدا.

يىغلىمايمەن ئاھ ئۇرۇپ،
قەدرىمنى ھېچ بىلمىدىڭ.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

سايىسىز بوستانلىقتىن،
چۆل-باياۋان ياخشىراق.
قەدرىنى بىلمەس ئادەمدىن،
بىلسە ھايۋان ياخشىراق.

تۆگمەنگە بارمايمەن،
ئۇن توزۇيدۇ ياقامغا.
كۆڭلۈم ئاغرىدى سەندىن،
قارىمايمەن ئارقامغا.

سىلە نەدىن؟ — نۇرىدىن،
تۆتۈن چىقسۇن مورىدىن.
ئىككى يار تۇتقان خېنىمنىڭ،
پوتلا ئېقىپتۇ بۇرنىدىن.

سوپىياڭ سىرىق بولۇر،
قۇم ياقىسى تېرىق بولۇر.
ئىككى يار تۇتقان خېنىمنىڭ،
چىرايى سىرىق بولۇر.

تاماكاڭنى چەكمەيمەن،
تۇتقىنىڭغا ھەشقاللا.
ئاداش بولىلى دەيدۇ،
ئەر ئالمىغان داشقاللا.

تاماكاڭنى چەكمەيمەن،
تۇتقىنىڭغا ھەشقاللا.
يارى يوق دېگەن بىلەن،
يارسىز قالماس ياش باللا.

تارتمايمەن تاماكاڭنى،
تۇتقىنىڭغا ھەشقاللا.
يار تۇتماي يۈرەلمەيدۇ،
لەڭگەردىكى ياش باللا.

تاماكاڭنى چەكمەيمەن،
ئىخلاسىڭغا ھەشقاللا.
شەرەت قىلسام ئۇقمايسەن،
چاقىرايمۇ ئاشكارا.

يارىمنىڭ ئۆزى تۈزۈك،
ئالدىمدا گېپى ئۈزۈك.
مېنى يامان دەپ بېرىپ،
كىمنى تاپتىڭ ئاق سۈزۈك.

ئوڭ قولۇمدا ئۈن ئۈزۈك،
چەپ قولۇمدا بىلەزۈك.
مېنى سۆيگەن لېۋىڭدە،
كىمنى سۆيدۈڭ ئاق سۈزۈك.

ئۆستەڭ قېشى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.
مېنى سۆيگەن لېۋىڭدە،
كىمنى سۆيدۈڭ قەلەمقاش.

ئون قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
ئونىلىسى تىللاكۆز.
مېنى سۆيگەن لېۋىڭدە،
كىمنى سۆيدۈڭ قارا كۆز.

قىزىل - قىزىل پىيازىنىڭ،
پوستى تولا يار سەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتىنىڭ،
دوستى تولا يار سەنەم.

قارا - قارا قاغىلار،
خاماندىدۇر يار سەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر،
ئارماندىدۇر يار سەنەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دۇتار بىلەن تەمبۇردا،
پەدە تولا يار سەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ،
دەردى تولا يار سەنەم.

ئاپئاق - ئاپئاق توشقانلار،
سايدا ئوينار يار سەنەم..
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر،
تويدا ئوينار يار سەنەم.

ئىتىزلىقتا يەر ھەيدەيدۇ تراكتور،
بىزنىڭ ياردا ئۆسۈپ قاپتۇ خاراكتىر.
يارىم مېنى يارىم دەپ يۈرگەن بىلەن،
ئۆز كۆڭلىدە تۇتقان يارى بۆلەكتۇر.

دىرىزەڭنى چەكمەيمەن جالاقشىتىپ،
گەپ قىلدۇرماڭ ساراڭنى ۋالاقشىتىپ.
يار ئۆزى خالاپتۇ بوغالتىرنى،
مەنمۇ ئالدىم سەنپەننى تاراقشىتىپ.

يارىم بىلەن مەن بىرىپ،
باغدىن گۈل ئۈزۈپ ياندىم.
يارىم ئەمدى يار تۇتسا،
مەن ئۇنى كۆرۈپ ياندىم.

بىزنىڭ باغدا چىننىگۈل،
ئات باغلايدۇ مىرا قول.
كەلگىنىم يامان بولسا،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

يارىمنىڭ قارا چاچى،
بەك تولىكەن ئاداشى.
دەپ قويۇڭلار يارىمغا،
ئۆلۈمگە كىتىدۇ باشى.

گۈلنى گۈلگە بەردىڭىز،
گۈلنى تىكەنگە بەردىڭىز.
ماڭا كۆيگەن كۆڭلىڭىزنى،
ئەمدى كىمگە بەردىڭىز؟

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى قارا، تۆتى ئالا.
سەككىز ئاي ئوتتۇڭدا كۆيسەم،
بىلمىگەن كۆڭلى قارا.

تۈڭلۈكتىن تولا ماراپ،
ئۆگزەمنى كاما قىلما.
باشقا يار تۇتۇپ بولدۇم،
ئەمدى سەن تاما قىلما.

ھاراق ئىچسەم قاۋاقتا،
مەست قىلمايدۇ سوغۇقتا.
بىزنى يامان دىگەنلەر،
گازارمىدا سولاقتا.

ئۇيانمىدىن ئۆتكەنلەر،
بۇيانمىدىن ئۆتمىسۇن.
بىزنى يامان دىگەنلەر،
مۇرادىغا يەتمىسۇن.

لاختىمۇ لاختا بىر لاختا،
كۆۋرۈكۈك تۆمۈر تاختا.
بىزنى يامان دېگەنلەر،
قان قۇسسۇن ئۆلەر ۋاقتا.

تامغا چىقسام تەڭلەتە،
سالقىن شامال راۋانكەن.
سەھرالىقتىن يار تۇتسام،
ئۆزى كىچىك نادانكەن.

بىزنىڭ باغدا ئەتىرگۈل،
ئالتۇن گۈلنى پۇرامسەن؟
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ،
گۆھەرنى تاشقا ئۇرامسەن؟

چىلگە سارغىيىۋالدى،
كېۋەزلىكتە پىلەكتە.
چاقىرسامۇ كەلمىدىڭ،
دەردىم تولدى يۈرەككە.

ئولتۇرمايمەن ھارۋاڭغا،
چاي قۇيمايمەن گاڭزاڭغا.
ئوسما قويساڭ قويۇۋەر،
چۆمچەيمەيمەن[1] ياڭزاڭغا.

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
تال بوستاننىڭ ياقىلىقىدا.
يۈرىكىم سوقۇپ كەتتى،
بىۋاپانىڭ خاپىلىقىدا.

شىلدىر - شىلدىر قومۇشلار،
شامال چىقسا ئەگىيدۇ.
ئوت كەتكەن بۇ يۈرىكىم،
سېنى سۆيسەم سەگىيدۇ.

شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا،
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا؟
ئۆزۈڭ بولدى كۆرمىدىم،
مەندىن قاچتىڭ نېمىشقا؟

شىلدىرلىغان قومۇشقا،
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا؟
ماڭا كۆڭلۈڭ بولمىسا،
باشتا سۆيدۈڭ نېمىشقا؟

بىزنىڭ باغدا ياڭاق بار،
بەش شېشىدە ھاراق بار.
ھارىقىڭنى ئىچمەيمەن،
قىيامەتتە سوراق بار.

بىزنىڭ باغدا ياڭاق بار،
بەش شېشىدە ھاراق بار.
ئوينىمايمەن سەن بىلەن،
تۇتۇلۇپ قالسام تاياق بار.

كىمنى كۆرسە دوست دېگەن،
ئۇچمە كۆكۈل بىز ئەمەس.
بىرنى كۆرسە، بىرنى ئۇنتۇپ،
يۈرگەن ئوغۇل بىز ئەمەس.

① چۆمچىيىش — تەلمۈرۈش، ھېرىسمەنلىك.

www.uyghurkitap.com



يار ئۇچۇن بالا كەلسە،
تۆھمەت قىلغان بىز ئەمەس.
يارنى سۆيگەن ئىغىزنى،
ئاچچىق قىلغان بىز ئەمەس.

ئۆستەڭ باشىدا قۇدۇق،
قۇدۇق باشىدا تۇردۇق.
سەن ئۇياقتا ئوينىساڭ،
بىزمۇ ئوينىغاچ تۇردۇق.

ئۆستەڭ بېشىدا ياتىپ،
خام تاماكىنى تارتىپ.
يار كەلمەيدۇ ماي تارتىپ،
مەن بارمايمەن ھال تارتىپ.

ئۆستەڭ باشىدا كاتۇ①،
روشەنخان دۇتار چاتۇ②.
روشەنخان دۇتار چاسا،
ئەلنىڭ ئاغزى ھاڭ③قاتۇ④

ئۆستەڭ باشىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شىخى يالغۇز.
يارىم بار دىگەن بىلەن،
يۈرىمەن تىخى يالغۇز.

زەپ چىرايلىق ئۆسۈپتۇ،
ئۆستەڭ بېشىدا يالپۇز.
مەن كېرىيىدىن كەتكەندە،
يىغلاپ قالسەن يالغۇز.

ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن،
مەن يارغا نىمە دەمەن.
يارىم كەلمىدىڭ دىسە،
ئانام قويمىدى دەمەن.

ئىسىل دوپپا كىيدىم دەپ،
كىيگەنلىرىڭ ئۆرۈمە.
مىنى يامان دەپ بىرىپ،
سۆيگەن يارىڭ سۆرىمە.

ئۆستەڭ ياقلاپ بىرىپ،
ئاچقان سۇلىرىڭ شۇمۇ؟
مىنى يامان دەپ بىرىپ،
تۇتقان يارلىرىڭ شۇمۇ؟

ئۆستەڭ ياقلاپ بىرىپ،
تاش تىزغانىنى كۆرەلا.
مىنى يامان دىسلە،
يار تۇتقاندا بىلەلا.

① كاتۇ — كارىۋات.
② چاتۇ — چالىدۇ.
③ ھاڭ — ئۇچۇق ئىچىلىپ.
④ قاتۇ — قالىدۇ.

سېرىق سۆگەت ئاستىدىن،
سايە تاپتىڭمۇ يارىم.
بىزنى يامان دەپ بېرىپ،
پايدا تاپتىڭمۇ يارىم.

ئاناڭ قىچقاردىمۇ كاككۇك،
داداڭ قىچقاردىمۇ كاككۇك.
قەپەسنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كاككۇك.

ئۇچۇپ ئاسمانغا چىققاندا،
لاچىن سوقسۇن سېنى كاككۇك.
يېنىپ دەرياغا چۈشكەندە،
لەھەڭ يۇتسۇن سېنى كاككۇك.

ئاتچاندىكى[1] تاغلارنىڭ،
باغرى تېرىم ئەمەسمۇ؟
ئازار بەرمەڭ كۆڭلۈمگە،
كۆڭلۈم يېرىم ئەمەسمۇ؟

ئۆشنەڭدىكى كايەڭنى،
دىكامىكىن دەپتىمەن.
دالۇ ئالدىدا تۇرساڭ،
بىكارمىكىن دەپتىمەن.

بېشىڭدىكى ياغلىقنى،
قىزىلمىكىن دەپتىمەن.
چىرايىڭغا بىر قاراپ،
ئېسىلمىكىن دەپتىمەن.

يارىمغا سالام يازدىم،
ئاق قەغەزگە بېيىتچىلاپ.
يارنى سۆيسەڭ راسا سۆي،
ھارۋىكەشتەك دىيىتچىلاپ.

تۆگە باقتىم يانتاقتا،
ئۆچكە باقتىم قامغاقتا.
يارنى سۆيسەڭ نىقتاپ سۆي،
ئورناپ قالسۇن تامغاقتا.

## ھىجران تېمىسىدىكى قوشاقلار

چېچىڭ قارا قۇندۇزمۇ؟
كۆزۈڭ چولپان يۇلتۇزمۇ؟
سەن يارىمنى سېغىندىم،
كېچە بارايمۇ كۈندۈزمۇ؟

مەن چۈشكۈنگە ماڭغاندا،
يارىم نان يېقىپ قالغان.
قايتىپ كېلىڭ ئامان دەپ،
كۆزلىرىگە ياش ئالغان.

---

① ئاتچان — يەر نامى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەتىگەندە ـــ شەبنەمدە،
گۈللۈك تاۋۋىدە نەمدە.
ئوينىتاقىلى يارىم يوق،
ئۇخلاپ قالىمەن غەمدە.

كاككۇكۇم ئۈچۈپ كەتتى،
بېغىمدا ئۇزاق سايراپ.
كۆزلىرىم سىزىپ كەتتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

بەتنىكەم ئاقارغاندا،
قارا مايدا مايلايمەن.
مەن يارىمنى ئەسلىسەم،
ئاي چولپانغا قارايمەن.

بىشكىدىكى دوپپاڭنى،
قانداق يېپىتا يۆمەيمەن؟
سەن يارىم قەلەمقاشنى،
قاچانغىچە كۆرمەيمەن؟

ھۇشۇق ئاتسام كەسكەن،
ئۇتتۇۋالسام بەسكەن.
كۆڭلۈمدىكى شول يارىم،
سېغىنغاندا كەسكەن.

تاغقا چىقتىم گەنجىگە،
ئىچىم تولدى رەنجىگە.
قاچان يېتىپ بارارمىز،
يايرىم تۇرغان كەنتىگە.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
تاپالمىدىم، ساپالمىدىم.
سەن يارىمنى كۆپ ئويلاپ،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.

ئۆستەڭنىڭ تېگى تاختا،
كەلمەيسەن دېگەن ۋاقتا.
مەن يارىمنى ياد ئېتىپ،
يىغلايمەن سەھەر ۋاقتا.

خان كۆۋرۈكىدىن مەن ئۆتتۈم،
ئالما شاخىنى تۇتتۇپ.
سەن ئۇيياندا، مەن بۇياندا،
ئاھ ئۇرۇپ ـ قانلار يۇتۇپ.

ئىشىك ئالدى ئايۋانىڭ،
ئايۋانىڭدا سارايىڭ.
نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى،
باشتا قىلغان قارايىڭ.

ئوچاقىڭغا ئوت قالاپ،
يۈزلىرىم قارا بولدى.
سېنى مەن تولا ئويلاپ،
يۈرىكىم يارا بولدى.

سەۋزىرەڭ قۇشقاچ بولۇپ،
سايراپ شېخىمغا قونمىدىڭ.
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ،
بىردەم قېشىمدا تۇرمىدىڭ.

ئالما تۈۋىدە تۇرغاندەك،
بىھى تۈۋىدە تۇرمايمەن.
ساڭا قويغان چېيىمنى،
ھېچ كىشىگە قويمايمەن.

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
ئاڭلىغىن دىلىڭ بىلەن.
ئالتە كۈنلۈك ئۆمرۈڭنى،
ئۆتكۈزگىن مېنىڭ بىلەن.

دۇتارنى ئېلىپ قويدۇم،
چالاي دېسەم تاۋۇم يوق.
ئۆتەرمەنمۇ دۇنيادىن،
ئۆزۈم يالغۇز، يارىم يوق.

تالاغا چىقىپ باققىن،
سالقىن بىر شامال بارمۇ؟
دەردىڭدە يۈرەك كۆيدى،
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

گۈل دېگەننىڭ گۈلى مەن،
گۈزەل ئانار يۈز.
خەت يازغانغا تۈگەمدۇ،
يۈرەكتىكى سۆز.

سايراپ - سايراپ ھارمايدۇ،
بىزنىڭ باغدا سېغىزخان.
سەن ئۇ يەردە سېغىنساڭ،
مەن بۇ يەردە سېغىنغان.

بېغىڭدىكى شاپتۇلنىڭ،
شاخى بەكمۇ پەس ئىكەن.
چىقمامسەن تالا - تۈزگە،
سېنى كۆرمەك تەس ئىكەن.

ئۆيىڭىز يىراق ئىكەن،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئۆتتىڭىز يامان ئىكەن،
كۆيۈكتە ئۆلگۈدەك بولدۇم.

ئالما بەردىم قولۇڭغا،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
يارىم سېنىڭ يولۇڭغا.

قولۇڭدىكى تاياقمۇ؟
شىشەڭدىكى ھاراقمۇ؟
بىرە - بىرە كەلمەيسەن،
ئۆيۈڭ شۇنچە يىراقمۇ؟

دۇتارىمنى چالغىلى،
يەتتە غۇلاچ تارىم بار.
سېغىنغاندا سۆيگىلى،
بۇلبۇلدەك بىر يارىم بار.

ئۆي ئالدىدا قوناق بار،
ئۆزۈم چىقىپ تاقلايمەن.
يانچۇقۇمدا ناۋات بار،
ئادىشىمغا ساقلايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساتارىمنى سايراتتىم،
يىپكى چىققان ناخشىغا.
مەنمۇ كۆيدۈم، ئەلمۇ كۆيدى،
جانان سەندەك ياخشىغا.

مەن باشقا بىرىپ باقسام،
ئۆردەك بىلەن غاز ئاتسام.
ئۆردەك بويلۇق جۇۋانىنى،
باغرىمغا تىكىپ ياتسام.

قارا لاينى كەسكۈچە،
مەيلى يوقتا تەگكۈچە.
ئۆلۈپ كەتسەم بولمامدۇ،
ئىبادەتنى ساتقۇچە.

بۇلبۇلۇك بولاي دەيمەن،
شاخىڭغا قوناي دەيمەن.
ئاندا يارىڭ بولمىسا،
مەن يارىڭ بولاي دەيمەن.

يارىڭ ئىشكى دەملەگلىك،
يان ياغاچقا يەملەگلىك.
ئاخشام بەرگەن تاماكا،
كۆز يىشىمدا نەملەكلىك.

قىشلىك دەيمۇ، كۆزلۈك دەيمۇ،
سىياقىڭ قىلدى مەستانە.
شۇ خوتەندە يوقمىكىن،
سەن يارىمدەك جانانە.

ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەندە،
تار كۈۋرۈكنى سالدىڭسەن.
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
يۈرەككە ئوتنى سالدىڭسەن.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سىپىل ياقىلاپ سايراپ.
يۈرىكىم ئىقىپ كەتتى،
سىنىڭ يولۇڭغا قاراپ.

سىنى دەپ دەريانى كەزدىم،
ئۆلمىدىم سۇدا ئىقىپ.
گاھى ئەقلىم بىرلە باردىم،
گاھى ئەقلىمدىن ئىزىپ.

ئاتىم سۇنى ئىچمەيدۇ،
غازى بارمىكىن كۆلدە؟
يارىم تالاغا چىقمايدۇ،
ئاداشى بارمىكىن ئۆيدە؟

ئاتىم بار قارا يەردە،
يارىم بار هارامزادە.
ئاشۇ يارىڭ دەردىدە،
بولسەن ئالاقزادە.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئىرغىتاي يارىم.
ناخشامغا قىتىۋىلىپ،
سىنى يىغلىتاي يارىم.

كۆيمىدى دەمسەن مېنى،
كۆل بولۇشنىڭ ئورنى يوق.
ساڭا كۆيگەن يۈرەككە،
سۇ سېپىشنىڭ ئورنى يوق.

سەن ئاسمانغا قارايسەن،
بىزنىڭ كۆلدە ئاي يوقمۇ؟
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
ماڭا باشقا يار يوقمۇ؟

لىپ ـ لىپ ئېتىدۇ كۆڭلۈم،
يار قېشىغا بارغىلى.
لېۋىگە سۆيۈپ قويۇپ،
تەننى تازا قىلغىلى.

ئىشىك ئالدى قۇم بولسا،
تاۋۇز بەلەن ئۆسمەمدۇ؟
سىز يارىمنى كۆرسەممەن،
كۆڭلۈم تاغدەك ئۆسمەمدۇ؟

باغ ئىچىدە بوستانلار،
ياشىرىپتۇ چوكانلار.
ھاۋاخاننى سېغىنىپ،
ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار.

بۇلبۇللار ئۇچۇپ كېلىپ،
قونسا گۈلنىڭ شاخىغا.
ئۇچار قانىتىم بولسا،
تېز يەتسەم يار قاشىغا.

تۇرنىلارنىڭ يولى يوق،
يول سالارنىڭ ئورنى يوق.
ئۆزۈڭ كەلمىسەڭ يارىم،
مەن بارارنىڭ ئورنى يوق.

تراكتوردا ئولتۇرۇپ،
ئېيتقىنىڭىز ناخشىمۇ؟
ئالتە ئاي بولدى كۆرمىدىم،
ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

كېتەرسەنمۇ يۇرتۇڭغا،
مېنى تاشلاپ ئۇتۇڭغا.
مەن تەلمۈرۈپ قارايمەن،
سېنىڭ كېلەر يولۇڭغا.

دەردىمنى يار بىلەرمۇ؟
قاراپ ماڭا كۈلەرمۇ؟
مەن ئىزدىسەم مىڭ قېتىم،
يار بىر قېتىم كېلەرمۇ؟

ئاق پوسما، قارا پوسما،
مەن كىيسەم ياراشقايمۇ؟
ئوينىسام يارىم بىلەن،
خالايىق قاراشقايمۇ؟

ھويلاڭدىكى تېرەككە،
ئوت كەتتىمۇ، نېم بولدى.
بىز ئېككىمىز ئامراقتۇق،
كۆز تەگدىمۇ، نېم بولدى.

www.uyghurkitap.com



هويلاڭدىكى ئۈتۈڭنى،
ئاپپالتىدا يارامسەن؟
كېتىۋېلىپ يۈرتۈڭغا،
جاننى مۇنچە قىينامسەن؟

باشىڭدىكى تۇماقمۇ؟
قولۇڭدىكى چۇماقمۇ؟
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئالما بىجىق① ئۇماقمۇ؟

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
پەسكە چۈشەي دېدىڭمۇ؟
جاننى قىيناپ يۈرگۈچە،
ئۆلۈپ قالاي دېدىڭمۇ؟

ئۇسما قويغان قاشىڭغا،
يامغۇر چۈشسە ئۆچەرمۇ؟
قەلبىمدىكى ئىشقى ئوت،
يارىم ساڭا كۆچەرمۇ؟

دۇتارنى چالالامسىز؟
پەدىسىنى باسالامسىز؟
چەت - يىراققا كەتكەندە،
ئوتۇمغا چىدالامسىز؟

قىزىلگۈللۈك چىنەمسىز،
قولغا ئالسام سۇنامسىز؟
ئالتە ئاي كۆيۈپ ئوتۇمدا،
ئايرىلىشقا چىدامسىز؟

يارىم كەتتى يىراققا،
قەلبىم تولدى پىراققا.
ئۇ يۈرىدۇ خەۋەرسىز،
مېنى سېلىپ ئازابقا.

لاچىن بولۇپ ئاسماندا،
ئۇچساممەن يىراقلارغا.
يارىمنى كۆرۈۋالسام،
چۆكمەستىن پىراقلارغا.

تومۇچۇق كېلىپ قوندى،
قىزىلگۈلنىڭ شېخىغا.
سېغىنغاچ كېلىپ قالدىم،
سەن يارىمنىڭ قېشىغا.

ئىسىلماڭ بىلەكىمگە،
مەن يېتەي تىلەكىمگە.
سېغىنىپ نىگارىمنى،
ئوت كەتتى يۈرەكىمگە.

① بىجىق — ئەمچەك.

ئايغا ئوخشاتتىم سېنى،
كۆنگە ئوخشاتتىم سېنى.
ھەپتىنىڭ بۇيانىدا،
شۇنچە ياد ئەتتىم سېنى.

ئېگىز قۇمدىن سىيرىلدىم،
سىيرىلغاننى كىم كۆردى؟
يارىم سېنى سېغىندىم،
ساڭا مەندەك كىم كۆيدى؟

سېغىنغاندا يار سېنى،
تىكىلىمەن بۇلاققا.
تۈننى تاڭغا ئۇلايمەن،
چىداپ ھىجران - پىراققا.

سېغىنغاندا يار كەلسە،
باشلىقۋالسام ئۆيۈمگە.
ئۇنىڭ نازۇك قولىنى،
سۈرتمەسمىدىم كۆزۈمگە.

ئاخشام ئۇچقان ھاۋاجاز،[1]
تېرەكىمنى سۇندۇردى.
سېغىنىشنىڭ ئوتلىرى،
گۈل يۈزۈمنى سولدۇردى.

باغلىرىڭغا باقمەن،
ئېرىقىڭدا ئاقمەن.
سەن كەلگەندە ئامرىقىم،
باغرىمغا چىڭ ياقمەن.

دۇتارىمنى چالغاندا،
ئۈزۈلمەيدۇ پەي تارى.
مەن كەلگۈچە ساقلىغىن،
سەن كۆڭلۈمنىڭ خۇشتارى.

قىڭراقنى بەرسىڭىز،
پىياز بولسا ئاقلايمەن.
بىر تال رەسىم بەرسىڭىز،
يۈرىكىمدە ساقلايمەن.

يارىم بەرگەن ئاق مارجان،
پارقىرايدۇ بوينۇمدا.
نىگارىمغا ساقلايمەن،
بىر جۈپ ئالما قوينۇمدا.

دىرىزەڭنى چېكىمەن،
چىقالمساڭ كېتىمەن.
ئۇخلاپ قالما ئامرىقىم،
تاڭ ئاتقىچە كۈتىمەن.

---

① ھاۋاجاز — ئايروپىلان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باغىڭدىكى شاپتۇلنىڭ،
شاخلىرى ئەجەب پەسكەن.
چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
سېنى كۆرمەك بەك تەسكەن.

ئۈچاقتا ئۈتۈن سالدىم،
چوغلىرىنى ئۈششاقلاپ.
ئۇخلاپ يېتىپ چۈش كۆردۈم،
سەن يارىمنى قۇچاقلاپ.

شامال كەلدى قىلغۇدىن،
سەن يارىمنى سورايمەن.
كەلسە خەۋەر سېنىڭدىن،
يولغا چىقىپ قارايمەن.

تاراغىزنىڭ[1] بويىدا،
قەغەز قەلەم قولۇمدا.
غېرىب بولساڭ ئەسلەرسەن،
كېتىپ بارغان يولۇڭدا.

لەڭگەر سېيى[2] بېشىدا،
شۈنچە تولا قورام تاش،
سەن يارىمنى ياد ئەتسەم،
قۇرۇمايدۇ كۆزدىن ياش.

بىۋاپالار كۆيەمدۇ،
ئاشنىسىغا، دوستىغا؟
سەن يارىمدىن خەت كەلمەي،
نەچچە باردىم پوچتىغا.

تاغ ـ دەريانى بويلايمەن،
دائىم سېنى ئويلايمەن.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
قاراپ ـ قاراپ تويمايمەن.

قولو سايىنىڭ تاشلىرى،
مېنىڭ يارىمنىڭ قاشلىرى.
ئۇلۇغ سايدا ئاققان سۇ،
مېنىڭ يارىمنىڭ ياشلىرى.

قۇرغۇي قوندى قولۇمغا،
لاچىن قوندى باشىمغا.
سەن يارىمنى ياد ئەتسەم،
كۆلاڭ تولدى ياشىمغا.

چەكمە يۈرەك تارىمنى،
ئەلگە يايما زارىمنى.
قاچان بىرىپ كۆرەرمەن،
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى.

① تاراغىز ــ جاي ئىسمى.
② لەڭگەر سېيى ــ كېرىيىدىكى بىر سايىنىڭ ئىسمى.

يارىم بەرگەن ئاق كۆڭلەك،
لىغىلدايدۇ يۇغاندەك.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
يارىم قاراپ تۇرغاندەك.

ئاق جىگدەگىنى يىمەيمەن،
چىشىم ئاغرىيدۇ مىنىڭ.
مەشۇقۇم يادىمغا يەتسە،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مىنىڭ.

يايلىدۇقا يايلىدۇق،
ئۇيتوغراقتا يايلىدۇق.
ئىگىز دۆڭگە چىقىۋېلىپ،
يار قىنى دەپ يىغلىدۇق.

باغدا كاككۇك سايرايدۇ،
باھار كەلگەن ئوخشايدۇ.
كۆڭلۈم خۇش بولۇپ قاپتۇ،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

يارىم ئۆيدە ياتقاندۇ،
بىشى تەكىگە پاتقاندۇ.
يارنىڭ قىشىدا مەن يوق،
كىچە قانداق تاڭاتقاندۇ؟

ئانام بىرىدۇ دەشنام،
دادام بىرىدۇ دەشنام.
يادىمغا كىلىپ قاپسىز،
تايتاقتىكى[1] ئۈز ئاشنام.

ئۆگزىدىكى قومۇشنى،
مەن دەسسەپ ئۆتەرمەنمۇ؟
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
بىر كىچە ياتارمەنمۇ؟

ئارقا تاغقا بارغاندا،
تۇتۇۋالدىم تۈلكىنى.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
خۇدا بۇيرۇسا بىر كۈنى.

قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سىلىپ باققان يوق.
سىز ئۇ يەردە مەن بۇ يەردە،
مۇڭدىشىپمۇ ياتقان يوق.

جانان چىنەم سۇنۇپ كەتتى،
قامماي تۆلەپ بەرسىلە.
يۈرىكىمگە دەز كەتتى،
بىر كىلىپ كۆرۈپ كەتسىلە.

---

① تايتاق — خوتەن ناھىيىسىدىكى بىر كەنت.

www.uyghurkitap.com



تاڭ سەھەردە ئىرىقتا،
مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك.
قاچانغىچە يۈرۈيمىز،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

كۈن ئىگىلدى كەچ بولدى،
شاخ ئىگىلدى پەس بولدى.
سەن يارىمنى بىر كۆرمەي،
كۈن كەچ قىلماق تەس بولدى.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى،
جىگدىلىك ھەم يىدىلىك.
قالۇقتىكى① يارىمغا،
مەن ئەۋەتەي بەندىلىك②.

بۇگۈن ئايغا ئون يەتتە،
سىغىنغانسەن ئەلۋەتتە.
سىغىنمىساڭ شۇ پەيتتە،
ئەرزىم بار قىيامەتتە.

قالۇقتا گۈزە③ بولسا،
چارشەنبە بازار بولسا.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا.

ئۆيگە كىرسەم جىنچىراغ،
باغقا كىرسەم خۇشپۇراق.
سەن يارنى سىغىنغاندا،
باراي دېسەم يول يىراق.

كۆكچى سايىنى بويلىغان،
ساي بويىدا ئوينىغان.
سەن ئەمەسمۇ قەلبىمدە،
كېچە - كۈندۈز ئويلىغان.

ئىلىپ قولۇمغا بىر راۋاب،
چىقتىم مەن يارنى سوراپ.
تېپىۋالسام يارىمنى،
سۆيەر ئىدىم قەندەك شوراپ.

يىگىنئىرىقنىڭ④ يوللىرى،
شىلدىر - شىلدىر شاماللىق.
يادىڭدىمۇ ئەي يارىم،
بىز ئوينىغان سامانلىق.

شاخلايدۇيا - شاخلايدۇ،
قاپاق تېرەك شاخلايدۇ.
قاپاق تېرەك ئاستىدا،
يارىم مېنى ساقلايدۇ.

① قالۇق — جاي ئىسمى.
② بەندىلىك — ساقلىقتىن يېزىلغان خەت.
③ گۈزە — جاي ئىسمى.
④ يىگىنئىرىق — خوتەن ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

خام توقۇشنى ئۆگەندىم،
بابكارىڭنىڭ تەپكۈسىدە.
يارىم مېنى ياد ئەتسۇن،
سىلىپ ياتقان كۆرپىسىدە.

ئىچكىلى چاي بولمىسا،
ئولتۇرغىلى جاي بولمىسا.
ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟
كۆڭلۈمدىكى يار بولمىسا.

مەن ئۆستەڭگە ماڭغاندا،
كاجۇۋىدا تاش كەلدى.
سەن يارىمنى سېغىنىپ،
كۆزلىرىمگە ياش كەلدى.

بۇلبۇل شاختا سايرىسا،
گۈل قۇلاقى يەلپۈنەر.
يارىم كەتسە يىراققا،
يۈرەكلىرىم تەلپۈنەر.

ئاينىڭ ھۆسنى ئۆزۈڭدە،
كۈلكە باردۇر يۈزۈڭدە.
مەن سېنى سېغىنغاندا،
ياش كېلەدۇر كۆزۈمگە.

توخۇ سەھەر چىللىسا،
سۈزۈلۈپ تاڭ ئاتامدۇ؟
يارنى يار سېغىنغاندا،
ناخشىسىغا قاتامدۇ؟

ئايۋانىڭدا سەن ياتساڭ،
دېرىزەڭدىن ئاتاي تاش.
خېلى بولدى كەلمىگىلى،
نېمە بولدۇڭ قەلەمقاش.

ئارىدا قوم بولمىسا،
يارنى كۆرەردىم پاتمۇ پات.
يۈرىكىم زەردابقا تولدى،
لەيلى گۈلدەك قاتمۇ قات.

تۈزلۈق سۈنى كۆپ ئىچىپ،
ئىغىز بېشىم شور بولدى.
تولا قاراپ يولۇڭغا،
قارا كۆزۈم كور بولدى.

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
شاختا قونۇپ ئولتۇرۇپ.
خۇدايىمغا يىغلايمەن،
يارنى ئەسلەپ ئاھ ئۇرۇپ.

دۆكمۇ دۆڭ قۇمنى ساناپ،
ئالدىم قولۇمغا بىر راۋاب.
قايسى شەلەردە يۈرۈيسەن؟
مەڭزى قىزىل، باغرى كاۋاپ.

ئاق توخۇم، ئاپئاق توخۇم،
ئۆيىڭىزدە يوقمىدى؟
بىر كىتىپ ئۇنتۇدىڭىز،
كۆڭلىڭىزدە يوقمىدى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلغۇدىن شامال كەلسە،
گۈلنىڭ پۈرىقى دەڭلا.
ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم،
يارنىڭ پىراقى دەڭلا.

سۇ باشلىدۇق ئارىككە،
شارقىراپمۇ ئاققان يوق.
مەن بۇ يەردە، سەن ئۇ يەردە،
مۈكۈدىشىپمۇ باققان يوق.

تۇخۇم كۆمدۈم ئوچاققا،
ئېتىلغاندۇ بۇ چاغقا.
سىغىنمىغان تاش يۈرەك،
سىغىنغاندۇ بۇ چاغقا.

چىچىنى تارىغان يارىم،
قۇشتەك سايرىغان يارىم.
بىرىغىنا سۆيۈك دىسەم،
يەرگە قارىغان يارىم.

راۋابىمنىڭ تارىسى،
بىردىن ساناپ بەش كېلىدۇ.
بىزنى كۆيدۈرگەن خىنىم،
گۈلنى قىسىپ خۇش كېلىدۇ.

دۆڭ كوچىدا ناخشا ئېيتسام،
ئوي كوچىدا تىڭشايسىز.
ئاشكارىدا دومسىيىپ،
خالىي يەردە شىيلايسىز.

سەن چىرايلىق، مەن ئوچۇق،
ئاشنا بولايلىمۇ؟
چاسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا،
قول تۇتۇشۇپ ماڭايلىمۇ؟

تەكچىگە ئانار تىزدىم،
يارىم كەلسە كۆرسۇن دەپ.
ئانار يۈزلۈك مەڭزىمگە،
چوكۇلدىتىپ سۆيسۇن دەپ.

يانچۇقۇمدا بەش ئالما،
بەشلىسى سىزنىڭكى.
ئەسكى يارغا كۆڭۈل يوق،
ياخشى يارلار بىزنىڭكى.

ئالما بەردىڭ، يىمەيمەن.
غورا بەردىڭ، يىمەيمەن.
ئېچىمدىكى دەردىمنى،
ھېچ كىشىگە دىمەيمەن.

چىقىۋېلىپ تېرەككە،
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە.
مىنىڭ كۆڭلۈم ئۇنارمۇ،
سەندىن باشقا ـــ بۆلەككە؟

گۈل پەسلىدە باغدا سەن،
كۈز پەسلىدە تاغدا سەن.
ساڭا قىلدىم ئەقدە،
مىنى قويما داغدا سەن.

غەزەل ئوقۇماي دېسەم،
دەردىم ئوقۇتاي دەيدۇ.
يارغا قارىماي دېسەم،
ئوتى قارىتاي دەيدۇ.

ئاققىنا پاقلان بولۇپ،
قازاندا قايناشمىدۇق.
خالىدا سىرلار تۆكۈپ،
بىر قېتىم مۇڭداشمىدۇق.

باغقا ئوغرى كىردى دەپ،
چىراغ تۇتۇپ ئىز باقتىڭىز.
گۈل تۈۋىگە بىر كەلمەي،
يۈرەككە ئوتنى ياقتىڭىز.

ئۆرگۈلمەيدىكەن باللا،
چۆرگۈلمەيدىكەن باللا.
سىزدىن ئۆزگە يار تۇتسام،
باغرىمغا تىكەن ئاللا.

مىس چۆگۈندە سۇ قويدۇم،
قاينىغاندا بىلەلا.
ماڭا يالغان ئېيتسىلا،
كېسەل بولۇپ ئۆلەلا.

باغقا كىردىم چىتلاقتىن،
پەم بىلەن گۈل ئۈزەي دەپ.
گۈل تۈۋىدە يارىمنى،
باغ - باغ ئېتىپ سۆيەي دەپ.

بەجۇن قومۇش نەي ئالدىم،
يول يۈرگەندە چالاي دەپ.
ئاشۇ گۈزەل قىزلارنىڭ،
كۆڭلىگە ئوت سالاي دەپ.

ئۆستەڭ بويىدا ئوتياش،
سۇ قۇيۇلغاچ سولاشماس.
يار بىلەن كۆرۈشكەندە،
گېپىم زادى قولاشماس.

ئوق ئۆستەڭگە سۇ كەلدى،
سېغىز لايدا قاشلايلى.
ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدۇق،
مۇھەببەتنى باشلايلى.

كونا يولدىن ماڭغۇچە،
يېڭى يولدىن ماڭسامچۇ؟
تۇمۇچۇقتەك يارىمنى،
سۆيۈۋېلىپ يانسامچۇ؟

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
تاغنىڭ كەينىدە يۇرتۇڭ.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
كۆيدۈردى مېنى ئوتۇڭ.

ئايۋانىڭغا ۋاسا بولاي،
سارايىڭغا پەنجىرە.
تەلپىكىڭگە قاما بولاي،
ئېشىكىڭگە زەنجىرە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باغدىكى بۇلبۇل بولۇپ،
قونايمۇ بىلەكىڭگە؟
ئۇتۇلۇك بەك يامان ئىكەن،
ئۆلەيمۇ كۆيەكىڭگە؟

غورۇلايمۇ قۇشقاچكەن،
تۇمۇچۇقمۇ قۇشقاچكەن.
مېنى سۆيگىن قارا كۆز،
بويىمىزمۇ ئوخشاشكەن.

مەن غېرىب - مۇساپىرمەن،
ئال مېنى يار قوينۇڭغا.
يۇرىكىمنى تۇما قىپ،
ئېسىپ قوياي بوينۇڭغا.

جىرىم سالدىم قىرىمغا،
بىخ چىقاردى، ئەي بولدى.
سۆزنى قاتسام يارىمغا،
قوغلاپ سۆيگۈدەك بولدى.

قوغۇن تېرىپ تاقلاپ قوي،
قوناق تېرىپ ئاقلاپ قوي.
يار ئۇچۇن ئەقىدەڭنى،
يۇرىكىڭدە ساقلاپ قوي.

باھار كېلىپ باغلاردا،
ھەر كۈنى گۈل ئېچىلسا.
خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
يارغا بىشىم چېتىلسا.

ئوتۇن ئالدىم ئۇلاقتا،
يۇكلەپ قارا چۇناقتا.
سەن يارىمنىڭ كويىدا،
كىرىپ قالدىم سولاقتا.

شاپتۇل بىدىم ياماقلاپ،
قوغۇن يىدىم شاپاقلاپ.
خالىي يەردە يارىمنى،
سۆيۈۋالاي قۇچاقلاپ.

تال كېسەي دېسەم كەكە،
تالدۇردى بىلەكىمنى.
ئامرىقىم ئەجەب ئەكە،
كۆيدۈردى يۈرەكىمنى.

بىگى يولنىڭ بويلىرى،
ئېگىز - ئېگىز تېرەكلىك.
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن،
بىزنىڭ يۈرەك كۆيەكلىك.

باغقا كىرمەك بادام بار،
گۈلنى ئۈزمەك دادام بار.
چاقچاق قىلماق، كۆڭلۈمدە،
سۆيگەن بۆلەك ئادەم بار.

ئاغزىڭىز پۇلدەككىنە،
قايرىپ سۆيەي گۈلدەككىنە.
پەشلىرىمنى قىستۇرۇپ،
خىزمەت قىلاي قۇلدەككىنە.

تارام - تارام ساچىڭنى،
ئۆرمىسەڭمۇ تاراپ قوي.
كۆيۈك ئوتى يامانكەن،
سۆيمىسەڭمۇ قاراپ قوي.

گۈل تېرىدىم گۈل باغقا،
گۈلنى ئۈزدۈم ياغلىققا.
ئەجەب مېھرىم باغلاندى،
سىز يارىم چىرايلىققا.

ئېرىق چاپساڭ چوڭقۇر چاپ،
شۇڭغۇۋالسۇن ئوغۇللا.
ئوغۇللارنىڭ ئىشقىدا،
پېرىخون بولسۇن قىز باللا.

كونا يولنىڭ بويىدا،
تراكتورنىڭ ئىزى بار.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
سەن يارىمنىڭ سۆزى بار.

راۋابىڭدا توققۇز كۆز،
تارىسىنى سازلاپ تۈز.
تا ئەبەدكە ئايرىلماي،
بىز ئوينايلى قارا كۆز.

يارىمنى دەپ ئايرىلدىم،
يۇرت - ماكانىم، ئۆيۈمدىن.
تا ئەبەدكە تانمايمەن،
«كۆيدۈم» دېگەن سۆزۈمدىن.

## خوشلىشىش تېمىسىدىكى قوشاقلار

باغقا كىردىم ئات بىلەن،
يېنىپ چىقتىم دەرد بىلەن.
خۇدايىمغا ئامانەت،
كۆرۈشەرمىز خەت بىلەن.

باغقا كىردىم شوراگىدىن،
بەش تال ئۈزدۈم غوراگىدىن.
تەقدىر ئاللا شۇنداقكەن،
ئايرىۋەتتى جورامدىن.

«كەت» دېسەڭ قەشقەرگە كېتەي،
قالسۇن خوتەن — ساراي ساڭا.
جانىغا تويغان كىشى،
ئاشنا بولسۇن ماڭا.

كۆكىيەك[1] تاغ باشىدا،
قويچى باللا پىيادە.
يىغلىمىسلا ئۆز يارىم،
ئايرىلماقمۇ ئىرادە.

① كۆكىيەك — يايلاق ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



داۋغان تۈز②دە ئوتلىغان،
بوز ئالا سىنىڭ قويۇك.
مەن ئەمدى يانار بولدۇم،
يىغلىماي ئۆزىتىپ قويۇك.

بۇ تىرەك ئىگىز تىرەك،
ئۈچىدىن كەسمەك كېرەك.
پىگى يار تۇتقان كىشى،
كونىسىدىن كەچمەك كېرەك.

گۈللەر ئاچىلۇر باغدا،
ئەتىگەن سەھەر چاغدا.
خۇيمۇ ئايرىلىپ كەتتۇق،
قەدرىڭنى بىلەر چاغدا.

سىز ئانامنىڭ چاچلىرى،
سايدا يىلاننىڭ قۇيرۇقى.
كەتسەم يىراقتا يىغلىماڭ،
بۇمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

سورۇۋالسام بوغدايىنى،
قالغىنى سامان بولدى.
يار كەتتى تۈگەل قىيداپ،
كەتكىنى يامان بولدى.

ئوقنى ئاتسام جەگرەنگە،
يىرىپ تەگدى شىراققا.
يارىم كېتىپ مەن قالدىم،
كۆيۈك ئوتى — يىراققا.

باق دىگەندە باقتىلا،
باقما دىگەندە باقتىلا.
كېتەر چاغ بولۇۋىدى،
يۈرەككە ئوتنى ياقتىلا.

قاغا قونۇپ ئولتۇردى،
ئىگىز ئۆسكەن تىرەككە.
يارىم كېتىپ مەن قالدىم،
ئوتى قالدى يۈرەكتە.

يارىم ماڭغان كوچىلار،
ئىگىز ئىكەن، پەس ئىكەن.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
بۇ يەردە يۈرمەك تەس ئىكەن.

ئۇنداق ئەتتىڭىز يارىم،
مۇنداق ئەتتىڭىز يارىم.
ساڭا كۆيدۈم دەپ قويۇپ،
تاشلاپ كەتتىڭىز يارىم.

① داۋغان تۈز — يايلاق ئىسمى.

ئۇ ئېتىزدا زاراڭزا،
بۇ ئېتىزدا ماش يارىم.
مېنى تاشلاپ كەتتىڭىز،
يۈرەك باغرى تاش يارىم.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
يوپۇق ياپمەن ئەمدى.
ياخشى ياردىن ئايرىلدىم،
قانداق تاپمەن ئەمدى؟

كېۋەزلىكمۇ بىزنىڭ يەر،
بۇغدايلىقمۇ بىزنىڭ يەر.
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلدۇق،
خەلقئالەم نېمە دەر؟

بولدۇم بىناۋا كاككۇك،
زەينەپتىن جۇدا بولدۇم.
يارىم ئايرىلاي دەيدۇ،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.

سېرىق ساندۇق ئەتتۇردۇم،
مەخمەل ياپقۇچ ياپتۇردۇم.
ئالتە ئاي بولدى مەن ساقلاپ،
سەندىن كۆڭۈل ياندۇردۇم.

ئاسماندىكى لاچىننىڭ،
قۇيرۇقىدا ئالاسى.
بىزنى بۇنچە خار قىلماڭ،
بىزمۇ ئادەم بالاسى.

بېغىڭدىكى كۆلچەكتە،
مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك.
خۇشمۇ ئايرىلىپ كەتتۇق،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

بىزنىڭ ھويلا قوش تاللىق،
زەپ ياراشقان باراڭلىق.
يارنى كۈندە كۆرەلمەي،
يەنە تۇتتى ساراڭلىق.

ئامرىقىم بولسا مېنىڭ،
يانىمدا ئولتۇرماسمىدى؟
بىرە - بىرە قاراپ قويۇپ،
كۆڭلۈمنى خۇش قىلماسمىدى؟

قىزىلگۈلنى گۈلۈم دەپ،
ئەتىر گۈلدىن ئايرىلدۇق.
يېڭى يارنى يارىم دەپ،
كونا ياردىن ئايرىلدۇق.

مەنمۇ باردىم ماچاڭغا[1]،
سەنمۇ باردىڭ ماچاڭغا.
شۇنداق ئىچىم ئاغرىيدۇ،
ئۆلۈپ كەتكەن ئاچاڭغا.

يار ئۆزى كەتكەن بىلەن،
ئوت پىراقى كەتمىدى.
يار ئۇچۇن قان يىغلىسام،
ئەھۋالىمغا يەتمىدى.

① ماچاڭ — ئات قېرىمىسى.

www.uyghurkitap.com



كۈن ئېگىلدى، كەچ بولدى،
تال ئېگىلدى، پەس بولدى.
ئارمىز يىراق بولغاچ،
كۆرۈشمەكمۇ تەس بولدى.

ئاھ دېسەم ئاغرىق بېشىم،
يار ئىشقىدا تۆكۈلەر يېشىم.
تاشلىۋەتتىڭ سەن مېنى،
ئەمدى يوق ھېچ سىردىشىم.

ئاسماننى بۇلۇت باستى،
كۆرۈنمەيدۇ يۇلتۇز - ئاي.
قىزىلگۈلدەك يارىمدىن،
ئايرىۋەتتى قازىباي.

يارنىڭ قويى ئوتلايدۇ،
بوز يەردە - تىرىملىقتا.
يار كەتتى، ئۆزۈم قالدىم،
ئۆز يۇرتتا - غېرىبلىقتا.

قۇچقاچلارنى ئۇركۇتۇپ،
قۇرغۇي قوندى تېرەككە.
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
يارنى سۆيمەي كەتمەككە.

ئاتىڭنى سۇغارماسەن،
لەڭزە ئالدىدا كۆلدە.
بىزنى يات ئېتەرسەنمۇ،
خوتەن يولىدا چۆلدە.

تاۋار ياغلىق ئەۋەتتىم،
يارغا سوۋغىتىم بولسۇن.
مەن خوتەندىن كەلگۈچە،
يار ئۇتماي ساقلاپ تۇرسۇن.

باشلاپ بارغىن ئۆيۈڭگە،
كۆرۈۋالاي خۇمالىق.
كېتەر ۋاقتىم ئاز قالدى،
سۆيۈۋالاي خۇدالىق.

تاغقا تەۋرىيسەن خېنىم،
تاغامغا تاپشۇردۇم سېنى.
مەن خوتەندىن كەلگۈچە،
خۇداغا تاپشۇردۇم سېنى.

تاغقا چىقتىم كۆز كۆنى،
كۆرۈپ قالدىم تولكىنى.
ساق - سالامەت بولساقلا،
كۆرۈشەرمىز بىر كۈنى.

# كۆندەشلىك تېمىسىدىكى قوشاقلار

ھويلاڭدىكى تېرەكتە،
بىر جۈپ كەپتەر ئۈنلەيدۇ.
ئەشەددىكى ئاچىڭىز،
خەقنى بىزدىن كۆنلەيدۇ.

ئەتىگەندە ـ سەھەردە،
كوۋۇكتا دەمدە ئۈنلەيدۇ.
ئىش ئۇقمىغان ياش باللا،
خوتۇننى دائىم كۆنلەيدۇ.

ئاخشام بىر ھارامزادە،
يايرىم بىلەن گەپلەشتى.
كالتەكنى ئېلىپ قوپسام،
تار شورىغا كەپلەشتى.

باغىڭ شورا تۇرامدۇ،
ئانارىڭنى ئۈزگەندەك.
لېۋىڭ زىدە تۇرامدۇ،
چىشلەپ ئۇزاق شۈمگەندەك.

ھويلىڭىز بولغان بىلەن،
ئۆيىڭىزنىڭ تېمى پەس.
مەن كۆيدۈم دېگەن بىلەن،
كۆڭلىڭىز بىزدە ئەمەس.

مەن باغىڭغا كىرمەيمەن،
باغ ياقىلاپ يۈرمەيمەن.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
سەن يارىمنى سۆيمەيمەن.

ئاتىم ئاتقا ئوخشايدۇ،
يارىم ياتقا ئوخشايدۇ.
يارىڭ كۆڭلى سىڭايان،
يار تۇتقانغا ئوخشايدۇ.

ئاق كەپتەرمۇ ئۈنلەيدۇ،
كۆك كەپتەرمۇ ئۈنلەيدۇ.
ئايال دېگەن ئەشۇنداق،
كۆرمىسمۇ كۆنلەيدۇ.

بار ئىكەنمۇ بار ئىكەن،
بۇلبۇل دېگەنمۇ بار ئىكەن.
كۆنلەيدىغاننىڭ كۆڭلىدە،
بىزدەك يىگىتمۇ بار ئىكەن.

ھويلاڭدىكى تېرەكتە،
بىر جۈپ كەپتەر ئۈنلەيدۇ.
ئاشنىسى يوق جۇۋانلار،
خەقنى بىزدىن كۆنلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com



شاپتۇل شاخى لىڭشىيدۇ،
شاپتۇل شاخىدا كىم بار؟
يار مېنىڭ دېگەن بىلەن،
يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار؟

كۈنلىسەڭ كۈنلەۋەرگىن،
يۆگەپ قويسام ئۇخلايسەن.

دۇتار چالسام ئۈنلەيسەن،
خەقتىن مېنى كۈنلەيسەن.

قاشىڭنى قارا قىلما،
قاشىڭغا زىبانى بار.
زىبان بولسا ماڭا بولدى،
سېنىڭ باشقا خىيالىڭ بار.

## ئايرىلىش - جۇدالىق تېمىسىدىكى قوشاقلار

ئەتىيازدا قار ياغدى،
ئېرىقلاردا مۇز تۇتماي.
يارىم بىلەن ئايرىلدۇق،
قولنىڭ ئۇچىنى تۇتماي.

يارىم كەتتى ئۇزاققا،
مېنى سېلىپ دوزاخقا.
مېنى ئالسۇن دوزاختىن،
قايتىپ كېلىپ بۇياققا.

كۆڭلۈم بەكمۇ بىئارام،
سېنى مەن ئويلاپ ھامان.
ئايرىلىشنىڭ دەردىدە،
چىرايىم بولدى سامان.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
بىلىك تالدىمۇ يارىم؟
ئالدىراپ كېتىپ قالدىڭ،
گېپىڭ قالدىمۇ يارىم؟

قاشىڭ قاراسى قۇندۇز،
ئايىڭ يانىدا يۇلتۇز.
سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
ئەمدى قالدىم مەن يالغۇز.

قوي باقتۇق مازارتاغدا[1]،
سۇ ئىچتى يانار چاغدا.
يارىم كەتمەك بولۇپتۇ،
قالدۇرۇپ مېنى داغدا.

بىر سايرىسا بولمامدۇ،
كاككۇك قونۇپ تالىمغا.
ئايرىلىش يامان ئىكەن،
يار يەتمەيدۇ ھالىمغا.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
سېپىل تۈۋىگە خەندەك.
ئۆز ياردىن ئايرىلىپ،
ھېچ كىم بولمىسۇن مەندەك.

① مازارتاغ — يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى قەدىمىي تاغلىق جاي.

ئاتنى ساتمىسام بولماس،
دەردنى تارتمىسام بولماس.
پۇلۇم يوق دېگەن بىلەن،
يارنى تاپمىسام بولماس.

باغدا زەينەپ سايرايدۇ،
كاككۇكنى تاپالماي.
غېرىب باللار يىغلايدۇ،
ئۆز يارنى تاپالماي.

باغىڭدىكى گۈلۈڭنى،
شامال قايرىۋەتتىمۇ؟
بىز ئىككەيلەن ئامراقتۇق،
دۈشمەن ئايرىۋەتتىمۇ؟

بىلىكىمنىڭ ئاقلىقى،
سائىتىمنىڭ يوقلۇقى.
دوست - دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا،
سەن يارىمنىڭ يوقلۇقى.

يارنىڭ بېغىدا بىر گۈل،
شاختىن قايرىلاي دەيدۇ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
مەندىن ئايرىلاي دەيدۇ.

قىلىۋىدىن شامال چىقىپ،
قىزىلگۈلنى قايرىدى.
ئارىغا دۈشمەن كىرىپ،
ئەزىز ياردىن ئايرىدى.

مانتا پىشتى قاسقاندا،
بىللە يەيلى داسقاندا.
خۇشمىغىنا ئايرىلدۇق،
ئاشنالىق ياراشقاندا.

ھۆل قومۇشقا ئوتنى ياقسام،
ساغىرار - كۆيمەس دېدىم.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەكنى،
مەندىن ئايرىلماس دېدىم.

قاراقۇرۇم تاغلىرى،
دەريا بويى باغلىرى.
ساقايمايدۇ يارىمنىڭ،
يۈرەكتىكى داغلىرى.

بېشىڭدىكى دوپپاڭدىن،
كېسۋالاي تۇمالىق.
ئايرىلىش كېلىپ قالدى،
سۆيۈۋالاي خۇمالىق.

ئۆستەڭ سۈيى تارتىلدى،
يا كەتكەنمىدۇ باشتىن.
خۇشمىغىنا ئايرىلدىم،
قارا كۆز قەلەمقاشتىن.

سەھەردە سايرىغان كاككۇك،
ئەمدى سايرىماس بولدى.
ئاۋۋال قارىغان يارلا،
ئەمدى قارىماس بولدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شاخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
ئۇل خۇدانىڭ قۇدرىتى،
بىزنى ياردىن ئايرىدى.

ياردىن مەن جۇدا بولدۇم،
تارىسىز دۇتار بولدۇم.
ئەقىلسىز نادانلىقتا،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.

ئات بولسا جەدە بولسا،
توقۇسا مىنسە كىشى.
يار بولسا يانىڭدا بولسا،
قارىسا سۆيسە كىشى.

كەڭ تۈزدىكى قوغۇننى،
ئۈزۈم باقمەن يارىم.
ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتمەن يارىم.

سەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا،
مەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
قالۇق ئۆستەڭ[1] بويىدا.

ئايدىڭ بولدى كۈندۈزدەك،
قوپلار ياتتى يۇلتۇزدەك.
خوشمىغىنە ئايرىلدۇق،
شامالدا توزۇغان گۈلدەك.

تاۋار باللا، تاۋار باللا،
تاۋاردىن ئەتىۋار باللا.
ئۆز ياردىن ئايرىلىپ،
يۈرەكتە دەردى بار باللا.

كۈن ئېگىلدى، كەچ بولدى،
دەرەخ ئېگىلدى، پەس بولدى.
سىز يارىم كەتكەن بىلەن،
مەن غېرىبقا تەس بولدى.

پىياليا - پىيالى،
سىنچاي ئىچكەن پىيالى.
يۈرەككە ئوتنى سەپ قويۇپ،
ئوقۇشقا كەتكەن زىيالى.

گۈلمىدىڭ ئاچىلغىلى،
بۇلبۇلمىدىڭ سايرىغىلى.
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغىلى.

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن.
ئۆزۈمنىڭ يۇرتىدا تۇرۇپ،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن.
جۇدالىق دەردىدە قاقشاپ،
خاراب بولغانغا يىغلايمەن.

① قالۇق ئۆستەڭ — جاي ئىسمى.

كۆزۈڭ ئوخشايدۇ بۇلاققا،
قېشىڭ ئوخشايدۇ قىياققا.
مېنى تاشلاپ يۈرۈپ كەتتىڭ،
بارسا كەلمەس يىراققا.

مەن قالدىم ئارمان بىلەن،
غېمىڭدە ۋەيرانىمەن.
جۇدالىق چۆلدە يۈرگەن،
غېرىب مىسكىن بىگانىمەن.

كىچە كۆرگەن چۈشۈمدە،
تۇتاشتى جانىمغا پىراق.
زىغىرلىنىپ ئويغاندىمۇ،
قانداق قىلاي يولۇڭ يىراق.

ئاھ جۇدالىق، ئاھ خۇدا،
ئايرىدى ئۇندا سېنى.
غېرىبلىقنىڭ زەنجىرىگە،
باغلىدى مۇندا مېنى.

گۈل ئۈزۈپ بېرىڭ ماڭا،
بىر پۇراي، ئىككى پۇراي.
سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
بۇ جايدا قانداق تۇراي؟

بىر جۈپ ئالما ئېپ كەلدىم،
سېلىۋالغىن قوينۇڭغا.
غېرىب بولسام قارايمەن،
سېنىڭ كەتكەن يولۇڭغا.

سول قولۇمدىكى سائەت،
پېشانەمدىكى ئامەت.
مەن كېتەر بولدۇم يارىم،
خەير خۇداغا ئامانەت.

ئەتىگەندە قارىسام،
ئىشىك يېنىدا ئىزىڭىز.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
تاشلىۋەتكەن ئۆزىڭىز.

ئەتىگەندە شامالدا،
يەلپۈنەدۇر چېچىڭىز.
ئۆزىڭىز كىچىك تۇرۇپ،
يامان ئىكەن ئوتىڭىز.

كۆل بويىدا ئۆيىڭىز،
ئۆي تۈۋىدە ئۈجمىڭىز.
ئۆمۈرلۈك يار دەپ قويۇپ،
تاشلىۋەتكەن ئۆزىڭىز.

كېرىيە يولى يول بولسۇن،
ئاشلىقلىرى مول بولسۇن.
يارىم كېتىمەن دەيدۇ،
كېتىۋەرسۇن يول بولسۇن.

ئانار گۈلى گۈل بولسۇن،
سەبدە گۈلى گۈل بولسۇن.
سەندەك ياردىن تويدۇممەن،
كىمنىڭ بولساڭ، يول بولسۇن.

www.uyghurkitap.com



كېلىپ غەم ـ دەرد بېشىمغا،
پەلەكنىڭ چاقى چۆرگىلىدى.
ئەجەب بولدۇم بۇ قىسمەتكە،
مېنىڭ مەيخانەم ئۆرۈلدى.

مۇساپىرلىق نېسىپ بولدى،
تۇغۇلغان يەردىن ئايرىلدىم.
كېڭەش قىلسام كېڭەش بولماس،
كېڭەشلىك ياردىن ئايرىلدىم.

مەن بۇ يەرنى بىلمەيتتىم،
باشلاپ كەلگەن ئۇرايىم.
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق،
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

مەن بۇ يەرنى بىلمەيتتىم،
بېشىم ئايلىنىپ كەلگەن.
مەندىن تولا گەپ سورىماڭ،
ياردىن ئايرىلىپ كەلگەن.

ئالمىچىغا بارمايمەن،
ئالمىچىدا قەرزىم بار.
مەندىن تولا گەپ سورىماڭ،
يۈرىكىمدە دەزىم بار.

قوي كېلۈر قوزى بىلەن،
بىر ـ بىرىنىڭ ئىزى بىلەن.
مەن يارىمدىن ئايرىلدىم،
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن.

كەتسىلە كەلمەيدىلا،
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشىمنى سۈرتەي،
ھەمراھ بولۇپ قالسۇن ماڭا.

سەنمۇ كەتتىڭ باغلارغا،
مەنمۇ كەتتىم تاغلارغا.
تەقدىرىمىز ئوڭ بولغاي،
سېغىنايلى ئاللاغا.

ئۆستەڭ سۈيى ئاز قالدى،
يار كەتتىمكىن باشتىن.
دۈشمەنلەك بولۇپ قالغاچ،
ئايرىلدۇق قەلەمقاشتىن.

خەسە كۆڭلەك بار ئىدى،
كىيەي دېسەم تار ئىدى.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
سىزگە كۆڭلۈم بار ئىدى.

كېچىمۇ كېچە بولدى،
كۈندۈزمۇ كېچە بولدى.
سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
تاڭ ئاتماس كېچە بولدى.

ئىسمىسالاھقا بارغاندا،
توختى قوتا① يېگەنمۇ؟
يەتمەي تۇرۇپ مەقسەتكە،
ئايرىلارمىز دېگەنمۇ؟

① توختى قوتا — ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى.

مەن خوتەنگە يول سالدىم،
دەشت - چۆلدە قۇم ساناپ.
ئامرىقىم يىغلاپلا قالدى،
ئاي بىلەن كۈننى ساناپ.

ئۇن سەككىزگە كىرگەندە،
ساقال چىقتى ئىڭەككە.
ۋاپاسىزنى سۆيمەيمەن،
داغ چۈشۈرۈپ يۈرەككە.

سايە بەرمەيدۇ تىرەك،
شىخى سۇنغاندىن كېيىن.
چىللىسا كەلمەيدۇ يار،
كۆڭلى قالغاندىن كېيىن.

سۇ بويىدا تاغلار بار،
ئەتراپىدا باغلار بار.
سۆي دېگەنگە سۆيمەيمەن،
يۈرىكىمدە داغلار بار.

ئات - ئۇلاغ بازاردىن،
ئات ئالامىلا، تايچاقمۇ؟
راست گەپلىرىنى قىلسىلا،
راست ئويناملا، چاقچاقمۇ؟

توقايلىقتا ئوتلايدۇ،
ئىگەر توقۇغان ئارغىماق.
ئەجەبمۇ قىيىن ئىكەن،
يېڭى ياردىن ئايرىلماق.

كەپتەر بولۇپ ئۇچامسىز؟
گۈل شېخىغا قونامسىز؟
يالغۇز قالغان چاغلاردا،
مېنى ئەسلەپ قويامسىز؟

ئالما تۇتتۇم ئېپ قالغىن،
چىرايىمغا سەپ سالغىن.
ناخشا ئېيتسام ئىشقىڭدا،
بۇلبۇل شۇكەن دەپ قالغىن.

ئاتىنىڭ بالىسى تايچاق،
تالنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ.
مېنىڭ يارىم خۇما كۆز،
يۈرەكىنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

كېسۋەتتى پۇتۇمنى،
ياغاچچى باللىنىڭ چوتى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
يارىمنىڭ ئىشق ئوتى.

ئۆينىڭ ئىچىدە ساندۇق،
ئىچىگە ئانار سالدۇق.
قانداق قىلىمىز يارىم،
ئوتىنىڭ ئىچىدە قالدۇق.

گۈل شېخىدا بۇلبۇللار،
خەندان ئۇرۇپ سايرايدۇ.
يارىم بىر كۈلۈپ قويسا،
مېنىڭ كۆڭلۈم يايرايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



قۇرغۇي بالىسى ئالىم،
لاچىن بالىسى زالىم.
ئوتۇڭدا تولا كۆيدۇم،
قانداق قىلىمىز يارىم؟

بېغىڭىزنىڭ ئىچىدە،
شۇمبۇيىنى ئۈندۈرمەك.
جاننى ئالسىڭىز مەيلى،
مېنى بۇنداق كۆيدۈرمەك.

يارىمنىڭ ئېتى زورا،
قولىدا تۆمۈر كورا.
مېنىڭ مەيدەم ئاغرىيدۇ،
يارنىڭ مەيدىسى دورا.

ئارپا نېنى تېپىپسەن،
يالغۇز يېمىگىن ناننى.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
بۇنداق قىينىما جاننى.

ئاق سارايىنىڭ ئۆگزىسىدە،
ئالما قويدۇم جۈپمۇ - تاق.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
بىر كۈن كېسەل، بىر كۈن ساق.

كۈزگە بۇغداي تېرىدۇق،
بەك بولار دەپ قىغلىدۇق.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
كېچە - كۈندۈز يىغلىدۇق.

ئاتىم چاپىدۇ چۆلگە،
چاپچىپ كىرىدۇ كۆلگە.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
مەيدەمنى ياقاي ھۆلگە.

ئايۋانىڭىزدا ئولتۇرسام،
ئېيتقىنىڭىز ناخشىمۇ؟
ئۈزۈن بولدى كۆرمىدىم،
ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

بىزنىڭ باغدا ئەمبەرگۈل،
ئېچىلىپتۇ رەڭمۇرەڭ.
ماڭا كۆيگەن قارا قاش،
بۇغداي ئۆڭلۈك سەۋزەرەڭ.

بىر ياغلىق ئانار ئالدىم،
قوشتاغدىكى[1] مەمەتتىن.
بۇ كۆيەك كىمدىن قالغان،
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن.

قاراقاش قاۋۇل خوتۇن،
سايغا سالدى باغنى.
بىزنى سۆيمەي تۇرۇپلا،
يۈرەككە سالدى داغنى.

ئات باشىدا ئارغامچى،
باغلاپ قويدۇم تېرەككە.
سىز يارىمنىڭ ئوتلىرى،
تۇتاشتى بۇ يۈرەككە.

① قوشتاغ — گۇما ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

ئۆستەڭنىڭ سۈيى مۇزلۇق،
ئىچكەن سۈيىڭىز تۇزلۇق.
كىچە ئۇيقۇم كەلمەيدۇ،
قانداق قىلاي يالغۇزلۇق.

چىقىۋاللا تىرەككە،
ئوتنى ساللا يۈرەككە.
شىرىن جان ئۇنىمايدۇ،
ئۆزلىرىدىن بۆلەككە.

ھاۋادىكى بىر قۇشمەن،
يار دەردىڭدە بىھۇشمەن.
يار قىشىڭغا بارغاندا،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشمەن.

ئىتمنى توقۇپ قويدۇم،
ئۈستىگە ئىگەرىمنى.
يارىم مىنى كۆيدۈرۈپ،
كاۋاپ ئەتتى يۈرەكىمنى.

گۈپۈر - گۈپۈر قاڭ سوقسام،
يولدىن ئۆتكەن قارامدۇ.
يار كۆڭلىدە بولمىساق،
باغ ئىچىدىن مارامدۇ؟

بۇرھان تاغقا① بارغۇچە،
سايىۋاغدا قونۇپ قالدىم.
سەن يارىمنىڭ ئوتىدا،
ئاغرىقچان بولۇپ قالدىم.

مەن مالىمنى ھەيدىدىم،
بويۇنئىغىل② داۋانىغا.
ئىچىم ئەجەب كۆيىدۇ،
كىۋەزدىكى③ چوكانغا.

چوڭ تام ئۆرىلەي دەيدۇ،
كىچىك تامدا يۆلەر بولدۇم.
يار كۆڭلىنى بەرمەيدۇ،
ئوتىدا ئۆلەر بولدۇم.

گۈلگە چۈشتى قولياغلىق،
بۇلبۇل كۆتۈرۈپ ئۇچتى.
سەن كۆيدۈڭمۇ بىلمىدىم،
مىنىڭ كۆڭلۈم ساڭا چۈشتى.

شامالدا چۆرىدىم غالتەك،
بوراندا چۆرىدىم غالتەك.
كۆڭلۈمنى ئىلىۋالدى،
ئۆزى چاققان، بويى كالتەك.

لاي ئوچاققا ئوت قالاپ،
يۈزلىرىم قارا بولدى.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىم يارا بولدى.

كىچە بولسا ياتمايدۇ،
ھۇقۇش بىلەن جاغالۋاي.
سۆز قويالمىدىم يارغا،
خالىي جايىنى تاپالماي.

①②③— گۈما ناھىيىسىدىكى جاي ئىسىملىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈگزەڭگە چىچىۋەتتىم،
بىر چاڭگال قارا تاشنى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
سەندەك بىر قارا قاشنى.

تاۋار كەسكەن قاچىكەن،
دۇردۇن كەسكەن قاچىكەن.
خۇمار كۆزىدە بېقىپ،
ئۆتنى سالغان نوچىكەن.

نانىنىڭ ياخشىسى گىردە،
ئۈيۈڭنىڭ ئارقىسى بىدە.
سەن يارىمنىڭ ئوتىدا،
يۈرەكنىڭ ياتىسى زىدە.

مەنمۇ دەردمەن، سىزمۇ دەردمەن،
ھالىمنى خاراب ئەتمەڭ.
ئىچىمگە سېلىپ ئوتنى،
باغرىمنى كاۋاپ ئەتمەڭ.

قارا سۇ①، قارامان② سۈيى،
قاراڭغۇ باغلاردىن ئاقار.
ئۇسمىسى دەمدەك خېنىم،
يۈرەككە ئوتنى ياقار.

مەن يارغا بەرگەن ئۈزۈك،
سۈزۈك قاشتىشى.
قولدىن قولغا ئالماشتۇرۇپ،
تۈكۈلسۈن يىشى.

بىر پارچىلا يېرىم بار،
بۇغداي - قوناق تېرىقلىق.
چىرايىمدىن كەتمەيدۇ،
يار ئىشقىدا سېرىقلىق.

يار ئىشقىدا بولسام گاداي،
ھالىم سورايدۇ.
كىرپىكىنى خەنجەر قىلىپ،
ماڭا قارايدۇ.

ئۆيگە مېھمان كەلگەندە،
سېلىپ قوياي داستىخان.
يارنىڭ ئىشقىدا يىغلاپ،
قۇرۇپ كەتتى ئۇستىخان.

جاڭگالدىن ئوتۇن توشسام،
جاپايىمنىڭ چېكى يوق.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىمنىڭ تېگى يوق.

ئالتۇن سائەت سوقتۇردۇم،
يارىم سالسۇن بىلەككە.
دەرد بىلەن ناخشا ئېيتتىم،
دەز كەتمىسۇن يۈرەككە.

كۆرۈك دېگەن تاغنىڭ ئوتى،
سىرىق چېچەك باغنىڭ ئوتى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
دەسلەپ سۆيگەن يارنىڭ ئوتى.

①②— گۇما ناھىيىسىدىكى جاي ئىسىملىرى.

پىيالىمدىن ئات ئىلىپ،
مىنىپ كەلدىم يۇگەنسىز.
مەن سىزگە تولا كۆيدۇم،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

مەن چاسكامدىن[1]قايرىلدىم،
مۇغاللادىن[2] ئايرىلدىم.
تەلىيىمنىڭ شۇملۇقىدىن،
سۆيگەن ياردىن ئايرىلدىم.

باش پوسكىدىن[3] كەلگۈچە،
تاشلار پاتتى پۇتۇمغا.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلدىم،
ئەمدى كېتەي يۇرتۇمغا.

قاشلىقنى ئەتمەك يارىم،
ئۇچاقتىكى كۆمەدە.
ئايرىلدۇق قەلەم قاشتىن،
ئازنا كۈنى جۈمەدە.

ئىشىك ئالدىڭغا قارىسام،
يارىم سالغان ئىمارەت.
يار ئەمدى كېتەر بوپتۇ،
خوش، خۇداغا ئامانەت.

باغدا بۇلبۇلۇم قالدى،
ئاچىلغان گۈلۈم قالدى.
ئۇن بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
ئۇينىۋالغىنىم قالدى.

ناسۋالنى ئەتسىلە،
قولغا ئىلىپ چەكسىلە.
قانداق يۈرەك چىدايدۇ،
ئۆز ياردىن كەچسىلە.

يارىم ماڭا چاي تۇتتى،
ئانار گۈلى چايداندا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
قارىتاغىر[4] مەيداندا.

يارىم كۆڭلەك كىيىپتۇ،
ئەتلەس بىلەن شايىدا.
ئەسقاتمىغان شۇ يارنى،
تاشلاپ قويدۇم جايىدا.

خەسە كۆڭلەك بار ئىدى،
كىيەي دېسەم تار ئىدى.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
ساڭا كۆڭلۈم بار ئىدى.

قولۇڭدا كۆتۈرگىنىڭ،
مىس ئاياقمۇ، لىگەنمۇ؟
ئاخىرى جۇدالىقتا،
ئايرىلامىز دېگەنمۇ؟

زەنجىۋىلنى يېمەيمەن،
چىشىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.
كىچىك تۇتقان يارىمغا،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.

①②③④— گۇما ناھىيىسىدىكى جاي ئىسىملىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com



ساياغدىن شامال چىقتى،
تال تىرەكنى ئەگىتىپ.
بىزنىڭ ياردىن خەت كەلدى،
يۈرىكىمنى سەگىتىپ.

ئىتىم تىزگىن سىرىپىدۇ،
داۋانغا قايرىلغىلى.
بىر ئايغا قەدەم قويدى،
مەن ياردىن ئايرىلغىلى.

ئىتمنى يىزىۋالدىم،
زەيتۇن تاۋارغا.
قارا قاش چىقمايدۇ،
ئۆيدىن تالاغا.

قارا قاش چىققۇچە،
يىغلاي خۇداغا.
قاراقاش چىقمىسا،
قالدىم بالاغا.

خۇداغا يىغلىسام،
ئوڭلار بىشىمنى.
ساماندەك سارغىيىپ،
تۆكسەم يىشىمنى.

يايرىدۇقۇ - يايرىدۇق،
نۇرى، ساياغدا يايرىدۇق.
ئىگىز دۆڭگە چىققاندا،
«ئانام قايان؟» دەپ يىغلىدۇق.

يىنىمدا پۇل ئۈزۈلگەندە،
باراتنىڭ ئايىمى كەلدى.
ياردىن ئايرىلىپ باشقا،
جۇدالىق ۋەھىمى كەلدى.

سەن جۇدا، مەنمۇ جۇدا،
ئىككى جۇدا بىر كوچىدا.
ئىككىمىزنىڭ رىسقىنى،
بەرگۈچى ئاللا - خۇدا.

تاغقا چىقماق ئىرادە،
يىنىپ چۈشمەك پىيادە.
جۇدالىقنىڭ ئوتلىرى،
ئۆلگەيماقتا زىيادە.

ئالما ئۈزۈپ ئەپكەلدىم،
سەن يار ئۈچۈن ئىتەكتە.
سىنى ئاناڭ ساقلايدۇ،
قاچانغىچە كاتەكتە.

مىھرىبان كەتتى قىشىمدىن،
ئوتى - پىراقى كەتمىدى.
بۇ مىنىڭ يىغلاغىنىم،
ھەرگىز خۇداغا يەتمىدى.

يوللار يامان، يوللار يامان،
يولنىڭ يىراقى.
يارنى يارغا كۆرسەتمىگەن،
ئۇنىڭ پىراقى.

بېشىمدا بادام دوپپا،
يارقىرايدۇ يوغاندەك.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
يارىم قاراپ تۇرغاندەك.

مېنىڭ دەردىم بەك تولا،
يارغا ئېيتمىسام بولماس.
ئەل شۇنچىلا گەپ تاپتى،
ئەمدى سۆيسەم بولماس.

سىرتىق سەنبەر گۈلى،
سايىنىڭ بۇلاقى.
يۈرەكنى ئۆرتىدى،
يارنىڭ پىراقى.

يىراقتا كەتتى دەپ،
مېنى ئۇنۇتما.
كېلۇر مەن دەپ قېشىڭغا،
كۆڭلۈڭ سوۋۇتما.

يارىم رومال ئارتىپتۇ،
پېشانىسىگە چۆكۈرمەي.
قاچانغىچە يۈرەرسىز،
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرمەي.

ئەجەبمۇ سايرىدىڭ كاككۇك،
پېشايۋاندا، پەرماندا.
يارىم ئۇندا يىغلايسەن،
بىز بۇ يەردە ئارماندا.

ئۆستەڭ بويىدا ساندۇق،
ساندۇق ئىچىدە جابدۇق.
قانداق قىلىمىز يارىم،
كۆيۈك ئوتىدا قالدۇق.

ساندۇق ئاق تاش ئۈستىدە،
رومالىم قاش ئۈستىدە.
كېچە بولسا ھەسرەتتە،
يىغلايمەن ئاش ئۈستىدە.

قاشىڭ قارا ئۈز يارىم،
كىمگە بۇزدۇڭ قاشىڭنى؟
تۆت - بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
ئايلاندۇردۇڭ باشىمنى.

مەن باغىڭغا كىرمىدىم،
يا ئۈزۈكنى بىلمىدىم.
قارايىڭنى بىلمىگەچ،
سەن يارىمنى سۆيمىدىم.

ئەجەب بوپتۇ بۇ توغاچ،
ئۆستەڭ بويىدا بولغاچ.
يارىم كەلمىگىن دەيدۇ،
دۈشمەنلەر بىلىپ قالغاچ.

ھارىقىڭنى قۇيساڭ يار،
مەست بولغىچە ئىچسەك بىز.
دەردىڭگە دەرمان بولۇپ،
ئۆيىمىزگە كەتسەك بىز.

تاغقا چىقتىم كېچىلەپ،
بەش بالامنى يېتىلەپ.
بەش بالامنىڭ ئانىسى،
تېخى چوكان ـ سىكىلەك.

قارا قاش ئۇزۇن بويۇڭ،
قاچان بولدۇ تويۇڭ.
بولسا ـ بولمسا تويۇڭ،
خالدا سۆيۈپ قويۇڭ.

بۇ كېچە ـ ئۇزۇن كېچە،
يار قاشىمدا ياتمايدۇ.
يار قېشىمدا ياتقاندا،
جېنىم ئىچىمگە پاتمايدۇ.

چاقىم تاناپ تاشلايدۇ،
كۆڭلۈم ھەريان باشلايدۇ.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسەم،
ئاپىرىپ چۆلگە تاشلايدۇ.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى ئانارغا.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

ئايمۇ چۈشتى ئايۋانغا،
كۈنمۇ چۈشتى ئايۋانغا.
كۆڭۈل بەرمىسەم بوپتىكەن،
كۆڭلى ئەسكى ھايۋانغا.

مەھەللىڭىز تېرەكلىك،
تېرەكلىككە كىرمەكلىك.
ئاداش تۇتساڭ بىزنى تۇت،
ئوينىغلى يۆرەكلىك.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئوڭ قولۇمدا تاشىم بار.
سەن قارىمساڭ يارىم،
قورغۇيدەك ئاداشىم بار.

گۈل تېرىدىم كۆرسىلە،
ئوسما تېرىدىم كۆرسىلە.
بىر تۇتام ئوسما بېرەي،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

قولىدا چىكىم ياغلىق،
يار كەتتى يىراقلىشىپ.
بىر كېچە ياتارمەنمۇ،
يار بىلەن قۇچاقلىشىپ.

بۇلبۇللار تۇرار باغدا،
كەكلىكلەر يۈرەر تاغدا.
سەرسان مەن جۇدالىقتا،
يۈرەركىن جانان قايدا.

كەچمىگەن دەريانى كەچتىم،
ئۆلمىدىم سۇدا ئېقىپ.
ئەمدى كۆڭلۈك تىندىمۇ،
يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ.

باغلاردا سۇ يوق ئىكەن،
سارغىيىپ قاپتۇ تېرەك.
ۋاپاسىز يار دەردىدە،
ئورنىدا تۇرماس يۈرەك.

ساماندەك سارغىيىپ بولماس،
بۇلۇتتەك ئاقىرىپ بولماس.
قىممەتلىك ئەزىز جاننى،
يامانغا خار قىلىپ بولماس.

بۇ سائەتنىڭ بېغىنى،
سوقتۇرغانمۇ، ئالغانمۇ؟
ماڭا قىلغان ۋەدەڭنى،
راست قىلغانمۇ، يالغانمۇ؟

ئالمىلاريۇ - ئالمىلار،
باغدىن ئۈزگەن ئالمىلار.
ئالمىدەك يارنى قويۇپ،
سەتەڭنى سۆيگەن لالمىلار.

ئاسماندىكى ئاي ئىدۇق،
سۇغا چۈشۈپ لاي بولدۇق.
خېلى ئەزىز بالا ئىدۇق،
ساڭا تېگىپ خار بولدۇق.

تۇخۇم كۆمدۈم ئوچاققا،
ئىتىلغاندۇ بۇ چاققا.
يامان قىزنى يار تۇتساڭ،
تاشلىۋېتەر يىراققا.

قارا - قارا بوران كېلىپ،
توزۇتتى گۈلنىڭ بەرگىنى.
كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلاي،
بىۋاپا يار دەردىنى.

كۆچەت تىكتىم باغ بولدى،
ئوينايدىغان چاغ بولدى.
يارىم قىلغان ئاھانەت،
يۈرىكىمگە داغ بولدى.

يىلىم كولاپ جىگدىدىن،
بېشىڭىزنى سىرلايسىز.
ئاياغ بويىدىن يار تۇتۇپ،
جېنىڭىزنى قىينايسىز.

ھويلىغا قاپاق تېرىپ،
قاپاق باراڭلىق قىلدىلا.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
ئەجەب ساراڭلىق قىلدىلا.

تاغقا چىقتىم ئوۋ ئۈچۈن،
بىرمۇ كېيىك ئاتالمىدىم.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنىڭ،
قويىندا ياتالمىدىم.

سارايىم سەن سارايىم،
قارا ياغاچتا سارايىم.
ئاخشام بارسام چىقمىدىڭ،
ئۆتۈپ كەتتى قارايىم.

www.uyghurkitap.com



ئالما چىچىكى باغدا،
سۇمبۇل چىچىكى تاغدا.
ئۇسال قىزنى يار تۇتماڭ،
جىگدە پۇتىغان چاغدا.

ئەتىگەندە ــــ سەھەردە،
چاي قاينايدۇ چەينەكتە.
ھالى يوغان شۇ يارلار،
ئۆزىنى كۆرسۇن ئەينەكتە.

ئايدىڭ بەرمىگەن ئايدىن،
ئاي قاراڭغۇسى ياخشى.
باغرى تاش ساراڭ ياردىن،
ئىشەك ھاڭگىسى ياخشى.

قوناقلىقتىن ماڭغاندەك،
كېۋەزلىكتىن ماڭماسمەن.
سىز يارىمغا كۆيگەندەك،
ھېچ كىشىگە كۆيمەسمەن.

ئاق قۇشقاچ ھارامزادە،
شاخ ئارىلاپ سايرايدۇ.
يارىڭ بىۋاپا بولسا،
كىمنى كۆرسە قارايدۇ.

قېرى دەيدۇ، قېرى دەيدۇ،
ياشلىقى قېنى؟
ياشلىقىم دەپ ئويناپ يۈرۈپ،
ئاغرىيدۇ يېنى.

ئىشىك ئالدى كۆلچەككە،
شال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.
بىزنىڭ يارلار ياۋاش ئىدى،
ھال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

مەلەڭدىن تولا ئۆتسەم،
رەنجىپ مەندىن ئاتتىڭ تاش.
كۆڭلۈمنى سەن بىلمىدىڭ،
ۋاي ئىنساپسىز باغرى تاش.

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،
پىيادە يېتەلمەيسىز.
يار مۇنداق جاپا قىلماڭ،
سىز مەندىن كېچەلمەيسىز.

گۈل قىستىم قۇلاقىمغا،
پاتمايدۇ سىياقىمغا.
سەن قىلساڭمۇ قىلغاچ تۇر،
مەن قويىدۇم خۇدايىمغا.

بىغىم بارۇ ـ بىغىم بار،
بىغىمدا ئانارىم بار.
سەن قارىمساڭ يارىم،
قۇرغۇيدەك ئاداشىم بار.

گۈللە بولسا گۈل ئەمەس،
ئىچىلىپ تۇرغان بىلەن.
كىشىنىڭ يارى يار ئەمەس،
ھەجىيىپ تۇرغان بىلەن.

يانچۇقۇمغا قول سېلىپ،
دەرھال ئالدىم بىر ياقۇت.
سەن ئەخمەقنى گوللىغان،
بىر كىيىملىك چىپەرقۇت.

بىلىكىڭىزنى باغلايسىز،
ئىزمىكىڭىزنى ئەتمەيسىز.
بېشىمىزغا كۈن چۈشتى،
ھالىمىزغا يەتمەيسىز.

قولدا پەرەڭ ياغلىق،
يارىم كۆزىدە ياش بار.
يار كۆڭلى بۆلەك ئىكەن،
باغرىدا قارا تاش بار.

بادام دوپپام بار دەيسەن،
كىيەلمىگەن نىمەڭگە.
ئىككى يارىم بار دەيسەن،
سۆيەلمىگەن نىمەڭگە.

شاپتۇل شېخىنى ئەگدىڭمۇ،
ئانار شېخىنى ئەگدىڭمۇ؟
يوقسۇل كۆرۈپ سەن مېنى،
پۇلى بارغا تەگدىڭمۇ؟

قوغۇنلۇقتا قارىسام،
قوغۇندىن تولا سويما.
مەن سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس،
باشقىنى تېپىپ ئوينا.

باغدا ئۆسكەن تېرەكنىڭ،
ياغاچلىرى نو بولسۇن.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
ئىككى كۆزۈڭ كور بولسۇن.

ئالدىڭدا قاراپ تۇرسام،
تارتىشتىڭ سەن كەينىڭگە.
مەقسىتىڭ بۆلەك بولسا،
قويۇپ بېرەي مەيلىڭگە.

سايدا ئۆسكەن تېرەكنىڭ،
سايغا چۈشەر سايىسى.
ۋىجدانسىز قارا يۈزنىڭ،
سۇغا چۈشەر چالمىسى.

ئۇلۇغ سۇدىن ئۆتەلمەي،
قاش ياقىلاپ يۈردۈڭمۇ؟
ۋاپادارىدىن يۈز ئۆرۈپ،
ۋاپاسىزغا تويدۇڭمۇ؟

ئالما بەرسەم يېمەيسىز،
مەن يىگەندە قارايسىز.
يار قەدرىنى بىلمەيسىز،
تاشلىۋەتسەم يىغلايسىز.

ئۆرۈكلەر پىشىپ قاپتۇ،
خالىسام كىرىپ يەيمەن.
ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە،
ئاتاڭغا بېرىپ دەيمەن.

www.uyghurkitap.com



ئۆستەڭ بېشىدا ئەمەن،
يارىمغا نىمە دەمەن.
ئاخشام كەلمىدىڭ دېسە،
گىلەم توقۇدۇم دەمەن.

قاشىنىڭ قارىسى سەندە،
كۆزىنىڭ قارىسى سەندە.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان،
يۈزى قارا شەرمەندە.

قىزىلگۈل تورۇپ كەتسە،
ھۇقۇشنىڭ نىمە كارى.
ھالىڭغا قاچان يەتكەن،
باشقىنىڭ لېۋەن يارى.

يارنىڭ بېغى چامغۇرلۇق،
ئۇدۇل كەلسە ماڭغۇلۇق.
يار كۆڭلىدە جىن بولسا،
بىر قاراپلا يانغۇلۇق.

يانغاننى چىراغ دەڭلا،
كۆيگەننى پىراق دەڭلا.
ۋاپاسىز دېۋەك يارنى،
كۆڭۈلدىن يىراق دەڭلا.

چىراغپايدىكى چىراغ،
نىمە بولدى ئۆچۈپ كەتتى.
بىر كۆرۈپلا مەن سىزنى،
يۈرىكىم سوقۇپ كەتتى.

سايراپ نالە قىلادۇر،
قەپەسدىكى تۇمۇچۇق.
مىنى مۇنچە قىينىماي،
راست گىپىڭنى قىل ئوچۇق.

يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى،
شىپىك، ئەتلەس، تاۋادۇر.
يارىم سەندىن ئايرىلسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

ناخشا توۋلاپ كوچىدىن،
ئۆتۈپ كەتتى ياش باللا.
خەۋەر ئالاي دېمەيدۇ،
باغرى قاتتىق تاش باللا.

ئات مىنسەممۇ ئوينايمەن،
مىنمىسەممۇ ئوينايمەن.
كىم جېنىمغا ئەسقاتسا،
شۇنىڭ بىلەن ئوينايمەن.

گۈلنى گۈلگە بەردىلە،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلە.
ئۆز خىلىمنى تاپقىچە،
پەيلى يامانغا بەردىلە.

ئىشىك ئالدى چىنادۇر،
ئەگسەم شېخى سۇنادۇر.
يار ئۇستىگە يار تۇتسا،
ئوغۇل - قىزغا گۇناھدۇر.

ئالتە ئاي باقتىم قويۇڭنى،
بىر كۆرمىدىم بويۇڭنى.
كۆرسەتمىسەڭ كۆرسەتمە،
بۆرە يېسۇن قويۇڭنى.

يار دەردى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

تال دەپتىمەن، تال دەپتىمەن،
تېرەك ئىكەنسىز.
كۆڭلى يېقىن يار دەپتىمەن،
يىراق ئىكەنسىز.

بارغىنىڭدىن، كەلگىنىڭدىن،
كەتكىنىڭ ياخشى.
يار دەردىنى تارتقىنىڭدىن،
ئۆلگىنىڭ ياخشى.

سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ،
مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.

گۈلمىدى، غۇنچەمىدى،
يارىم سېنىڭ باشىڭدىكى.
زادىلا تونۇيالمىدىم،
كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى.

ئاتنى مىندىم ئىگەرسىز،
تاغقا چىقتىم يۆگەنسىز.
يارى تۇرۇپ يار تۇتقان،
يۈزى قارا ئىمانسىز.

سېنى موللا يىگىت دەيدۇ،
مېنىڭ موللىلىقىم ياخشى.
سېنىڭدەك بىۋاپا ياردىن،
مېنىڭ تەنھالىقىم ياخشى.

مەن ئىبتىمنى ساتمايمەن،
ئۇن بەش تەڭگە قەرزىم بار.
قىز ئالسام جۇۋان چىقتى،
ئاخۇنۇمغا ئەرزىم بار.

ئاق ساراي بولغان بىلەن،
زەدىۋالى يوق ئىكەن.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ،
ئەتىۋارى يوق ئىكەن.

قارلىق تاغدا قار يېغىپتۇ،
بوستاندا تۇمان.
يۈرىكىمدە ئوت كۆيۈپتۇ،
كۆڭلۈمدە گۇمان.

بۈگۈن ئايغا ئالتە دەيدۇ،
سانىسام يەتتى،
بىۋاپاغا ئاشنا بولسام،
تاشلىدى - كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆڭلىكىمنى يۇدۇردۇم،
ئاق سەنگە يايدۇردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
ئۈچ كۈن بولدى ياندۇردۇم.

باغقا كىرمەن ئەمدى،
گۈلنى ئۈزمەن ئەمدى.
كۆڭلىڭىزگە كەلمسۇن،
ئاشنا تۇتمەن ئەمدى.

چوڭ ئۆستەڭگە سۇ كەپتۇ،
كەتمەن ئېلىپ قاشلىدۇق.
يېڭى يارنى كۆرگەندە،
كونا يارنى تاشلىدۇق.

ئاتمىنىڭ تاقاسى يوق،
سايغا چۈشسە ئاقسايدۇ.
تاشلىۋەتكەن دىۋەڭ يار،
بىزنى قاغاپ قاقشايدۇ.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
كۆرۈنمەيدىكەن مۇنار.
ئەجەبمۇ تاشلىشىپ كەتتۇق،
قايسىمىزدىكى گۇناھ؟

ئاقمىدۇ بىلەكىڭىز،
كۆكمىدۇ خەمەكىڭىز.
بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز،
تاشمىدۇ يۈرەكىڭىز.

گۈل ئۈزەي دەپ كەلگەنتىم،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
ئەقلى بولسا كېلەر دەپ،
مەن ئۈمىدنى ئۈزمىدىم.

ئاتچان يولى ئۇزۇن ساي،
ماڭسام پۇتۇم ئاغرىدى.
تاشلىۋەتكەن يارىمگە،
ئەمدى ئىچىم ئاغرىدى.

ئېگىز دۆڭگە چىقماڭ سىز،
سىيرىلىپ چۈشەلمەيسىز.
بىزنى تاشلىغان بىلەن،
ئۈمىدنى ئۈزەلمەيسىز.

خۇلۇغۇم ئۈز خۇيلۇغۇم،
ئۆزۈڭنى گالۋاڭ قىلمىغىن.
ماڭا مەيلىڭ بولمىسا،
كۆڭلۈمنى ۋەيران قىلمىغىن.

گۈل ئېچىلغان گۈل باغدا،
نادانىكەنمىز ئۇ چاغدا.
چۈشەنمەي يار قەدرىنى،
بىر قالدۇق بۇگۈن داغدا.

# سۆكۈش، قامچىلاش تېمىسىدىكى قوشاقلار

بەش تۇغراقنىڭ چۆلىدە،
چۆجە يېگەن سانى كۆرۈڭ.
چاغلىماي كۆڭۈل بېرىپ،
بالاغا قالغان يارنى كۆرۈڭ.

ئاق چەينەككە چاي قۇيسام،
كۆك چەينەككە دەز كەتتى.
ئوينىساق بىز ئوينىدۇق،
ساڭا نېمە دەرد يەتتى.

بىۋاپا دەپ ئاڭلىدۇق،
تاشنى يۈرەككە تاڭدۇق.
سەن ئەقىدە باغلىساڭ،
بىزمۇ ئەقىدە باغلىدۇق.

ئېرىقمۇ ئېرىق ئاتلايسەن،
يۇقىرى - تۆۋەن قاترايسەن.
ئىشىك ئوڭغا تارتمىسا،
ماڭا نېمە باتنايسەن؟

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى قارا تۆتى ئالا.
سەككىز ئاي ئوتتۇڭدا كۆيسەم،
بىلمىگەن كۆڭلى قارا.

ئالمىنى بېرىڭ دەيسىز،
بەرسەم كىم بىلەن يەيسىز.
يار قەدرىنى بىلمەيسىز،
تاشلىۋەتسەم يىغلايسىز.

ياخشى بىلەن دوست بولۇپ،
يامان يارنى تاشلاڭ سىز.
بىز ئوينايلى دەپ قويسام،
ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ سىز.

ئوچاق بېشى ئوياغلىق،
چۆگۈندە چاي قوياغلىق.
چوڭ گەپ قىلماڭ سەتەڭلەر،
سىزگە بىز بەك تۇياغلىق.

ئاتنىڭ ئاتلىقى باردۇر،
ناۋاتنىڭ تاتلىقى باردۇر.
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
سەندىن داڭلىقى باردۇر.

باغدا پاختەك، سۇدا ئۆردەك،
ئۇچۇپ، ئويناپ يۈرگىدەك.
كونا يارنى سوراپ باقسام،
شاپاق غاجاپ يۈرگىدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەرە قونماس مەغەزگە،
قاغا قونماس پەغەزگە.
قىز باللا كۆيۈپ قاپتۇ،
كويىچەن دىگەن قەغەزگە.

قاشىڭ قارا بولغۇچە،
كۆزۈڭ قارا بولسىچۇ؟
مەندەك ياردىن كەچكىچە،
يۈزۈڭ قارا بولسىچۇ؟

پىيىپ ئەتسە چۆپ بولتۇر،
چىلىپ ئەتسە بۇلماق.
قايسى ئەخمەقنىڭ ئىشى،
نامەرد بىلەن ئوينىماق.

يارنىڭ ئۆيى چەينەكتە،
قەستىم ئۇنى سۆيمەكتە.
يار ئۆزىنى ماختايدۇ،
قاراپ باقسۇن ئەينەككە.

ئايمۇ چوشتى ئايۋانغا،
كۈنمۇ چوشتى ئايۋانغا.
ئەقدەم بىكار كەتتى،
قەدرىم بىلمەس ھايۋانغا.

باغقا بۇغداي تېرىسام،
ئۈنمەي تۇرۇپ سۇ دەپتۇ.
ئىشكايلامدىن يار تۇتسام،
سۆيمەي تۇرۇپ پۇل دەپتۇ.

چوڭ گەپ قىلماڭ سىكىلەك،
ئۇتىڭىزدا كۆيمەيمەن.
تاللاپ سۆيگەن يارىم بار،
سىزدەكلەرنى سۆيمەيمەن.

ئاق ئالماڭنى يېمەيمەن،
قوش مۇشتەك ئانارىم بار.
سەندەك يارنى سۆيمەيمەن،
قىزىلگۈلدەك يارىم بار.

ئالما بەرسەم ئالمايسىز،
بەرمەي كەتسەم قارايسىز.
قايسى چوڭنىڭ قىزى سىز،
ئانچە نەزەر سالمايسىز.

قوناق تىكتىم بىر دانە،
ئۈنۈپ چىقتى مىڭ دانە.
كوچىدىكى سەتەڭلەر،
ئەمدى بولدى دىۋانە.

ئىگىز دۆڭدە ئۆيىڭىز،
قاۋاپ چىقتى سىڭگىڭىز①.
ۋەدە قىلغان ئۆزىڭىز،
يالغان ئىكەن سۆزىڭىز.

سوپىياك باغدا سايرايدۇ،
بىردەم ئارام ئالمايدۇ.
بىزنىڭ خىنىم تاش يۈرەك،
باغرى ھەرگىز سۇنمايدۇ.

① سىڭگىڭىز — سەگ، ئىت.

چىنىنى بەرمەڭ نادانغا،
ئويناپ - ئويناپ سۇندۇرار.
بۇۋاپا يار تۇتسىڭىز،
كۆڭۈلنى قاچان تىندۇرار.

ھاۋارەڭ تونىنى كىيىپ،
ھاۋادا ئوينىغان يارىم،
ياخشى يار ياندا تۇرۇپ،
يامانىنى خالىغان يارىم.

ئىشكتىن چىقىرىپ باشىنى،
ئويناتتى قەلەم قاشىنى.
ئەقلى يوق گۇيىنىڭ قىزى،
تاپالمىدى ئاداشىنى.

تاش يولغا قوناق چاچسام،
چار خوراز تېرىپ يەيدۇ.
باشقا يۇرتتىن يار تۇتسام،
تاشلاپ قاچمەن دەيدۇ.

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى قىزىل، تۆتى ئالا.
موردىن چىققان تۈتۈندەك،
يۈزى ئاق، كۆڭلى قارا.

ئوچاق بېشى ئوياغلىق،
موندەك چۆگۈن[1]قوياغلىق.
بۇ كەمدىكى قىز باللا،
يار تۇتقانغا تۇياغلىق.

يەر ئاغدۇرغىلى تۆزدە،
ئالا ئۇينى قاتتىڭمۇ؟
ئالمىدەك چىرايىڭنى،
بەش تىزىنغا ساتتىڭمۇ؟

كۆز شەپىسى كەلمەيلا،
ئۆستەڭ سۈيى مۇزلاپتۇ.
تىلى تاتلىق چوكانلار،
ئۆز لەۋزىدە تۇرماپتۇ.

ئىگىز ئۆسكەن ئۆرۈكنىڭ،
شېخىنى قانداق ئەگدىلە؟
بىزنى ياراتماي بىرىپ،
ئاقساقالغا تەگدىلە.

بەك چىرايلىق قىز ئىكەنسىز،
سىداپ[2]مارجانغا ئوخشايسىز.
كۆڭلۈمنى بىرەي دىسەم،
بەك نادانغا ئوخشايسىز.

[1] موندەك چۆگۈن — كىچىك چۆگۈن.
[2] سىداپ — سەدەپ.

www.uyghurkitap.com



يارنىڭ ئىسمى مەيزانگۈل،
قىسقان گۈلى رەيھانگۈل.
سەن ئۈزۈكنى چوڭ تۇتما،
ئاھىم تۇتار، ئاگاھ بول.

يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
زىلۋا بويىدا خال بار.
مېنى تولا قاقشاتقان،
دۆڭ مەدرىستىكى كالۋا.

ئۆيۈكنىڭ ئارقىسى يايلاق،
ئوتلايدۇ تۆگە - تايلاق.
ئەقىدەمنى بىلمىدىڭ،
بىۋاپا دىۋەڭ مايماق.

ئانارگۈلى گۈل ئەمەس،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن.
خەقنىڭ يارى يار ئەمەس،
ھەجىيىپ تۇرغان بىلەن.

بىزنىڭ باغدا چىلان بار،
چىلان تۈۋىدە يىلان بار.
چوڭ گەپ قىلماڭ خېنىملار،
قورسىقىمدا پىلان بار.

ئاينى ئاسماندا دېسەم،
يەردىمۇ ئاي بار ئىكەن.
مەن سېنى بەلەن دېسەم،
سەندىن بەلەن يار بار ئىكەن.

جان خېنىم كۆردۈڭلىمۇ،
سەگى تېرەك بوستانلىقنى.
ئۆلمىسەك بىزمۇ كۆرەرمىز،
داڭلىغان دوستاڭلىقنى.

ئىگىز ئايۋان باشىدا،
ئۇۋۇلاپتۇ سالىملا.
يانچۇقىدا بىر پۇڭ يوق،
يار تاللايدۇ لالىملا.

ئارىش[1] يېزا ئىچىگە،
ئاق ئۆيلەرمۇ سېلىنىدى.
مەن كۆيگەن ئاشۇ قىزچاق،
يالغانچىدەك بىلىنىدى.

ئاتقا مىندىم يوگەنسىز،
تاغقا چىقتىم داۋانسىز.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان،
يۈزى قېلىن ئىمانسىز.

---

[1] ئارىش — كېرىيىدىكى جاي ئىسمى.

ياخشى دوپپا كىيدىم دەپ،
كىيگەنلىرىڭىز ئۆرۈمە.
ياخشى يىگىت سۆيدۇم دەپ،
سۆيگەنلىرىڭىز سۆرۈمە.

ئات مىنىپمۇ يۈرگەن بىز،
تون كىيىپمۇ يۈرگەن بىز.
كۆڭلىڭىزنىڭ ئالسىنى،
بىر كۆرۈپلا بىلگەن بىز.

ھاۋادىكى لاچىنىنىڭ،
قاناتىدا توپا يوق.
چىرايلىققا كۆيمەڭلار،
چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

پىژىدە قىلسا يۈرەك،
كۆيگۈنۈمكەن دېمىگىن.
چىرايىغا قاراپلا،
سۆيگۈنۈمكەن دېمىگىن.

ئۈرۈمچىدىن ئات ئالدىم،
مىنىپ كەلدىم يۈگەنسىز.
بىزدىن باشقا يار تۇتۇپ،
يۈرۈپ بېقىپ بىلگەنسىز.

گۈلە سالدىم خۇۋانە،
پاتمىدى سارايىمگە.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمگە.

يارنىڭ ئۆيى خاماندا،
ئوت قالاپتۇ ساماندا.
باشتا مېنى يامان دەپ،
ئەمدى قاپتۇ ئارماندا.

قارا قالپاقنى كىيىپ،
قاراقچى بولمامدۇ كىشى.
بىۋاپا يار دەردىدە،
راۋابچى بولمامدۇ كىشى.

سىزدەك يارنى سۆيمەيتتىم،
سۆيدۈرگەنمۇ خېتىڭىز.
ئايرىلىپمۇ كەتمەيتتىم،
پەقەت يوقكەن دېتىڭىز.

ئاق قىزچاق، ئاپئاق قىزچاق،
چىلگە پۈرايدۇ قويىنىڭىز.
سالام قىلسام باقمايسىز،
بەك ئۆرىكەن بويىنىڭىز.

بۇ تاغلار، ئېگىز تاغلار،
تېشى بار، توپاسى يوق.
بېلى بوش لېۋەن يارنىڭ،
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

كاككۇك گۈلنى قىسماق،
توزۇپ كېتىدۇ يەرگە.
بىۋاپانى يار تۇتماق،
تېگىشۋالىدۇ ئەرگە.

www.uyghurkitap.com



ئاق تەگكە ئۈزۈك ئالسام،
كۆمۈشلىرى يالغانكەن.
يارىڭ بولسا مەزمۇت تۇت،
كۆلۈشلىرى يالغانكەن.

باغىمدا ئەجەب تولا،
شاپتۇلا بىلەن ئالما.
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ،
مەندىن ئايرىلىپ قالما.

گۈلى سۈسەرنى كۆرۈڭ،
كۆڭگە قاراپ قايرىلىدۇ.
بىۋاپا يارنى كۆرۈڭ،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلىدۇ.

بىر بىرىپ، ئىككى بىرىپ،
قالمىدى ئۆتۈك پاشىنىسى.
بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس،
ئۇچرىدى يارنىڭ ئاشنىسى.

يار يۈرىكى غەلۋىردەك،
قۇيسىلا تۇرماس تىرىغ.
يەتتە دەريا سۈيىدە،
يۇسىمۇ بولماس ئىرىغ.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئوڭ قولۇمدا تاشىم بار.
سەندەك يارنى سۆيمەيمەن،
قارا كۆز ئاداشىم بار.

ئەنجى باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.
قىلىقىڭنى دىمىسەم،
چىرايىڭ ماڭا چاغلىق.

باشلىرىغا يارىشىپتۇ،
چاچلىرى سۇمبۇل.
ئوتىڭىزدا سارغىيىپمەن،
بولدۇم بىقۇۋۇل.

ئاي تۇغقاندا تۇغقانىمدى،
مەشۇقۇم سىزنى.
كۈن پاتقاندا تەۋرەتكەنمۇ،
بۆشۈكىڭىزنى.

بىھوش قىلىپ تۆگەشتۈردى،
ئوتىڭىز بىزنى.
ئاق بۇلۇتتىن ياسىغانمۇ،
تۆشەكىڭىزنى.

ئاي يۈزۈڭنى كۆرسەم ئەگەر،
سۆيۈپ ئالارمەن.
بۇلبۇل ئاشىق بويلارىڭغا،
قونۇپ ئالارمەن.

بۇ كۆڭۈلنى ساڭا بەردىم،
يارىڭ بولاي دەپ.
كىچىسى مەخمەل تۆشەكتە،
بىللە ياتاي دەپ.

بايان ئەيلەي مەن سىزگە،
ئەرز ھالىمنى.
چۇلغىۋالدى ئوتىڭىز،
ئوي-خىيالىمنى.

جۇدا بولغىچە سىزدىن،
ئۆلگىنىم خوپتۇر.
دوزاخ ئوتىدا يۈز يىل،
كۆيگىنىم خوپتۇر.

مەن ساڭا كۆڭۈل بېرىپ،
قالدىم بالاغا.
ھېچ ئىلاجىم يوق مېنىڭ،
يىغلاي خۇداغا.

تامدىن ئېگىز چىتىڭىز،
بارسام قاۋايدۇ ئىتىڭىز.
ۋەدە قىلغان ئۆزىڭىز،
يالغان چىقتى سۆزىڭىز.

ئاق ئالما قىزىل ئالما،
باغدا پىشقان ئەمەسمۇ؟
بىز ئىككىمىز ۋەدىنى،
بىللە قىلغان ئەمەسمۇ؟

جىنچىراغىنىڭ كۆيگىنىدىن،
كۆيمىگىنى ياخشىراق.
بىۋاپانىڭ سۆيگىنىدىن،
سۆيمىگىنى ياخشىراق.

ئايمۇ دەيدۇ، كۈنمۇ دەيدۇ،
چارقى پەلەكتە.
ۋاپاسى يوق شۇ يارىمنىڭ،
كۆڭلى بۆلەكتە.

ئۇچۇپ يۈرگەن لاچىنىڭ،
قاناتىدا توپا يوق.
يالغانچى بىلەن يۈرمەڭ،
يالغانچىدا ۋاپا يوق.

قامچام دەستە، گۈل دەستە،
قاراپ قويسام تۇرمايدۇ.
ئۆزى داڭلىق چوكانلار،
ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ.

ئەنجان ياغلىق قولۇمدا،
باغلىغۇممۇ كەلمەيدۇ.
ئىككى يۈزلۈك شۇ يارغا،
قارىغۇممۇ كەلمەيدۇ.

مەن ئاتىمنى سۇغاردىم،
مۈزنىڭ تېگىنى ئويۇپ.
چوكان بىلەن ئوينايمەن،
جۇۋاننى داغدا قويۇپ.

ئاق ئالمىنىڭ شېخى پەس،
ئۈزەي دېسەم قول يەتمەس.
چوكانلارنىڭ كۆڭلى پەس،
كىم گەپ قىلسا ياق دېمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بوينۇمدىكى مارجاننى،
ئىشىك ئالدىغا چاچىمەن.
رەنجىپ قالغان كۆڭلۈكنى،
ئويناپ يۈرۈپ ئاچىمەن.

قوغۇن تېرىدىم خىللاپ،
چۆنەك بېشىنى قىغلاپ.
يارنى تۇتىمەن تاللاپ،
قالسەن ئۆزۈڭ يىغلاپ.

ئەجەبمۇ بولۇق بولدى،
ھويلامدىكى قارا ئۆرۈك.
بىۋاپالىق قىلغاننى،
يولدا تاشلاپ كەتكۈلۈك.

قوينىڭمۇ قوزاسى بار،
پىلنىڭمۇ قوزاسى بار.
بىۋاپالىق قىلغاننىڭ،
قىيامەتتە جازاسى بار.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن،
بىر يالغۇز قارا قاغا.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىزنى ئۇنتۇغان يارغا.

قارا دۆڭگە ① بارغىچە،
لايغا پاتتۇق تىزغىچە.
دەپ قويۇڭلار يارىمغا،
يار تۇتمىسۇن كۈزگىچە.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
تېشى بار، توپاسى يوق.
ئىرادىسى بوش يارنىڭ،
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

ئەي خېنىم گۈلدەك كۈلۈپ،
ئىشقىڭغا زار قىلدىڭ مېنى.
ۋەدىنى يالغان قىلىپ،
ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى.

يارنىڭ ھەرەم بېغىدا،
قولدا باققان كەپتىرى بار.
كۆڭلىنى خەققە بېرىپ،
بىزگە ئەجەب گەپلىرى بار.

تام ئۈستىگە تام قويدۇق،
شامالغا دالدا بولسۇن دەپ.
يار ئۈستىگە يار تۇتتۇم،
يۈرەككە داۋا بولسۇن دەپ.

① قارا دۆڭ — گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىدىكى جاي ئىسمى.

ئاتمنى سوغاردىم مەن،
كەڭقىر② لەڭزىدە ــــ كۆلدە.
يارمنى سىغىندىم مەن،
غىرىب بولغاندا ساي - چۆلدە.

چارخامنىڭ ئۇچى ھالقا،
ھالقىسىدىن چۆرۈيمەن.
ۋاپا قىلمغان يارنى،
باش كۆزۈمدىن ئۆرۈيمەن.

باغىڭدىكى قوناقنى،
سوياپ سالدىم سىۋەتكە.
ئىشەنمەڭلار ياش باللا،
ۋاپاسى يوق سۆلەتكە.

قۇرغۇيۇم پالاقشيدۇ،
سا كەلگەنگە ئوخشايدۇ.
يارنىڭ كۆڭلى سىڭايان،
يار تۇتقانغا ئوخشايدۇ.

يارمىنىڭ ئۆيى باشتا،
بەلگىسى قورام تاشتا.
يارنىڭ بۇنداق قىلىشىنى،
ئويلىماپتىمەن باشتا.

دۆڭگە چىقسام دۆڭ ياخشى،
ئويغا كىرسەم ئوي ياخشى.
ئىشقى يوق نادان ياردىن،
قوشقا قاتقان ئوي ياخشى.

يارنىڭ قولىدا كەكە،
تام تۇۋىنى كولايدۇ.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ،
ئۆزى كىمنى ئويلايدۇ.

دەريا بويىدىكى باغدىن،
ئۈزۈۋالدىم ئالمىنى.
بىۋاپا ئىكەن يارىم،
سورىمايدۇ ھالىمنى.

قۇرۇق ئۈزۈم بىرىپ - بىرىپ،
قۇرۇتتۇڭ بىزنى.
ھەر ئاخشىمى بارىمەن دەپ،
ئۇنۇتتۇڭ بىزنى.

ئالمىغا قول ئۇزارتتىم،
شاخلىرىنى ئىگەي دەپ.
سەن مىنى ياراتمىدىڭ،
باشقا ئەرگە تىگەي دەپ.

---

① كەڭقىر ــــ گوما ناھىيىسى كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مېھرىباندۇر ئۆزلىرى،
شېرىن - شېكەر سۆزلىرى.
بىر كېتىپ ھېچ كەلمەيلا،
قانداق چىدايدۇ يۈزلىرى.

ئېگىز تاغنىڭ بېشىدىن،
ئۇچۇپ كەلدى بىر ئۇلا.
يارىم مېنى خارلىدى،
ئىچىمدە دەردىم تولا.

بىر پۇتۇمنى شاخقا قويدۇم،
بىر پۇتۇمنى لەمپىگە.
ئەمدى كەلسە قارىماسمەن،
قارا يۈز شەرمەندىگە.

بۇلبۇلۇڭغا دان سالماي،
سايرىمسۇن دېگەنمۇ؟
سېغىنغاندا خەت يازماي،
ئۆلۈپ قالسۇن دېگەنمۇ؟

راۋاپ دېگەن بىر ياغاچ،
ئۇنلەيدىغان تارىسى.
دادىسىدا ھېچ گەپ يوق،
كۇنلەيدىغان ئانىسى.

دۇتارنى چېلىپ - چېلىپ،
ئوڭ يېنىمغا ئەپ قويدۇم.
يارنىڭ قىلغان گېپىنى،
يۈرىكىمگە سەپ قويدۇم.

پېشانەڭدىكى ئامەت،
بىلەكىڭدىكى سائەت.
كىمنى كۆرسەڭ ئوينايسەن،
چىرايىڭغا مىڭ لەنەت.

مەن مالىمنى ھەيدىدىم،
شەنبە كۈنى تارانغا[1].
مەن ئەمدى گەپ قىلمايمەن،
قەدرىم بىلمەس ساراڭغا.

مېھرىبان گۈزەل يارىم،
بېدىلىكنى يول قىلما.
بىر ئويناپ ئىككى كۈلۈپ،
بۇ يۈرەكنى گول قىلما.

باياۋاندىكى قويلار،
ھاۋا يانسا ئوت يەيدۇ.
بىزنى قاقشاتقان يارىم،
قىيامەتتە نېم دەيدۇ.

① تاران — يايلاق ئىسمى.

قىزىل يوپكا ئىچىدە،
لىغىلدايدۇ بېلىڭىز.
يېنىڭىزدا مەن تۇرسام،
كىمگە چۈشتى كۆڭلىڭىز.

ماڭغان يولىڭىز ئۇزاقمۇ؟
مىنگىنىڭىز ئۇلاقمۇ؟
خەت يازسام جاۋابى يوق،
پۇت - قولىڭىز چولاقمۇ؟

داۋۇزىڭىز بولغان بىلەن،
ئۆگزىڭىزنىڭ تېمى پەس.
ۋەدىڭىز بولغان بىلەن،
كۆڭلىڭىز بىزدە ئەمەس.

بىز تېرىغان قوناقنىڭ،
ھەر تۇپىدە تۆتتىن باش.
مېنىڭ كۆڭلۈم سەن بىلەن،
سەن بىلمەيسەن باغرى تاش.

ئاتقا مىندىم ئېگەرسىز،
تاغقا چىقتىم يۈگەنسىز.
يارى تۇرۇپ يار تۇتقان،
يۈزى قارا ئىمانسىز.

يارىم چالدۇ راۋاب،
تارىسىنى ساز قىلىپ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
قارىمايدۇ ناز قىلىپ.

ئېرىقىڭدا سۇ يوقكەن،
بېلىقلىرىڭ ئامانمۇ؟
خەق ئۇينىسا ھېچ گەپ يوق،
بىز ئۇينىساق يامانمۇ؟

بەش قۇلاققا سىم قويۇپ،
تەمبۇر چالغان كىم بولدى؟
دەردىڭىزنى مەن تارتسام،
سۆيگىنىڭىز كىم بولدى؟

يول بولسۇنا يول بولسۇن،
ماڭغان ئىزىڭ گۈل بولسۇن.
قارىسام قارىمايسەن،
ئىككى كۆزۈڭ كور بولسۇن.

بۇ دۇنيا - چىمەن دۇنيا،
ئالىپىشىل بوياپ بەر.
بۇ ئالماڭنى يېمەيمەن،
بەرگۈڭ بولسا سوياپ بەر.

پەرداز قىلىپ چىقىپسەن،
چوڭ بازارغا ماڭدىڭمۇ؟
ماڭا قاراپ قويمايسەن،
ئەقىدەڭدىن ياندىڭمۇ؟

تۇماق كىيدىم باشىمغا،
ياراشتى چىرايىمغا.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

www.uyghurkitap.com



بۇ شوينا ئۇزۇن شوينا،
ئاسمانغا ئېتىپ ئوينا.
سېنىڭ خىلىڭ مەن ئەمەس،
خىلىڭنى تېپىپ ئوينا.

ساي بويلاپ شامال كەلدى،
سايىغىنىڭ شامالىمۇ؟
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سەن يارنىڭ خۇمارىمۇ؟

## تۈرلۈك تېمىدىكى مۇھەببەت قوشاقلىرى

ئۆستەڭ سۈيى لايكەن دەپ،
كۆلچەك كولاپ سۇ ئىچكەن.
بىزنى كىچىك نادان دەپ،
بىر سەتەڭگە دۆم چۈشكەن.

قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم،
سىياھ بىلەن سۆز.
ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم،
ياقۇت بىلەن كۆز.

ئۆگزەڭگە چىققان بىلەن،
چەللەڭگە ئۇلاشمايمەن.
ئاشناڭ سېنى ئالداپتۇ،
مەن سېنى تالاشمايمەن.

بادام دوپپىلىق يارىم،
گۈلگە سۇ ئاچاي دەملا؟
يۈرەككە ئوتنى سېلىپ.
تاش يولچە قاچاي دەملا؟

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
دەرياغا كۆۋرۈك بولغۇدەك.
ئىككى يار تۇتقان كىشى،
سەۋدا كېسەلگە قالغۇدەك.

شايى بەلۋاغ باغلىسا،
گۈلى يوغان، تېگى بوش.
چىرايلىق دەپ سۆيمىگىن،
گېپى يوغان، ئېلى بوش.

سانجۇ، قوشتاغ باغلىرىدا،
مەي باغلاپتۇ تۆلەستان.
سەن ئۇ يەردە مۇڭداشساڭ،
مەن بۇ يەردە مۇڭداشقان.

ئۆيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
نەگە بارۇرسەن.
ئوسمىنى قويۇپ، گۈلنى قىسىپ،
جاننى ئالۇرسەن.

كۆككە چىقىپ ئاينى كۆردۈم،
چەرخى پەلەكتە.
يەرگە چۈشۈپ يارنى سۆيدۈم،
مەخمەل چۈشەكتە.

تال چىۋىقتەك بويۇڭغا،
كۆيۈپ قالدىم خۇيۇڭغا.
چاقىرساڭمۇ ئەتىگەن،
مەن بارمايمەن تويۇڭغا.

ئەتە ئاخشام بارمايمەن،
يار سىنىڭ دۆڭ مەلەڭگە.
بىزنى تاشلىغان يارنىڭ،
تاللاپ سۆيگىنى بەڭگە.

چاي دەملىدىم چەينەكتە،
چۆكۈپ كەتتى شامىسى.
كۆرۈشتۈرمەس يار بىلەن،
تەلۋە - ساراڭ ئانىسى.

تاماكاڭنى چەكمەيمەن،
ئاچچىق ئىكەن تۈپىسى.
قىزىدا ھېچ گۇناھ يوق،
گەپ ئۆگەتكەن ئانىسى.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
بەلۋېغىڭ بىلەن يەكتەك.
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
سەندىن باشقا يار يوقتەك.

تاغنىڭ ئۈستىگە چىقسام،
ئاق تاش بىلەن قارا تاش.
دەردى بارنىڭ كۆزى ياش،
دەردى يوقنىڭ باغرى تاش.

دەريانىڭ ئۇ قاشىغا،
سىيادان تىرىماڭ يارىم.
مەن سىزگە نىمە قىلغان،
سىڭايان قارىماڭ يارىم.

قاش - كۆزۈڭنى ئوخشتاي،
ئىتقىپ تۇرغان بۇلاققا.
بولسا ئەگەر گۇناھىم،
ئۆزۈڭ تارتقىن سوراققا.

ھەلەپ بىرىپ سەمرىتەي،
ئىغىلدىكى قويۇمنى.
ئۆتكەن بولسا سەۋەنلىك،
باغلاپ بىرەي قولۇمنى.

مۇلايىم مەن، مۇلايىم،
قوزىچاقتەك مۇلايىم.
خاپا بولماڭ جان يارىم،
ئۆزۈم قىلغان گۇناھىم.

ئات بەرسەم مىنەلەمسەن؟
چۇلۋۇرنى تۇتالامسەن؟
مەن كۆيگەن شۇ ئوتلارغا،
سەن چىداپ تۇرالامسەن؟

ئۆستەڭ سۈيى لايكەن دەپ،
كۆلچەك كولاپ سۇ ئىچمەڭ.
بىزنى كىچىك نادان دەپ،
باشقىلارغا دۇم چۈشمەڭ.

ئۈجمەگگە چىقىۋېلىپ،
غازاڭ سىيرىدىم قۇرتقا.
بالدۇر سالمىغان بولسام،
ئەمدى سالمەن ئۈتقا.

تاماكا سالاي دەيدۇ،
خالتىنى تاپالمايدۇ.
كۆڭلۈمنى ئېلىڭ دەيدۇ،
خالىي جاي تاپالمايدۇ.

ئۈتقا سالسا كۈل بولۇر،
سۇغا سالسا پارچە مۇز.
مېنىڭ يارىم بار ئىدى،
قېشى قارا، كۆزى بوز.

ساغاندىكى① ماشىنا،
سايۋاغ يولدا توختايدۇ.
ئېرى بار دەپ قورقماڭلار،
يۆگەپ قويسا ئۇخلايدۇ.

ساي بويلاپ شامال كەلدى،
گۈل بوستاننى ئەگسەم دەپ.
قىز ـ چوكانلار يىغلايدۇ،
گۈملىقتا تەگسەم دەپ.

مەن ئاتىمنى مىنمەيمەن،
تۆت پۇتىنى تاقلاپ.
چوكانلار كېلەر بولدى،
كېچىدە تام ياقلاپ.

شەيدىللا ② قارلىق داۋان،
سېرىق ئوت قاراتمىغان.
شۇم پېشانە چوكاننى،
يىگىتلەر ياراتمىغان.

مۇجىنىڭ③ بازارىدا،
گۆرۈچ ساتتى سودىگەر.
چوكانلارنى قاقشاتقان،
ئېشەك قولاق جادۇگەر.

چەكمەيمەن تاماكاڭنى،
تۇتقۇنىڭغا ھەشقاللا.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
ئۇرۇشقىلى تاس قاللا.

① ساغان — خوتەن ـ گۇما تاشيولى ئۈستىدىكى بېكەت.
② شەيدىللا، ③ مۇجى — گۇما ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرى.

ئاشخانىدىن ئاش ئالدىم،
سەي قورۇتۇپ تەخسىگە.
ئاق چوكان تىگىشۋاپتۇ،
ئۇنىڭ كۆزى يوق مەخسۇمگە.

ئۆينىڭ ئالدىدا بۇغداي،
پىشىپ قاپتۇ، ئورمايمەن.
ئاق چوكانغا دەپ قويۇڭ،
چولام تەگمەيدۇ، بارمايمەن.

ئوچاق بېشى ئوياغلىق،
ئالتۇن چۆگۈن قوياقلىق.
چوكان خانىنىڭ قاش - كۆزى،
سۈرمە بىلەن بوياقلىق.

ئۇدۇلدىكى ئاشپەزدىن،
مانتا ئەپ بېرەي سىزگە.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
ماڭغاچ دەپ بېرەي سىزگە.

بازارغا بارغان يىگىت،
قوش پىچاق ئاسقان يىگىت.
ئالمىدەك قىزنى قويۇپ،
قېرىنى سۆيگەن يىگىت.

ئورۇق ئاتنى مىنگەندە،
ئىزەڭگۈسى لەپشىيدۇ.
يېڭى يارنى كۆرگەندە،
كونا يارلار كاپشىيدۇ.

ئالمىكەنا - ئالمىكەن،
زەپ چىرايلىق ئالمىكەن.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
چاسۇدىكى لالمىكەن.

كۈندۈزمۇ كېچە بولدى،
قويلار ياتتى قۇندۇزدەك.
ئاشنام قېشىغا بارسام،
ئېرى ياتىدۇ توڭگۇزدەك.

بېشىمدىكى تۇماقنى،
تىكتۈۋالدىم كەمچەتتىن.
ئۆز يۇرتۇمدىن يار چىقماي،
تۇتۇۋالدىم بىر چەتتىن.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەجەب مەيلىمنى ئاچتى.
باغدىكى قىزىلگۈلنى،
سۆيگەن يار ئۈزۈپ قاچتى.

قىينىساڭمۇ قىيناۋەر،
گۇناھىم باردۇر.
سەندىن باشقا يارىم بولسا،
خۇدايىم باردۇر.

نەدىكى گەپنى قىلىپ،
ئەندىشىگە قالدى كىشى.
چەككىلى تاماكا يوق،
مۇڭداشقىلى نەدە كىشى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دەريانىڭ سۈيى ئۇلۇغ،
باغلىغلى بولمايدۇ.
كۆڭۈل دېگەن ئۆزى چوڭ،
چاغلىغلى بولمايدۇ.

بىزنىڭ يانىڭ كەپتىرى بار،
خەت يازىدىغان دەپتىرى بار.
ئىككىمىز تېپىشقاندا،
ناۋاتتىن تاتلىق گەپلىرى بار.

بېغىڭغا كىرىپ كۆردۈم،
ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە شول يارىم،
قايرىپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.

يارنىڭ ئۆيى دالىغدا①،
ئالمىلىق باغ ئالدىدا.
يارنى سۆيسەڭ تاللاپ سۆي،
دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا.

ئورمىنى تولا ئورۇپ،
ئورغاق كەستى قولۇمنى.
يار قېشىغا باراي دېسەم،
دۈشمەن توستى يولۇمنى.

قورغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
پەلىيمىنىڭ يوقىدىن.
ياخشى يار قولۇمدىن كەتتى،
تەلىيمىنىڭ يوقىدىن.

ئاق چەينەكتە چاي قۇيسام،
قاينىماي تېشىپ كەتتى.
نادان بالىدىن يار تۇتسام،
ئوينىماي قېچىپ كەتتى.

ئالمىنىڭ شاخى تولا،
ئېگىلىپ سۇنمايدىكەن.
يارنىڭ ۋەدىسى تولا،
لەۋزىدە تۇرمايدىكەن.

ئوڭ يېنىمدىن ئۆتكەنلەر،
سول يېنىمدىن ئۆتمىسۇن.
بىزنى يامان دېگەنلەر،
مۇرادىغا يەتمىسۇن.

ھاۋاغا چىقالامسىز؟
بۇلۇتقا مىنەلەمسىز؟
ئۆزى كەلمىگەن يارنى،
تىللاپ كەلتۈرەلەمسىز؟

ئوچاقتا ئوتۇن سالسام،
تۈتۈن چىقىپ كۆيمەيدۇ.
بايدىن ھەرگىز يار تۇتماڭ،
چىن كۆڭلىدىن سۆيمەيدۇ.

ئالا كۈچۈگۈك يامان بولسا،
توم زەنجىردە باغلاپ قوي.
يار دېگەن سەندەك بولسا،
يار تۇتمايمەن، ئاڭلاپ قوي.

① دالىغ — گوما ناھىيە موكۇيلا يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى.

كېيىك ئاتاي دەپ تاغقا چىقتىم،
روزىۋاي پاۋان بىلەن.
خۇيمۇ قىينالدى بۇ جان،
ئېرى بار جۇۋان بىلەن.

ئۆيىڭىز تامدىن ئېگىز،
بارسام قاۋايدۇ سىگىڭىز.
سىگىڭىزنى ھاي دېمەي،
ئاشكارا قىلغان ئۆزىڭىز.

ئاسماندىكى ئاي ئىدۇق،
يەرگە چۈشۈپ خار بولدۇق.
ئەجەب ئەزىز بالىدۇق،
سېنىڭ ئالدىڭدا خار بولدۇق.

لەغمىنىڭنى يېمەيمەن،
سامساق بىلەن لازاڭ يوق.
سەن سەتەڭنى سۆيمەيمەن،
مەن سۆيگۈدەك ھالىڭ يوق.

چىلان كۆتىكى نەدە؟
كۆتەك كولىغان يەردە.
ئوينىغىلى قويساڭچۇ،
كۆڭلۈم خالىغان يەردە.

ئاخشام چىقسام تالاغا،
تېرەك باشىدا قاغا.
نېمە ئۈنچە يىغلايسەن،
ۋاپا قىلمىغان يارغا؟

قېرى قوينىڭ تېرىسىنى،
تۇماقچىلار ئاشلايدۇ.
ياقا يۇرتتىن يار تۇتماڭ،
ئوينىۋېلىپ تاشلايدۇ.

ئېگىز تاغقا چىققان بىلەن،
كۆرۈشمىدۇق بىز.
يار بويىنىنى ئەگكەن بىلەن،
سۆيۈشمىدۇق بىز.

ئارپىلىقنىڭ سامانى،
بۇغدايلىقنىڭ سامانى.
قىز باللىنى يىغلاتقان،
ئوغۇللارنىڭ يامانى.

ھەشقىپىچەك نانغا تۇز،
ھەر كىمنىڭ يارى ئۆزىگە ئۇز.
كۆڭلۈم چۈشمىگەن ياردىن،
خۇدايىم مېنى قۇتقۇز.

چىرىدىن ماڭغان ماشىنا،
چاغلىقايدا① توختايدۇ.
ئېرى بار دەپ قورقماڭلار،
يۈگەپ قويسا ئۇخلايدۇ.

يارىم كۆڭلەك كىيىپتۇ،
گۈلى يوغان تاۋاردا.
دۈشمەنلىك بولۇپ قالدۇق،
سۆزلەشمەيلى تالادا.

① چاغلىقاي — جاي ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر قارا بوران كېلىپ،
تۈزۈتتى گۈلنىڭ بەرگىنى.
كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلاي،
بۇۋاپا يار دەردىنى.

ئۆستەڭ بېشىدا قۇدۇق،
يارنىڭ ئۆزى بۇزۇق.
يار بۇزۇلسا بۇزۇلسۇن،
بىز بۇزۇلماي پاك تۇردۇق.

كېچە بولسا ياتمايدۇ،
جىڭچى بىلەن دومباقچى.
ئۇخلاپ قالماي سەگەك يات،
تاڭلا ئاخشامدا بارماقچى.

ئاق بىلەكلىك ئاقمىدى؟
ياغلىقتىكى قاقمىدى؟
بۇ كەمدىكى چوكانلار،
مىجەزىمگە ياقمىدى.

ياغلىقىمنى كۆك بوياتتىم،
بەلۋېغىمنى هاۋارەڭ.
بىزنىڭ باغدا ئالما پىشتى،
كۈندە كېلىپ ئالما يەڭ.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
تاشى بار، توپاسى يوق.
خەقنىڭ يارى يار ئەمەس،
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

يارنىڭ باغلىرى شاپتۇل،
مەن يېمەي تۆكەپ قالدى.
يىگىياچە يار تۇتسام،
بىر سۆيمەي ئۆلەپ قالدى.

باغلىرىمغا سۇ كىرمەي،
قۇرۇپ كەتتى ئانارىم.
كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم،
مېنىڭ نىمە پەرۋايىم!؟

مەن سىنى كۆرۈپ قالدىم،
ئازنا كۈنى جۇمەدە.
سەن ئۈزۈڭنى ماختايسەن،
قاشلىق ئېتىپ كۆمەدە.

ناخشا ئېيتسام هەر كۈنى،
تىڭشامدىكىن دەپتىمەن.
گەپ ـ سۆزۈڭگە ئىشىنىپ،
ئادەممىكىن دەپتىمەن.

ئاق كەپتەرمۇ پەغەزدە،
كۆك كەپتەرمۇ پەغەزدە.
چوڭ گەپ قىلماڭ ئايىمخان،
قىلمىشىڭىز قەغەزدە.

باغى بار، سۇ يوق ئىكەن،
سارغىيىپ قالدى تېرەك.
بۇۋاپا يار دەردىدە،
تىترەپ سوقتى يۈرەك.

باغدىكى ئۆرۈكلەرگە،
ئەينۇلا ئۇلاپ قويدۇم.
سەندىن كۆڭلۈم رەنجىدى،
خەپ، سۆيمەي قوياپ قويدۇم.

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرۇپ،
گۈلنى قۇرۇتماڭ يارىم.
باشقىلارنى كۆرگەندە،
بىزنى ئۇنۇتماڭ يارىم.

دېرىزەڭنىڭ ئۈستىدە،
ئۈۋىلاپتۇ پاشلا.
ئۈينىغىڭىز كەلمىسە،
مېنى قىلماڭ كاشىلا.

بۇ ئۆستەڭنىڭ تېگى تاش،
ئالتۇن - كۈمۈش ئارىلاش.
دىققەت قىلىڭ قەلەمقاش،
سىزگە دۈشمەن ئارىلاش.

چىنىنى سۇنۇق دېمەڭ،
چىنىدىن كۆڭلۈم سۇنۇق.
بىزلىنى بۇزۇق دېمەڭ،
بىزلىدىن خەقلەر بۇزۇق.

خۇيلۇقۇم، خۇشخۇيلۇقۇم،
ئۇيقۇمنى گالۋاڭ قىلمىغىن.
راستىلا مەيلىڭ بولمىسا،
مېنى پەرىشان قىلمىغىن.

ئېرىقىڭدا قۇم بولسا،
سەگە تېرەك ئۆسمەمدۇ؟
كۆڭلۈڭدىكى يار بولسا،
تەۋىڭ شۇنچە ئۆسمەمدۇ؟

ئانار گۈلى گۈل ئەمەس،
ئاچىلىپ تۇرغان بىلەن.
خەقنىڭ يارى يار ئەمەس،
ھىجىيىپ تۇرغان بىلەن.

كونا ئۆستەڭدىن سۇ كەلدى،
كەتمەن ئېلىپ قاشلىۋەت.
يېڭى ياردىن خەت كەلدى،
كونا يارنى تاشلىۋەت.

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا،
دەريادا ئېقىن بولسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلار،
تام قوشنا، يېقىن بولسا.

دۇتارنى ئېلىپ قويدۇم،
چالاي دېسەم چارەم يوق.
ئۆتەرمەنمۇ ئالەمدىن،
ئۆزۈم يالغۇز، يارىم يوق.

شاخ ئېگىلىپ پەس بولدى،
كۈن ئېگىلىپ كەچ بولدى.
دوست - دۈشمەن ئارىسىدا،
ئوينىماقمۇ تەس بولدى.

www.uyghurkitap.com



ئايۋانىڭدا ئاي ساندۇق،
سارايىڭدا ساي ساندۇق.
ۋەدىڭىز يالغان بولغاچ،
كۆڭلىمىز سوۋۇپ ياندۇق.

گۈل ئاچىلدى بىر قۇچاق،
بىلىمگە قىستىم پىچاق.
ۋەدىسى يالغان يارنىڭ،
باغرىغا خەنجەر - پىچاق.

ئاخشام بىر هارامزادە،
يارىم بىلەن كەپلەشتى.
تەستەك بىلەن بىر قويسام،
تار بۆسەككە كەپلەشتى.

پۇلۇم تۈگمەس چاغدا،
مېنى سۆيدۈڭ، يار قىلدىڭ.
ئەمدى مېنى ئۇنتۇڭدا،
ئەجەبكىنا خار قىلدىڭ.

بىلەزۈكۈم يوق دەيسەن،
بۇندا هېچكىم ئالغان يوق.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
مەندەك داغدا قالغان يوق.

لاي بۇلاقتا بارغاندا،
ئوتنى ياقتىم قومۇشقا.
تۇتۇپ بەردى خۇدايىم،
كۆلمەيدىغان گومۇشقا.

تاغ باغرىدا كۆرۈنگەن،
ئارپا ئەمەس تېرىقكەن.
مېنىڭ يارىم سۆيۈشكە،
ئەجەبكىنا قېرىقكەن.

قارا غول سايىنىڭ سۈيى،
ئاقىدۇ تارام - تارام.
ئاشىقىغا كۆيمىگەننىڭ،
يېگەن - ئىچكىنى هارام.

سايىدا پىشقان ئۆرۈكنىڭ،
چايىنىغاندا تەمى يوق.
كۆڭلى سۆيۈق شۇ خېنىمنىڭ،
يار تۇتۇشقا پەمى يوق.

شاپتۇل شاخى پەس ئىكەن،
ئالما شاخى پەس ئىكەن.
دەردى تولا شۇل يارىم،
مەي ئىچىپتۇ ـــ مەست ئىكەن.

تېرىمنىڭ ئىچى تاختا،
ئوخشىدى قوغۇن، پاختا.
ۋەدىڭىزدە تۇردىڭىز،
كەلدىڭىز دېگەن ۋاقتا.

ئاخشامدا چىراغ ياقسام،
ئۆي ئىچىنى يورۇتتى.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
ۋەدىسىنى ئۇنۇتتى.

دۆڭ ئېرىقتا سۇ باشلىسام،
توختاپ قالدى، ئاقمىدى.
چوڭ گەپ قىلغان نوچىلار،
مىجەزىمگە ياقمىدى.

ناۋات دېگەن بەك شېرىن،
تاتلىقكەن دەپ يەۋەرمەڭ.
ئىككىمىزنىڭ سىرىنى،
باشقىلارغا دەۋەرمەڭ.

ئۆتۈك ئالدىم مامۇتتىن،
ئەتلەس ئالدىم ساۋۇتتىن.
يارنى تۇتساڭ تاللاپ تۇت،
لاسكۇيدىكى زاۋۇتتىن.

ئاشنا تۇتساڭ ئۆزنى تۇت،
يالغانچىغا قارىما.
شەرەت قىلساڭ كەلمەيدۇ،
ئېرى بولسا مارىما.

يارىمغا ئالما ئاتسام،
قېچىپ كەتتى قولىدىن.
ئەقلى يوقكەن يارىمنىڭ،
ئېزىپ كەتتى يولىدىن.

يارنىڭ باغلارى ئۈنچە،
ھەر شېخىدا مىڭ غۇنچە.
مىڭ غۇنچىسى ئېچىلدى،
يەنە ئېچىلۇر شۇنچە.

بار گۇناھنى سەن قىلىپ،
زىندانىڭدا مەن ياتتىم.
بار ئويۇننى سەن ئويناپ،
سېنىڭ دەردىڭنى مەن تارتتىم.

يېڭى ئۆستەڭ بويىدا،
قاتار - قاتار قوزۇقلار.
يارىم بەك ھارامزادە،
گەپ ئۆگەتكەن بوزۇقلار.

باغىمدىكى چامغۇرنى،
مەن قازايمۇ - قازمايمۇ؟
يىراقتىكى يارىمغا،
خەت يازايمۇ - يازمايمۇ؟

راۋابقا ئۆزۈك تارى،
دۇتارغا سۆزۈك تارى.
ئۆز خوتۇنغا شاڭخادەن،
سەت خوتۇنغا دەبىيارى.

دەردمەنلىكتە مەن دەردمەن،
يارىمغا ياپاي چەكمەن.
يارىم ئەتمىسە چەكمەن،
كۆڭلەكچان قالادۇرمەن.

ئاق شايىنى كىيمەڭلەر،
گۈلى يوغان، ئېگى بوش.
نادانلارنى سۆيمەڭلار،
گېپى يوغان، بېلى بوش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاق قۇشقچىم سايرايدۇ،
سالاسۇندا قونغاقتا.
يار لىۋىنى شورايدۇ،
قەن بارمىكەن تامغاقتا؟

يان ئېرىقتىن سۇ كەلدى،
ئوق ئۆستەڭ تاشقانمىكىن؟
بىزنىڭ يارلار ساي كەلدى،
يولدىن ئاداشقانمىكىن؟

ئىشكىگىدىن كىرمەيمەن،
دېرىزەگنى ئېتىپ قوي.
يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى،
سەنمۇ ئوبدان تېتىپ قوي.

قارلىغاچ قارا نېمە،
قانىتى ئالا نېمە.
ئېرى تۇرۇپ يار تۇتقان،
ۋىجدانسىز بالا نېمە.

قوناقلىقتىن ئوت ئالسام،
ئوت ئەمەس، پالاك چىقتى.
ياقا يۇرتتىن يار تۇتسام،
ئەقلى يوق، ساراڭ چىقتى.

دۇتارنى چېلىپ - چېلىپ،
كات تۆپىسىگە ئېپ قويدۇم.
كەشتىگىرنى توغرىلاڭ،
ۋىجدانلىق يا تېپ قويدۇم.

بوگۇن ئايغا ئون دەيدۇ،
ساناپ باقسام بەش ئىكەن.
ياردىن تولا گەپ سورىماڭ،
كۆڭلى ئۇنىڭ غەش ئىكەن.

كۆك چەينەكتە چاي دەملە،
ئاق چەينەكتە بىنەپشە.
گەپ ئاڭلىمساڭ يارىم،
قۇلىقىڭغا دىرەپشە.

ئاق پايپاقمۇ پايپاقكەن،
بوز پايپاقمۇ پايپاقكەن.
يىگى تۇتقان يارىڭىز،
يازغى يۇگدەك سايپاقكەن.

يارىم بەرگەن بەش ئالما،
ساناپ باقسام ئالتىكەن.
سىناپ باقسام سۆز تاشلاپ،
ئۇنىڭ ئەقلى كالتىكەن.

يارىمنىڭ بېغى بىدە،
ئەللە كۆرسە نېمە دە؟
شۇل يارىمنىڭ قىلمىشى،
يۇرەكنى قىلدى زىدە.

ئۆيلىرى قەيەردىرەك؟
بەلگىسى بوستان تېرەك.
بوستان تېرەك تۆۋىدە،
يارنى بىر سۆيمەك كېرەك.

شاڭخەي چىچى بار باللا،
بۇدرە چىچى بار باللا.
قىز باللىدىن بەختى يوق،
يۈرەكتە دەردى بار باللا.

ئۆي ئالدىدىكى ئۈجمە،
چاپسام راۋاب بولامدۇ؟
سىز خېنىمنى دالدىدا،
سۆيسەم ساۋاب بولامدۇ؟

ئاتمىنى قويۇپ بەردىم،
دۆۋىگە — سامانلارغا.
مەن يارنى تاشلاپ بەردىم،
تالاشقان يامانلارغا.

ئېگىز تېرەك شېخىدا،
گۇگۇلدايدۇ كۆك پاختەك.
يار مەندىن يامانلايدۇ،
ئۆزىدە گۇناھ يوقتەك.

ئۆردەكلەر كۆلدە بولۇر،
كېپىنەك گۈلدە بولۇر.
ئاشىقى بولسا نادان،
مەشۇقى چۆلدە بولۇر.

ئالما ئاتسام بىر قىزغا،
تۇتالماي يەرگە چۈشتى.
بەختى - تەلىيى يوقكەن،
بىۋاپا ئەرگە چۈشتى.

ھاشى دەريا سۇلىرى،
بۇ يىل يەنە تاشقىدەك.
يارىمنىڭ سۆزى ئاچچىق،
بىلسەم كۆڭلى باشقىدەك.

ئوڭ قولۇم سۇنۇپ كەتتى،
دۇتارنى چالالمايمەن.
ئۆزۈڭ كەلمىسەڭ يارىم،
مەن ئىزدەپ بارالمايمەن.

ئانار شېخى، گۈل شېخى،
ئەگمىگۈچە قايرىلماس.
ئەقىدىلىك يار بولسا،
ئۆلمىگۈچە ئايرىلماس.

دەريا سۈيى مۇز تۇتتى،
غىرقىراپ تېيىلغۇدەك.
ياردىن بىر سۆز ئاڭلىدىم،
يۈرىكىم يېرىلغۇدەك.

ھەمدۇللايا — ھەمدۇللا،
ئاخشام بارسام پەندۇللا.
ئۆيلىرىگە باشلىماي،
دەرۋازىدىن ياندۇللا.

باغقا تاۋۇز تېرىسام،
ئۈنۈپتۇ قوغۇن ئۇرۇقى.
مەن يارنى سۆيەلمىدىم،
بۇمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

www.uyghurkitap.com



ماشىنىدا خىش توشۇپ،
سانىۋالدىم خۇمدانىدىن.
يار بىزنى يامان دەپتۇ،
تېپىۋالسۇن ئوبدانىدىن.

ساي كىرىش[1]نى قاپلاپتۇ،
قىياق بىلەن چىغىرتماق.
چىغىرتماقنى ئۆزگىلى،
ئامراق يارىم كەل پاتراق.

ئۆزۈڭ ئېلىپ دۇتارنى،
ئۆزۈڭ باسقىن پەدىنى.
ئۇنداق بالدۇر ئۇنۇتما،
باشتا بەرگەن ۋەدىنى.

ۋەدىنىيۇ ۋەدىنى،
كەچكى قويما ۋەدىنى.
كەچكە قويساڭ ۋەدىنى،
ئۆزۈڭ تارتىسەن دەردىنى.

چېچىڭ ئەسلى قارادۇر،
قايتىلاپ قارا قىلما.
بولا - بولماس گەپ قىلىپ،
كۆڭلۈمنى يارا قىلما.

تاغدا زوپا ئېچىلدى،
تېرىپ ئالىلى يارىم.
ياقا يۇرتقا كەتمەڭ سىز،
بىللە قالىلى يارىم.

بۇغدايلىقتىن ئوت ئالدىم،
ئاق توشقانغا - بوجەڭگە.
ئادەم دېگەن ئۆلمەيدىكەن،
ئىشق ئوتىدا كۆيگەنگە.

يارىم تۇماق كىيىپتۇ،
چوكۇرۇۋېلىپ باشقا.
يېنىدا ئادەم تولا،
قانداق باراي قاشقا؟

يارىشىپتۇ تىيماققا،
خېچىخاننىڭ خېنىسى.
گەپلىشىپ ئالاي دېسەم،
يول قويمىدى ئېنىسى.

ئاتىنىڭ ئوبدىنى بولسا،
ياپلاققا مىنىپ چىقسام.
لېۋەن يار بىلەن بىللە،
دۇنيانى كېزىپ چىقسام.

---

① ساي كىرىش — جاي ئىسمى.

بىزنىڭ باغدا قوناق بار،
شىخىدا يوپۇرماق بار.
خەقنىڭ يارىنى سۆيمەڭ،
ئاخىرەتتە سوراق بار.

يارىم بەرگەن ياغلىقنىڭ،
بىر بۇرجىكى چىگىكلىك.
بىلمىدىم يار قەدرىنى،
بىلمەسلىكىم كىچىكلىك.

دۇتارنى ئۆزۈڭ چالغىن،
ناخشاڭ بىلەن كارىم يوق.
ئۆتەرمەنمۇ دۇنيادىن،
ئۆزۈم يالغۇز، يارىم يوق؟

سىلە ئەسلى ئاقمىدىلە؟
كىيسەل ئەمەس ساقمىدىلە؟
كۆڭلۈمنى بىرەي دېسەم،
مىجەزىمگە ياقمىدىلە.

چاسىنىڭ ئوتتۇرسىغا،
گۈل تېرىپ شاخلاتمىسام.
خەپ ئىگەكىم بىر كۈنى،
مەنمۇ سىنى ساقلاتمىسام.

دۆڭمۇ ـ دۆڭدە ئۆيىمىز،
ماياق ئوتىدا چوغىمىز.
سىغىنغاندا كەلسىلە،
تاماكا چوغلاپ بېرىمىز.

يارىمنىڭ كۆزى چۈشتى،
قولۇمدىكى ئۈزۈككە.
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ،
ئايرىلارمىز كۈزلۈككە.

ئىشكىم تاختا ئىشىك،
قۇلپا ـ زەنجىر سالمىسۇن.
خۇدايىم بەندەم دېسە،
كۆيۈك ئوتىغا سالمىسۇن.

مەن چەككەن غىجىم رومال،
ئالما شاخىدا قالدى.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
كۆڭلۈم ئارىدا قالدى.

دۇتار چالسام بوپتىكەن،
ناخشا ئېيتسام بوپتىكەن.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
ساڭا ئېيتسام بوپتىكەن.

ئاقىنا يەكتەك كىيىپ،
تالاغا چىققان بىلى بوش.
مىنى مۇنچە يىغلىتىپ،
ئۆزۈڭ يۈردۈڭ كۆڭلۈڭ خۇش.

ئاق كەپتەر پەغەزدىكەن،
كۆك كەپتەر پىشايۋاندا.
بىزنىڭ يارلار ئوينايدۇ،
تېرەكلىك خىراۋاندا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئاۋارە دېمەڭ بىزنى،
ئاۋارە قىلاي سىزنى.
مەنمۇ كەلمەي ۋاقتىدا،
يولغا قارتاي سىزنى.

سايدا تولا ماڭمايمەن،
ماڭسام پۇتۇپ ئاغرىيتۇ.
باشتا ئۇيىنغان يارغا،
ئەمدى ئىچىم ئاغرىيتۇ.

نازىمەننا ـــ نازىمەن،
ئالتۇن كۆلنىڭ غازىمەن.
بىۋاپالىق قىلغۇچە،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.

ئۆستەڭ باشىدا كاتۇ،
ئۇندا مايسىخان باتۇ.
ئۇنى مەن ئالاي دېسەم،
سىڭلىسى تاپان چاتۇ.

يارنىڭ تولا ۋەدىسى،
سانىغلى بولمايتۇ.
كەلسەم ئۆيدە ئۆزى يوق،
مېنى شۇنداق گوللايتۇ.

شاخلاپ قاپتۇ يالپۇزلار،
تۆگمەن باشىدا ـــ سايدا.
سەندەك بىۋاپا يارغا،
كۆڭۈل بېرىپ نېمە پايدا؟

ئاشنا بولدۇم سالاشقا،
ئاندا ـ مۇندا ئويناشقا.
سالاش ئۆزى يامانكەن،
چىقتى ئاخرى باشقا.

ئۇ تېرەكتە بىر چۇمچاق،
بۇ تېرەكتە بىر چۇمچاق.
تاللىشىدۇ يارىمنى،
ئۇ يەردە بىر كۆك قۇمچاق.

دەردىم بار دېگەن بىلەن،
ئامال قىلمىساڭ بىكار.
يارىم بار دېگەن بىلەن،
كۆڭلى بولمىسا بىكار.

كەتمىنىنىڭ دەستىسى،
ئۇجمە بىلەن ئەينۇلا.
سۆيىمەن دەپ گوللىدى،
مېنى نادان سويىملا.

دۇتارىمنىڭ پەدىسىنى،
باغلاپ قويدۇم ئۇن يەتتە.
ئەتە ـ ئاخشام كەلسىڭىز،
چېپ بېرىمەن ئەلۋەتتە.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
دەريا سۈيى توڭلاپتۇ.
بىچارىنىڭ بېشىنى،
يارى كېلىپ ئوڭلاپتۇ.

قارلىغاچ ئۇۋا سالدى،
بىزنىڭ ئۆيگە، بەش يەرگە.
مەشۇقۇمدىن سورىماي،
بارالمايمەن ھېچ يەرگە.

بەش چېچىمدا بەش تۇمار،
تۇمار ئاسمىغان كىم بار؟
ياشلىقتا نادانلىقتا،
ئاشنا تۇتمىغان كىم بار؟

ئۆگزەمگە تولا چىقىپ،
ئۇستىنى كاما قىلماق.
يېڭىباچە يار تۇتتۇم،
مېنىڭدىن تاما قىلماق.

تال بېغىم بار باراڭلىق،
خۇش پۇراقلىق - ھاۋالىق.
سۆيۈپ قويۇڭ ئامرىقىم،
يۈرىكىمگە داۋالىق.

ئالما بەرسەڭ يەپتىمەن،
ئانار بەرسەڭ يەپتىمەن.
قايرىلىپ كۆلۈپ قويساڭ،
كۆيۈپ قالدى دەپتىمەن.

ياغلىقىڭنىڭ ئۇچىدىن،
كېسىۋالاي تۇمالىق.
كېتەر ۋاقتىم ئاز قالدى،
سۆيۈپ قويغىن خۇمالىق.

راۋابىم پەدە - پەدە،
پەدىسى ئون تۆت يەدە.
مەن سېنى كۆرەي دېسەم،
ئۆيۈڭ زەپ يىراق يەدە.

يارىمنىڭ ئېتى جەدە،
قويرۇقى ئۇننىڭ يەدە.
ئوينىغىلى قويمامسەن،
كۆڭلۈم خالىغان يەدە؟

راۋابىمنى چېلىۋەردىم،
كەلسە - كەلمەس پەدىگە.
ئەمدى مەن قانداق چىداي،
بىۋاپا يار دەردىگە؟

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
يۈگەن سالمەن ئەمدى.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
قانداق قىلمەن ئەمدى؟

لەيلىقازاق قىسماڭلار،
توزۇپ كېتىدۇ يەرگە.
قىزدىن ئاشنا تۇتماڭلار،
تېگىپ كېتىدۇ ئەرگە.

قارا قويىنىڭ تېرىسىنى،
تۇماقچى باللا ئاشلايدۇ.
خېنىڭىزنى بوش كۆرمەڭ،
شاما قىلىپ تاشلايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



چىچىڭدىكى لىنتاڭنى،
پەدە قىلاي راۋابقا.
راۋاب چېلىپ سەن ئۇچۇن،
ئىگە بولاي ساۋابقا.

يارىم سىزگە ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان قەرزىم بار.
ئازاب بەرمەڭ جانىمغا،
يۈرىكىمدە دەرزىم بار.

ئۆگزەڭگە چىقۋېلىپ،
پاراسلاتتىم غازاڭنى.
مەندىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
خۇدا بېرەر جازاڭنى.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى،
كۆنگە قاراپ ئېگىلدى.
مۇشۇ خەتنىڭ مەنىسى،
سىزگە قاراپ پۈتۈلدى.

ئاق تىكەن گۈر - گۈر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.
ئىشقى بار ئوتتا كۆيەدۇر،
ئىشقى يوقنىڭ كارى يوق.

ئالما چېچەكى باغدا،
شاپتۇل چېچەكى باغدا.
قىز - يىگىتلەر قوغلىشار،
جىگدە چېچەكى چاغدا.

كېچە بولسا ياتمايمەن،
يىغلايمەن خۇدايىمغا.
ئۆلسەم يار دۇئا قىلغاي،
مېنىڭ ياتقان مازارىمغا.

ئۇ ئېتىزمۇ گۈرۈنجى[1]،
بۇ ئېتىزمۇ گۈرۈنجى.
چوڭ گەپ قىلغان خېنىملار،
پاچىقىمىزغا ئۈرۈنجى[2].

ئارقا يولچە ماڭ دەيدۇ،
ماڭسام ھەر تەرەپتە يول.
دوستتىن تولىسى دۈشمەن،
سەن ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول.

سامانغا يۆگۈلۈپ قاپتۇ،
بايخان سورىغان ئارى.
قىزلارغا كۆيۈپ قاپتۇ،
تراكتور ھەيدىگەن قارى.

---

① گۈرۈنجى — يەرلىك شىۋىدە گۈرۈچ.
② ئۈرۈنجى — يەرلىك شىۋىدە پايتىما.

ئايدىڭ بەرمىگەن ئايدىن،
ئاي قاراڭغۇسى ياخشى.
ۋاپا قىلمىغان ياردىن،
مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم ياخشى.

چاكاندانى سوقۇپ سالسا،
قازاندا چاي بولمامدۇ؟
مۇساپىرغا كۆڭۈل بەرسە،
يېرىم كۆڭلى تولمامدۇ؟

خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
قۇرۇق شاختا ئانار بولدى.
ئانارنى سىقىپ ئىچسەم،
يۈرەككە داۋا بولدى.

ئەتىياز بولدى يەنە،
ئېچىلدى باغنىڭ گۈللىرى.
مەن بېرىپ شاختا قونسام،
سايرىشۇر بۇلبۇللىرى.

بۇلبۇللار قونار،
تاغلار باشىغا.
تۇتقان يارى گاڭگۇڭ بولسا،
كېلەر قاشىغا.

بارغۇچە باغ بىرلە ياردىم،
يانغىچە يارىم بىلەن.
خوشقىنا بەتنام كۆتەردىم،
شۇل ۋاپادارىم بىلەن.

باغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئالما ئېغىتاي يارىم.
ناخشامغا قېتىۋېلىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
پۇلى يوق دەمسەن مېنى،
پۇل تاپقۇچە سالدىڭ زۇلۇم.

دۇتار چالدىم پەدىگە،
قارا كۆزنىڭ شەنىگە.
قارا كۆز تۇرالامدۇ،
بىزگە قىلغان ۋەدىگە.

ھۆل قومۇشقا ئوتنى ياقتىم،
سارغىيار، كۆيمەس دېدىم.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەكنى،
مەندىن ئايرىلماس دېدىم.

ھېيت كەلسە جىمى ئەللەر،
ھېيتگاھقا راۋان ئەيلەر.
غېرىبلارنىڭ غەم سازى،
كۆرۈشكە خىتاب ئەيلەر.

يامانلىق ئەيلىمەڭ يارىم،
بۈگۈن تاڭلا قىيامەتتۇر.
يامانلىق ئەيلىگەنلەرگە،
قىيامەتتە نادامەتتۇر.

www.uyghurkitap.com



هاۋادا يۇلتۇز تولا،
يەككە ـ يىگانە بىر خۇدا.
تىنچ ـ ئامانلىقنى بىرىڭ،
ئاغرىق ـ سىلاق بەرمەڭ خۇدا.

دەردكە دەرد قىلدىڭ مېنى،
دەردمەنگە دەرد قىلدىڭ مېنى.
سۆرە ـ ياسىنى ئوقۇپ،
ئايەتكە بەند قىلدىڭ مېنى.

دەردىم بارۇ، دەردىم بار،
بىشمىدىكى ساچمىدەك.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
هاۋادىكى لاچىندەك.

ئىچمە دەيدۇ، ئىچمە دەيدۇ،
ئىچمىگەنلەر قايدا بار.
ياخشىلار تۇتقان هاراقنى،
ئىچسە يۈرەككە پايدا بار.

ئات مىنسەممۇ ئوينايمەن،
مىنمىسەممۇ ئوينايمەن.
ياڭسۇڭ بىلەن كارىم يوق،
گاڭگۇڭ بىلەن ئوينايمەن.

ئۆستەڭ بويىدا ياتىپ،
خام تاماكىنى تاتىپ.
قوڭدا توقام تامبال،
ماڭالمايدۇ هال تارتىپ.

قىيناتام باي گاداي،
داۋزىسى سىيلاغلىق.
ماڭا ئۈچ كۈن نان بەرمەي،
بەكمۇ قىيناغلىق.

باغدا كاككۇك سارايدۇ،
سىرىغ سەمبە يۇرايدۇ.
بىكار ياتقان چوكانلار،
يۇمغاقسۇت يۇرايدۇ.

كىبلىڭلار ئەهلى دەردمەنلەر،
تۇرۇپ بىر جايدا يىغلايلى.
كۆزگە ئىلمىغان يارنىڭ،
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

سايدا جەگرەن ئاتۇرمەن،
بىرنى ـ بىرگە چاتۇرمەن.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بەش، ئون كۈنلا ياتۇرمەن.

رىسقىڭنى تەڭرى بىرەر،
نان بەرمىكى يەردىن ئەمەس.
قىز ـ ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەك،
يا ئايال ـ ئەردىن ئەمەس.

چىلىم دەيمەن ـ چىلىم دەيمەن،
چىلىمدا لەيلى لەش بارمۇ؟
چىلىم تۇتسام قوپالمايسەن،
بويۇڭدا غەللى ـ غەش بارمۇ؟

بۇ چىنار ئېگىز چىنار،
چىقماڭ خېنىم شاخى سۇنار.
شاخى سۇنسا نېم بولار،
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار؟

ھاۋانىيا ـ ھاۋانى،
قىزلار كىيسۇن تاۋانى.
ئوغۇللارغا ھېچنېمە يوق،
ياماپ كىيسۇن تاغانى.

«دۇتارىڭنى چال» دەيسەن،
چالاي دېسەم تارى يوق.
دەردى بارلار ئاڭلايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

ئانىكا سوقماڭ مېنى،
بەش ـ ئالتە كۈن مېھمانىڭىز.
مورىڭىزنىڭ بېشىدا،
ياندۇرغىلى چىراغىڭىز.

كېچىلەردە يول ماڭساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
يۇرتۇڭغا مۇساپىر مەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

ئۇ ئېتىزمۇ لالىكەن،
بۇ ئېتىزمۇ لالىكەن.
ۋىجدانى يوق سەتەڭلەر،
بەتىنكەمگە نالىكەن.

يول بويىدىكى تېرەكتىن،
كېسىۋالدىم قاقشىلىق،
تاپقىن ئەمدى ھوشۇڭنى،
قىلما ھەرگىز ساختىلىق.

كاككۇك بالىسى زەينەپ،
شاخقا قونۇپ ئولتۇردى.
يار قېشىغا كىرەي دېسەم،
دۈشمەن ماراپ ئولتۇردى.

تۈن كېچىدە ناخشا ئېيتسام،
خەق مېنى ساراڭ دەيدۇ.
مېھرىبان ئانام بولسا،
دەردى بار بالام دەيدۇ.

قارا كۆز ھەر يەردە بار،
پىرازى كۆز بىرە ـ بىرە.
پىرازى كۆزنىڭ ئالدىدا،
قارا كۆز تەمەچ تېرە.

مەن ماڭدىم كېچە بىلەن،
ئارەكنىڭ ئىچى بىلەن.
يارنىڭ قولى باغلاندى،
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن.

سىن چىچىڭنى ئىچمەيمەن،
تۇتقىنىڭغا ھەشقاللا.
بىر سېنىڭ بولۇپ قالسۇن،
ئەمدى بىزدىن ئاشقانلار.

www.uyghurkitap.com



ئاتامنىڭ دېگىنى كەلدى،
ئانامنىڭ دېگىنى كەلدى.
كەل ئۇكام، ئىشكىنى ئاچ،
غېرىب بولغان ئاكاڭ كەلدى.

يا ئاتام يوق، يا ئانام،
يا قېرىنداشىم مېنىڭ.
غەم بىلەن ھەسرەتكە بولدى،
بۇ غېرىب باشىم مېنىڭ.

ئەتلەس ئالدىم ئون ۋەرى،
يىرتىپ بېرەي بىر ۋەرى.
ئۇسسۇلۇڭنى ئويناۋەر،
مېنى قىلماي ئاۋارى.

گۈلنى ئۈزمەك سەھەردە،
گۈل بەرگىدە شەبنەم بار.
باغقا كەلمەك ئاشكارا،
ماربىلاپ تۇرغان ئادەم بار.

يار مېنى يامان دەيدۇ،
بىلمىدىم گۇناھىمنى.
كەچۈرەر گۇناھنى دەپ،
ياد ئەتتىم خۇدايىمنى.

قارغىلار ئۇۋۋا سالدى،
خىراۋان تېرەكلەردە.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
ئوت قالدى يۈرەكلەردە.

قومدا ماڭغان سۈندۈكنىڭ،
ئىمىر - چىمىر ئىزى بار.
ئەسكى - پەسكى ئىش قىلماڭ،
ھەممە خەقنىڭ كۆزى بار.

ئوچاق ئالدى كولۇڭدا،
مياڭلىدى بوز مۈشۈك.
ئالدىراپ ئەرگە تەگسەڭ،
تەۋرىتىسەن قوش بۆشۈك.

كەپتەرلەر ئۇچۇپ كەتتى،
قاراپ قالدىم ھاۋاغا.
ئادىشىم يوقاپ كەتتى،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

ئېگىز تاغقا تاش ئاتتىم،
يېڭى يارغا قاش ئاتتىم.
كۆڭلۈم چۈشمىگەن يارنى،
ئادىشىمغا خوش ئەتتىم.

ئۇ قاتىدىن ماڭ دەيسەن،
ماڭسام ھەر تەرەپتە يول.
دوستتىن تولدۇر دۈشمەن،
يار ئۆزۈڭدىن ئاگاھ بول.

ئاق چەكمەننى كىيمەيمەن،
زەپىرەڭ بوياپ بەرسۇن.
مېنىڭ بولغىنىم بولغان،
مەيلىمگە قوياپ بەرسۇن.

ئېرىقنىڭمۇ سۈيى لاي،
ئۆستەڭنىڭمۇ سۈيى لاي.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟

رەڭدار يىپتا يۆمەكلىك،
رومالىنىڭ توققۇز كۆزى.
چاچۇقكەن دېمەڭ بىزنى،
يۈزۈمدىكى چېچەك ئىزى.

ئىشكايىلىڭىز - مەللىڭىز،
ئېراقتىكى ئىلەككەن.
گەپلەشكىمىز كەلگەندە،
بىزگە تېلېفون كېرەككەن.

ئىشكايىلاڭدا قوش ئېرىق،
شىلدىرلايدۇ سوم[1] بېلىق.
ئەجەبمۇ يامانىكەن،
كىشى يۇرتىدا غېرىبلىق.

يولۇچى ئۆتۈپ كەتتى،
مەپىلەردە سەيلىگە.
كۆڭۈل دېگەن بەڭۋاشنى،
قويۇپ بەرمە مەيلىگە.

كۆيىدۈما، كۆل بولدۇما،
كۆيمىگەننىڭ كارى يوق.
باشقا كەلگەن ئەلەمنى،
تارتمىغۇچە چارە يوق.

باغدىكى جىنەستىنىڭ،
بىر شاخىدا ئون پۇتاق.
مېنى گوللىغان يارنىڭ،
يولدىشى بەكمۇ چاتاق.

يىرتىلغان ئۆتەكڭنى،
ياماقلىق سېپ قاڭلىما.
ئەڭلىكنى راسا قىلىپ،
سەن ئۆزۈڭنى داڭلىما.

ئاشىق خىيالى دىلبەر،
خاتىپ خىيالى مىنبەر.
ۋائىز خىيالى پۇلدەر،
ھاجى ھەرەمنى ئىزدەر.

ئاخشام بارسام مەلەڭگە،
سىڭلىڭ قوپتى لەغمەنگە.
لەغمىنىڭنى يېمەيمەن،
زىبان قىلدى مەيدەمگە.

---

① سوم — تولا، كۆپ.

www.uyghurkitap.com



گۈلاخمانىڭ يوللىرى،
تىرەكلىك ھەم جىگدىلىك.
گۈلاخمانىڭ كۆمچى،
قوۋۋەتلىك ھەم مەززىلىك.

كېلىپ قالدى ئامرىقىم،
يامان چاغدا ھېيتىمىز.
سىردىشارمىز سۆيۈشۈپ،
كېلەر بىر كۈن پەيتىمىز.

ئۆينىڭ ئالدى قوناقلىق،
قوناقلىقتا چۈژگۈن بار.
سىز ۋاپادار يار بىلەن،
تا ئۆلگۈچە يۈرگۈم بار.

مېنىڭ يارىم زىيالىي،
گاگبى قەلەم مەيدىسىدە.
ئەرتە — كەچ كۆرۈشەرمىز،
چوڭ كۇلۇبتا — مەجلىستە.

يارىم بىر پوتا بەردى،
تايلاقنىڭ تاپانىدا.
توكاپ قالسام يۆگىتۇ،
بەقەسەم چاپانىدا.

كەچ بولدى — زاۋال بولدى،
يارىمغا ئۇۋال بولدى.
چىچىنى ئۇزۇن قوياپ،
قۇنبېيتتا① جۇۋان بولدى.

قارا سالۋانى كىيىپ،
قاراقچى بولمامدۇ كىشى.
بىۋاپا يار دەردىدە،
راۋابچى بولمامدۇ كىشى.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
بۇغداي ئۆكلۈك مۇختىسەر.
قولىنى مۇرەمگە سالسا،
ئۇششاق ئاغرىقنى كېسەر.

قارا تەلپەكنى كىيىپ،
ئىشەكچى بولمامدۇ كىشى.
ئاق جۇۋاننىڭ ئىشقىدا،
راۋابچى بولمامدۇ كىشى.

كۈندە باشنى تاراپسىز،
ئۆگزىڭىزدە ئولتۇرۇپ.
سىزگە يېمىش ئېپ كەلدىم،
يانچۇقۇمنى تولدۇرۇپ.

① قۇنبېيت — قۇربان ھېيت.

تام تۈۋىدە چا خوراز،
چالما ئېتىپ چىلىلاتتىم.
يىراقتىكى يارىمنى،
خەت ئەۋەتىپ يىغلاتتىم.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
ئۆيگە ياقتىم جىنچىراغ.
ناخشام يارغا ئاڭلانماس،
تۇرغان يېرى بەك يىراق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بېيىتلار

1
بوي بويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،
نېمىنى ئويلايسەن؟
ئىلىدىن كەلگەن كوماندىرنىڭ،
يانچۇقىنى كولايسەن.
بوي بويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،
ئويچىمىدىڭ سەن؟
تاغ باغرىدىن كېلەلمەيسەن،
قويچىمىدىڭ سەن؟
قويچى بولساڭ قويلارىڭنى،
بىرگە باقايلى.
مۇزلاپ قالغان يۈرەكلەرگە،
ئوتلار ياقايلى.

2
سىم ـ سىم دەيدۇ، سىم ـ سىم دەيدۇ،
سىم ـ سىم قوينۇمدا.
قىلچە گۇناھ مەندە بولسا،
قىلىچ بوينۇمدا.
ئاق بىلەكنى بويلارىمدا،
قارا كۆز يانىمدا.
سەھەر قوپۇپ قارسام،
يوقسەن قاشىمدا.

سىم ـ سىم دەيدۇ، سىم ـ سىم دەيدۇ،
سىم ـ سىم بوينۇمدا.
يار ئۆزىنى داغلىمىسۇن،
يىگى يار قوينۇمدا.

3
قارا ـ قارا قارغىلارنىڭ،
قاناتى بولسام.
ئېگىز ـ ئېگىز چىنالارنىڭ،
شاخىغا قونسام.
جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ،
شاگىرتى بولسام.
ئاشىقلارغا قەست قىلغاننىڭ،
جاننى ئالسام.
قارا ـ قارا قارغىلار،
قايرىلىپ ئۇچتى.
هويلامدىكى چىنارنىڭ،
شاخىغا چۈشتى.
خەقنىڭ يارى يىنىدىكەن،
كۆڭلى كۆرۈشتى.
مېنىڭ يارىم يىراقتىكەن،
كۆزۈمدىن ئۇچتى.

4
قارا ـ قارا قاشلارىڭغا،
قەلەم يۈرگۈرتەي.
ئاخشام قىلغان گەپلەرىڭنى،
قاچان ئۇنۇتاي.
قارا ـ قارا قاشلارىڭغا،
قاتساڭچۇ مېنى.
قاراقاشنىڭ بازارىدا،
ساتساڭچۇ مېنى.
قاراقاشنىڭ بازارىدا،
ئالمىسا ئەگەر.
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ،
ئاتساڭچۇ مېنى.

5
چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ خورىزىم،
يارىم ئويغانسۇن.
لەۋلىرىنى چىشلىۋالاي،
يۈرەكلەر قانسۇن.
چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ خورىزىم،
كېچىلەر تاڭ ئاتسۇن.
يارىم بىلەن بىز ئوينايلى،
خەقلەر داڭلاشسۇن.

6
باراي دېۋىدىم، بارالمىدىم،
بايلار باغىڭغا.
چاچ زۇلپاڭدىن بىر تال ئالاي،
تۇمار باغىمغا.
تۇمار باغىم يارىشارمۇ،
سالسام بوينۇمغا.
شۇنداق چاغدا يارىم بولسا،
كىرسە قوينۇمغا.

7
قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
قولۇنىڭ تاغى.
ئاق بېلىمىزگە يارىشارمۇ،
قامچامنىڭ باغى.
قامچامنىڭ ئۆز باغىنى،
ئاكام كۆرمىسۇن.
بىز ئىككىمىز ئوينايلى،
هېچكىم بىلمىسۇن.

8
ئىشكايلاڭدىن مەن ئۆتەرمەن،
ئاي بولۇپ.
ئايىغىڭغا چاپلىشارمەن،
لاي بولۇپ.
ئەتلەس كۆڭلەك لىغىلدايدۇ،
كىيگەندە.
يۈرەك باغرىم جىغىلدايدۇ،
كۆرگەندە.
بەتىنىڭىز غىرىسلايدۇ،
يۈرگەندە.
بەللىرىڭىز قىرىسلايدۇ،
سۆيگەندە.

9
ئالمىلىق باغىڭغا كىرسەم،

www.uyghurkitap.com



ئالما گۈلى بار.
يۇرىكىمنى يېرىپ بېقىڭ،
كۆيۈك دېغى بار.
ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
باغدا قالدىغۇ.
ساڭا كۆيگەن يۇرىكىم،
داغدا قالدىغۇ.
ئۆتكىلى يا ـ ئۆتكىلى،
مەسە ئۆتكىلى.
مىنىڭ سۆيگەن شۇل يارىم،
ئالما چېچكى.

10

يۇزۇڭنىڭ ئاقلىقى،
ئوتقا سالادۇر.
كۆزۈڭنىڭ قاراسى،
دەردۇ-بالادۇر.
كۆزلىرىڭنىڭ قاراقىدىن،
گۆھەر يانادۇر.
لەۋلىرىڭنىڭ تاتلىقلىقى،
تىلنى يارادۇر.
چېچىڭىز جاللات بولۇپ،
جاننى ئالادۇر.
قېشىڭىز پاششاپ بولۇپ،
ئالەم سورادۇر.

11

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا،
چىراغ كۆيەدۇر.
چىراغ ئەمەس يارنىڭ ئوتى،
يۈرەك كۆيەدۇر.
ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدىن،
سىيرىلدىم تۈزگە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئېگىلدىم سىزگە.
بىلەمسىزكىن، بىلمەمسىزكىن،
مەن كۆيدۈم سىزگە.
ئوتىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

12

ئېگىز تاغدا قار يېغىپتۇ،
تېرىمدا يامغۇر.
بىزنىڭ يارلار ئاش ئېتىپتۇ،
گۆشى يوق چامغۇر.
ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدىن،
سىيرىلىپ چۈشتۈم.
سىزگە قاراپ قاش ئوينىتىپ،
يىقىلىپ چۈشتۈم.
ئېگىز ئۈچۈپ يارنى كۆردۈم،
چەرخى پەلەكتە.
ئاخشام بېرىپ سىزنى كۆردۈم،
مەخمەل چۈشەكتە.

*

بۇركۈت بولۇپ تاغ باشىغا،
قونايلى يارىم.
دۈشمەنلىنى داغدا قويۇپ،
ئوينايلى يارىم.

ئېگىز تاغقا چىقماڭ يارىم،
سىيرىلىپ چۈشەرسىز.
چىرايلىققا كۆڭۈل بەرمەڭ،
كۆيۈپ ئۆلەرسىز.
ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدىن،
ئاي كۆرۈندىمۇ؟
ئېشكايلاڭغا تولا بېرىپ،
خار كۆرۈندىمۇ؟

13
يۈگۈرۈپ چىقتىم ئۆگزىگە،
يارنى كۆرگىلى.
يارنى كۆرۈپ سەكرەپ چۈشتۈم،
قايرىپ سۆيگىلى.
قارامۇغۇم چېچىلىپ كەتتى،
تېرىشىپ بېرىڭ.
سۆيەي دېسەم بويۇم يەتمەس،
ئېگىشىپ بېرىڭ.

14
ئوچاققا ئوت ياقمىساڭ،
قازان قاينامدۇ؟
شۇنداق تاشلاپ كەتكىلى،
كۆڭلۈڭ پايلامدۇ؟
يىراققا كەتتىم دەپلا،
بىزنى ئۇنۇتماڭ.
سىزگە بەرگەن كۆڭۈلنى،
بۇنداق سوۋۇتماڭ.
سۇغا سالسام سۇ كۆتەرمەس،
مىسقال تۆمۈرنى.
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس،
قالغان كۆڭۈلنى.

15
بىزنىڭ يارنىڭ قاراشلىرى،
قۇرغۇيغا ئوخشاش.
سەھەرلىكتە سايراشلىرى،
بۇلبۇلغا ئوخشاش.
ئاغرىغاندا كەلمىسە يار،
كۆڭلۈم بۇزۇقتۇر.
يارىم كېلىپ بىزنى سۆيسە،
كۆڭلۈم ئوچۇقتۇر.

16
ئىچسەم ـ ئىچسەم مەس قىلمايدۇ،
سايىنىڭ بوزاسى.
ئۇن ئالتىدە بىر يارىم بار،
قوينىڭ قوزاسى.
ئىچىپ ـ ئىچىپ مەس بولغاندا،
ئاق ئاتىم بولسا.
مەن يارىمنى سېغىنغاندا،
قاناتىم بولسا.
ئاق چاي ئىچىپ، كۆك چاي ئىچىپ،
مەس بولۇۋالغۇم بار.
شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىڭگە،
دوست بولۇۋالغۇم بار.
ناسا سېلىپ، نەششە چېكىپ،
مەست بولۇۋالغۇم بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىنىڭ ياخشى سۆزلىرىڭگە،
سۆز قوشۇۋالغۇم بار.

17
يەكتىكىمنى يەرگە تاشلاپ،
قاشقا يانپاشلاپ.
گەپ قىلمايمەن يارىمغا،
بۈگۈندىن باشلاپ.
ئۆستەڭ باشىدا ياتىپ،
ئايغا قاش ئاتىپ.
گەپ قىلمايمەن يارىمغا،
ئەتىدىن تارتىپ.
ئىككى - تۆت سەر ئىچىۋالىپ،
پۇر - پۇر چېكىۋالىپ.
گەپ قىلمايمەن يارىمغا،
بىر سۆز قىلىۋالىپ.
ئەتە - ئۆگۈن سىنچاي ئالىپ،
باققان كىرىۋالىپ.
گەپ قىلمايمەن يارىمغا،
بەشنى سۆيۈۋالىپ.

18
مېنىڭ بىرلا مەشۇقۇم بار،
قاپقارا قاشلىق.
شايى - ئەتلەس كۆينەك كىيگەن،
ئون ئالتە ياشلىق.
قارلىغاچنىڭ قاناتىدەك،
قوشۇما قاشلىق.
مودەن سۈيى تامچىغاندەك،
كۆزلىرى ياشلىق.

19
ئىشكايلاكدا قوش كارىۋات،
بىر كىم باقامدۇ؟
قوش كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە،
يارىم ياتامدۇ؟
كۆزلىرىنى خۇما قىلىپ،
قاشلار ئاتامدۇ؟
قاش ئويىنتىپ، كۆز قىسىپ،
جاننى ئالامدۇ؟

20
قارا تۈلكە - ئالا تۈلكە،
سايىنىڭ تۈلكەسى.
كۈلدۈرەمدۇ، ئۆلتۈرەمدۇ،
يارنىڭ كۈلكەسى.
هاۋامىدۇ، بۇلۇتمىدۇ،
قارنى ياغدۇرغان.
سىكىلەكمىدۇ، جۇۋانمىدۇ،
بىزنى پەندۇرغان①.
ئانام مېنى، دادام مېنى،

① پەندۇرۇش — ئالداش، قىلتاقتا چۈشۈرۈش.

بالا دېمىسۇن.
خۇدا سالدى بۇ كويلارغا،
يامان دېمىسۇن.

21
ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
نەگە بارۇرسەن؟
ئۇسما قويۇپ، خېنە يېقىپ،
جاننى ئالۇرسەن.
ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
ئالاي كۆڭلۈڭنى.
قارچىغىنىڭ بالىسىدەك،
ئېگەي بوينۇڭنى.
ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
قېشىڭغا كەلدىم.
شېرىن ـ شېكەر لەۋلىرىڭگە،
سۆيۈشكە كەلدىم.

22
تىللا دەيدۇ، تىللا دەيدۇ،
تىللا نەدىدۇر؟
تىللادەك يار نەدە بولسا،
تىللا شەدىدۇر.
باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ،
فولو تېغىدىن.
ھەيران بولماڭ يۈرەكتىكى،
كۆيۈك دېغىدىن.

كېلىڭ دەيدۇ، كەلمەڭ دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.
سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.
دارى دەيدۇ، دارى دەيدۇ،
قىچا ياغىنى.
ئەقلى بولسا سۆيەمدىكىن،
كىشىنىڭ يارىنى.

23
ئايلار ئۆتتى، يىللار ئۆتتى،
باقتىم يولۇڭغا.
كەلسەڭ ئىدىڭ، جۈپ قولۇڭنى،
سالساڭ بوينۇمغا.
چىن مۇھەببەت ھۇزۇر بەرسە،
بۇ ئەزىز جانغا.
ئاھ، ئاشۇ چاغ يېتەر ئىدۇق،
ئارزۇ ـ ئارمانغا.

24
ئۆيتوغراقتا يۇلغۇن بار،
بوز يەردە توغراق.
يېڭىئېرىقتا يارىم بار،
ماڭا بەك ئامراق.
بېشىل مەخمەل ئىچىدە،
كۆز تۇمارىمسەن.
كىچىكىمدىن ئۇيىنغان،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


گۈزەل يارىمسەن.
ئالتە كەپتەر يەتتە بولۇپ،
قوندى تېرەككە،
سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى،
تەگدى يۈرەككە.
سېرىق سەبدە گۈلۈمسەن،
ساينىڭ بۇلاقى.
كۆيدۈردۇ ئەجەبمۇ،
يارنىڭ پىراقى.

25
ھېلىمخان، سېلىمخان،
ھالىم قالمىدى.
خەجلەي دېسەم ئاۋۋالقىدەك،
ۋەجىم قالمىدى.
ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس،
مېنىڭ ھالىمنى.
ھېچكىم سورىماس يار ئوتىدا،
سارغايغانىمنى.

26
ئۈرۈمچىدىن دۇتار ئالدىم،
قەشقەردىن راۋاب.
سەن يارىمغا خەت ئەۋەتسەم،
كەلمەيدۇ جاۋاب.
خىچىر ھەيدەپ كارۋان تۈزدۈم،
مۈز داۋان بىلەن.

بىر ياخشىنى قىينايدىكەن،
بىر يامان بىلەن.
خەت يازمساڭ يازما ئەمدى،
نېمە پەرۋايىم.
ئالتۇن باشىم ئامان بولسا،
بار چەندان يارىم.

27
كېرىيىدە شامال چىقتى،
لەڭگەردە بوران.
مەن يارىمنى سۆيۈۋالدىم،
بوراندا ئاران.
ئەتىگەندە بوران چىقتى،
كەچلىكتە شامال.
يار سۆيمەككە بەل باغلىسا،
تېپىلار ئامال.

28
ئۈچ ئايدا كېلىمەن دەپ،
ئۈچ يىلغا قالغان.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
جانىمنى ئالغان.
بارىمەن دەپ، يانىمەن دەپ،
يالغاننى ئېيتقان.
بارار، كېلەر يوللىرىمغا،
ئازغان تېرىغان.
يار ئۆزىنى سەگدەپ دېسە،

ئېيتمىسا يالغان.
بىۋاپانى تولا ساقلاپ،
قىينالمىسا جان.

29

كۆرۈنمەيدۇ قارىسام،
ئاتچان تاغلىرى.
ئۇچرىششقا بەك ئەپلىك،
يارنىڭ باغلىرى.
باغ ئىچىدە ئوينايمىز،
ھېچكىم كۆرمەيدۇ.
ئوينىشىپمۇ، سۆيۈشۈپمۇ،
يۈرەك قانمايدۇ.
سۆيۈشسەكمۇ، كۈلۈشسەكمۇ،
ئۆزىمىزنىڭ ئىشى.
بىزنىڭ ئىشقا ئارىلاشمىسۇن،
زادى ھېچ كىشى.

30

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە.
ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كەتسەم،
مىڭ دەرد ئىچىمدە.
تېرىپ بولماس قاشتېشىنى،
ساينىڭ تاشىنى.
دەرد كەلگەندە سۈرتۈپ بولماس،
كۆزنىڭ ياشىنى.

31

ئالتە كەپتەر، يەتتە كەپتەر،
بىر بولۇپ ئۇچتى.
كۆڭلۈمدىكى شول يارىم،
كۆزۈمدىن ئۇچتى.
ئالتە كەپتەر، يەتتە كەپتەر،
قوندى تېرەككە.
شول يارىمنىڭ ئوتلىرى،
چۈشتى يۈرەككە.

32

موراڭدىن چىققان تۈتۈن،
ھاۋاغا ئۇچتى.
ئىندىۋىدىڭ، قۇرغۇيۇق،
سامادىن چۈشتى.
ئىندەپ - ئىندەپ ئېلىپ كەلدىڭ،
قوندى قولۇڭغا.
خىزمىتىڭگە يارىمسام،
ياندۇر يولۇڭغا.

33

ئېگىز ئاسماندىن چۈشۈپتۇ،
مۇشتەك ئالا تاش.
كۆيدۈردۈ جىنىمنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زالىم قارا قاش.
قىزىلگۈللەر ئاچىلىپتۇ،
باغچا ئىچىدە.
قاراقاش يار ئولتۇرۇپتۇ،
ھۇجرا ئىچىدە.
قاراقاشقا سىنچاي تۇتتۇم،
كۆڭلىگە بىقىپ.
ئىچمىسمۇ ئىچكۈزەرمەن.
قەنت، شېكەر سېلىپ.
كۈلمىسمۇ كۈلدۈرەرمەن،
غىدىقلاپ بىقىپ.
سۆزلىمىسە سۆزلىتەرمەن،
بىيىتلار قىتىپ.

34

مەن يارىمنى كۆرۈپ قالدىم،
كۆلنىڭ بويىدا.
تاۋار ياغلىق لەپىلدەيدۇ،
يارنىڭ قولىدا.
ئالتە ئاي ياتتىم، يەتتە ئاي ياتتىم،
مۇشكۈل زىنداندا.
ئالتە ئاي دېگەن بىر كۈنچە يوق،
يارنى تاپقاندا.
ئاق بىلەكىڭ بوينۇمدا،
دوپپام باشىمدا.
ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك
ياتتىڭ قاشىمدا.

ئېيتقانلىرىم يالغان ئەمەس،
يۈرەك سۆزۈمدۇر.
سەندىن باشقا يارىم يوق،
ئامرىقىم سەندۇر.

35

ئۆيىڭىزنىڭ كەينىدە،
بىر تۈپ چىنارچا.
چىنارچىغا قونۇپتۇ،
بىر بوز قارچۇغا.
قاناتى بوغۇم - بوغۇم،
كۆزى تۇماچا.
ئاكام ماڭا ئەۋەتىپتۇ،
ئايدەك ئاغىچا.
تون پىچارمەن ئاكامغا،
مەشۇت گۈل بىسىپ.
باغاق ئېتەي نىمىدە،
زۇلپامنى كېسىپ.

36

ئىشكايلامدىن تولا ئۆتمەك،
قاش ئاتتى دەيدۇ.
بەلگە بىرىپ چۆرگىلەپ،
تاش ئاتتى دەيدۇ.
سۇخەنچىلەر گەپ تېپىپ،
ماراشتى دەيدۇ.
دۈشمەن گۈيلار چىدىماي،

يالاشتى دەيدۇ.
سەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم،
بىلسەڭ بولمامدۇ؟
شېرىن جاننى قىيناغۇچە،
ئالساڭ بولمامدۇ؟
كۆل بېشىدا تۇرماڭ يارىم،
مۈكداشتى دەيدۇ.
تاللىق باغقا كىرمەڭ يارىم،
ئويناشتى دەيدۇ.
ئايرىلساقمۇ، جۈپ بولساقمۇ،
كۆيۈشتى دەيدۇ.
خەلقئالەم بىلىپ بولدى،
سۆيۈشتى دەيدۇ.
ئېگىز تاغقا چىقماڭ يارىم،
ئىزدەشتى دەيدۇ.
تال چىۋىقنى ئەگمەڭ يارىم،
كۆرۈشتى دەيدۇ.
تاكتاكچىنىڭ دەستىدىن،
كۆلگىلى بولمايدۇ.
خالىي جايدا مۈكدىشىپ،
يۈرگىلى بولمايدۇ.

37

ئادالەت شۇڭقارىم،
قولۇمدىن ئۇچتى.
تورغاينى قوغلاپ،
باغچامغا چۈشتى.
باغچامغا چۈشسە،
ئۆيدە باقۇرمەن.
چۆللەرگە كەتسە،
نەدىن تاپۇرمەن.

38

ئاھ گۈزەل يارىم،
سېغىنسام سېنى.
ھەر قەدەمدە بىر،
كۆرگۈم كېلىدۇ.
قاناتىم بولسا،
لاچىندەك ئۇچۇپ.
قېشىڭغا دائىم،
بارغۇم كېلىدۇ.
ئەي جانان يايرىم،
شوخ بۇلبۇل بولۇپ.
گۈلدەك بويۇڭغا،
قونغۇم كېلىدۇ.
قاشتېشىدەك ئاپئاق،
سۈزۈك لېۋىڭگە.
كۈندە نەچچىنى،
سۆيگۈم كېلىدۇ.
تەڭداشسىز گۈزەل،
لاتاپىتىڭنى.
كۆكلۈم بېتىگە،
سىزغۇم كېلىدۇ.
جانانىم سېنىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



نازۇك بويىۇڭنى.
ئەجدىھا بولۇپ،
يۇتقۇم كېلىدۇ.

39
پىژ قىلدى يۈرەك،
غىژ قىلدى يۈرەك.
كىمنىڭ يارسەن،
چوكان سىكىلەك.
ئۆرگۈلدى پەلەك،
چۆرگۈلدى پەلەك.
سېنىڭ ئىشقىڭدا،
كۆيىدۇ يۈرەك.
يارىمنى كۆرۈپ،
لىۋىگە سۆيۈپ.
ھەسسىلەپ ئاشتى،
يەنە بۇ كۆيەك.

40
ئېچىلمامدۇ گۈل،
مەۋسۇمى كەلسە.
ئاشىق نە بولغاي،
مەشۇقنى كۆرسە.
دېگىلى دوڭدادى،
بىر كېچە قوندادى.
يوتقىنى كالتىكەن،
سونجىقىمنى توڭدادى.
ئېششەك تاماكۇ،

نېمىشكى نە كەتتى؟
ئاخشام سۆيگەن يارنىڭ،
تۇمشىقى نە كەتتى؟
ئىششەك تاماكۇ،
نېمىشكەك ياغاچلا.
مەيدەڭ قاتتىقكەن،
بوشراق باغاشلا.

41
دەريادا بېلىق،
تاغاردا تېرىق.
ئايدەك يۈزىڭىز،
نېمىشقا سېرىق؟
ئاسماندىكى ئاي،
چەينەكتىكى چاي.
مەن كۆيدۈم سىزگە،
ۋاي يۈرىكىم، ۋاي.

42
ئىشكايلاڭغا سۇپا سالدىم چىم بىلەن،
سەن يۈرۈيسەن قاياقلاردا كىم بىلەن.
مەن قالۇرمەن كۈندە كۆز ياشىم بىلەن،
سەن كېتۈرسەن يولدا يولداشىڭ بىلەن.
كۆز يېشىم چۆلگە ئاقادۇر، سەل بولۇپ،
دىل قاچان كۆيگەي، مۇرادىم ھەل بولۇپ.

43
بازارغا بارسىلا،
خوش دەپ كېتەلا.

نېمە لازىم دېسەم،
ئالغاچ كېلەلا.
يېرىم سەر چاي ئېلىپ،
چەينەككە سېلىپ.
يارىمنىڭ ئالدىدا،
قويغاچ كېلەلا.
يېرىم سەر چايلىرى،
چەينەكتە تۇرسۇن.
مېنىڭ كۆيگەنلىرىم،
يۈرەكتە تۇرسۇن.

44
ئاچىلامدۇ گۈل؟
ساچىلامدۇ گۈل؟
يارنىڭ باغىدا،
سايرامدۇ بۇلبۇل؟
ئاچىلىپ قويدۇم،
ساچىلىپ قويدۇم.
يارىم ياتسۇڭكەن،
تاشلىشىپ قويدۇم.
ئاچىلغان باكار،
ساچىلغان باكار.
ساراڭ خوتۇنغا،
گەپ قىلغان باكار.

45
ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم،
ئۆيدە مېھمان ئولتۇرار.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرار.
قاشلىرى بەرگى قىياقتەك،
كۆزلىرى مەشئەل ئىكەن.
ئۆسكىلەڭ كىرپىكلىرى،
يۈرەككە نەشتەر ئىكەن.

46
كېرىيە دېگەن شەدە،
مۇغاللا دېگەن يەردە.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
چارشەنبە كۈنى سەھەردە.
ئاي مۇبارەك ئايمۇ سىز؟
كۈن مۇبارەك كۈنمۇ سىز؟
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز؟
ساق ـ سالامەت بارمۇ سىز؟

47
كۆك تاۋادا بۆك كىيىپلا،
زەپ ياراشىپتۇ خېنىم.
ھەممە ئادەم «غۇنچە بويىكەن»،
دەپ قاراشىپتۇ خېنىم.
كۆيگىلى ئون يىل بولۇپتۇ،
دەردىڭىزدە مەن خېنىم.
زارى - زار يىغلاپ يۈرۈپ،
دىۋانە بولدۇم ھەي خېنىم.
قاشىڭىز بەرگى قىياقتەك،
كۆزىڭىز خۇما خېنىم.

www.uyghurkitap.com



ئەستە تۇت كۆز تەگمىسۇن،
بوينىڭغا ئاس تۇما خىنىم.

*

ئەتىۋار خىنىم،
دەردى با خىنىم،
سەندىن بەلنى،
نەدە با خىنىم؟
ھاۋارەڭ خىنىم،
تاۋارەڭ خىنىم،
ئۆيدە ئاق ئۇن يوق،
زاغرا يەڭ خىنىم.

*

ھوي خىنىم، ھوي - ھوي خىنىم،
بويىڭىز پاكار خىنىم.
چىرايىڭىز بولمىسا،
ياڭزىڭىز باكا خىنىم.
ھوي خىنىم بويۇڭ پاكا،
ئۆز چىرايىڭ نەگە پاتا.
ئۆز چىرايىڭ بولمىسا،
ئۇپا ئەڭلىكتۇر باكا.

*

ئوچقىنىڭ مەڭزى يوق،
قوش كۆتەك سالغان خىنىم.
چاپىنىڭ يېڭى يوق،
چاسىدا قول سالغان خىنىم.

48

كىچە - كۈندۈز يىغلىماقتىن،
باشقا ئىش يوقتۇر ماڭا.
بۇ مېنىڭ يىغلىغىنىمنى،
كىملەر بىرىپ ئېيتسۇن ساڭا.
ئاي بىلەن كۈننى ئەۋەتتىم،
ئەلچىلىككە مەن ساڭا.
ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى،
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

49

ئاھ يۈرەك ـــ ئاغرىق يۈرەك،
نىمجان بولۇپ سوققان يۈرەك.
قارا كۆز يار ئىشقىدا،
زەرداب بولۇپ ئاققان يۈرەك.
گۈل تېرىدىم چۆنەككە،
كاككۇك قوندى تېرەككە.
ئەقىللىق قارا كۆزنىڭ،
ئوتى چۈشتى يۈرەككە.
ئوت تۇتاشتى يۈرەككە،
كۆڭۈل بارماس بۆلەككە.
چىن كۆڭۈلدىن سۆيىسىڭىز،
يەتسەك ئارزۇ - تىلەككە.
ئاھ يۈرەك، ۋاي ئاھ يۈرەك،
كۆيدۈرىسىز كۈندە بۆلەك.
كۆيگۈنۈمنى بىلمىگەن،
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك.

50

سۇغا كەلدىڭ كۆلۈمگە،
ئەپكەش سىلىپ مۈرەڭگە.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
راست گېپىم شۇ ئۆزۈڭگە.
ئات مىندىم ئېگەر بىلەن،
باشقۇردۇم يۈگەن بىلەن.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
گەپ قىلماي يۈرگەن بىلەن.
ئايئاق ئۆپكىدەك يارىم،
يۇمشاق كۆرپىدەك يارىم.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
ئۆزۈڭنىڭ كۆزىدەك يارىم.
قىزىلگۈل ئاراسىدىن،
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتمىغانغا بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.
ئالما سالغان باغىڭغا،
ئەترە سالدىم بىلدىڭمۇ؟
ئۇزۇن بولدى بۇ دەردكە،
ئېيتالمىدىم بىلدىڭمۇ؟

51

بىزنىڭ باغدا ئۆرۈك بار،
ئاستى شاخىدا خوندەك①.
بىز ئىككەيلەن ئويناپلى،
ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك.
قوغۇن تېرىدۇق قىرغا،
ئىشلەپ چۈنەك باشىدا.
بىز ئىككەيلەن ئويناپلى،
قاپاق تېرەك قاشىدا.
ئاق كۆڭلەكنى كىيىپسىز،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
بىز ئىككىمىز ئويناپلى،
خان ئاچىڭىز بىلمىسۇن.

52

ئىشكايلاڭدا تاختا كۆۋرۈك،
ئۆتەشلىرىڭ غۇر - غۇرچە بار.
ئولتۇرۇشۇڭ لاچىن كەبى،
قوپۇشلىرىڭ قۇرغۇيچە بار.
لىپپىدە قاراشلارىڭ،
يۈرەككە تىغ ئۇرغۇنچە بار.
تاڭ سەھەر ئېيتقان ناخشاڭ،
چىمەندىكى بۇلبۇلچە بار.
بىر ئۇيان ئۆتەشىم بار،
بىر بۇيان ئۆتەشىم بار.
سەن ياراتمىساڭ يارىم،
قۇرغۇيدەك ئاداشىم بار.

53

باغىڭغا كىرەي دەيمەن،

① خوندەك — ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى.

www.uyghurkitap.com



گۈلۈڭنى ئۈزەي دەيمەن.
ئەجەبمۇ غېرىب بولدۇم،
يارىمنى كۆرەي دەيمەن.
باغىڭغا كىرەي دەيمەن،
شورا بولمىسۇن دەيمەن.
سېنى تاشلاپ كېتەي دەيمەن،
ئۇۋال بولمىسۇن دەيمەن.
باغىمغا كىرەر بولساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
يۇرتۇڭغا مۇساپىرمەن،
هالىمدىن خەۋەر ئالغىن.
ئۈزگىلى گۈلۈڭ يوقكەن،
باغىڭغا كىرەي دېسەم.
كۆڭلۈمنى ئالالمىدىڭ،
ئاچىلىپ كۈلەي دېسەم.

54

بۇ چىنار ئېگىز چىنار،
چىقماڭ خېنىم شېخى سۇنار.
سۇنسا ئەگەر ئۇنىڭ شېخى،
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار؟
ئىشىك ئالدى چىنادۇر،
تۇتماڭ شېخى سۇنادۇر.
سەن يارىمنى بىر كۆرسەم،
ئاندىن كۆڭلۈم تىنادۇر.
يولنىڭ بويى چىنادۇر،
بۇلبۇل كېلىپ قونادۇر.
يار ئۈستىگە يار تۇتسا،
قىز - ئوغۇلغا گۇناھدۇر.

55

چاپىنىمنىڭ يېڭى تار،
بىلىكىم قانداق پاتار.
سىز ئۇ يەردە، مەن بۇ يەردە،
يۈرىكىم قانداق چىدار.
چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
تاپالمىدىم، ساپالمىدىم.
سىز يارىمنىڭ ئىشقىدا،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.
چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
بېشىمغا قويدۇم تېڭىنى.
نەگە بارسام ئاڭلايمەن،
سەن خېنىمنىڭ دېڭىنى.
راۋابىمنىڭ تارىسىنى،
چوقۇۋالدى تۇمۇچۇق.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
سىز چىرايلىق، مەن ئوچۇق.

56

پاكچۇ كۆينىكىم بولسا،
شاكىيۇ ئالدىدا كەيسەم.
ئاشۇ يار مېنىڭ بولسا،
دۈشمەن ئالدىدا سۆيسەم.
شەھەردە يېرىم بولسا،

ھەممىگە ساراي سالسام.
ئاشۇ يار مېنىڭ بولسا،
بويىنغا گىرە سالسام.
ئالتۇن قەپىسىم بولسا،
تورغايىنى سولاپ باقسام.
قارا كۆز مېنىڭ بولسا،
قوينۇمغا سولاپ باقسام.

57
چاچىنىڭ ئۇزۇنى سەندە،
قاشىنىڭ قارىسى سەندە.
دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىنىڭ ھەممىسى مەندە.
كۆيمىدى دەمسەن مېنى،
كۆل بولۇشىنىڭ ئورنى يوق.
ئوت كەتكەن يۈرەكلەرگە،
سۇ سېپىشىنىڭ ئورنى يوق.

58
ئالما ئاتتىم لەيلىتىپ،
دېرىزەڭنى بويلىتىپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
قاش - كۆزۈڭنى ئوينىتىپ.
ئېرىقىڭنىڭ تېگىدىن،
سۇزۇۋالدىم مارجاننى.
ئايدا - يىلدا بىر كېلىپ،
سەن ئالامسەن بۇ جاننى.

59
باغقا كىردىم قانچە رەت،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
ئەقلى بولسا كېلەر دەپ،
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم.
كۆڭلىدە ئۆتتۈم مەلەڭدىن،
ھۆسنۈڭنى كۆرەرمەن دەپ.
ئۈمىد ئۈزمىدىم سەندىن،
ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ.

60
ئەتىياز - باھار كېلىپ،
باغىم تولدى چېچەككە.
چاندۇرماي كۆلۈپ قويۇپ،
ئوتنى سالدىڭ يۈرەككە.
ئورنىغان بىلەن چىڭسەينى،
يىلتىزى كۆكلەيدىكەن.
باشقا ئوت ئۆچكەن بىلەن،
يار ئوتى ئۆچمەيدىكەن.
باغقا كىرىپ قويۇڭنى،
غازاڭ بېرىپ سەمرىتەي.
سەنەمجان ئوتۇڭ يامان،
ئىشقىڭدا يىغلاپ ئۆتەي.
دەريانىڭ ئۇقاتىدا،
ئۆردەك ئۇچۇپ، غاز قالدى.
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
كۆيۈپ - كۆيۈپ ئاز قالدى.

www.uyghurkitap.com



ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىشىپ چۆكمەيدۇ.
يارنىڭ ئۆتى بەك يامان،
يالقۇنجايدۇ، ئۆچمەيدۇ.
ئۇزۇن بولدى كۆيگىلى،
يا بولمىدى سۆيگىلى.
بۇ يۈرەك چىدىمىدى،
يا بولمىدى ئۆلگىلى.

61

ھويلاڭدىكى ئۈجمەڭنىڭ،
شاخىدا راۋاپ بولدى.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا،
يۈرىكىم كاۋاپ بولدى.
چىلان تورۇق ئاتىڭنى،
ھارۋىغا قاتالمىدىم.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا،
چۈشەكەپ ياتالمىدىم.
گۈل تىرىسام بىر چۈنەك،
ئۈنۈپ چىقتى يۈگۈمەچ.
يۈرىكىم قۇرۇپ كەتتى،
سەن يارىمنى كۆرمىگەچ.
ئىشقىڭدا مەن ئاشىق غېرىب،
كىملەرگە ئېيتاي بېرىپ.
يۈرەك باغرىم پارە - پارە،
كۆرستەي ساڭا يېرىپ.

62

ئالتۇن ئۈزۈكۈم قاپتۇ،
ئاخشام ئوينىغان يەردە.
بىرىپ ئەكىلەي دىسەم،
ساقچىڭىز يامان يەردە.
ئاخشام ئوينىغان يەردە،
ئالتۇن ئۈزۈكۈم قاپتۇ.
ئىزدىمەڭلار - سورىماڭلار،
كۆڭلۈمدىكى يار ئاپتۇ.

63

ئالما سالغان باغىڭغا،
ئەترە سالدىم بىلدىڭمۇ؟
ئۇزۇن بولدى بۇ دەردكە،
ئېيتالمىدىم بىلدىڭمۇ؟
پىراقىڭدا ئۇزۇندىن،
كۆيگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟
ئىشكايلاڭدىن كېتەلمەي،
يۈرگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟
باغىڭدىكى ئالماڭنى،
ئۈزگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟
لاي سۇ ئىچكەن سەھرالىق،
كۆيگىنىمنى بىلدىڭمۇ؟
بېغىڭدىكى ئالماڭنى،
بىللە ئۈزۈپ يېمەيلىمۇ؟
سەن مۇساپىر مەن غېرىب،
ئاشنا بولمايلىمۇ؟

بۇ دەريا ـ ئۇزۇن دەريا،
قول تۇتىشىپ ئۆتمەيلىمۇ؟
ئىككى ئاشىق بىر بولۇپ،
مۇرادقا يەتمەيلىمۇ؟
سەنمۇ، مەنمۇ چىرايلىق،
ئاشنا بولمايلىمۇ؟
قولنى قولغا تۇتىشىپ،
بىرگە ۋىسال تاپمايلىمۇ؟
ئاي تولۇپ ئون بەشىدە،
ئايدىڭنى كۈتمەيلىمۇ؟
دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
بىر ئويناپ ئۆتمەيلىمۇ؟

64

ئول پىراقۇ ـ ئول پىراق،
دىلدا ياندى ئىشتىياق.
ئىشتىياقنىڭ دەردىدە،
بىر كۈن ئاغرىق، بىر كۈن ساق.
قىرغا پىياز تېرىدىم،
ئېتىزغا يالاڭ سامساق.
مەن يارىمنىڭ دەردىدە،
بىر كۈن ئاغرىق، بىر كۈن ساق.

65

يارنى يار دەمدۇ كىشى،
يامانني يار دەمدۇ كىشى؟
ياخشى يار ياندا تۇرسا،
يامانني خالامدۇ كىشى؟
ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
توڭ ئالما يەمدۇ كىشى؟
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ،
ئۆزگىنى دەمدۇ كىشى؟

66

ئى خېنىم سىرىق چىراي،
ئوتۇڭدا مەن قانداق چىداي.
سەن خېنىمنىڭ دەردىدە،
تاڭ ئاتقۇچە راۋاب چالاي.
دۇتارنى چېلىۋەردىم،
كەلسە ـ كەلمەس پەدىگە.
ئون جېنىمنىڭ بىرسى يوق،
سەن خېنىمنىڭ دەردىدە.
ئىشىك ئالدىدا سىدە،
ئاتقا سېپ بېرەي بېدە.
سىز خېنىمنىڭ دەردىدە،
يۈرەكلەر زىدە ـ زىدە.

67

باغقا قوغۇن تېرىدىم،
ئۈسسسام ئۈزەرمەن دەپ.
كىچىككىنە يار تۇتتۇم،
چوڭسا سۆيەرمەن دەپ.
شاخ ـ شۇمبا چاتاپ قويدۇم،
قۇرسا قالارمەن دەپ.
مەن سىنى كۆرۈپ قويدۇم،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



چوڭساڭ ئالارمەن دەپ.

68

قاغا ئۇچسا قاناتىغا قاراڭلار،
گۇناھ قىلسام زەنجىر بىلەن باغلاڭلار.
ئاشىق ئۇچۇن ئۆلۈم كەلسە باشىمغا،
تۇغقانلىرىم ئاراڭلارغا ئالماڭلار.

69

گۈل ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن،
جېنى نازۇك كېپىنەك.
بىزنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
بېلى نازۇك سىكىلەك.
قېشى قارا، مەڭزى قىزىل،
كۆزى چولپان ئاق بىلەك.
ئاق بىلەككە ئاشىق بولۇپ،
كۆيدۈ بىزنىڭ يۈرەك.
بۇ يۈرەكنى سەگتەي دەپ،
سۇ ئىچمەن ئون چېلەك.
سۇ ئىچكەنگە سەگمىدى،
جانغا پاتقان بۇ كۆيەك.

*

مەن بارايمىكىن تۈزغا،
باغرىمنى ياقاي مۇزغا.
يانچۇقۇمدا بىر تىيىن يوق،
ئىچىم كۆيدۇ ئۈزغا.

تەپسەم ساندۇق ئاچىلۇر،
گۈل باشىمغا سانچىلۇر.
بىچارە مېنىڭ كۆڭلۈم،
قانداق قىلسام ئاچىلۇر.
تاغمۇ تاغ قوينى بېقىپ،
ئالدىم قولۇمغا بىر راۋاب.
كۈن - تۈنى ھەسرەت چېكىپ،
يار ئىشقىدا ھالىم خاراب.

70

سەن كەلدىڭ بويانىمغا،
ئوتنى سالدىڭ جانىمغا.
قارىمساڭ ھالىمغا،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.
قول ياغلىقىم كۆلگە چۈشتى،
بۇلبۇل كۆتۈرۈپ ئۇچتى.
مەيلى كۆيگىن - كۆيمىگىن،
مېنىڭ كۆڭلۈم ساڭا چۈشتى.

*

يارىم كۆڭلەك كىيىپتۇ،
گۈلى يوغان تاۋاردا.
دۈشمەنلىك بولۇپ قالدۇق،
گەپلەشمەيلى تالادا.
يارىم كۆڭلەك كىيىپتۇ،
قارايمەن ياراشقانغا.
تاللاپ سۆيگەن يارىمنى،

بەرمەيمەن تالاشقانغا.

*

كۆيگىنىمگە پۇتمىسەڭ،
سىناپ باقساڭ نېمە بولا؟
كاۋاپ بولغان يۇرەككە،
مۇزنى ياقسام نېمە بولا؟
ھەي خېنىم رەھىم قىلىپ،
ھالىمنى سورىساڭ نېمە بولا؟
مېنى بۇنچە قىيىنغۇچە،
جانىمنى ئالساڭ نېمە بولا؟

71

تام تۆپىسىدە ئولتۇرادۇر، زەينى ئەمدۇللا يىگىت،
گۇل تۇتۇپ ئالما ئاتادۇر، ئىنىسى موللا يىگىت.
ئىنىسى موللا يىگىتنىڭ سۇرىتى سۇلتانچە بار،
ئاي يۈزىگە نۇر قونۇپتۇ، باغدىن ئۆزگەن گۇلچە بار.
گۇلنى ئۈزسەڭ ئاستا ئۈز، بەرگىدە غازاڭ قالمىسۇن،
يارنى سۆيسەڭ قاتتىق سۆي، ئىچىدە ئارمان قالمىسۇن.

72

چىم بويىغا كەندىر تېرىسام، چىم بويى بولدى،
چىمنىڭ سۈيى ئاقا ـ ئاقا يەتتە كۆل تولدى.
يەتتە كۆلنىڭ ئۆردەكلىرى ئۇچقۇدەك بولدى،
مېنىڭ يارىم كىچىك ئىدى، سۆيگۈدەك بولدى.

73

قارا ـ قارا قېشىڭنى، نەمگە تېرىپ ئۈندۈرەي،
ساڭا بولغان ئىشقىمنى، كىمگە ئېيتىپ بىلدۈرەي؟
ئوبدان تىڭشاپ ناخشامنىڭ، يېتىپ باققىن تېگىگە،
بۇ دۇنيادا مەيلىم يوق، سەن يارىمدىن ئۆزگىگە.
سەن ئىشەنگىن بۇنىڭغا، ناۋات قوشقان چاي بېرەي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشەنمىسەڭ، يۈرەكنى يېرىپ ساڭا كۆرسىتەي.

74

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى مەكتەپخانادۇر،
ئۇنىڭدا ئوقۇسا موللا بولادۇر.
مەكتەپكە كىردىڭ موللا بولاي دەپ،
يولۇڭغا قارتىپ دەردتە قوياي دەپ.
ئەجەب ئوبدان ئىكەن، مەكتەپ ھاۋاسى،
قارا مەخمەل ئىكەن، قېشىڭ قاراسى.
ئەجەب ئازادە ئىكەن، مەكتەپ دالاسى،
گۆھەردەك ياناركەن، كۆزۈڭنىڭ قاراسى.
ئەجەب ئۈز ئىكەن، مەكتەپنىڭ پاكلىقى،
سەدەپمۇ، ئۈنچىمۇ چىشىڭنىڭ ئاقلىقى.
بوخچا، تەللەگدە بار موللايى دەپتە،
چىدىمايمەن سىنى كۆرمىسەم ھەپتە.
كۆرمىسەم سىنى كۆرگۈم كېلەدۇر،
قۇچىقىمغا ئېلىپ سۆيگۈم كېلەدۇر.
لېۋىڭنىڭ تاتلىقلىقى تىلنى يارادۇر،
كۆڭلۈڭنىڭ شادلىقى تەنگە داۋادۇر.
مەكتەپتە ئوقۇپ موللا بولۇپ چىق،
دەستۇر كالامنى قولغا ئېلىپ چىق.
خۇدايىم بۇيرۇسا بىر يەردە بولساق،
ئەتىردەك پۇراپ، گۈلدەك ئېچىلساق.

75

سېرىق سەمبە گۈلۈم سەرۋەردىگارا،
مۇرادىمغا يەتكۈز پەرۋەردىگارا.

سىرتىق سەمبە گۈلۈم، ساينىڭ بولاقى،
ئەجەب دىشۋارىكەن، يارنىڭ يىراقى.
نىراقتا كەتتى دەپ مېنى ئۇنۇتماڭ،
خۇدا سالغان كۆڭۈلنى ئەسلا سۇۋۇتماڭ.

76

سەن يار ئۈچۈن يولغا چىقتىم، مىنگەن ئېتىم ئارغىماق،
ئارغىماقنىڭ سۇندى پۇتى، قالدىما يالغۇز ياياق.
ئوڭ يانىمغا ئوق تېگىپتۇ، سول يانىمغا يۈز پىچاق،
يار يەنە يادىمغا كەلدىڭ، مەن ئىككەنمەن ئەمدى ساق.
يۈز پىچاقنىڭ زەربىسىنى، بىر پىچاقچە كۆرمىدىم،
مىڭدىن بىرنى ئاشىق ئەتتىم، بىر سىنىڭچە كۆرمىدىم.

77

ئايدىڭ ئاخشام باغقا كىرسەم ئالما پىشىپتۇ،
پىشقان ئالما ئۆزىچە يەرگە چۈشۈپتۇ.
يەرگە چۈشكەن ئالمىلاردىن بىر جۈپنى ئالدىم،
قىزىلىنى ساڭا ئاتاپ قوينۇمغا سالدىم.
شۇ ئالمىنى ئېلىپ بېرەي، ئۆزۈڭ سوياپ يە،
مېنى دېسەڭ ئەتە ـ ئاخشام مۇشۇ باغقا كە.
شۇ باغدىكى ئالمىلارنىڭ ياپرىقى بولاي،
سەن يارىمنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئامرىقى بولاي.

78

تام ئۈستىدە ئولتۇراردۇر،
شوخلا بويلۇق شۇ يىگىت.
ئاغزىدىن شەربەت ئاقادۇر،
شەربىتى تاتلىق يىگىت.
شەربىتىڭدە گۈل تېرىدىم،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.

www.uyghurkitap.com



ئۆزسەممۇ ئۈزگەندىمەن،
بىر گۈلۈگنى قىسمىدىم.
سەن يىراقتا، مەن يىراقتا،
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم.

79

كىچىككىنە چوكان چىچىكى،
گۈل يىگىت.
بۇ مېنىڭ ھازىر تىلىكىمنى،
بىل يىگىت.
بۇ مېنىڭ ھازىر تىلىكىمنى،
بىلمىسەڭ يىگىت.
تاڭلا قىيامەت ئوتىغا،
قالدىڭ يىگىت.

80

تەڭ قىيامەتلەر يامان،
دائىم قىيامەتلەر يامان.
شۇ بۇ كۈندە كۆيەدۇرمەن،
دوزاخ ئوتىدىن يامان.
دوزاخ ئوتى مۇزغا چۈشسە،
يەتتە قات مۇزنى كېسەر.
ئىشق ئوتى جانىڭغا چۈشسە،
ئۆلگۈچە بىللە كېتەر.

81

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
ئاق تاۋار تونىنى كىيىپ.
بەللىرىدە زىلچە ياغلىق،
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.
تال چىۋىق تالغا بارادۇر،
چىرماشقىنى ئاندىن يامان.
ئۆيىمىز بەكمۇ يىراقتۇر،
دەردىمىز ئاندىن يامان.
ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

82

ئۆيۈمنىڭ ئارقىسى،
جىگدىلىك ھەم بىدىلىك.
مەن يارىمغا خەت ئەۋەتتىم،
ئون سالام، بىر بەندىلىك.
ئون سالام بارغاندىكىن،
بىر سالام كەلمەيدىكەن.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەكنىڭ،
كۆرگىسى كەلمەيدىكەن.
باغرىنىڭ قاتتىقلىقىنى،
ئوخشىتاي ساي تاشىغا.
تاڭ سەھەر يىغلاپ يۈرۈپ ئۇ،
قوينى تولۇپتۇ ياشىغا.
تاڭ سەھەرنىڭ شاملى،
سۇندۇردى گۈلنىڭ بەرگىنى.
كىمگە ئېيتاي، كىمگە يىغلاي،

بۋاپا يار دەردىنى.
بۋاپا يار دەردىنى مەن،
تارتقىچە ئۆلسەم رىزا.
مېنى ئۇنداق بۋاپادىن،
ئەمدى قۇتقۇزساڭ خۇدا.

83

ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىدىن،
سىيرىلدىم تۈزگە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئېگىلدىم سىزگە.
خاھى بىلىڭ، خاھى بىلمەڭ،
كۆيدۈم مەن سىزگە.
شۇبۇ دەردتە ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

*

تۇمۇچۇقۇ - تۇمۇچۇق،
باغدا ئۈجمە پىشىپتۇ.
شۇنچە خەقنىڭ ئارىسىدا،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.
ئالما شېخى پەس ئەمەس،
بويلىغىلى بولارمۇ؟
سىزمۇ كىچىك، مەنمۇ كىچىك،
ئوينىغىلى بولارمۇ؟
ئىشىك ئالدىدا تاختا كۆۋرۈك،
ئۆتمىكى بىر قىلچە بار.
ئاي يۈزۈڭنىڭ ئاقلىقى،
گويا قاشتېشچە بار.
شۇ خېنىمنىڭ ئىشقىدا،
يەتمىش قېتىم تارتتىم ئىزا.
بۋاپانىڭ دەردىنى مەن،
تارتىپ يەنە ئۆلسەم رىزا.

84

بۇ چىلىم گۈللۈك چىلىم،
گۈل بېغىدىن ئۈزگەن چىلىم.
كۆڭلۈمنىڭ سايىسىدا،
ساڭگىلاپ چۈشكەن چىلىم.

85

كۆرپە تەلپەك بېشىدا بولسا،
كىشىنىڭ يارى قېشىدا بولسا.
ئەتىگەندە سۆيۈپ قويسا،
تاڭلا ئەتىگە ناشتا بولسا.

*

ئاي مەسەللىك ئايمىدىڭىز،
كۈن مەسەللىك كۈنمىدىڭىز.
ئالتە ئاي بولدى كەلمىڭىز،
شۇ خوتەندە يوقمىدىڭىز.

86

باغدا توغاچىك بولاي،
ئۆيدە قارلىغاچىك بولاي.

www.uyghurkitap.com



ئاق بىلىقتەك قوللىرىڭغا،
مىڭ سۆيۈپ، مىڭ ئايلىناي.
ئاتلىنىپ سەھراغا چىقساڭ،
قامچە دەستەڭ مەن بولاي.
ئۆرگىلىپ توققۇزنى سۆيسەڭ،
چۆرگىلىپ تەزىم قىلاي.

87

ئالتۇن ئۈزۈك، كۈمۈش ئۈزۈك،
سالغىن بىلەككە.
كۆڭلۈم زادى يۈگۈرمەگەن،
سىزدىن بۆلەككە.
يامان يولۋاس يولدا يېتىپ،
شىرغا يول بەرمەس.
ئاتاسىدىن قارغىش ئالغان،
سارغىيىپ ئۆلمەس.
بارۇرمەن دەپ، كېلۇرمەن دەپ،
سەن يالغان ئېيتقان.
بارۇر - كېلۇر يوللىرىڭغا،
ئازغان تېرىشقان.
جامالىڭغا تەمەننا بوپ،
ئۈنى داملايسەن.
ياخشى سۆزنى ئاڭلاپ تۇرۇپ،
تىلىڭ چاينايسەن.
ھاۋامىدۇ، بۇلۇتمىدۇ،
قارنى ياغدۇرغان؟
جۇۋانمىدۇ، سېكىلەكمىدۇ،
ئاخشام ئازدۇرغان؟
سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
ئۆزۈمگە دېدىم.
سەندىن باشقا قەن ۋە ناۋات،
بەرسە يېمىدىم.
ئالا تۈلكە، قارا تۈلكە،
سايىنىڭ تۈلكىسى.
قوڭغۇراقتەك جاراڭلايدۇ،
يارنىڭ كۈلكىسى.

88

ئارغامچىڭىز توققۇز قاتكەن،
قاتقىلى بولمايدۇ.
مەھەللىڭىز كۆچۈم يەركەن،
بارغىلى بولمايدۇ.
سەككىز ئالما ساناپ بەردىم،
قىز ئاداشمىگە.
دەردىڭ بولسا شۇندا ئېيتقىن،
كەلمەي قاشمىگە.
سېنىڭ ئۈچۈن ئالتە ئاي ياتتىم،
مۇشكۇل زىندانىدا.
مۇشكۇل زىندان بىر كۈنچە يوق،
يار بىلەن ياتقاندا.
سىم - سىم ئارىلاش يامغۇر ياغار،
دەريانى بويلاپ.
ئىككى كۆزۈم بىر ئالتە بولدى،
يولۇڭغا قاراپ.

ئۇلاشما قاش شۇ يارىمنىڭ،
نەشپۈت باغى بار.
يىرىپ بېقىڭ يۈرەكىمنى،
يارنىڭ دېغى بار.
چىمچىلاقنى قىيىۋەتتى،
گۈل شېخىدا قىياق.
چىرايىمنىڭ سېرىقلىقى،
دەرد بىلەن پىراق.
ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
بالام دېمىسۇن.
خۇدا سالغان بۇ كويلارغا،
يامان دېمىسۇن.
ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
ئويناپدۇ دەڭلار.
قولى داپتا، كۆزى ياشتا،
يىغلايدۇ دەڭلار.
ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىدا،
ئۇلار چىللايدۇ.
ئۇ چىللىغان ئۇلار ئەمەس،
يارىم تىللايدۇ.
ھېلىمخان، سېلىمخان،
ھالىم قالمىدى.
ئاۋۋالقىدەك ئويناي دېسەم،
كۆڭلۈم قالمىدى.
سىم - سىم ئايلا، سىم - سىم ئايلا،
سىملا قوينۇمدا.
ئەيسا موللام قىزىنى بەرسە،
يامبۇ قوينۇمدا.
كەتكەن كىشى قانداق كەتسۇن،
شەھىرىنى تاشلاپ.
قولدىن تۇتۇپ ئالغاچ كەتسۇن،
مەلىسىگە باشلاپ.
قارا - قارا قاشلىرىڭغا،
قەلەم يۈگۈرتەي.
ئاخشام قىلغان گەپلىرىڭنى،
قاچان ئۇنۇتاي.
ئېگىز - ئېگىز سەگۈتېرەك،
موللامنىڭ باغى.
چىرايىمنىڭ سېرىقلىقى،
كۆيۈكنىڭ داغى.

89

تاماكاڭنى تارتا - تارتا،
ئۆلگىدەك بولدۇم.
شۇنداق يەردە يارىم بولسا،
سۆيگىدەك بولدۇم.

*

بارىكاللا، بارى كەل،
ئازنا توختاپ، شەنبە كەل.
ئاشۇ ئايۋاندا ياتۇرمەن،
ئالمىلىق بوستانغا كەل.

90

قېشىڭىز بەرگى قىياقتەك،
بوينىڭىز ئالما گۈلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى


سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
پەلىيمنىڭ يوقىدىن.
بىز خۇدايىمنىڭ قۇلى.
ياخشى يار كەتتى يىراققا،
قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن،
تەلىيمنىڭ يوقىدىن.

91

مەھەممەت ئىتنى مىنسە يۈگەنلەپ،
قارا كۆز بالىنى سۆيسە چىپپەنلەپ.
تومۇزدا خەت يېزىپ كۆيدى پىشانەم،
ئۆزۈم ئۆلسەم خېتىم قالسۇن نىشانەم.
خېتىمنى ئوقۇپ سەن ياد ئېتەرسەن،
باغدا بۇلبۇلدەك سايراپ ئۆتەرسەن.
چىمەننىڭ بۇلبۇلى، ئۆستەڭ ياقىسى،
جاھاندا يوقمىكەن، يارنىڭ ۋاپاسى.
ۋاپاسى بار ئىكەن، بەكرەك يۈگۈردۇق،
ۋاپاسى يوق ئىكەن، بوشراق يۈگۈردۇق.

92

مونىسكا موللاسى موللايى خاتىپ،
ئۈگۈتنى ئەپ قىچىلىك، بوغداينى ئارتىپ.
ئۇزۇن سىپەجدە① ئىشەكنى باغلاپ،
قىسقا سىپەجدە تۆشنى تارتىپ.
تۈگمەنگە بىرىپ ئەتتىڭ سىپەجنى،
پىشۇرماي يىدىڭ، تۇزسىز كۆمەچنى.
ئىمام دىمەسمەن، سەندەك كىركەشنى،
موللامۇ دىمەسمەن، زىناخور كىبكەچنى.

---

① سىپەجى ــ سەللە.

93

ساڭا مەن كۆيگىلى ئۇزۇن بولۇپتۇ،
يامانلاپ كەتكىلى بەش ئاي تولۇپتۇ.
يامانلاپ كەتمىسۇن، كەلسۇن قىشىمغا،
مالامەتنى ئالاي ئوڭچە بېشىمغا.
سەمەرقەنت يولىغا ماڭدىم پىيادە،
جۇۋان: ھارماڭ، - دېدى، دۆلەت زىيادە،
جۇۋاننىڭ ئالدىدا دۇلدۇل بولايمۇ؟
ئوڭ قولىغا قونغىلى لاچىن بولايمۇ؟
سول قولىغا قونغىلى بۇلبۇل بولايمۇ؟

94

قىزىلگۈلنى ئېلىپ باردىم،
ئول بىۋاپاغا.
بىۋاپاغا بارغۇچە،
يىغلاي خۇداغا.
خۇداغا يىغلىسام،
ئوڭلار بېشىمنى.
ساماندەك سارغىيىپ،
تۆكسەم يېشىمنى.
ئاق ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل يۈزلۈكۈم.
ناۋات بىلەن يۇغارغاندەك،
شېرىن سۆزلۈكۈم.
ئولتۇرۇشى بوز قاچۇغا،
لاچىن كۆزلۈكۈم.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان،
ئىككى يۈزلۈكۈم.
بەگلەر چۈشۈپتۇ،
سەلپىش بۇلاقتا.
ئاتلىرىنى قوياپتۇ،
كۆرپە قىياقتا.
كىشى ئۈچۈن كىشى ئۆلەمدۇ،
ئوتى پىراقتا؟
يارىم ئۈچۈن كۆكسۈم تۇتاي،
خەنجەر - پىچاقتا.

95

ئۇلۇغ - ئۇلۇغ سۇلار كەلدى،
توغان سېلىڭ يار.
قىزىل - قىزىل ئالما كەلدى،
سۇزۇپ ئېلىڭ يار.
كىچىككىنە جېنىمنى،
پاتۇرسىدىڭ يار.

www.uyghurkitap.com



مەن يىراقتا كەتكەندە،
يىغلاپ قىلىك يار.

96

مەن سىنى كۆرگەنچە كۆرگۈم كېلەدۇ،
قۇچقىمغا ئېلىپ سۆيگۈم كېلەدۇ.
ھەمىشە مەن سىنى ياد ئېتىپدۇرمەن،
كۈچ مادارىمدىن ھەم كېتىپدۇرمەن.
ئەي مېنىڭ گۈزەل يارىم قەلەمقاش،
كۆزۈمدىن ئاقتى قان بىلەن ياش.
كېچە بولسا ئۇيقۇ قاچتى،
تامامى ئەزايىمغا ئوت تۇتاشتى.
كۆيۈپ قالمىدى يۈرەك بىلەن جان،
يەيمەن ئۈچ كۈندە بىر قوۋۇزنان.
كەتتى مېنىڭ جانىم ئېقىپ،
ياتسام باغرىمنى يەرگە يېقىپ.
خۇدا ئېرىتسە تاش باغرىڭىزنى،
تۇتۇپ ياتسام مۇبارەك ساغرىڭىزنى.

97

ئالتۇن ئۈزۈك، كۈمۈش ئۈزۈك،
سالغىن بىلەككە.
كۆڭلۈم زادى يۈگۈرمىگەن،
سىزدىن بۆلەككە.
بارۇرمەن دەپ، كېلۇرمەن دەپ،
سەن يالغان ئېيتقان.
بارۇر - كېلۇر يوللىرىڭغا،
ئازغان تېرىشقان.
جامالىڭغا تەمەننا بوپ،
ئۈنى داملايسەن.
ياخشى سۆزنى ئاڭلاپ تۇرۇپ،
تىلىك چاينايسەن.
ھاۋامىدۇ، بۇلۇتمىدۇ،
قارنى ياغدۇرغان.
جۇۋانمىدۇ، سىكىلەكمىدۇ،
ئاخشام ئازدۇرغان.
سىنى دىدىم، سىنى دىدىم،
ئۆزۈمگە دىدىم.
سەندىن باشقا قەن ۋە ناۋات،
بەرسە يېمىدىم.

98

ئاق قۇشقاچ بولۇپ كىردىم كاماغا،
يىغلىدىم يالغۇز قادىر خۇداغا.
ئۆڭلار خۇدايىم مېنىڭ بىشىمنى،
ساماندەك سارغىيىپ، تۆكتۈم يىشىمنى.
يىشىم ئېقىپ بىرىپ ئېرىقتا ئاقسۇن،
سۇغا چىققان يار ئېرىقتا باقسۇن.
ئىزىمنى ئىزلاپ كەلسۇن قىشىمغا،
بىر باش قوشۇلسۇن يالغۇز بىشىمغا.
خۇدايىم بۇيرۇسا جۈپ بولۇپ ئۆتسەك،
ئۆلسەممۇ رازى ئارمانغا يەتسەك.

99

ئېگىز تاغنىڭ ئۈيانىدا،
بىر توپ ئالۇچا.

مەن يارىمغا خالتا ئەۋەتتىم،
ئالتۇن كۇلۇچا.
ئالتۇنمىكىن، كۈمۈشمىكىن،
سالدىم بىلەككە.
يېڭى تۇتقان يارنىڭ ئوتى،
تەگدى يۈرەككە.
ياز بولۇپتۇ، كۈز بولۇپتۇ،
سارغايدى ئۈزۈم.
يار كەتكەنگە ئىشەنمەيمەن،
كۆرمىدى كۆزۈم.

100
نەقىش ئويدۇم يۈرەككە،
يارىم سىنىڭ سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى،
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدىن.
ئۆلۈپ كەتسەم ئوتۇڭدا،
رازى بولغىن تۇزۇڭدىن.

101
ئايدا باردۇر ئۆزلىرى،
شىرىنچە بادۇر سۆزلىرى.
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
جاننى ئالغان ئۆزلىرى.
ئاي بولۇپتۇ، يىل بولۇپتۇ،
ئوتلىرىدا كۆيگىلى.
بىز كىچىك نادان ئىدۇق،
يار قەدرىنى بىلگىلى.
ئوتلىرىدا چالا كۆيۈپ،
تاسلا قالدۇق ئۆلگىلى.

102
كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
چۆللەردە ھۇدەلىمۇ؟
كۆيۈك ئوتى يامان ئىكەن،
ئىغىز قۇرۇپ سۇ دەلىمۇ؟
ئىغىز قۇرۇپ سۇ دىسىلە،
سۇغا مەن قايان باراي.
ئىچى ئالتۇن، تىشى كۈمۈش،
چىنىگە قايان باراي.
كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى.
ئايدا ـ يىلدا بىر كىلەرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

103
ئاللا يارىم خىيالىڭنى،
بىلىپ بولمايدۇ.
سەنلەر يۈرگەن كوچالاردا،
يۈرۈپ بولمايدۇ.
ئاللا يارىم كەڭ يايلاقتا،
ئۆزۈڭ يايلامسەن؟
سىمىز قوينىڭ قوزىسىدەك،
سەكرەپ ئوينامسەن؟
ئاللا يارىم جامالىڭدىن،
بولدۇم ۋەيرانە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئىشق ئوتى يامان ئىكەن،
قىلدى سەرسانە.
ئاللا يارىم ئوماقىمنىڭ،
گۈلشەن بىغى بار.
يۈرىكىمنى يىرىپ باقساڭ،
كۆيگەن دىغى بار.
ئاللا يارىم كىۋەز بولساڭ،
يۆگىمەچ بولاي.
ئىرمالىشىپ، چىرمالىشىپ،
شىخىڭغا قوناي.
ئاللا يارىم رازىدۇرمەن،
ئالساڭ جانىمنى.
خۇدايىمدىن تىلەيدۇرمەن،
كۆڭۈل شادىمنى.
ئاللا يارىم ياغلىقىڭنى،
پۇراپ قاتلىدىم.
ئاق ئۆرۈكنىڭ مىغىزىنى،
چاقماي ساقلىدىم.
ئاللا يارىم ئۆزگىلەرگە،
قاراپ باقمىدىم.
ساڭا ئوخشاش ياخشى يارغا،
كۆڭۈل ساقلىدىم.
ئاللا يارىم مارجان كۆردۈم،
بوينىڭىزدا مەن.
بىلىق بولۇپ ئوينىۋالاي،
قوينىڭىزدا مەن.

104

ئىرىقلارغا سۇ كەلدى،
بېلىقلارغا يەم.
خەقنىڭ يارى ئوينايدۇ،
بىزگە نىمە غەم.
ئىگىز تاغنىڭ بېشىدا،
يايلىدى قويۇم.
سۆيەي دىسەم يارنى مەن،
يەتمىدى بويۇم.
ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
ئۇتاي كۆڭلۈكنى.
جاغالمايىنىڭ① بالىسىدەك،
ئىگەي بوينۇكنى.
ئىگىز يەرگە راۋاق سالسام،
ئارشىدا قالدى.
ئون بەش ياشتا سۆيگەن يارىم،
تالاشتا قالدى.
تال ئىچىدىن تاللىۋالدىم،
تال چوكانىمنى.
گۈل ئىچىدىن ئۈزۈۋالدىم،
گۈل رەيھانىمنى.
بىر بىغىمغا ئالما قويدۇم،
بىر باغقا ئانار.
گۈل شىخىدا بۇلبۇل ـ قۇشلار،
سايرىشىپ تۇرار.
گۈل شىخىدا بۇلبۇل ـ قۇشلار،

① جاغالماي ــ بىر خىل گۆشخور قۇش.

سايرىشىپ تۇرسۇن.
ساڭا قىلغان ۋەدىلىرىم،
يادىڭدا تۇرسۇن.
باغدا پىشقان ئالمىلارنىڭ،
ياپرىقى بولسام.
كۆكۈلدىكى شۇ يارىمنىڭ،
ئامرىقى بولسام.

105
ئالتۇن بىلەن سوققان ئۈزۈك،
بىلەككىنىزدە.
بېلىق بولۇپ ئوينىۋالسام،
كۆلچەككىنىزدە.
ئۇزاق بولدى گۈل ۋەسلىڭىز،
تىلەكىمىزدە.
قارىمايسىز، ئۆلەرمەنمۇ،
كۆيەككىنىزدە.
قىزىلگۈلگە قول ئۇزارتسام،
قولۇم يەتمەيدۇ.
مەن يارىمنى سۆيەي دېسەم،
بويۇم يەتمەيدۇ.
سۆيمەي دېسەم ئوتى يامان،
كۆڭلۈم كەتمەيدۇ.
يارىنىڭ ماڭا مەيلى يوقمۇ،
ئىگىلىپ بەرمەيدۇ ...
ئاھ يۈرەك ...
پاھ يۈرەك ...
كىمگە كۆيگەن بۇ يۈرەك؟
سىزگە كۆيگەن بۇ يۈرەك.
بەك يامانكەن بۇ كۆيەك،
كۆيگىنىمنى بىلەردىڭ،
ئامرىقىم بولساڭ زېرەك.

106
ئوك قولۇمنى قايرىما،
بىلىكىم ئاجىز ...
قايرىۋەتكەن بىز.
ياشىنى ياشلاپ،
گۈلدەك ياشناپ،
ئامراق يارنى باغاشلاپ،
ئاشىق بولدۇم ئۆزىڭىزگە،
توپا چاچماڭ كۆزىمىزگە.
كۆڭلۈم ئەجەب رەنجىدى،
ئاخشام قىلغان سۆزىڭىزگە.

107
باشىڭدىكى ئوتۇغاتىڭ
بولاي مەن.
ۋەدە قىلغان جايلارىڭغا
بارايمەن.
ۋەدىلەشكەن جايلارىڭدا
تۇرمىساڭ،
بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا قانداق
قارايمەن؟
ئىشىك ئالدىڭغا سۆكە سالدىم
چىم بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەن ئۆينايسەن تاللاردا
كىم بىلەن.
سەن ئولتۇرساڭ ئۇندا
ئويناشىڭ بىلەن،
مەن يۈرەيمۇ بۇندا
كۆز ياشىم بىلەن.

108

قەلەمقاشلىق ئىكەن،
يارنىڭ سىياقى.
ئەجەب دىشۋار ئىكەن،
يولنىڭ يىراقى.
يول يىراقىدىن،
يارنىڭ پىراقى.
ياردىن يۈرايدۇ،
غۇنچە يۈراقى.
يول يىراقىدىن،
ئاتلار ھېرىپتۇ.
«ھارمىغايلا» دەپ،
ئاشىيان بېرىپتۇ.
«ھارمىسلا؟» دېسە،
«ياخشىدى» دەرلا.
«كۆڭلۈمدىكى يار،
باشقىدى ...» دەرلا.
تۆگە، قوتازنى،
سەرمايە قىلدۇق.
سەكسەن تۆگەڭنى،
سەرپايە قىلدۇق.
سەرپايە قىلغان،
ھاردۇق ئېشىشدۇر.
مەستانە قىلغان،
ئەگمەچ قىشىشدۇر.
قاراڭغۇ تاغدىن،
چەمدان① ئەۋەتتىم.
ئىچىدە لىق پۇل،
ھەميان ئەۋەتتىم.
ھالىمنى كۆرسەڭ،
«ھەيھات!» دېگەيسەن.
شېرىنغا كۆيگەن،
پەرھات دېگەيسەن.

109

يانچۇقتا تەڭگە،
ئالدىمدا لەڭگەر،
مەنزىل يېقىندۇر،
چۈشمەيلى دەڭگە.
چاپسان قوپۇڭلار،
ئاتنى توقۇڭلار،
باراپلى دەرھال،
ئىلچى - خوتەنگە.
بارساق خوتەنگە،
ئويناپ كېلۇرمىز.

① چەمدان — چارۋا تېرىسىدىن تىكىلگەن خالتا.

ئىچىن بويىنى،
بويلاپ كېلۇرمىز.
يارنىڭ بېغىدا،
يايراپ كېلۇرمىز،
بوغماق خېنىمنى،
تويلاپ كېلۇرمىز.

110

لەيلى دەيدۇ، لەيلى دەيدۇ،
لەيلىمىكىن؟
كىمنىڭ مەيلى كىمدە بولسا،
مەيلىمىكىن؟
كۆيەك ئوتى — يۆرەك ئوتى،
ئۆچمەيدىكەن.
بۇ دۇنيادا غەم بېشىڭدىن،
كۆچمەيدىكەن.
بۇ بېشىمنى غەملىك قىلغان،
يار پىراقى.
ئوت ياققىنى سۆيگەن يارنىڭ،
كۆز قاراقى.
ئالتۇن بېشى ئامان بولسا،
كېلۇر يارىم.
مېنىڭ تارتقان دەردلىرىمنى،
بىلۇر يارىم.

111

ئاققىنە قۇشقاچ بولۇپ،
تالدەك بويىۇڭغا قونمۇدۇم.
ئارزۇلاپ ئاشنا تۇتۇپ،
بىر سۆيۈپمۇ قويمۇدۇم.
ئىشكىڭگە گۈل تېرىدىم،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
بىۋاپا ئەمەسقۇ دەپ،
ئەقدەمنى بۇزمىدىم.

112

زەيتۇنە گۈل پۆپىكى،
زەيگە باسقان گۈلچە بار.
ياخشىنىڭ قىلغان قىلىقى،
ئىندىگەن قۇرغۇيچە بار.
قۇرغۇيۇم قۇرغۇي بولامدۇ،
كىم بىلەن تەرك ئەيلىدى.
مەن بىلەن ھەمدەم بولۇپ،
مەندىن جۇدا - تەرك ئەيلىدى.
ئاھ، خېنىم، تەرك ئەيلىمەك،
زەنجىر بېغى ئىلكىمدەدۇر.
باشتا بىز ئاشنا ئىدۇققۇ،
ئەمدى مەيلىڭ كىمدەدۇر؟

113

سۆيىمەنۇ - سۆيىمەن،
ئىشق دەردى بەك يامان.
ئىشق ئوتى جانغا چۈشسە،
دوزاخ ئوتىدىن يامان.
ئىشق ئوتى شۇنچىدۇر،
دوزاخ ئوتىمۇ شۇنچىدۇر.

www.uyghurkitap.com



ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۆچقۇنچىدۇر.
دوزاخ ئوتى تولغا چۈشسە،
تولغا يامىشىپ ئۆچەر.
يارنىڭ ئوتى جانغا چۈشسە،
تا قىيامەتتە ئۆچەر.
قىيامەتتە ئۆچسە ئۆچتى،
روزا ئازنا كۈندە.
ئىككىمىزنىڭ تامايى بار،
شول بېهىشنىڭ گۈلدە.

114

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى.
ئايدا ـ ئايدا بىر كېلۇرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.
ئاي يۈزىڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى پىيالە ـ چىنىگە.
ئۈرگۈلۈپ بىر قارىمايسەن،
مەن غېرىب بىچارىگە.

115

ئاق دادام، ئاپئاق دادام،
قەشقەرغە بارغۇم كېلىدۇ.
ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا،
تاماكا تارتقۇم كېلىدۇ.
ئاق سارايىنىڭ قىزلىرى،
لاچىنمىكىن، قۇرغۇيمىكىن.
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاشنالىرى زەگەرمىكىن.

116

كۆككىنە بوستان ئىچىدە،
ئاھ ئۇرارمەن يارى يوق.
يار سېنىڭ ھىجران ئوتۇڭدا،
سارغىيارمەن چارە يوق.
يوللىرىڭغا ئىنتىزارمەن،
كۆزلىرىمنىڭ ھالى يوق.
يەتمىسەڭ ھالىمغا سەن،
مۇڭ تۆكۈشنىڭ ئورنى يوق.

117

مەلىگە كەلگەن يىگىتنىڭ،
تونى بار، ئىمچەسى يوق.
چېكىسىگە گۈل قىسىپتۇ،
بەرگى بار، غۇنچەسى يوق.
بەرگىسىنى قىسقۇچە،
غۇنچەنى قىسقان ياخشىراق.
بىۋاپا يار تۇتقۇچە،
يارسىز ئۆتكەن ياخشىراق.

118

بىر كىچىك دىلبەر كۆرۈندى،
قامىتى نازۇككىنە.
لەۋلىرى غۇنچە مەسەللىك،
قىزىل يۈز ئەگىلككىنە.

غۇنچە بويلۇقتۇر ئۆزى،
شېرىن - شېكەردۇر ھەم سۆزى.
بېقىشى جاندىن ئۆتەر،
كۆزى گۆھەردەككىنە.
نا ئۇمىد بولماس كىشى،
كۆرسە ئۇنىڭ جامالىنى.
ھەر تەرەپكە جىلۋە قىلسا،
ئېغىزلىرى كىچىككىنە.

119
ياد ئەيلىدىم دائىم سېنى،
ھەر كۈندە چەندان نازىنىن.
ھەرگىز سېغىنمىدىڭ مېنى،
شېرىن زۇبانىم نازىنىن.
ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگىلى،
ئاز قالدى ھالىم، ئۆلگىلى.
شېرىن لېۋىڭگە سۆيگىلى،
يوقتۇر ئامالىم نازىنىن.
گۈلدەك يۈزۈڭگە زارىمەن،
تاڭ ئاتقۇچە بىدارمەن،
غەملەر يۇتۇپ بىچارىمەن،
كۆپتۇر پىغانىم نازىنىن.

120
يولۇڭغا تەلمۈردى كۆزۈم،
دەردىڭگە سارغايدى يۈزۈم،
غەم قايغۇغا پاتتىم ئۆزۈم،
ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم.
دەريا بولۇپ ئاقتى يېشىم،
ھالىم سوراشقا يوقتۇر كىشىم،
دەردىڭدە ئايلاندى بېشىم،
ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم.
دىۋانە بولدۇم مەن ساڭا،
رەھمى ئەيلىمەيسەن سەن ماڭا،
جانىمنى ئالدىڭ بىۋاپا،
ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم.
ۋەسلىڭ ئۈچۈن بولدۇم كاۋاپ،
كەلدىم قېشىڭغا ئالدىراپ،
ئىشقى ئوتۇڭدا مەن كاۋاپ،
ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم.
قەلبىمدە ئوتلۇق ئىشتىياق،
كۆيدۈردى باغرىمنى پىراق،
كۈندە بېرىشقا يول يىراق،
ئىشقىڭدا جان كەتتى خېنىم.

121
ئاچىلدى گۈلۈم،
ساچىلدى گۈلۈم.
يارنىڭ بېغىدا،
سايراڭ بۇلبۇلۇم.
ئاچىلغان بىكار،
ساچىلغان بىكار.
بىۋاپا يارغا،
تەلمۈرگەن بىكار.
ئۆرگۈلدى پەلەك،
چۆرگۈلدى يۈرەك.

www.uyghurkitap.com



كىمنىڭ يارىسەن،
چوكان - سىكىلەك.
ئۆرگىلىپ ئوينايلى،
چۆرگىلىپ ئوينايلى.
دۈشمەن بېشىغا،
دەسسەپ ئوينايلى.
يىگى ئاي چىقىپتۇ،
سىپىل باشىغا.
ئىتىكىم تولۇپتۇ،
كۆزۈم ياشىغا.
چارشەنبە باردۇق،
چەشنىڭ تېغىغا.
قاچان بارارمىز،
يارنىڭ بېغىغا.
سەككىز يېشىمدا،
دوپپام بېشىمدا.
ھەر جايغا بارسام،
يارىم قېشىمدا.
تاغنىڭ باشىدا،
قارا چىپار تاش.
مېنى كۆيدۈرگەن،
زالىم قارا قاش.
يارنىڭ بېغىدا،
بىر جۈپ تۇمۇچۇق.
كۆردۈم شۇ يارنى،
كۆڭلى بەك ئۇچۇق.

122

تومۇزدا خەت يېزىپ،
كۆيدى پېشانەم.
ئۆزۈم ئۆلسەم،
خېتىم قالسۇن نىشانەم.
ئەۋەتتىم بەندىلىك،
ئول مېھرىبانغا.
كۆزۈمنىڭ روشەنى،
جانۇ - جاھانغا.
بۇ نامەنى كۆرۈبان،
ياد ئەيلىسۇن.
پەرىشان خاتىرىنى،
شاد ئەيلىسۇن.
ئەگەر ياد ئەتمىسە،
ئول مېھرىبانىم.
قىيامەتتە سورار،
پەرۋەردىگارىم.

123

مۇھەببەت ئىپتىنى،
مىندىم ئىگەرلەپ.
ئۆزۈمنىڭ يارىنى،
سۆيدۈم چىۋەرلەپ.
ساڭا مەن مىڭگىلى،
دۇلدۇل بولايمۇ؟
بېغىڭغا قونغىلى،
بۇلبۇل بولايمۇ؟

قېنى، مەندەك پىراق
ئىچىدە قالغان؟
قېنى، سەندەك
ئىچىمگە ئوتنى سالغان؟
خىيال قىلماڭ ئاداش،
ۋەيران بولارسىز،
لېۋەننىڭ ئىشقىدا،
سەرسان بولارسىز.

124

بازارغا بارسىلا،
يول بولسۇن دەلا.
نېمە لازىم بولسا،
ئالغاچ كېلەلا.
يېرىم سەر چاي ئېلىپ،
چەينەككە سېلىپ.
يارىم ئالدىدا،
قويغاچ كېلەلا.
يېرىم سەر چايلىرى،
چەينەكتە تۇرسۇن.
مېنىڭ كۆيگەنلىرىم،
يادىڭدا تۇرسۇن.
مېنى بەك سورىسىلا،
ئىقلىمخان پاششا.
ئۆزۈم بىر غېرىب،
سىپە مۇڭلۇكمەن.

پۇلۇمنىڭ يوقلۇقىدىن،
سىزگە كۆنۈكمەن.
پۇلۇمغۇ بولسىدى،
چىچىپ قۇتۇلسام.
ئېتىمغا مىنىپقۇ،
قېچىپ قۇتۇلسام.
ئۆيۈمگە كەلسەم،
قارشى ئالغايلا.
سىنىڭ مىنگەنلىرىڭ
لاغاي - لاغايلا.
مىنىڭ مىنگەنلىرىم،
دۇلدۇل بىلگەيلا.
ئېتىزدا بۇغدايغۇ،
پىشسا ئورغايلا.
باشىنغۇ تەرسە،
ئاشۇ جۇۋانلار.
باشنى تېرىپقۇ،
بوغماقلىغايلا.
خامانغا ئاپىرىپ،
توقماقلىغايلا.
تۆگمەندە پوستەكچى،
مولتوختى توختا.
ئۇرۇپ كاللىسىنى،
خامىغا چاقسا.
تۆگمەن يولىدا،
قىلدى كېڭەشىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پىشۇرماي خام يەپتۇ،
تۈزسىز كۆمەچنى.
كاساڭدەك قوندۇرۇپ،
ئەتتى سىپەشنى.
ئاخۇنۇم دېمەسمەن،
سەندەك كېكەچنى.

تۇتۇۋالدىم ھەرىنى.
بىر كامارغا سولىۋالدىم،
ئەللىك ـ ئاتمىش قېرىنى.
قېرىنى قېرى دېمەڭ،
قېرى ھەممىنى بىلۇر.
قېرىنىڭ بىر تال تۈكىدە،
ئاتمىش ئارغامچا بولۇر.

125

قىزىلگۈل ئاراسىدا،
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ساڭا دېمەي بولمىدى،
چىن ــ پىششىغ كۆيۈپ قالدىم.
ياشنى باشلىغاچ كېلىڭا،
قېرىنى تاشلىغاچ كېلىڭا.
بىر ئازگال لايىنى ئېتىپ،
تۆشۈكنى چاپلىغاچ كېلىڭا.
شۈنچىۋالا كېسەمدۇ،
كۆكلىگەن بولجارىنى؟
گەپ قىلمىسا يار ماڭا،
ئېزەرمەن غولجارىنى.
ئاخشام بىر ھارامزادە،
ئاشنام بىلەن گەپلەشتى.
ئارقىسىدىن قوغلاپ بارسام،
تار سۆڭگۈچكە كەپلەشتى.
كالتەك بىلەن بىر قويسام،
خويمۇ ئوبدان ئەپلەشتى.
تاللىق باغقا تور سېلىپ،

126

بولسا قاناتىم،
ئۇچسام ھاۋاغا.
ئىشقىم چۈشۈپتۇ،
بىر خۇشناۋاغا.
مەشرەپتە كۆڭلۈم،
ئۇچتى ساماغا.
ئەگىلىپ كېلىپلا،
قوندى زىباغا.
زىبادۇر ئۆزى،
ئۇيغۇرنىڭ قىزى.
چاچلىرى سۇمبۇل،
قۇندۇزدۇر كۆزى.
قاشلىرى قەلەم،
بويلىرى غۇنچە.
لەۋلىرى ياقۇت،
چىشلىرى ئۈنچە.
چۈشسە ئۇسسۇلغا،
پەرىمۇ خىجىل.

ئاشۇ گۈزەلگە،
مەن بولدۇم ئىجىل.
كېلىنىڭ ئويىنايلى،
ئەي گۈلى رۇخسار.
سىز ئۇسسۇل ئويناڭ،
مەن چالاي دۇتار.
باغدا قىزىلگۈل،
سايرايدۇ بۇلبۇل.
ھەر جايدا يوقتۇر،
سەندەك زىباگۈل.
باغدا تۇرۇمتاي،
كەپتەرنى ئالغاي.
قويۇپ بېرىڭلار،
ياخشىغا قونغاي.
ئۇچتى قارىچىغام،
قوندى تېرەككە.
ئەرزىمنى ئېيتاي،
زىبا سەنەمگە.
يارىم تېرىغان كېۋەز،
ئۈنۈپ چىقتى قوش قۇلاق.
يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
كۆزلىرى ئاتەش بۇلاق.
ئىشىكىڭدىن ئۆتكەندە،
ماڭا ئاتقان چالمىمۇ؟
كۆكسۈڭدە لىغىلدىغان،
نەشپۈتمۇ يا ئالمىمۇ؟
باغدىكى ئەينۇلاڭنىڭ،
شاخلىرى جەينەكچە بار.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ،
بەللىرى چەمەكچە بار.
يارىمنىڭ قارا ساچى،
چۈشۈپتۇ ئاياغىغا.
مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ،
قارايمەن سىياقىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# باللار قوشاقلىرى

## چاكان① قوشاقلىرى

1

چاكان، چاكىچان،
ئۆستەڭ ياقان.
ئىككى چىكى،
باغدا باردۇر چىچىكى.
بىلىقى،
مەن بىلەكنى ئالايمكى.
ئۆزۈم،
قاراپ تۇرغان قارا كۆزۈم.
چوڭ ئۆزۈم،
چوڭ تەكچىدە ئەينىكىم.
ئۈچ ئۆزۈم،
ئۈچنى ـ ئۈچكە ئۇلسام،
دەرياغا كۆۋرۈك سالسام.
قوييشى،
قەلەمقىشى.
دەردىگە داۋا ئات گۆشى،
دوك، دوك، دوكىدوك،
بىر چىلىم تاماكىسى يوق.

2

چاكان، چاكىچان،
ئۆستەڭ ياقان.
ئىككى چىكى، چىگى ـ چىگى،
بۇغداي چىچىكى.
بىلىقى،
بىلىخانىنىڭ ئۆزۈكى.
ئۆزۈم،
ئۆزدە ئۈز خوما كۆزۈم.
چوڭ ئۆزۈم،
چوڭلارغا قىلغان سۆزۈم.
ئۈچ ئۆزۈم،

① چاكان ــ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان ئۈرۈكچە چوڭلۇقتىكى بەشتال تاش ياكى مارجان بىلەن ئوينىلىدىغان قىزلار ئويۇنى. ئۇنىڭدا رەڭگى ئۆزگىچىرەك بولغان بىر تال تاشنى «ئاناتاش» قىلىپ هاۋاغا ئېتىپ، تاش چۈشۈپ بولغۇچە قالغان تۆت تاش تاشنى يەرگە قويۇپ، هەر خىل شەكىلدە ئېلىپ «ئانا تاش»نى تۇتۇۋېلىپ قوشاق ئېيتىپ ئوينايدۇ. چاكان «بىچە قوشاقلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇچ ـ ئۇچلەپ تۇغۇپ بېرەي.
زاكىلاپ بېقىپ بېرەي،
قۇيپىشى،
قەلەمقېشى،
يوقكەن جۇپ ئاداشى.

دوك، دوك، دوك،
دوكى يوق.
بىر چىلىم تاماكىسى يوق.
قوش دوكدوك،
قوشامى يوق،
توك، توكلاپ ئالمىسى يوق.

3

چاكان، چاكىچاكان،
ئۆستەڭ ياقان.
ئىككى چېكى،
ئېچىلىپتۇ چېچىكى.
بېلىقى،
مەن بۆلۆپ ئالايمىكى.
ئۆزۆم،
ئۇز دۇردۇندا كۆيىنىكىم.
ئۇچ ئۆزۆم،
ئۇچمىكى، ئۇچلەگىلى.

قوناقمىكى تاقلاغىلى.
قويپىشى،
قەلەمقېشى،
دەردىگە داۋا ئادىشى.
دوكىدوك، دوكمىدوك،
لەيلەپ چىققان زۇلەي پۇچۇق.
بۇ چىنا ئېگىز چىنا،
چىقماڭ خېنىم شېخى سىنا.
شېخى سىنسا نىم بولا،
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونا؟

4

چاكان، چاكىچاكان،
ئۆستەڭ ياقان.
ئىككى چېكى،
قىزىل ئالما چېچىكى.
بېلىقى،
ئاق بىلەزۈك قولۇمدىكى.
ئۆزۆم — ئۇز كۆزۆم،
قارا كۆزۆم،
چوڭ ئۆزۆم،

چوڭ تەكچىدە ئەيىنىكىم.
ئۇچ ئۆزۆم،
ئۇچمىكىن ـ قارامىكىن،
قاراپ بېقىڭ تاۋارمىكىن.
قويپىشى، قەلەمقېشى،
دوك، دوك — دوكۇلدايسەن،
سوكۇلدايسەن،
ئارقامدىن يېتەلمەيسەن.
قوش دوك، تاكتاكىسى،

www.uyghurkitap.com



بىر چىلىم تاماكىسى.
نايىنى، ناي، دېگۈلۈك.
ناننى چايناپ يېگۈلۈك.
ناننى چايناپ يېمىسە،
گالغا تۇرۇپ ئۆلگۈلۈك.

بىزنىڭ باغدا ياڭاق بار،
بەش شىشىدە هاراق بار.
هارىقىڭنى ئىچمەيمەن،
قىيامەتتە سوراق بار.

## توپ قوشىقى①

چىچىكى، چىچىكى،
بۇغداي چىچىكى.
گۈلمىكىن ـ چىچەكمىكىن،
سۈچىنىڭ قىزى ـ قىزى،
ساقمىكىن دۇمچەكمىكىن،
ئەڭ كىچىك ئۇپپا قىزى.
ئۇپىنى نەدىن تاپا؟
ئاغچا ئانامنىڭ بېغىدىن،
ئاغچا ئانام كىمگە تېگە،
موللىقۇۋان تازغا تېگە.
موللىقۇۋاننىڭ نىمىسى بار،
ئالتە ـ ئالتە قۇشى بار.
قۇشلايلىيا ـ قۇشلايلى،
تاز كاللىسىغا مۇشتلايلى.
قاناپ كەتسە كاللىسى،
ئاچچىق ياغدا ياغلايلى.
يېرىلىپ كەتسە كاللىسى،
قىزىل يىپتا يامايلى.

ئاق شايىدا كۆڭلىكەم،
ئاق ئىشتان پىچاي دەملا.
ئىشتانلىرىنى قولتۇقلاپ،
ئۆيلىرىگە قاچاي دەملا.
ئالما ئاتتىم هاۋاغا،
لەيلەپ چۈشتى دەرياغا.
دەريا سۈيى قويالدى،
پاتمىچۇقلار② بويالدى.
پاتمىخانغا ئۆتۈك ئالسام،
پاتمىدى پايپاق بىلەن.
مىس قازانغا چاينى قۇيسام،
ئوخشىدى قايماق بىلەن.
ئىللىكاكا، ئىللىكاڭ،
تەكلە يۇلتۇز،
بىر كەم ئوتتۇز.
هاللا، هالىپى،
قۇلقى سالىپى،
داكى دىككاڭ دىك!

① بۇ يەل توپ ياكى يىپ توپنى ئالغان بالا يەرگە ئۇرۇپ قوشاق توقۇپ ئويناىدىغان ئويۇن بولۇپ، هەر بىر مىسرا قوشاق ئوقۇلۇشى بىلەن توپ يەرگە تۆت قېتىم ئۇرۇلىدۇ.
② پاتمىچۇق ـــ كەسلەنچۈك.

## «ئۈنچە ـ مارجان» قوشىقى①

ئۈنچە مارجان چېچىلدى،
تېرىپ بولالماي كەچ بولدى.
قوپۇڭ ئانا كېتىلى،
تاسمىچىغا يېتىلى.
تاسمىچىنىڭ يولىدا،
ئون ئىككى پالۋان كېلىدۇ.
ئون ئىككى پالۋاننى كۆرۈپ،
ئاكام يادىمغا كېلىدۇ.
ئاكىڭىز قانداق كىشى؟
ئاغزىدا ئىمانى بار،
قولىدا كىتابى بار،
ئايدەك ئۈز جۇرانى بار،
بىلىسىڭىز موللا كىشى.

ئاق پىيازنىڭ پوستى،
كۆك پىيازنىڭ پوستى.
ئاخشام كەلگەن جۇۋان،
مېنىڭ ئاكامنىڭ دوستى.
ئاكامنىڭ دوستى جۇۋان،
ئاكامغا ئات بېقىپتۇ.
ئاكامغا ئەۋەتكىلى،
ياغلىق توقاچ يېقىپتۇ.
تاسمىچىمۇ ئۆلۈپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ،
يىغلىغىلى ئادەم يوق،
ئالتە قۇمچاق② يىغلاپتۇ.

## «چۆچۈرە» قوشىقى③

چۆچۈرە، چۆچۈرە قايناپدۇ،
ئانام ماڭا بەرمەيدۇ.
بەرمىسىمۇ، بەرمىسۇن،
كۆڭلۈمگىمۇ كەلمىسۇن.

ئالتە كەپتەرنى مەن باقتىم،
ئىككىلىسى موللاقچى.
موللاقچىنىڭ باللىرى،
ئانىسىنى باقماقچى.

① بۇ بالىلار قول تۇتىشىپ دۈگىلەكلىشىپ، بىر بالىنى ئارىغا ئېلىپ يۈرۈپ قوشاق ئېيتىپ ئوينايدىغان ئويۇن.
② قۇمچاق ـــ پاقا. ئويۇندا ئارىغا كىرگەن بالىنىڭ ئىسمى ئېلىنىدۇ.
③ بۇ بالىلار قول تۇتىشىپ دۈگىلەكلىشىپ، بىر بالىنى ئارىغا ئېلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ قوشاق ئېيتىپ ئوينايدىغان ئويۇن.

www.uyghurkitap.com



## مەرەم بوك

مەرەم بوك،
ئىشتىنى پوق،
ئىپتاي دېسەم لاتا يوق.
لاتا دېگەن نەدىكەن؟
ئۆگزىدىكەن،
چىقاي دېسەم شوتا يوق.
شوتا دېگەن نەدىكەن؟
دەرەختىكەن،
كېسەي دېسەم، پالتا يوق.
پالتا دېگەن نەدىكەن؟
پالتا دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دېسەم ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچى موللام ئۆلۈپتۇ.
كونا مازارغا كۆمۈپتۇ.
يىغلىغىلى ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.

*

لىڭگىر - لىڭگىر، تاق - تاق
لىڭگىر - لىڭگىر، تاق - تاق،
ئەستە - ئەستە يۇملاق.
ئانىڭىز مارجان قىرى،
دادىڭىز سۇلتان پوقاق.

## يامغۇرلۇق قوشىقى

1

يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق.
موللامنىڭ قىزى،
ئايدەك يۇملاق.

2

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام،
پارقىراپ كەتتى.

3

ئاپتاپ چىقىڭ، ئاپتاپ چىقىڭ،
كونا چاپاننى سۆرەپ چىقىڭ.
پات قۇرۇڭ، پات قۇرۇڭ،
ئانام مېنى تىللايدۇ،
چار خورازمۇ چىللايدۇ،
پات قۇرۇڭ، پات قۇرۇڭ.
دادام دۇمبالايدۇ،
داداڭ نېمىچى؟ دۇمباقچى،
ئاناڭ نېمىچى؟ چاقچى.
چاقنى چۆرۈپ تۇرۇڭ،
تالاغا چىقىپ تۇرۇڭ،
پاتمىخان پىتىپ تۇرۇڭ.
باش قاشلاپ پىتىپ تۇرۇڭ،
پات قۇرۇڭ، پات قۇرۇڭ.

## دۇم

ئاتتى - ماتتى،
گۈللەن - سەتتى،
ئىككى - ئىككى دۇم!
— دۇم - دۇم - دۇم،
— لاي - لاي - لاي.
— ئاناڭ نەدە؟
— ساماننىقتا.

— نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— ئاش ئېتىدۇ.
— قانداق ئاش؟
— سۇيۇق ئاش.
— قېنى ماڭا ئاش؟
— ئوغرى مۈشۈك ئېلىپ قاچتى.
— ماڭ تۇتۇپ كەل.

## ئوجۇن قوڭغۇزى[1]

— ئوجۇن قوڭغۇزى،
— ئوجۇن بەرمىدى.
— مېڭىڭلار ئاداش!
— نەگە بارىمىز؟
— توغراق تۈۋىگە.

— نېمە ئىش قىلىمىز؟
— گىلەم توقۇيمىز؟
— گىلەمنىچۇ؟
— گىلەمنى سېتىپ،
— خوتۇن ئالىمىز.

## توختى غوجى ئايلا

زىنۋىدىخان،
خوتۇننىڭ ئېتى؟!
نېمە ئىش قىلىدۇ؟
ئاش ئېتىدۇ.
ئەتكەن ئېشى،

قاپقارا.
ئۆزى ئىچىدۇ،
مىڭ قوشۇق.
بىزگە بېرىدۇ،
بىر قوشۇق.

---

① ئوجۇن قوڭغۇزى — بىر خىل ھاشارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قورساق تويمىدى،
خۇدايىمغا يىغلايمەن،
هى... هى... هى...
توختى غوجى ئايلا توختىسىلا،
ئەتە بازارغا بارمىسىلا.
مايماق ئېشەككە مىنمىسىلە.
مايماق ئېشەككە مىنگەندە،
شەللەك گۆيەك سالمىسىلا.
شەللەك گۆيەك سالغاندا،
توختى غوجىغا تەگمىسىلە.
توختى غوجىنىڭ كالىسى يوق،
ئېيتاي دېسەم لاتا يوق.
لاتا دېگەن ئۆگزىدە،
چىقاي دېسەم شوتا يوق.
شوتا دېگەن دەرەختە،
دەرەخ كېسىشكە پالتا يوق.
پالتا دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دېسەم ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچ دېگەن مىسكەدە،
ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق.
بىر پۇلغىمۇ كەلمەيدۇ،
ئىككى پۇلغا ئالغۇم يوق.

## خالايدۇ

ئايشەمگۈلنىڭ تۇغۇلغان كۈنى،
بۇ كۈنى.
ئېگىزلىكى مۇنداق،
كەڭلىكى مۇنداق،
تارلىقى مۇنداق.
هەسەن ــ هۈسەن دەيدۇ.
هەسەل يېغى چىقسا،
قۇيماق ئېتىپ يەيدۇ.
قۇيماق يېغى چىقسا،
پولۇ ئېتىپ يەيدۇ.
كىمنى خالايدۇ،
خالىغاننى خالايدۇ.

## هوي ئاچا

ــ هوي ئاچا،
ــ نەگە باربلا؟
ــ بازارغا.
ــ نېمە ئالىلا؟
ــ كاللا.
ــ كىم يەيدۇ؟
ــ باللا.
ۋىچىر - ۋىچىر دەپتىمەن،
پاسالىقتىن چىقىپتىمەن.
ئاش ئەتمىگەن خوتۇننىڭ،
كۆتىگە نەچچىنى تېپىپتىمەن.

## كەل ئويناپلى

دوست - دوست، دوست دېگىنى،
توقۇپ قويدۇم تالمىنى.
تالمىنىڭ رەڭگى ئاق،
كەل، ئويناپلى جالدىر - جاق.
ئۆتۈپ كەتتىم ئالدىڭغا،
ئىككى يىڭنىڭغا ئوبدان باق.
غازلار چىقتى ئۆستەڭدىن،
بويۇن سوزۇپ «غاقىر - غاق!»
يالغۇز - يالغۇز قالمايلى،
بولۇۋاللى جۈپ - قوشماق.
ساڭا قالسۇن تالما،
بولسۇن ئويۇن ۋەسسالام.
خۇدايىمنىڭ ئالمىدە،
كۆڭلەك كىيگىن تالمىدە.

## ئۆزكەنسىز

رەناقىز ئۆز كەنسىز،
ياسىن ئاكامغا تېگەمسىز؟
ياسىن ئاكامغا تەگكەندە،
ئەتلەس كۆڭلەك كىيەمسىز؟
ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەندە،
موتوچېغا مىنەمسىز؟
موتوچېغا مىنگەندە،
كىنوخانىغا بارامسىز؟
كىنوخانىغا بارغاندا،
گازىر، پۇرچاق چاقامسىز؟
سوراپ باقسام قاچقۇسى بار،
ئۇسما قويۇپ هال تارتماق،
سىزدەك قىزدىن نەچچىسى بار.

## هەلىمە

هەلىمەيۇ-هەلىمە،
قىرىق كوكۇلۇك قىنە؟
هەلىمەگە توي كېپتۇ،
دولان قۇرۇق قوي كېپتۇ.
قوينى هەيدەپ دۆڭنەمگە،
ئېلىپ كېپتۇ مەلەمگە.
مەلىدىكى قىزچاقلار،
تاشلىشىپتۇ چاقچاقلار.
قوينى ساناك ۋاقتىدا،
خېمىر كېسلك تاختىدا.
كىممۇ تېگىدۇ ئەگە؟
نارىسىدە ۋاقتىدا.
كوكۇلۇڭغا قاراپ قوي،
كەل ئاداشىم ئويناپ قوي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مېنىڭ ئاكام

ئاق كەپتەرمۇ مۇللاقچى،
كۆك كەپتەرمۇ مۇللاقچى.
مىنىڭ ئاكام چاقچاقچى،
ھەربىيلىككە بارماقچى.
ھەربىيلىككە بارغاندا،
قولىغا قورال ئالماقچى.
قارا نىيەت دۈشمەننىڭ،
بېشىغا چىنەپ ساماقچى.
مېدال ئېسىپ مەيدىسىگە،
ئۆيىگە يېنىپ كەمەكچى.

ئۆيىگە يېنىپ كەلگەندە،
ئۇ خوتۇن ئاماقچى.
ئۇ خوتۇننىڭ تويلۇقىغا،
كەتمەن، تاماق ئاماقچى.
كەتمەن، تاماق ئېپ بولۇپ،
ئېتىزلىققا باماقچى.
راسا ئىشلەپ ئېتىزغا،
مول ھوسۇلنى ئاماقچى.
مەلىمىزنىڭ ئىچىدە،
داڭدار بايدىن بوماقچى.

## چىم - چىم

چىم - چىم، چىما چىم،
سۈنى پۇلغا ساتقان كىم؟
سۈنى پۇلغا ساتقىنى،
دوغاپچىنىڭ چوڭ قىزى.
مۇزخانىدىن ئالغاندەك،
مىجەزى چۇس، توڭ قىزى.
چىمىكى - چىمامىكى؟
ئۇسسىغاندا ئىچكىلى،
چىلىكى باكامىكى؟
بىزگىمۇ سۇ بامىكى؟

قىز ئۆزى ئىزدەپ بىرىپ،
باغدىن بىر گۈلنى ئىگە.
ئاخىرى باغ باققۇچى،
موللىقۇۋان تازغا تېگە.
موللىقۇۋان تازنىڭ نىمىسى بار؟
ئالتە - يەتتە قۇشى بار.
قۇشلايلى، قۇشلايلى،
تاز كاللىسقا مۇشتلايلى.
تاز كاللىسى قانىسا،
قىزىل يىپتا يامايلى.

دوغاپچىنىڭ قىزىدا،
مېھرى - ۋاپا بامىكى؟
مېھرى - ۋاپا بولمىسا،
خەق ئۇنى نەدىن تاپا.

ئاچچىقى يامان زاغۇن تاز،
گەپ ئاڭلىماس گاڭگۇن تاز،
خوتۇنۇڭ بىلەن ئۆيدە قال،
بىزلە ئاستا يانايلى.

## تاقتا - تۇقتا

— تاقتا - تۇقتا،
— ئۈنچە - مارجان.
— ئالاقوي نەدە؟
— تاغدا.
— نېمە يە؟

— ياپچان يە.
— ئاغىملاق، بوغىملاق،
نان توقاچ — يۇملاق.
كۆلدى كۆمەچ،
كۆتەن چىق.

## خەت كەلدى

تىكىلاڭ - تىكىلاڭ ئات كەلدى،
ئات كەينىدىن خەت كەلدى.
خەتنى ئوقۇپ ئولتۇرسام،
مۇنداق يېڭى گەپ كەلدى:
ئاتنى سىلىك ئوغلاقتا،
دىققەت قىلىڭ موللاقتا،

تارتىۋېلىپ ئوغلاقنى،
ساپ - ساق بېرىڭ پەللىگە،
چاۋاك - چاۋاك چاللى،
كۆڭۈلدىن خوش بوپ قاللى،
سەن قازانغان غەلىبىگە.

## ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
بىر تەكىيدە ئىككى باش،

ئىككىلىسى قەلەمقاش.
شاراقلايدۇ يانچۇقتا،
گازىر - مېغىز، لوۋيا - ماش.

www.uyghurkitap.com



ئۆستەڭ بېشىدا كالا بارمۇ؟
ئوينىتقان بالا بارمۇ؟
كەل ئوينايلى، بولساڭ شاش،
قولنى قولغا تۇتىشىپ.
بىللە ـ بىللە يۈگۈرۈشۈپ،
بولايلى بىز قوشنا ئاداش.

## ئاپتاپ چىق

ئاپتاپ چىق،
كونا چاپاننى سۆرەپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
يوغان توپتەك ئۆرلەپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
ئاسمىنىڭنى ياماپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
ئايخىنىڭنى قاماپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
يۇلتۇزۇڭنى ساناپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
بىز بىلەن بىللە ئويناپ چىق.


## پات قورۇك

گۈلدۈر ـ گۈلدۈر ـ گۈلدۈركەن،
يامغۇر يېغىپ ئۆلگۈركەن.
يامغۇر شار ـ شار كەتكەندە،
يېتىپ كەلدىم ئۆستەڭگە.
سۇغا چۈشتى ئۆدىكىم،
ھۆل بولۇپتۇ كۆڭلىكىم.
تىترىدىما ـ شۈمشەيدىم،
ئېگىلىپ قالدىم، مۈكچەيدىم.
ئۆيگە پاتراق بارمىسام،
ئاناغا يالۋۇرمىسام،
ئاچچىقلايدۇ ئانىكام،
پاتراق قۇرۇك كۆڭلىكىم.
پات قۇرۇك، پات،
پات قۇرۇك، پات.

# ئاق تاش، كۆك تاش

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
ئوينىغىلى بالا بارمۇ؟
ئۆستەڭ بېشىدا كالا بارمۇ؟
هوي ... هوي،

ئوڭ قولۇمدا ئاش،
سول قولۇمدا ماش.
ئەتتىك كېلىڭلار،
ئوينايلى ئاداش،
هوي ... هوي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى



# باشقىلار

1
مەتتوختى چېكىنتوختى،
ئالتايلىقتا خوتۇن ئالدى.
خوتۇنى تۇغدى قوشكېزەك،
ئېتىنى قويدى توم تېزەك.
تۆگىلەڭگا - تۆگىلەڭ،
نەگە بارغان تۆگىلەڭ؟
تۇزغا چىققان تۆگىلەڭ،
تۇزۇڭ قەيەردە قالدى؟
ئارىش مازاردا① قالدى،
تۇزلىرىڭنى تاسقايلى.
تۆگىلەڭگا - تۆگىلەڭ،
تاغقا چىققان تۆگىلەڭ.
تاغ باغرىدا ئويناشقان،
ئاق توشقان ئاپئاق توشقان.
بۇ قوشاقنى كىم قوشقان،
ئاكام بىلەن مەن قوشقان.

2
تەلەيخان پوقاق،
گىردىكىز سوغاق.
گىردىكىزنى ساتالماي،
يىغلىغان پوقاق.
تەلەيخان پوقاق،
ئىشتەمدۇ قۇلاق.

3
ئوتتۇز ئالتە تۆگە،
قىرىق ئالتە مەتە.
بارغا پەتە،
يوققا ئەتە.
يادىغا كەلسە،
قويماق ئېتىپ ئەۋەتە.

4
ئاللاھۇمە دوققۇدۇق،
قۇرۇقتىنە ئولتۇردۇق.
ئۇسسۇلۇقتا ئىچكەن چاينى،
ئۆلگەنلەرگە ئاتىدۇق.
ئاللاھۇمە قورام ساق،
باش ئاغرىيدۇ، قورساق ساق.

① ئارىش مازار — كېرىيە ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

بىمىسەكمۇ يىگەندەك بولدۇق،
داستىخانغا قاراپ باق.
ئاللاھۇمما تاڭ قوس،
جىق يەپ كەتكەنلەر قان قوس.

5

قوشكېزەكمۇ ئۆلۈپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ.
يىغلىغىلى ئادەم يوق،
ئالتە قومچاق يىغلاپتۇ.

6

ئۆستەڭ باشىدا ئەمەن،
بىر قوينى تۇتۇپ يەمەن.
ئىگىسى سوراپ كەلسە،
«تاڭ مەن كۆرمىدىم» دەمەن.

داپنى چالساڭ ئىتتىك چال،
جىرىڭلايدۇ ھالقىسى.
ئۇسسۇل ئوينىغان مېھماننىڭ،
ساڭگىلاپتۇ ماڭقىسى.

ئاخشاملىق بەك قاراڭغۇ،
ئۆستەڭ باشىدا تاراڭگۇ.
ئەجەب ئىسىل ھاڭرايتۇ،
يارىم مىنگەن قارا ھاڭگۇ.

باغ بېشىدا ئوقادى،
كۆكتاتلارنى سۇغاردى.
ئۇلۇغ سۇنى ئىتەلمەي،
كۆچەتلەرنى بۇقادى.

ئورمانلىقلار شۇڭمۇ،
بوستان بولماي ئاقادى.
كۆچەت كەسكەن قادىينى،
خەلق سوتقا ئاپاردى.

بازارغا باققال يارىشار،
يىگىتكە ساقال يارىشار.
ساقىلى يوق كوسىغا،
چاققان خوتۇن يارىشار.

تاز خوتۇنغا دوست بولساڭ،
مېھرى ئىسسىق كېلەرمىش.
بېشىنى قاشلاپ، قول يۇماي،
تاماق ئېتىپ بېرەرمىش.

توپاق بۇغۇس سۆرەيدۇ،
ھەر قەدەمدە مۆرەيدۇ.
مۆرىگىنى نېمە دېگىنى؟
«ماڭا ھەلەپ» بەر دېگىنى.

يارىم بىلەن چۆلگە كىرسەم،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىكەن.
توغرىقى ئالمىغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىكەن.

www.uyghurkitap.com



ئەتلەس كۆڭلەك ئۆكۈپتۇ،
يۇغانسىرى ئاقىرىپ.
يارىم ساڭا نېمە بولدى،
گەپ قىلمايسەن تاتىرىپ.

بۇغدايىنى ئورۇپ قويدۇق،
توشۇغىلى خامان يوق.
يېڭى تۇتقان يار بىلەن،
ئوينىغىلى دەرمان يوق.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى،
ساناپ بېقىڭ ئوتتۇزمۇ.
قارا سۇدىكى① يارنى،
يوقلاپ كېلەي يالغۇزمۇ.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
سۇ كىرمەي پىشىپ قاپتۇ.
باسقاقتىكى② شۇ يارىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

قاپاقتېرەك ئاستىدا،
ئۇخلاپ قاپتىمەن يارىم.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
يىغلاپ ساپتىمەن يارىم.

سوپىياڭ سىرىق نېمە،
يارىم خىيالىڭ نېمە؟
يىراق جايدا تۇرغىچە،
قېشىمدا تۇرساڭ نېمە.

يايلاقتىكى كېپىكلەر،
تاغ باغرىنى بويلايدۇ.
مېنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىم،
دائىم سېنى ئويلايدۇ.

باغ ئارا باغنىڭ ئوتى،
كۆيدۈرەر يارنىڭ ئوتى.
يار ئوتى جاندا كۆيەدۇر،
ئۇستىخانىمدا چوغى.


ئالمىڭىزنى ئىغاتتىم،
خاپا بولماي تەرسىڭىز.
ئۇشبۇ خەتنى ئەۋەتتىم،
جاۋابىنى بەرسىڭىز.

① قاراسۇ ــ جاي ئىسمى.
② باسقاق ــ گۇما ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

بېغىڭدىكى ئېرىقتىن،
سۇ ئاقامدۇ قارا قاش.
كۆندە كۆرمىسەم سېنى،
كۆزلىرىمدىن ئاقار ياش.

ئالتۇندا چىلىم بولسا،
مەرۋايىت كۆزى بولسا.
بىر چەكسەم تاماكاڭنى،
كۆيۈك ئوتى ئادا بولسا.

ئاتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام يېنىدا كەتتى.
سەن يارىمنى ئويلىسام،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تۈزگۈچىدىن

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار ــ خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)» خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم ناھىيىلەر تەرىپىدىن چىقىرىلغان «خەلق قوشاقلىرى» توپلىمى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، تۆۋەندە ئەسلى كىتابلارنى قوشاق بىلەن تەمىنلىگۈچى بىر قىسىم كىشىلەر ۋە رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان ئاساسلىق خادىملارنىڭ تىزىملىكى بېرىلدى.

كېرىيە ناھىيىسىدىن:
ئەيسا تۇران، لەڭگەر يېزا بازار ئىچىدىن، ئەلنەغمىچى.
مەڭلەشخان ھاشىم، ناھىيە بازار ئىچىدىن ئەلنەغمىچى.
مەتتۇرسۇن قادىر، ناھىيە بازار ئىچىدىن، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى.
تۇردى غەزەل، يېڭىباغ يېزا ھەسەن-ھۈسەن كەنتىدىن.
يۇسۇپ ھوشۇر، ناھىيىلىك لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىن، راۋابچى.
ئىمىن روزى، مۇغاللا بازىرى بازار ئىچىدىن، سۆزمەن، قىزىقچى.
سۇلايمان قەلەمقاش، قاراقىر يېزا بۇلبۇل ئۆستەڭ كەنتىدىن.
«كېرىيە خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىغا ئەسەر توپلىغان ۋە ئۇنى رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان ئاساسلىق خادىملار:
ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئابدۇقادىر مەتقۇربان، ئەھەت ئوبۇلقاسىم، رەجەپ ھاشىم، ئابدۇرىشات مۇساجان قاتارلىقلار.

چىرا ناھىيىسىدىن:
مەتسىدىق مەترېھىم، چىرا يېزا ماخىال كەنتىدىن، لەتىپىچى،

قوشاقچى.

مەتروزى توختى، دامكو يېزا چوقۇباش كەنتىدىن، راۋاپچى، قوشاقچى.

ھاشىم ئاخۇن دەڭگى، بوستان يېزا باش قاراسۇ كەنتىدىن، داپەندى، قوشاقچى.

بەگتۆمۈر رەجەپ، نۇرى يېزا ئاقتاش كەنتىدىن، قويچى راۋاپچىسى، قوشاقچى.

نۇرمۇھەممەت غوجەخمەت، چىرا ناھىيە بازار ئىچىدىن، دۇتارچى، قوشاقچى، چۆچەكچى.

«چىرا ناھىيە خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىغا ئەسەر توپلىغان ۋە رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان ئاساسلىق خادىملار:

مەتقۇربان ئىسمايىل، تۆمۈر قادىر، مەمتىمىن توختى، مەمتىمىن قۇربان، ياسىن زىلال، جاپپار ئوسمان قاتارلىقلار.

لوپ ناھىيىسىدىن:

ئەمەرنىياز ئاخۇن، ھاڭگىيا يېزا چوڭقۇر ئېرىق كەنتىدىن.

مەتنۇرى ئاخۇن توقاي، سامپۇل يېزا كۆچكەن كەنتىدىن.

سايىپخان، يۇرۇڭقاش بازار ناغرىچى ئاھالە كەنتىدىن.

ئانايەت ئاخۇن، ناۋا يېزا باش گاپا كەنتىدىن.

«لوپ خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىغا ئەسەر توپلىغان ۋە رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان ئاساسلىق خادىملار:

تۇرسۇننىياز ئابدۇللا، ئەرشىدىن راشىدىن، مۇختار سىراجى، ئوبۇلخەيرى ئىمىن، ياسىن زىلال، قادىر بەگتۆمۈر قاتارلىقلار.

گۇما ناھىيىسىدىن:

روزاخۇن راۋاپ، سانجۇ يېزا ئاقتىكەن جاي كەنتىدىن.

ھوشۇر سىيىت ھاجىم، زاڭگۇي يېزا يېڭىئۆستەڭ كەنتىدىن.

تۇرسۇننىياز مەتسىيىت، مۇجى يېزا لوڭگا كەنتىدىن.

زىننەتخان، قوشتاغ يېزا قارا سۇ كەنتىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مەرلىقاخان، كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزا كەڭقىر كەنتىدىن.

«گوما ناھىيە خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىغا ئەسەر توپلىغان ۋە رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان ئاساسلىق خادىملار:

تۇرسۇنمۇھەممەت ھۇسيىن، غالىپجان تۇرسۇن، قاۋۇز ئىمىن، ئابدۇرىشىت ھۇسەن، ماخمۇت ئېلىبەگ ھاجى قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىتابقا مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ھاپىز ئىدرىس تەرىپىدىن ئېيتىلغان بىر قىسىم قوشاقلار كىرگۈزۈلدى.

ھاپىز ئىدرىس چىرا ناھىيە ئۇلۇغساي يېزىسىدىن بولۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى، خوتەن شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن، قويچى راۋابى ماھىرى، قىزىقچى، قوشاقچى. ئۇ ئىككى مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرىنى يادلىغان. 100 كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاق، 20 دىن ئارتۇق ئاھاڭ ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ ئورۇندىشىدىكى نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى خوتەندە كەڭ تارقالغان. بىر قىسىم قوشاقلىرى «قاراقاش ناھىيە خەلق قوشاقلىرى» توپلىمى، «خوتەن ناھىيە خەلق قوشاقلىرى» توپلىمى، «خوتەن شەھەر خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

بۇ كىتابقا يەنە گوما ناھىيىسىدىن ئابلەھەت ئالىم رەتلىگەن «ياداتاش قوشاقلىرى»، قاراقاش ناھىيىسىدىن مەمتىمىن قۇربان رەتلىگەن «قارلىقنامە» قاتارلىق قوشاقلار كىرگۈزۈلدى.

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار ــ خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)» نەچچە مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاقلار ئىچىدىن تاللانغان جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى. ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم قوشاقلار ھازىرغىچە ھېچقانداق باسما ۋە نەشر بۇيۇملىرىدا ئېلان قىلىنمىغان. تۈزگۈچىنىڭ تەۋىيىسى شۇكى: «خەلققە مەنسۇپ بولغان بۇ فولكلور بايلىقى» دىن پايدىلانغاندا، بولۇپمۇ بۇ كىتابتىكى قوشاقلارنى باشقا نەشر بۇيۇملىرىغا تاللاپ ئېلىشقا توغرا كەلسە، نەشر ھوقۇقى ۋە مۇناسىۋەتلىك نىزاملار، ئىجادىيەت ۋە كىتاب تۈزۈش ئەخلاقى بويىچە ئىش كۆرۈلۈشى كېرەك.

**图书在版编目(CIP)数据**

天下只有一个和田.卷 1. 上,民间歌谣/阿布都拉苏莱满编著. —乌鲁木齐:新疆大学出版社,2006.5
ISBN 7—5631—2036—X

Ⅰ. 天…　Ⅱ. 阿…　Ⅲ. ①和田地区—概况—维吾尔语(中国少数民族语言) ②维吾尔族—民歌—作品集—和田地区—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.
① K924.52　② I277.291.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 033421 号

责任编辑:**吐尔逊·阿不都拉**
责任校对:**阿达来提·牙合甫**
封面设计:**艾克拜尔·萨里**

# 天下只有一个和田
## —— 民间歌谣(选)

**阿布都拉·苏莱满**　编著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号　邮编:830046)
新华书店经销
乌鲁木齐市翼百丰印务有限责任公司印刷
开本:880×1230 毫米　1/32　13.125 印张　插页 2
2006 年 5 月第 1 版　2006 年 5 月第 1 次印刷
印数:0001—3080 册

ISBN 7—5631—2036—x
定价:25.80 元